


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئويغانغان زېمىن

1


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئويغانغان زېمىن 1 شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەسەرلىرى

ISBN 978-7-228-11475-7

总定价：76.00元



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئويغانغان زېمىن

( تارىخىي رومان )

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

苏醒了的大地（上，下）：维吾尔文 / 阿布都热依木·吾铁库尔著.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8（2015.3 重印）
ISBN 978－7－228－11475－7

Ⅰ.苏… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第149066号

责任编辑 阿不都热合曼·艾白
编　　辑 阿不都瓦力·海力帕提，艾海提·阿西木
责任校对 古丽夏尔·尼格买提
封面设计 艾克拜尔·沙力
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话 0991-2827472
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32
印　　张 30.125
版　　次 2009年8月第1版
印　　次 2015年3月第5次印刷
印　　数 23001－33000册
定　　价 76.00元（上，下册）

www.uygurkitap.com


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

تارىخىي رومان «ئويغانغان زېمىن»دا 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، راۋاجى ۋە ئاقىۋىتىدىن تارتىپ تاكى 40 ـ يىللار ئوتتۇرىسىدا ئىلى ۋادىسىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ بىر تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

تارىخىي ۋەقەلەر تېما قىلىنغان رومانلاردا شۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈر بولغانلىقتىن، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، دۇنياقاراش، پىكىر ـ ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە سۆزلەش ئۇسۇللىرىنىمۇ چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. روماندا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تارىخىي دەۋردە شىنجاڭدىكى بەزى يەر ۋە مىللەتلەرنىڭ نامى بۈگۈنكىدىن باشقىچە ئاتىلاتتى. مەسىلەن، ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى «ئالتەشەھەر» دەپ ئاتالسا، ئەكسىيەتچىلەر پەيدا قىلغان مىللىي ئارازلىق تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنى «چەنتۇ»، خەنزۇلارنى «خىتاي»، خۇيزۇلارنى «تۇڭگان»، موڭغۇللارنى «قالماق» دەپ ئاتاش ئادەت ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنى «كاپىر» دەپ ئاتاشمۇ بار ئىدى. بۇ روماندا ئەنە شۇنداق ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش ئەينەن ئېلىنغان، جۈملىدىن بەزى سەلبىي ئوبرازلارنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خاتا كۆزقاراش ۋە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىمۇ تارىخىي نۇقتىدىن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ بۇ مەسىلەرنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ياڭ زىخشىننىڭ ئۆلۈمى ................. 1
ئىككىنچى باب ناتونۇش كىشى ........................... 22
ئۈچىنچى باب «ئۆي قاپلىنى» ............................ 46
تۆتىنچى باب كۈشەندە ........................................ 92
بەشىنچى باب كىم ئەيىبلىك .......................... 118
ئالتىنچى باب پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ............. 138
يەتتىنچى باب قاپلان ئۆز ماكانىنى تاپتى ............ 179
سەككىزىنچى باب قان بىلەن تۇگىگەن ئەلچىلىك ........ 195
توققۇزىنچى باب قەبرىستانلىقتىكى پاجىئە ............. 221
ئونىنچى باب ساتقۇن ........................................ 229
ئون بىرىنچى باب بالا سەركەردە ............................ 243
ئون ئىككىنچى باب غەزەپ ..................................... 256
ئون ئۈچىنچى باب يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ................. 268
ئون تۆتىنچى باب ئەتىكى كۈن نېمە بىلەن باشلىناركىن ... 285
ئون بەشىنچى باب پىداكار مەھبۇبە ........................ 293
ئون ئالتىنچى باب باش ئەگمەس تاغلار ...................... 306
ئون يەتتىنچى باب يالقۇنتاغ ئېتىكىدە بوران .............. 366
ئون سەككىزىنچى باب كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت ................... 406

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرىنچى باب

# ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى

*بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر ،*
*بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر①.*

— «قۇتادغۇ بىلىك»تىن

## 1

مىلادىيە 1928 - يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ، چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئىيۇل قۇياشى قىيامدىن قايرىلىپ پەسكە ئېڭىشكەن چاغ .

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نەنلياڭ مەھەللىسىگە جايلاشقان گۈلزارلىق ھويلىنىڭ جىگەر رەڭ سىرلانغان دەرۋازىسى ئالدىدا بىر جۈپ بوز ئارغىماق قوشۇلغان كونىراق بىر پەيتۇن تۇراتتى . ئارغىماقلار پات - پاتلا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ قوياتتى . سېرىق ساقىلىغا ئاق سانجىلغان ھارۋىكەش پەيتۇندا يانپاشلىغان پېتى ھويلا ئىچىدىن كوچىغا چىقىپ تۇرغان قارىياغاچ شاخلىرىنىڭ سايىسىدا مۈگدەپ ياتاتتى . ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ھاۋا رەڭ پەردە تارتىلغان دېرىزىلىرى ئوچۇق تۇراتتى . كىتاب ئىشكاپلىرى ، رەسىم - خەرىتە ، ئۈستەل ۋە يۇمشاق ئورۇندۇقلار

① بۇ بەگ (ھۆكۈمدار)لار تۇرىدىغان ئۆي (ئوردا) «قارشى» دەپ ئاتىلىدۇ ، بۇ ئۆيدىكىلەر ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىزەلگەن ئەنە شۇ ئۆيدە كىيىم ـ كېچەك ۋە چىراي ـ قىياپەتلىرى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئۈچ كىشى تامدا ئېسقلىق تۇرغان ئەينەك رامكىلىق فوتو سۈرەتكە قاراپ قىزىق پاراڭلىشىپ تۇراتتى .

ئۇلارنىڭ بىرى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي ، ئاق سېرىق ، سەل دۈمچەكرەك كىشى بولۇپ ، ئارقىغا تارالغان شالاڭ چاچلىرى ئۇنىڭ پېشانىسىنى تېخىمۇ كەڭ كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇ ئوڭ قولىدا نېپىز ، سۇر كاستۇمىنىڭ پېشى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ، سول قولىدىكى تاماكا غاڭزىسى بىلەن ئاق سانجىلغان قىسقا بۇرۇتىنى پات ـ پاتلا قاشلاپ قوياتتى . بۇ كىشى شۇ كۈنلەردە جامائەتچىلىككە تونۇلغان تونجى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن پىچانلىق تاھىربەگ ئىدى .

يەنە بىرى ، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك ، قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى كەڭ غوللۇق ، خۇش پىچىم كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ سىپتا قىلىپ يانغا تارالغان قۇندۇزدەك قارا ، قويۇق چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى . ئۇ قوللىرىنى ناۋات رەڭ چۇچۇنچە كاستۇمىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . بۇ كىشى شەمەي ، تاشكەنت ، قازان ، موسكۋا ۋە لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلەرگە سودا ـ تىجارەت بىلەن نۇرغۇن قېتىم بېرىپ كۆزى ئېچىلغان ۋە جامائەت ئوتتۇرىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭقى چىققان تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى ئىدى .

ئۈچىنچىسى ، ئۇستىگە قولتۇقىدىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن كۆكۈچ تاۋار تون ، پۇتىغا قارامتۇل لاتا خەي كىيگەن ئوتتۇرا بوي ، چىرايى سىدامراق كەلگەن ئورۇقراق كىشى بولۇپ ، سول قولى بىلەن شالاڭ بۇرۇتىنى سىلىغان ھالدا ئوڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇراتتى . كۆرۈنۈشىدىن ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ تاقىرلىشىپ قالغان بېشى ئۆزىگە قارىغاندا سەل چوڭدەك كۆرۈنەتتى . بۇ كىشى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ

ۋالىيسى ، قوشۇمچە جاڭجۇڭ يامۇلىنىڭ ھەربىي ۋە خارجى ئىشلار مەھكىمە باشلىقى يەن ياۋنيەن ئىدى .

يەن ياۋنيەن مانجۇ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياپونىيىدە قانۇنشۇناسلىق بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ، شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت سوراقچىلىرى كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ؛ 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ ، 1918 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ ، يەنە شىنجاڭغا كەلگەن . بىراق ، ياڭ زېڭشىن «ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئاسان گەپكە كىرمەيدۇ ، خەۋپ ـ خەتەر شۇلاردىن كېلىدۇ» دېگەن كونا مەنتىقىسى بويىچە ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ ، ئۇنى ئاقسۇغا ماڭدۇرماي ، ئۈرۈمچىدە بىر زامان تۇتۇپ تۇرغان ۋە بېيجىڭدىكى ئايغاقچىلىرىدىن : «يەن ياۋنيەن ئاتالمىش ‹ئىلغار پىكىر ئېقىمى›غا مەنسۇپ خەتەرلىك ئۇنسۇر ئىكەن» دېگەن مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن ، بىر گۇمانى مىڭ بولۇپ ، ئۇنى كۆزگە يېقىن تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۇنلىغان قۇلاقلارنى خۇددى سايىدەك ئەگەشتۈرۈپ قويغانىدى .

دەرۋەقە ، ئارىدىن بىر ـ ئىككى يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەي يەن ياۋنيەننىڭ «خەۋپلىك ئۇنسۇر» ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ : «شىنجاڭغا جۇمھۇرىيەت نۇرى يېتىپ كەلمەپتۇ ، مانجۇ خان ئاغدۇرۇلغان بىلەن ئۇنىڭ خۇنۇك ئەرۋاھى شىنجاڭنى قاراڭغۇ جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ . بۇ يەردە نە مائارىپ ، نە مەدەنىيەت ، نە خەلقچىللىقنىڭ قىلچە ئەسىرى يوق ئىكەن . ئىچكىرىدىن چىققان ئەمەلدارلار شىنجاڭغا چۈنتەك توشقۇزۇشقىلا كېلىدىكەن . ئۇلار خۇددى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ۋە باغۋارانلىرىنى ۋەيران قىلىپ قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىدىغان ياۋا توڭگوزلارغا ئوخشايدىكەن» دېگەن گەپلىرى ياڭ زېڭشىننى قاتتىق چۆچۈتۈپ تاشلايدۇ . بولۇپمۇ ، يەن

ياۋنيەننىڭ بەزى «گۇمانلىق» ئەمەلدارلار بىلەن ، جۇملىدىن يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىكى زىيالىيلار بىلەن باردى ـ كەلدىسىنىڭ قويۇقلۇقى قانداقتۇر دەھشەتلىك ئەجەل كۆلەڭگىسىدەك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ ـ دە ، ياڭ زېڭشىن ئۇنى كۆزىدىن يوقاتماقچى بولىدۇ . ئەمما ، ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىگە قارشى كۈرەشتە تىغ ئىشلىتىشتىن كۆرە ، ھىيلە ـ مىكىر ھۈنىرىنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بۇ قېرى گېنېرال بايىقى پىكرىدىن دەرھال يېنىپ باشقىچە يول تۇتىدۇ :

«يەن ياۋنيەننى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىش تەس ئەمەس ! — دەپ ئويلايدۇ ئۇ ، — بۇرۇتۇمنى مىدىرلىتىپ قويسام ، ئىش تامام ۋەسسالام . بىراق ، مۇنداق قىلسام ، بىرىنچىدىن ، ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويىمەن ، يەنى شىنجاڭ ۋە ئىچكىرىدىكى رەقىبلىرىمنىڭ مېنى راستتىنلا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەردىن قورقىدىغان جاھىل ئىستىبدات ئىكەن دېيىشىگە دەستەك تېپىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ تۇگمىنىگە ئۆز قولۇم بىلەن سۇ قۇيغان بولىمەن ؛ ئىككىنچىدىن ، بىر يەن ياۋنيەننى كۆزدىن يوقاتماقلىق بىلەن ئىچكىرىدىن ۋە بولشېۋىكلار رۇسىيىسى بىلەن ئەرەب ـ تۈرك ئەللىرىدىن ئېقىپ كىرىۋاتقان غەلىتە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇۋالغىلى بولامتى ؟ ! ياخشىسى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش ، يەنى ماڭا قارشى يەن ياۋنيەننى مېنى ھىمايە قىلىدىغان يەن ياۋنيەنگە ئايلاندۇرۇشۇم جايىز . سۇ ئىچمەيدىغان خىش يوق ، دان يېمەيدىغان قۇش يوق ، قۇرت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ھەرقانداق قاتتىق ياغاچنىمۇ يەپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ ! ئۆز زامانىسىدە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەن تۆمۈر خەلپىدەك خوخەنزىلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەردە ، ئەمدى بۇ تالىپ مىجەز يەن ياۋنيەن ئەپەندى نېمە قىلالايتتى ؟ چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى ، مانا بۇنى ئاقىلانىلىك دېسە بولىدۇ .»

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ بۇ «دانىشمەنلىكى» دىن مەمنۇن

بولغان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە ، ئەتىسىلا پەن ياۋنيەننى هۆزۈرىغا چىللىتىپ ، هېچنېمە بىلمىگەن كىشىدەك ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن هال ـ مۇڭ قىلىشتى ۋە ئاخىردا ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا قوشۇپ جاڭجۇڭ يامۇل هەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقى بىلەن خارجى ئىشلار مەھكىمە باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنىمۇ بىللە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلدى . پەن ياۋنيەننىڭ تەكرار ـ تەكرار ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىغا قارىماي : «مېنىڭ مەمۇرلىرىم ئىچىدە سىزدىن قابىلىيەتلىكرەك كىشى يوق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ماڭا بەكمۇ ئىخلاسمەن كىشى ، ئاسمان خۇداسى بېشىمنى ئامان قىلسا ، كېلەچەكتە سىزنى ئۆزۈمگە مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا مەركەزگە ئىلتىماس سۇنماقچىمەن تېخى» دەپ گەپنى ئۇزۇۋەتتى .

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۇچ مەنسەپ خۇددى ئۇچ ئۆمۈچۈك توردەك پەن ياۋنيەننىڭ پۇت ـ قولىنى چۇشەپ ، گېلىنى سىقىشقا باشلىدى . ئۇ ياڭ زېڭشىنىڭ بۇ ئىشلارنى نېمە مەقسەتلەر بىلەن قىلىۋاتقانلىقىنى ياخشى چۇشەنگەچكە ، ئەمدى شىنجاڭدا تۇرۇپ هېچقانداق ئىش قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئىچكىرىگە قايتماقچى ۋە ياڭ زېڭشىنى شۇ يەردە تۇرۇپ پاش قىلىپ ، يۇقىرىنىڭ كۇچى بىلەن تەختتىن چۇشۇرمەكچى بولدى ـ دە ، بالا ـ چاقىنى يوقلاپ كېلەي دەپ رۇخسەت سورىدى . قارا يەر قېتىدا يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ رۇخسەت سوراشتىكى ئەسلىي مۇددىئاسىنى دەرهال پەملەپ : «ۋاي بۇرادەر ، هەر ئىككىمىز بۇ چۆل ـ باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۇرگەن تىرىك ئەرۋاهلارغا ئوخشايمىز ، تەقدىر بىزنى بىر پىيالەككە چېتىپ قويۇپتۇ ، كەتسەڭ بىللە كەتمەيمىزمۇ ، بىر ئاز سەۋر قىلىڭ» دەپ رۇخسەت قىلمىدى .

ئەتىسى ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ رۇس تىلى تەرجىمانىنى چاقىرتتى . ئاق سېرىق كەلگەن بۇ كەڭ پېشانىلىك يىگىت بۇرهان شەھىدى ئىدى . ياڭ زېڭشىن ئۇستەلدە تۇرغان ئىككى تىزىق زىخچە ئالتۇننى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى :

www.uyghurkitap.com

— سىز مېنىڭ نامىمدىن پەن دارىنىنى يوقلىغاچ بېرىپ، بۇ ئالتۇنلارنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، بالا ـ چاقىسىغا ئەۋەتىپ بەرسۇن، پەن دارىن سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ بۇ خىزمەتنى ئوبدان بەجا كەلتۈرۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن، ئەمما بۇ سىرنى ئۆزىڭىزدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك!

— خوپ، ھازىرلا باراي، — دېدى بۇرھان شەھىدى ھېلىقى زىخچە ئالتۇنلارنى ئېھتىيات بىلەن قەغەزگە يۆگەۋېتىپ. ئەمما، ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. چۈنكى، پەن ياۋنيەنىنىڭ ئىدىيولوگىيە جەھەتتىن ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئىقىمدىكى كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىرقەدەر چۈشىنەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ياڭ زېڭشىنىڭ مۇنچىۋالا سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئىككى يۈز سەر ئالتۇننى ئىنئام قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە «پەن دارىن سىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن گېپى بۇرھان شەھىدىنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى.

— بۇ قانداق گەپ بولدى، مەن ياڭ جاڭجۈڭدىن پۇل سورىمىغانىدىمغۇ؟ — دېدى پەن ياۋنيەن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— جانابىڭىزنىڭ ئالدىدا مەنمۇ خىجىلمەن، — دېدى بۇرھان شەھىدى، — ئەمەلىيەتتە ئۆزۈم ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن.

— مېنى سېتىۋالماقچىمۇ ـ ھە!؟ — دېدى پەن ياۋنيەن ئالدىغا قويۇلغان زىخچە ئالتۇنلارنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى بۇرھان شەھىدى، — ياڭ جاڭجۈڭ جانابلىرىنىڭ «پەن دارىن سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ خىزمەتنى ئوبدان بەجا كەلتۈرۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن» دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر سىز بۇ زىخچىلەرنى ئالمىسىڭىز...

پەن ياۋنيەن بىردەم ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ھەممىنى چۈشىنىۋاتىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ

بېشىم ئۇچۇن تۆلىنىۋاتقان ھەق . ياڭ جاڭجۇڭ جانابلىرى قوش ـ قوش مەنسەپ بىلەن پۇت ـ قولۇمنى چۇشەپ قويغانىدى . كېيىنمۇ يەنە كۆڭلى تىنماي ، ئەمدى ئالتۇن بىلەن مېنىڭ ئاغزىمنىمۇ كەپشەرلىۋەتمەكچى ، شۇنداقمۇ ؟ بۇنىڭ ھەممىسى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئادەملەرنى ئىدارە قىلىش پاراستىنىڭ بىر قىسمى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پاراسەتلىك ئەرباب . ئەمما ، ئادەمشۇناس ئەمەس ئىكەن . مەن سىزگە ئېشىنىپ شۇنى ئېيتايكى ، دۇنيادا پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى ، كۈچ بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولمايدىغان بىرنەرسە بار ، ئۇنىڭ ئېتى «قەلب» . بۇ گەپلىرىمنى ياڭ جاڭجۇڭغا ئېيتىسىڭىزمۇ مەيلى ، ئەمما سىزنىڭ ئاڭلاپ قالغىنىڭىز ياخشى ، سىز تېخى ياش ، ھايات مەنزىلى ئۇزۇن .

بۇرھان شەھىدى بۇ گەپلەرگە جاۋابەن پەن ياۋنيەننىڭ ئورۇق بارماقلىرىنى مەھكەم سىققان ھالدا ، ئۇنىڭ كۆزىدىن خېلىغىچە كۆزىنى ئۈزمىدى . ئۈستەلدە يېنىپ تۇرغان يوغان كىرسىن لامپىنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ئۇششاق ياش دانچىلىرىدەك جىلۋە قىلىپ تۇراتتى .

بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، ياڭ زېڭشىننىڭ پەن ياۋنيەنگە شۇ خىلدىكى ئىنئاملارنى ئەۋەتىشى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغان .

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پەن ياۋنيەننىڭ مىجەز ـ خۇلقىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى . پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇ ئەمدى تاش مىجەزلىك كىشىدىن ئىچ مىجەزلىك كىشىگە ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى . يەنى شىنجاڭدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش ، پارىخورلۇقنى قەتئىي تۈگىتىش ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم ، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئورنىغا خۇددى بىرنەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك ئىچىنى تىڭشاپ ، جىم يۈرىدىغان بولۇپ قالدى . ئۆز رەقىبىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ پاراستىدىن مەمنۇن بولۇپ : «سادىغاڭ كېتەي ئالتۇن ، سەن نېمىدېگەن

خاسىيەتلىك نەرسە ! ئۆزۈڭ ئوتتا ئېرىگەن بىلەن سېنى ئوتتا ئېرىتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى سەن ئېرىتىپ تاشلايسەن ئەمەسمۇ ! يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئىكەن» دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى .

ئەمەلىيەتتە ، پەن ياۋنىيەندىكى بۇ جىمغۇرلۇقنىڭ تېگىدە دەھشەتلىك بىر پارتلاش كۈچى تاۋلانماقتا ئىدى . ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەندە ، بۇ جىمغۇر ئادەم خۇددى يۈزى تېپتىنچ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن تېگىدە قاينام - تاشقىنلىق بىر كۈچ ئەۋج ئېلىپ ، ھېلىدىن - ھېلى قاتتىق دولقۇنلىنىپ كېتىدىغان دېڭىزغا ئوخشىشاتتى ياكى ھېلىگەر تۈلكىنى بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرەخلەر ئارىسىدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، پەيت كۈتۈپ تۇرغان ئوۋچىنىڭ ئۆزى ئىدى .

مەملىكەت بويىچە شىمالىي مىلىتارىستلارغا قارشى ھەيۋەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ، 1928 - يىلى يازدا بېيجىڭ مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى . بىراق ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىنى جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭچىلار قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلدى . چوڭ - چوڭ مىلىتارىستلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى . ئەمدى بۇرۇنقىدەك مۇستەقىل كىنەز بولۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ياڭ زېڭشىنمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىش يولى بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى يەنە ساقلاپ قالماقچى بولدى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى تەركىبىنى تۈزۈشكە كىرىشتى ، پەن ياۋنىيەن بۇ يېڭى ھۆكۈمەت تەركىبىدە يوق ئىدى . بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ ، ئوغىسىنى تېخىمۇ قاينىتىپ قويدى - دە ، جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتى .

پەن ياۋنيەننىڭ ھەرىكەت مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومى بولۇپ ، ياڭ زېڭشىن بۇ تېخنىكومنى ئۆزىگە يارامىلىق دىپلوماتىك خادىملار يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز قولى بىلەن تەسىس قىلغان ۋە ئۆزى پەخرىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى

ئۇستىگە ئالغانىدى . پەن ياۋنيەن ياڭ زېڭشىن نامىدىن تېخنىكومنىڭ باش مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى . تېخنىكومنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇڭشى پەن ياۋنيەننىڭ ئەڭ سادىق سەپدىشى ئىدى . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ تېخنىكوم پەن ياۋنيەننىڭ بىۋاستە ,تەسىرىدە ئىدى .

ئەنە ئەنە شۇ تېخنىكومدا بىرىنچى قارار ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولماقچى . ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلار ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر يىگىتمۇ بار ئىدى . زىلۋا بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بۇ تۇرپانلىق يىگىتنىڭ مەكتەپتىكى ئىسمى يۇ ۋېنبىنڭ بولۇپ ، ئۆز ئىسمى يۇنۇس ئىدى . ئادەتتە ، مىللىيلار ئۇنى يۇنۇسبەگ دەپ ئاتايتتى . مۇراسىمدىن بىر كۈن بۇرۇن ، ئەتىگەندە پەن ياۋنيەن بىلەن ئىلمىي مۇدىر جاڭ چۇڭشى ئۇنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ، مۇراسىمدا ئوقۇغۇچىلار نامىدىن سۆزگە چىقىشنى تاپشۇردى .

— مەن بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلىمەن ، — دېدى يۇنۇسبەگ قىزىرىپ كېتىپ .

— ياق ، سىز بۇ تېخنىكومدا ئارپا ئىچىدىكى بىر بۇغدايدەك بىرلا ئۇيغۇر . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇش نەتىجىڭىز ئەلا ، — دېدى پەن ياۋنيەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .

— مۇنداق بولسۇن ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئىلمىي مۇدىر جاڭ چۇڭشى ، — سۆز تېكىستىنى يېزىشقا مەن ياردەم قىلىمەن .

— سۆزگە چىققاندا ، ئالدى بىلەن ياڭ جاڭجۇڭغا تەزىم قىلىشنى ، سۆزىڭىزدە ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ماختاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ ! — دەپ كۈلۈپ قويدى پەن ياۋنيەن .

يۇنۇسبەگ ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

— بۇ يىگىت ، — دېدى ئىلمىي مۇدىر جاڭ كۆزى بىلەن ئىشىك تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ ، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، ئاجايىپ

ئىستىبدات ساھىبى ئىكەن، قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن نۇتۇق قابىلىيىتىگە قاراپ تۆت يىلغىچە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي يۈرۈپتىمەن. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئەمگەكچان، ئىشقا قابىل، خۇش پېئىل، ئەقىللىق، زېرەك مىللەت ئىكەن. بۇلاردىن نى - نى ئادەملەر يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا قىزىقمايدۇ، مەكتەپتىن قاچۇرىدۇ، ھەتتا يۇرت چوڭلىرى بولغان ئادەملەر ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى تۆلەم بېرىپ، ئالۋانغا تۇتۇپ بېرىدۇ...

يەن ياۋنيەن «ھەي بۇرادەر» دېگەن خىتاب بىلەن ئىلمىي مۇدىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سىياسىتىمىزدىن كېلىپ چىققان تراگېدىيە. شىنجاڭ خەلقى ياڭ جاڭجۇڭ جانابلىرىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولماقتا. قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتلەر ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇيدىغان بىرەر ھۆكۈمەت مەكتىپى ياكى شۇنداق مەكتەپلەر ئۈچۈن مۇئەللىم تەربىيىلەيدىغان بىرەر كۇرس بارمۇ؟ يوق! ھەتتا يەرلىك خەلق ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر زاتلار، مەسىلەن، تۇرپاندىكى مەخسۇت مۇھىتى، قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق كىشىلەر بىرنېمىلەر قىلىپ يېڭى مەكتەپ ئاچسا، بىزنىڭ ھۆكۈمەت ئۇلارغا نېمە بوھتانلارنى چاپلىمىدى؟! نېمە خاپىلىقلارنى يەتكۈزمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەنزۇچە شۆتاڭلاردا ئوقۇپ چىققان ئۇيغۇر بالىلىرى ئامبال - دارىنلارغا تۇڭچى بولۇشتىن بۆلەك نېمە ئىستىقبالغا ئىگە؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇيغۇرلاردا، ئامبىلىدىن تۇڭچىسى يامان، دېگەن سۆز بار ئىكەن. بۇ بىكارغا چىقمىغان سۆز. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەرلىك خەلق ئۆز بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا قىزىقامتى! خەير، بۇ گەپلەرنى ھازىرچە قويۇپ، ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى. مۇراسىم باغاقلىرى تولۇق تارقىتىلىپ بولدىمۇ؟

— ھەئە.

— ھېلىقى ئىشلارچۇ ، ھەممىسى جايىدىمۇ ؟
— ھەممە ئىش جايىدا ، ۋالىي جانابلىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى سورايمەن .
— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن ، بۈگۈن شەنبە ، ئەتە يەكشەنبە ، ئاسمان خۇداسى بۇ يەكشەنبە كۈنىنىڭ تارىختا ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە كۈنى بولۇپ قېلىشىنى نېسىپ قىلسۇن !

ئۇلار يەنە بىردەم پىچىرلاشقاندىن كېيىن ، پەن ياۋنىيەن خۇشلىنىشىپ ئۆز ئۆيىگە قايتتى ۋە چۈشلۈك غىزاسىدىن كېيىن ، ئۆزىچىلا تاھىربەگنى يوقلىغۇسى كېلىپ ، بابا ئېيتىلغان گۈلزارلىق ھويلىغا كەلگەنىدى .

تاھىربەگ شۇ ھويلىدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ پەن ياۋنىيەنگە مەخسۇت مۇھىتىنىڭمۇ ھازىر ئورۇمچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ، پەن ياۋنىيەن ئۇنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئۇچەيلەن چاي - پاي ئىچكەچ بىرەر سائەتتىن بۇيان پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . پاراڭ داۋامىدا پەن ياۋنىيەننىڭ كۆزى تامدىكى ھېلىقى فوتو سۈرەتكە چۈشۈپ قالدى . بۇ سۈرەت شىنخەي ئىنقىلابى نەتىجىسىدە ، 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ بۈيۈك رەئىس جۇمھۇر (دازۇڭتۇڭ ) لۇققا سايلانغان سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى ئىدى . تاھىربەگ شۇ قېتىمقى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ ، سۈرەتتە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى .

پەن ياۋنىيەن سۈرەتكە قاراپ مۇنداق دېدى :

— بۇ سۈرەتنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن ، ھەر كۆرگىنىمدە يېڭى - يېڭى تەسىراتلارغا چۆمۈلۈپ كېتىمەن . سىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان كىشى ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىسى

سىز بولسىڭىز كىرەك . شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— شۇنداق ، — دېدى تاھىربەگ ، — مەنمۇ بۇ سورەتكە ھەر قېتىم قارىغىنىمدا ، سون جۇڭشەن ئەپەندىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمەن . ئەمما ، بىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىمەن .
— توغرا ئېيتىسىز ، — دېدى پەن ياۋنيەن ، — جۇمھۇرىيەت پروگراممىسى بويىچە ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يەرلىك مۇختارىيەتنى ئەمەلگە قويۇشقا ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئەپەندىمىزنىڭ ئۆمرى يار بەرمىدى .
— مېنىڭچە ، — دەپ گەپكە قوشۇلدى مەخسۇت مۇھىتى ، — ياڭ جاڭجۈڭدەك كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىدىغان بولسا ، سون جۇڭشەن ئەپەندى يۈز ياشقا كىرگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يوق ئىش بولۇپ قالاتتى . چۈنكى ، يولدا ياتقان تاش قاچانلا بولمىسۇن ، ھارۋىنىڭ مېڭىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ .
ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزنى بۇزۇپراق ئېيتقان بۇ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان پەن ياۋنيەن خۇددى بىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلەۋاتقاندەك بىردىنلا ھاياجانلىنىپ :
— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز ، توغرا ئېيتتىڭىز ، — دەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويدى .
— بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە ، — دېدى تاھىربەگ سەل خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ، — ياڭ جاڭجۈڭ مەن شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى قىلىپ ساقلاۋاتىمەن ، ئەگەر مەن بولمىسام ئىش چاتاق دەپ ماختىنار ئىمىش ، خۇددى ئۇ بولمىسا ، بۇ يەرنى ئوغرى ئېلىپ قاچىدىغاندەك . نىسپىي جەھەتتىن بۇمۇ بەلكى توغرىدۇر ، ئەمما شىنجاڭنىڭ جاڭجۈڭى بولغان ئادەم بۇ ۋەتەن زېمىنىنى مەھكەم ساقلىماي ، ئوغرىلىتىپ قويسا ، ئۇ ھالدا ياڭ جاڭجۈڭ مۇستەبىت مىلىتارىستلا بولۇپ قالماي ، ۋەتەن ساتقۇچ بولۇپ قېلىشى كېرەك ـ دە ، ئەلۋەتتە !

ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ يامان جىنايەت يوق !

پەن ياۋنىيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە : «قالتىس پىكىر ، قالتىس پىكىر » دەپ تاھىربەگنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ ، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ ، كىتاب ئىشكاپلىرى تەرەپكە بۇرۇلدى . ئىشكاپلار خەنزۇچە ، رۇسچە ۋە تاشكەنت ، قازان ، ئىستانبۇل مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولغانىدى . دېرىزە ئالدىدىكى ئۈزۈنچاق ئۈستەلدە «پراۋدا » ، «قىزىل ئۆزبېكىستان » ۋە تيەنجىندە نەشر قىلىنىدىغان «داگۇڭباۋ » گېزىتلىرىنىڭ بىر قىسىم سانلىرى بىلەن بىرمۇنچە ژۇرناللار يېيىلىپ ياتاتتى .

پەن ياۋنىيەن كىتاب ـ ژۇرناللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئۆزىگە ناتونۇش تىلدىكىلىرىنى بىرقۇر سۇرۇشتۇردى ۋە ئاخىر مۇنداق دېدى :

— سىزنىڭ بۇ كۇتۇپخانىڭىز تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇ . بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ خېلى بىر قىسمىنى كۆرگىلى بولىدىكەن ، ئەگەر شىنجاڭدا مۇشۇنداق كۇتۇپخانىلار كۆپىيىۋەرسە ، بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنى خۇددى تاڭ شولىسى چېچىلغاندەك ، ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلايتتى .

— ئۇ چاغدا ، — دەپ كۇلدى مەخسۇت مۇھىتى ، — ياڭ جاڭجۈڭدەك شەپەرەڭلەرگە جاھان تارلىق قىلىپ ، چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنەر .

ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى . بىرئازدىن كېيىن پەن ياۋنىيەن كېتىشكە رۇخسەت سورىدى ، تاھىربەگلەر ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

— ھە ، ئېيتماقچى ، بۇرھان ئەپەندى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — دېدى پەن ياۋنىيەن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ . تاھىربەگ ئۇنىڭ ياڭ جاڭجۈڭ تاپشۇرغان مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئەتە ئەتىگەندە تۇرپانغا مېڭىشقا يول تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .

— خەير ـ خوش ، — دېدى پەن ياۋنىيەن پەيتۇنىغا

چىقىۋېتىپ ، — ئەتە كۆرۈشەيلى . مەن سىلەرنى ئەتە جاڭجوۇڭ يامۇلىغا چاقىرتىمەن .

ئۆتكەنگە پۇشايمان ، بۈگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك ، ئەتىگە ئۈمىد — بۇ ئىنسان ھاياتىغا دائىم ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنتىقىي فورمۇلا . لېكىن ، ئىنسانىنىڭ ئەتىسىگە ، ئادەتتە ، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ . شۇ سەۋەبتىنمىكىن ، بۈگۈن شۇنچە ئۇزۇن بىللە بولغانلىقىغا قارىماي ، يەن ياۋنىيەننىڭ «ئەتە سىلەرنى چاقىرتىمەن» دېگەن گېپى تاھىربەگلەرنى بىرئاز ھەيران قىلىپ قويدى . ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى .

— ئەتە نېمىشقا چاقىرتىدىكىن ؟ — دېدى تاھىربەگ ئاستا پىچىرلاپ .

— ھەي تاغەي ، ھېچنېمىگە چۈشەنمىدىم ، — دەپ بېشىنى چايقىدى مەخسۇت مۇھىتى .

## 2

دېگەندەكلا ، ئەتىسى ئۈرۈمچىدە ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى .

بۇ كۈنى يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي ، كۈن بوغدا چوققىسىدىن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈش بىلەن ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ مەپە - پەيتۇنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىدىكى دۆڭلۈكتە چوقچىيىپ تۇرغان بۇتخانا كۆرۈنۈشىدىكى ھەيۋەتلىك ھويلا تەرەپكە ئېقىشقا باشلىغانىدى . ئۆز زامانىسىدە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومى ئەنە شۇ ھويلىغا جايلاشقان بولۇپ ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بۈگۈن بۇ يەردە بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولماقچىدى . قىزىل ، يېشىل قەغەز لاتىلار بىلەن بېزەلگەن سوزۇنچاق زالدا

يۈزىدىن ئۇشۇق كىشى كىمنىدۇر كۈتۈپ جىم ئولتۇراتتى .

دەل چاشگاھ ۋاقتىدا ، ئۆرە ياقىلىق ئاق ھەربىي پەشمەت ئۈستىدىن كەڭ رەختار لېنتىسىنى ئېسىپ ، كۆكرىكىگە كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھەر خىل ئوردېن - مېداللىرىنى تاقىۋالغان گەۋدىلىك بىر ئادەم جاراڭلىق ھەربىي ئوركېستىر سادالىرى ئىچىدە بىر توپ كىشى بىلەن سەھنىدە پەيدا بولدى . ئۇ گۈلدۈراس ئالقىشلارغا جاۋابەن زەر بېسىلغان ئاق پۆپۈكلۈك ئۆرە شەپكىسىنى تۈزەپ قويۇپ ، زالدىكىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قول پۇلاڭلاتقاچ سەھنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى . بۇ ياڭ زېڭشىن ئىدى . يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار بىلەن بىللە سوۋېت كونسۇلى كاۋلوفمۇ شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى .

زالدىكى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى ياڭ زېڭشىندا ئىدى . ئۇلار گويا خۇش مۇئامىلە ، مۇلايىم ، پاراسەتلىك ۋە تەدبىردانىشلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ ئاتالغان بۇ مويسىپىت ھۆكۈمدارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەيتتى . ئۇمۇ ئۆزىنى سادىق مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان دىلكەش قېرى شەيختەك ھەممىگە مېھرىبانلىق بىلەن تەكشى قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى . پەقەت كونسۇل كاۋلوفلا ئاغزىدىكى تاماكىسىدىن كۆككۈچ چەمبىرەكلەرنى چىقىرىپ ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك ، ئۆزىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى .

پەن ياۋنىيەن مۇنبەرگە كېلىپ ، مۇراسىمنىڭ باشلانغانلىقىنى تەنتەنىلىك سۆزلەر بىلەن جاكارلاپ ئۆتكەندىن كېيىن ، «ياڭ جاڭجۈڭ جانابلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا سەممىي مىننەتدارلىق» بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، پەن ياۋنىيەننىڭ تەكلىپى بىلەن قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ياڭ زېڭشىن مۇنبەرگە ئۆتتى . ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ، يوغان گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ، بوم ئاۋاز بىلەن روھلۇق سۆزلەيتتى . ئاخىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان نۇتقىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن

ئاياغلاشتۇردى :

— مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان كۆپ گېپىم يوق. يىغىپ ئېيتقاندا، بىرلا جۈملە گېپىم بار : ھەممىڭلار شىنجاڭلىق، ئەتىلا جەمئىيەتكە چىقىسىلەر، بۇ يەرنىڭ ئىشىنى بۇزۇپ قويماڭلار. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا بارغان ئورنۇڭلاردا قانداقتۇر «ئىنقىلاب - پىنقىلاب» دەيدىغان بىرەر ھەرىكەت بولۇپ قالسا، مېنىڭ قىلىچىم ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا ئوينايدۇ...

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئۈزۈنتۈرا جىن شۇرېن ئەپيۈن خۇمارى تۇتۇپ، قاتتىق ئەسنەپ ئولتۇراتتى. ئاخىر قورسىقىنى تۇتقان پېتى تۇگۈلۈپ قالدى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن رۇخسەت سوراپ كەتتى.

ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى يۇنۇسبەگنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مۇراسىم ئاياغلىشىپ، مېھمانلار زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى.

ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىكرەك بىر زالغا بىرنەچچە يۇمىلاق ئۈستەل قويۇلغانىدى. ياڭ زېڭشىن بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلگە جايلاشتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە كۆل رەڭ شىم - كاستۇم كىيگەن كونسۇل كاۋلوف ئاق شىلەپە ۋە ئاق كۆڭلەك كىيگەن چىرايلىق خانىمى بىلەن ئولتۇراتتى. يەن ياۋنىيەن باشلىق بىرقانچە ئەمەلدارلارمۇ مۇشۇ ئۈستەلدە ئىدى. ئۇ مۇشۇ تېخنىكومنىڭ باش مۇپەتتىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھىبخانىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەپ تۇراتتى. قالغان ئۈستەللەرمۇ ئەمەلدارلار بىلەن تولغانىدى. پۇقراچە كىيىنگەن مۇلازىملار قۇش قانىتىدىن ياسالغان يوغان - يوغان يەلپۈگۈچلەر بىلەن مېھمانلارنى يەلپۈپ تۇراتتى. كۆك كۆڭلەك ئۈستىدىن ئاق پەرتۇق تارتىۋالغان خادىملار تەرلەپ - پىشىپ ئاشخانا بىلەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك قاتناپ يۈرەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ سەككىز نەپەر خاس مۇھاپىزەتچىسى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئايرىم ئۆيلەردە مېھمان قىلىنىۋاتاتتى.

ياڭ زېڭشىن يوغان گەۋدىسىنى بىر خىلدا چايقاپ، سىمىز بارماقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن چىقىرىپ، يېنىدىكى ھەربىي ئەمەلدار بىلەن «گاۋشىڭ» ئويناپ ئولتۇراتتى ۋە ئۆز رەقىبىنى پات - پاتلا ئۇتتۇۋېلىپ بوم ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلەتتى. باشقا ئۇستەللەردىمۇ «گاۋشىڭ - گاۋشىڭ» بىلەن كۈلكە ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇراتتى.

شۇ ئاردا تېخنىكومنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇڭشى ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بوتۇلكىنى پەن ياۋنيەننىڭ ئالدىغا سەل ئىتتىرىپ قويدى.

— تەييار بولدىمۇ؟ — دېدى پەن ياۋنيەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— ھىم، — دېدى ئىلمىي مۇدىر ياڭ زېڭشىن ئولتۇرغان ئۇستەلنىڭ قېشىدا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ تۇرغان پاكار بويلۇق مۇلازىمغا دەرھال نەزىرىنى يۆتكەپ.

پەن ياۋنيەن قەدەھلەرگە هاراق تولدۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، كونسۇل كاۋلوفنى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ بىلەن تەڭلا، بايىقى يەلپۈگۈچ تۇتقان پاكار بويلۇق مۇلازىم قوينىدىن تاپانچا چىقىرىپ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. كۆممىقوناق دېنىدەك ئىككى تال قوغۇشۇن ياڭ زېڭشىننىڭ يوغان گەۋدىسىنى پومزەكتەك قاڭقىتىۋەتتى. تۆمۈر خەلپە قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ، ئابدۇقادىر داموللىدەك ئىلىم - ئېرپان يولتۇزلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە يىگىرمىنچى ئەسىر شارائىتىدا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ ھاكىممۇتلەقلىق تەختىدە ئون يەتتە يىل دەۋران سۈرگەن بۇ ئادەم قاتتىق چىرقىراپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، پەن ياۋنيەن ئاتقان ئۈچىنچى ئوق بىلەن يەرگە دۈم چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن «گاۋشىڭ» ئويناپ ئولتۇرغان ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارمۇ، يېنىدىكى يەنە بىر ھەمراھى بىلەن ئوق يەپ جېنىدىن جۇدا بولدى.

پەن ياۋنيەنچىلەرنىڭ تاپانچىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاقۇچ ئىس بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن زالدا پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، گويا

قىيامەت دەھشىتى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. تاشقىرىقى ھويلىنىمۇ مىلتىق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ تىرىك قالغان بىر چالا مەست مۇھاپىزەتچىسى تام تۈۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كىمدىندۇر بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يەرگە باش ئۇراتتى. يەنە بىرى، ئېھتىمال مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولسا كېرەك، يەن ياۋنىيەنچىلەرگە غەيۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىچكىرىكى زالنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، بىر تال ئوق بىلەن دومىلاپ كەتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ يەردە ياتقان ماۋزىرىنى ئېلىپ بېلىگە قىستۇرالدى. دەل شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىننىڭ جەسىتىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ، يانچۇقىدىن ئاچقۇچ ئېلىۋاتقان يەن ياۋنىيەننىڭ كۆزى كونسۇل كاۋلوفقا چۈشۈپ قالدى. كاۋلوف چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن خانىمىنى يېتەكلەپ، زالنىڭ يان ئىشىكىدىن ئىتتىك چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

— سىلەرگە ھېچقانداق خەۋپ يوق! — دەپ ۋارقىرىدى يەن ياۋنيەن رۇسچە تەلەپپۇزىنى بۇزۇپراق سۆزلەپ.

شۇ كەمگىچە كىشىلەرگە تالىپ مىجەز كۆرۈنگەن يەن ياۋنيەن ئەمدى جەڭگىۋار سەپنىڭ قوماندانىدەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆز ھەمراھلىرىغا چاقانلىق بىلەن بۇيرۇق بېرەتتى. ئۇ شۇ خىلدا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قوشۇنى بولغان يىگىرمىدەك كىشىنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭجۈڭ يامۇلى تەرەپكە يۈگۈردى.

## 3

جاڭجۈڭ يامۇلى ۋەقە يۈز بەرگەن يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. يەن ياۋنيەن يامۇلنىڭ ئۈچىنچى زالىغا جايلاشقان ھەربىي مەھكىمىگە بېسىپ كىرىپ، تامغىداردىن ياڭ زېڭشىننىڭ سىرىق لاتىغا يۆگەلگەن يوغان تامغىسىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى يىغىنغا چاقىرىپ، بىرقانچە چاپارمەندىن جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

بايا مۇراسىم ۋاقتىدا ئەپيۇن خۇمارى بىلەن ئۆيگە قايتىپ، «شىشە گۇمبەز» تۈۋىدە ياتقان مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن چاپارمەن ئەكەلگەن جىددىي ئۇقتۇرۇشقا قاراپ بىردەم هاڭ - تاڭ بولدى - دە، كاڭدىن چۈشۈپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆز خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئىتائەتمەنلىك تەبىئىتى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاچقا، تېخى ئىككى يىل بۇرۇنلا ئۆرۈمچىنىڭ ئامباللىقىدىن هازىرقى مەنسەپكە كۆتۈرۈلگەنىدى. «قانداق قىلىش كېرەك» دەپ قاتتىق ئويلىنىپ قالدى ئۇ.

دەل شۇ چاغدا، بايا ياڭ زېڭشىن بىلەن تەڭلا ئوق يېگەن هېلىقى هەربىي ئەمەلدارنىڭ ئوغلى پولك كوماندىرى دۇ گوجى هودۇققان هالدا كىرىپ، جىن شۇرېن بىلەن كونا يۇرتداشلىقىنى شېپى كەلتۈرگەن هالدا دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا، جىن شۇرېننىڭ يەنە بىر يۇرتدىشى هەربىي ئوفىتسېر جاڭ پېيىۋەن كىرىپ، پەن ياۋنيەنچىلەرنى جازالاشقا پۈتۈن بىر يىلڭ (باتاليون) نى سەپەرۋەر قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن خۇددى يېڭى بىر ئەقىل تاپقاندەك بىردىنلا تېتىكلىشىپ، ياڭ جاڭجۈڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغان كۆچلەرنىڭ سەردارى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بىردەمدە بىرنەچچە يۈز چېرىك هەرىكەتكە كېلىپ، پەن ياۋنيەنچىلەرنى قورشىۋالدى.

بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان قاتتىق ئېتىشىشتىن كېيىن، هەممە هەمراهلىرى ئۆلۈپ يالغۇز قالغان پەن ياۋنيەن ئۆزىنى ئېتىۋالماقچى بولدىيۇ، ئەمما هەر ئىككى قولىدىكى ماۋزېرنىڭ ئوقى قالمىغانلىقتىن دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالدى.

«غالىبلار» ئۇنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، شېرىكلىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستايتتى. ئۇ بولسا، ئۆزۈلمەي تىگىۋاتقان قامچا، تاياق ۋە قاتتىق مۇشتلارغا هېچ پەرۋا

قىلمىغاندەك ، بېشىنى تىك تۇتقان ھالدا لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ھېچنېمە دېمەيتتى . ئۇنىڭ شالاڭ بۇرۇتلىرىمۇ يۇلۇنۇپ بولدى . پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى قانغا بويالدى . ئۇ يەنىلا ھېچكىمنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىدى .

ئاخىر جىن شۇرېن ئېتىلىپ كېلىپ ، ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىدىن پارچە ـ پارچە گۆشنى يۇلۇۋېلىشقا باشلىدى . شۇ چاغدا يەن ياۋنيەن جىن شۇرېنغا قاراپ قاتتىق تۈكۈردى . قان ئارىلاش بىر پارچە گۆش كېلىپ جىن شۇرېننىڭ يۈزىگە تەگدى . بۇ ئۇنىڭ چايناپ تاشلانغان تىلى ئىدى . دۇ گوجى خەنجىرىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنى سوراق قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، جىن شۇرېن ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى . جەسەتنى چېرىكلەر ياموۇل تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ كوچىغا تاشلىۋەتتى . كەچقۇرۇن ، يەن ياۋنيەننىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىلەن ھېلىقى سېرىق ساقاللىق ھارۋىكەش بىر خادىك ھارۋا تېپىپ كېلىپ ، جەسەتنى لىيۇداۋۋاندىكى گۆرستانلىققا ئەكەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئىككى چوڭ شەخس بىر كۈننىڭ ئۆزىدىلا تەڭ غايىب بولۇشتى . ئىلمىي مۇدىر جاڭ چۈشىنى بايىقى ئېتىشۋازلىقتا قازا تاپقانىدى . جاڭجۈشلۇق تامغىسىنى يەن ياۋنيەنگە بېرىپ قويغان ھېلىقى ئەمەلدارمۇ شۇ كۈنىلا ئېتىپ تاشلاندى .

ئەتىسى (8 ـ ئىيۇل كۈنى ) يوغان تۆت بۇرجەكلىك قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلان قەغەزلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىغا چاپلىنىپ كەتتى . بۇ ئېلانلار خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ ، جىن شۇرېن ئۆزىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ۋە قوماندانى دەپ جاكارلىغانىدى . شۇ كېچىسى شەھەر بويىچە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ تۇتقۇن قىلىش باشلاندى . تۇتقۇن قىلىنغانلار ئارىسىدا يۇنۇسبەگ دېگەن يىگىت بىلەن ھېلىقى سېرىق ساقاللىق

هارۋىكەشمۇ بار ئىدى.

هارۋىكەش شۇ كىچىسىلا سوراق قىلىندى. سىمىزلىكىدىن تولۇمغا ئوخشىشىپ قالغان يالاڭ قاپاق بىر ئوفىتسىر پۇت - قوللىرى ياچىۋەكىنىڭكىدەك ئىنچىكە كەلگەن چاشقان بۇرۇت تۆگىچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭدىن گەپ سورايتتى.

— ئىسيانچى پەن ياۋئىيەنىنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشكە سىنى كىم ئەۋەتتى؟

— ئۆزۈم باردىم.

— ئۆزۈم باردىم دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنىڭ ياڭ جاڭجۈگىنى ئاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

— ئاڭلىغان، — دېدى هارۋىكەش پۇتىدىكى كىشەننى شاراقشىتىپ.

— ئەمىسە، ئۇ ئىسيانچىغا نېمىشقا بولۇشتۇڭ، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىسەن؟

— پەن دارىن ئىمانسىز بولغان بىلەن ئىنساپلىق، مۇلايىم ئادەم ئىدى. شۇنچە يىل هارۋىسىنى هەيدىدىم، بىرەر قېتىممۇ كۆڭلۈمنى ئاغرىتقىنى يوق.

— بۇ گەپلىرىڭنى قوي. مۇشۇ يېقىندا ئۇ كىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە باردى؟

— يادىمدا يوق!

— ياخشىلىقچە ئېيت. ئۇ كىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە باردى؟

— قايسىبىرى يادىمدا تۇرىدۇ؟ نەگە دېسە پەيتۇنىنى شۇ يەرگە هەيدەۋەردىم.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال سېنىڭ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىڭنى ساقايتساق بولغۇدەك، — دېدى سوراقچى ئورنىدىن دەس قوپۇپ.

يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۇرۇۋالغان تۆت چېرىك ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ هارۋىكەشنى يالىڭاچلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# ناتونۇش كىشى

*ئادەملەرنى قەسەم باغلىيالمايدۇ، ئەگەر ئۆزىڭىزنى بىرەر غايە قورشىۋالغىنىنى سەزسىڭىز، سەزگەندىمۇ چوڭقۇر سەزسىڭىز، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.*

— ئې. ل. ۋوينىچ[①]

## 1

چېرىكلەر يېرىم يالىڭاچلانغان هارۋىكەشنى تۈۋرۈككە باغلاپ قامچىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۈكلۈك مەيدىسى بىلەن كەڭ يەلكىلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدە يولۋاس تېرىسىدەك ئالىتاغىل قىلىپ تاشلاندى. قامچا ئىزلىرىدىن قىپقىزىل قان دانچىلىرى تەپچىپ تۇراتتى. هارۋىكەش بولسا، تاقىرلىشىپ قالغان بېشىنى تۈۋرۈككە تىرەپ، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغان هالدا، هەربىر قامچىنىڭ زەربىسىگە بىر سىلكىنىپ قويۇپ، لام - جىم دېمەي تۇراتتى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن بادام دوپپىسى چېرىكلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ياتاتتى.

شۇ ئارىدا ھېلىقى سېمىز ئەمەلدار ئىرغاڭلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ سېرىق ساقىلىدىن تۇتتى - دە: «ھە، قېرى سىڭكو، ئەمدىغۇ

---

① ئې. ل. ۋوينىچ — ئىرىلاندىيىلىك ئايال يازغۇچى (1864 — 1960)، «كۆكۆيۇن» رومانىنىڭ ئاپتورى.

ئېسىگە كەلگەنسەن ، قېنى ئېيت ، ئۇ يېقىندا كىملەرنىڭ ئۆيىگە باردى ؟ » دەپ يەنە سوراق قىلىشقا باشلىدى . چاشقان بۇرۇت تۇڭچى ئايالىلارنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئۈيغۇرچىغا ئۆرۈپ تۇراتتى . بىراق ، هارۋىكەش پەن ياۋنىيەنىنىڭ پەيتۇنىنى هەيدەپ يۈرۈپ خەنزۇ تىلىنى خېلى بىلىپ قالغاچقا ، تۇڭچىنىڭ گېپى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا خەنزۇچىسىغا : «ئېسىمدە يوق دېدىمغۇ ، ئېسىمدە يوق !» دەپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، سوراقچىغا مىختەك قادالدى . شۇ تاپتا بۇ كۆزلەردىن تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى . سوراقچى ئىختىيارسىز هالدا ، ئۇنىڭ ساقىلىنى قويۇۋېتىپ ، بىر قەدەم ئارقىغا داجىپ كەتتى . بىراق ، ئۆزىنى دەرهال تۇتۇۋېلىپ ، هارۋىكەشنى غەزەپ بىلەن كاچاتلاشقا باشلىدى . بىر هازادىن كېيىن ، ئېهتىمال قولى ئاغرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇرۇشتىن توختاپ : «ئېيتامسەن ، يوق ؟ !» دەپ ۋارقىرىدى .

بۇ سېرىق ساقاللىق ئورا كۆز ئادەم ئەسلىدە مەكتىلىك بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى هەسەن دولان دېيىشەتتى . ئۇ تىرىكچىلىكنىڭ قاتتىقلىقىدىن قاچاندۇر بىر چاغلاردا مۇز داۋان ئارقىلىق «تاغ ئارقىسى» غا ئۆتۈپ ، ياشلىق دەۋرىنى غۇلجا كۆمۈر خاڭلىرىدا يېتىمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە كېيىنچە ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر بايلىرىدىن روزى هاجىنىڭ ئات باقارلىرى قاتارىدا مالايلىق قىلىپ يۈرۈپ ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىقمۇ بولغان . پەن ياۋنىيەن ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، روزى هاجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ پەيتۇنىنى هەيدەشكە باشلىغانىدى . خۇددى يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، «پەن دارىن ئىمانسىز بولغان بىلەن ئىنساپلىق ، مۇلايىم ئادەم» بولغاچقا ، ئۇنىڭدىن پات ـ پات ئەهۋال سوراپ ، تۇرمۇشىغىمۇ قارىشىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلارچە مۇڭدىشاتتى . بولۇپمۇ ، پەن ياۋنىيەنىنىڭ ئاددىي ئىبارىلەر ، يەنى «گاهىدا قول

ئىشارىتى» بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىدىغان مۇنۇ مەزمۇنىدىكى گەپلىرى ئۇنىڭغا غەلىتىرەك، ئەمما قاراڭغۇ ئۆيگە يېقىلغان چىراغدەك تۇيۇلاتتى:

«سىلەرنى چەنتۇ دېيىش بولمىغان گەپ، سىلەرنىڭ ئەسلى نامىڭلار ئۇيغۇر، بىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىمىزدىمۇ شۇنداق يېزىلغان.» «ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر بىر - بىرىگە قېرىنداش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇشى، ھېچقايسىسى كەمسىتىلمەسلىكى لازىم. ھۆكۈمەت يامۇللىرىدا يەرلىك مىللەتلەردىن بىرمۇ ئەمەلدار يوق، بۇ ياخشى ئەمەس.» «ھازىرقى يامۇللار پۇقرالارنىڭ قېنىنى شورايدىغان بىر توپ چۇسا ئۇۋىسىغا ئوخشىشىدۇ. ئەمەلدارلار زالىم، قارا كۆڭۈل، پارىخور، ئەپيۇنكەش، ئۇلار يوقالمىغۇچە، پۇقرالارنىڭ كۈنى ياخشى بولمايدۇ.»

بىر كۈنى يەن ياۋنيەن ھەسەن دولاننىڭ قولىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر دەپتەر بىلەن ئىككى تال قېرىنداش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئوغلۇڭ قانداقراق ئوقۇۋاتىدۇ» دېدى. ھەسەن دولان ئوغلىنىڭ بەشىنچى سىنىپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتىدىغان يۇقىرىراق مەكتەپنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى.

دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى بويىچە مىللىي تىلدا ئوقۇتۇلىدىغان بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇمۇ نەنلياڭ رايونىدىكى تاتار، ئۆزبېك بايلىرىنىڭ پۇلى بىلەن قۇرۇلغان «نوغاي» مەسچىت مەكتىپى ئىدى. ئۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنى مەخسۇت مۇھىتى تاتارىستاندىن چىللاپ ئەكەلگەن، شۇ مۇئەللىملەرنىڭ بىرى ھەيدەر ئەپەندى دېگەن كىشى ئىدى.

يەن ياۋنيەن ھەسەن دولاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەمكىن بىر ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

«مانا كۆرۈۋاتىسەن، شىنجاڭدا ھازىرغا قەدەر يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىرمۇ مەكتىپى يوق، ھازىر



www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت يەرلىك مىللەتلەردە مائارىپ بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. خەلق قانچە نادان بولسا، ھۆكۈمەت شۇنچە خۇشال بولىدۇ. چۈنكى، نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، دەپ ئويلايدۇ.»

ھەسەن دولان مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى، پەن ياۋنيەننىڭ باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ سىدامراق كەلگەن يادائغۇ چىرايىمۇ كۆزىگە نۇرانە كۆرۈنىدىغان، ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى پەن ياۋنيەننىڭ پەيتۇنىنى ھەيدەيدىغان خىزمەتچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىخلاسمەن دوستى دەپ بىلەتتى ۋە ئەگەر پەن ياۋنيەن شىنجاڭغا جاڭجۈڭ بولسا، ئەل - يۇرتقا چوقۇم بىر ياخشىلىق بولىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

«ھەي قانخورلار، سەنلەرنىڭ مېنى نېمىشقا قىيناۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان چۈشىنىۋاتىمەن، — دەپ ئويلايتتى ھەسەن دولان سوراق ئۈستىدە، — سەنلەر پەن دارىننىڭ قېنىغا تويماي، ئەمدى ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭمۇ بېشىنى يېمەكچىسىلەر. مەنزە پەن دارىن يېقىندا تاھىربەگنىڭ ئۆيىگە بارغان، مەخسۇت باي بىلەن كۆرۈشكەن، ئۆتكەن ھەپتە ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگىمۇ بارغان دەپ بەرسەم بولامتى؟ تىلىم قۇرۇسۇن مېنىڭ، تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن. ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم دەپ، ياخشىلارنىڭ ھەممىسى سەنلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولسۇنمۇ؟ ياق، ياق! قارا، ماۋۇ تۈلۈمچاشقاننى، مېنى كىچىك بالىنى كاچاتلىغاندەك كاچاتلاپ، ئاغزىمنى ئاچقۇزماقچىمۇ تېخى! توختاپ تۇر خۇنپەر، ھېلى كۆرىسەن...»

— ئېيتامسەن، يوق؟! — يەنە ۋارقىرىدى سوراقچى.

— قولۇمنى بوشات، ئاندىن ئېيتاي، — دېدى ھەسەن دولان.

سوراقچى بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، چېرىكلەرگە ئىشارەت قىلدى.

ھەسەن دولان ئارغامچىدىن بوشىغان قوللىرىنىڭ يېغىش ۋە

جەينەكلىرىنى بىردەم ئۇۋۇلاپ تۇردى ـ دە، «مانا ئېيتتىم» دەپ، سوراقچىنى بىر مۇشت بىلەن دومىلىتىۋەتتى. پۇتىدىكى كىشەن بىلەن دەلدەڭلەپ كېتىپ ئۆزىمۇ يىقىلىپ چۈشتى. چېرىكلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، قىيا ـ چىيا ئىچىدە ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاچ بۆرىلەردەك يوپۇرۇلدى.

## 2

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى «ئاقىلانە» تەدبىرلىرىدىن ھاسىل بولغان تىنچ ـ ئاسايىشلىق ھاۋاسى ئۇرۇمچى شەھىرىنى خۇددى ئەپيۇن ئىسىنىڭ شېرىن كەيپى بىلەن كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، مۈگدەپ ياتقان خامۇش كىشىدەك قىلىپ قويغانىدى. مەن ـ مەن دېگەن بايۋەچچىلەرنى بىرنەچچە ئايدىلا خۇددى ئەتىياز كۈنلىرى تۈك تاشلىغان تايلاقتەك يالىڭاچلاپ قويىدىغان قارا دەرۋازىلىق ھويلىلاردىكى نايناق خوتۇنلارنىڭ ھاياسىز كۈلكىلىرى بىلەن پاكار ـ پاكار ئۆيلەردە داپ ۋە دۇتارغا تەڭكەش قىلىنىدىغان شوخ كوچا ناخشىلىرى؛ كۆك مىلەڭزىلىرى يېرىم قايرىقلىق ئۆيلەرنىڭ كاڭ ـ سۇپىلىرىدا يېنىپ تۇرىدىغان «شىشە گۈمبەز» ئىسلىرى بىلەن ئەگرى ـ توقاي كوچىلاردىكى ئۆيلەردىن چىقىپ تۇرىدىغان نەشە پۇراقلىرى؛ قىمارخانىلاردا كېچە ـ كۈندۈز شاراقلايدىغان شىشخال سادالىرى بىلەن تۈت ئوشۇق تاۋكالىرىدىكى «دەتتىكام» ئاۋازلىرى؛ ئادەم تولا ئاشپۇزۇل ۋە مەيخانىلاردا تىنماي ياڭرايدىغان «گاۋشىڭ، گاۋشىڭ» لار بىلەن «خانلەيلۇن» غا ۋارقىراشلار — مانا بۇلار خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنى پاڭ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغانىدى. ئادەملەر خۇددى ئۆز رىزقىنى تېرىپ يەپ يۈرگەن چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە يۈرگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ يۈرىكى بۆشۈككە بۆلىنىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلايتتى.

www.uyghurkitap.com

گويا ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىنئامى — ھېس ۋە تۇيغۇ، ئاڭ ۋە ئىدراكتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغاندەك...

پەن ياۋنيەنچىلەرنىڭ تاپانچىسىدىن ئېتىلغان نەچچە تال ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن باشلانغان پاتىپاراقچىلىق بۇ «تىنچ - ئاسايىشلىق» نى بىردىنلا بۇزۇپ تاشلىدى. ئەمدى ئۈرۈمچى شەھىرى تۇيۇقسىز يەر تەۋرەشتە قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك تېڭىرقاپ قالدى. ئۈچ كۈنلۈك ھەربىي ھالەت داۋامىدا، شەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، چوڭ - كىچىك دۇكان، ئاشپۇزۇل، مەيخانىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ قالدى. مىلتىقلىرى بەتلەنگەن چېرىكلەر كوچا - كويلارنى چارلاپ يۈرۈشەتتى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان توپ - توپ ئاتلىقلار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ ئۇيان - بۇيان چېپىشاتتى. يۈزلىگەن كىشى تۇتقۇن قىلىنىپ كەتتى. مانا بۇلار ئاھالىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ۋەھىمە سېلىۋاتاتتى. «ھەر كىم ئۆز غېمىدە، قېرى قىز ئەر غېمىدە» دېگەندەك، ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ بۇگۈنى بىلەن ئەتىسىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ھەربىي ھالەت توختاش بىلەن سودىسىنى باشلىغان ئەپيۇن دۇكىنىنىڭ ئېگىسى بويلۇق، ياغاق يۈز خوجايىنى ۋاڭ بياۋ دېگەن كىشى قاپقىنى سالغان ھالدا، ئۆزىنىڭ تۇنجى خېرىدارىغا مۇنداق دەيتتى:

— ھەي، يامان بولدى جۇمۇ، يەڭگەم، ئەمدى بۇ يېڭى جاڭجۇڭ ئەپيۇننى چەكلەپ قويسا، بازىرىم كاسات بولۇپ، تۈگىشىپ كېتەرمەنمىكىن - ھە! ياڭ جاڭجۇڭ بەكمۇ كەڭ قورساق ئادەم ئىدى. شۇنىڭ تۇپەيلى جاھان كەڭرى، زامان ئوڭلۇق بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

— غەم يېمىسىلە، جانابلىرى، — دېدى ئورۇقىنا كەلگەن كىچىك پۇتلۇق موماي سېرىق قەغەزگە ئورالغان ئەپيۇن پارچىسىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — ئاڭلىشىمچە، يېڭى

جاڭجۇڭنىڭ ئۆزى قالتىس چېكەرمەن ئىمىش . قەدىمكى دانىشمەنلەر ، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمە ، دېگەن ئەمەسمىدى . خەير ـ خوش ، مەن كەتتىم ، خۇمارىم بەك قىستاپ كەتتى .

شەھەرنىڭ ئىچىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىغا جايلاشقان سۆلەتلىك دۇكاننىڭ كۆزەينەكلىك قىپرى خوجايىنى كاللەك ـ كاللەك قەغەز پۇللارنى لاتىغا ئوراۋېتىپ ، ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇرغان ئاق شىلەپىلىك يىگىتكە ئاستا شىۋىرلىدى :

— چاپسان بول ، بالام . بۇ تىزىلارنى ئالتۇنغا تېگىشىپ كەل . ياڭ جاڭجۇڭنىڭ تىزىسىنى قۇچاقلاپ يېتىپ لېۋىمىزنى چىشلەپ قالمايلى يەنە…

— ئالتۇن ئالغۇچە ، گەزمال ئېلىپ قويساق بولماسمۇ ، دادا ، — دېدى يىگىت ئېتەكلىرى ئوشۇقىغا چۈشۈپ تۇرغان كۆك شايى يەكتەكنى قولتۇقىدىن تۈگمىلەۋېتىپ .

— ھەي ، سىلەر ياشلار تولىمۇ ئاددىي ئويلايسىلەر ، خان يۆتكەلسە جاھان ئۆزگىرىدۇ ، دېگەن گەپ بار . ئالتۇن دېگەن ئوتتا كۆيمەيدۇ ، سۇدا ئاقمايدۇ . جاھاننىڭ ئەنسىزچىلىكىدە گەزلىمە دېگەن نەرسە ئادەمگە يۈك بولىدۇ . بۇگۈندىن باشلاپ باھانى سەل چۈشۈرۈپ ، جاۋەندىكى ماۋۇ گەزلىمىلەرنىمۇ ئالتۇن قىلىۋېلىش لازىم ، تېخى !

— گېپىمگە قۇلاق سال ، — دەيتتى قارا ساقاللىق ، يوغان قورساق ماموت دوكار ئۆزىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تۇردى ئالمغايغا جىددىي تىكىلىپ ، — بۇگۈندىن باشلاپ بىر تال بۇغدايىنىمۇ ساتقۇچى بولما . ماۋۇ پۇلنى ئال . ئاۋۇ بىرنېمىلىرىڭگە ئېيت ، ئەتىدىن قالماي ، سانجى ، تۇرپان ، گۇچۇڭ يوللىرىنى توسۇپ ھەممە ئاشلىقنى سېتىۋالسۇن . سەن ئۆزۈڭ ئىككى مەدىكار ياللىۋېلىپ ئاشلىق ساڭلىرىنى سەرەمجانلا .

— ئارپا ، قوناق بولسىمۇ ئالامدۇق ؟

— ھەي كالۋا ، مەن نېمە دەۋاتىمەن ، تېرىق بولسىمۇ ئېلىۋەر ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىرى ئۇن بولىدۇ . ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن ، ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن ، دېگەن زامانلار يەنە كېلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ . ئاڭلىدىڭمۇ ؟ !

شۇ كۈنى ناماز پېشىندىن كېيىن ، موللام سوپەت ئىككى كىشى كۆنچى مەھەللىسىدىكى مەسچىت سوپىسىدا سايىداپ ئولتۇرۇپ ، قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى . ئۇلاردىن بىرى كىرلىشىپ كەتكەن سەللىسىنى تۈزىتىپ قويۇپ ، قېشىدىكى ھەمراھىغا مۇنداق دېدى :

— بەرھەق ، تەقسىر ، بەرھەق . ئاكاڭ كىمنى ئالسا ، يەڭگەڭ شۇ ، دەپتىكەن . بىزگە ياڭ كەتتى نېمە ، جىن كەلدى نېمە ، كىم پادىشاھ بولسا بولسۇن ، بىزدەك ئەھلى تەرىقەتكە ھەممىسى ئوخشاش . ھاسىلكالام ، مەسچىت ـ خانىقالىرىمىزغا دەخلى ـ تەرۇز ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مالاللىق يەتمەي ، بۇ پانىي ئالەمدە تىنچ ئىبادىتىمىزنى قىلىپ ، باقىي ئالەمگە زەخىرە يىغالىساق شۇنىڭغا شۈكۈر دەيمىز .

— ئىنشائاللا ، ئىپتقانلىرىدەك بولار ئىشانىم . پېقىرلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەن بەزى ئەخبارلارغا قارىغاندا ، ياڭ جاڭجۈڭنى ئاتقان ھېلىقى دارىن بەتمەزھەپ جەدىتلەرنى ياقلايدىغان بىرنېمە ئىكەنمىش .

— جەدىتلەرنى ؟

— ھەئە ، جەدىتلەرنى .

— يائاللا ، خۇداۋەندە كەرىمنىڭ ئۆزى ساقلاپتۇ بىزنى ! ئۇ مەلئۇن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ قالغان بولسا ، جەدىت ئەپەندىلەرنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ قوپۇپ ، پەننىي مەكتەپ ئاچىمىز دەپ ، بالىلىرىمىزنى دىندىن ئازدۇرۇشقا كىرىشەر ئىكەندۇق ـ دە ! ھەي ـ ھەي ـ ھەي . ياڭ جاڭجۇڭ قالتىس ئەرباب ئىدى جۇمۇ . خۇسۇسەن بىزدەك ئەھلى تەرىقەتكە مەدەتكار ، مەسچىت ـ خانىقالىرىمىزغا غەمخۇۋار ئىدى .

www.uyghurkitap.com

## 3

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقان چاغدا ، ھەيدەر ئەپەندى نەنلىياڭ رايونىغا جايلاشقان كۆتۈرمىلىك ھويلىسىنىڭ دېرىزىلىرى كوچىغا قارىتىلغان ئازادە مېھمانخانىسىدا تاھىربەگ ۋە مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ جىددىي پاراڭلىشىۋاتاتتى . بىر چاغلاردا تۆمۈر خەلپىنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويغان بۇ زىلۋا بويلۇق تاتار مۇئەللىم ئەمدى بىرئاز مۇكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئوڭ - تەتۈر چۆرگىلەيدىغان پەلەك چاقىنىڭ قېلىن چاڭ - توزانلىرى ئۇنىڭمۇ سارغۇچ بۇدۇر چاچلىرى بىلەن قىسقا بۇرۇتىغا خېلى قونغانىدى .

— ھېلىقى كۇنى ، پەن دارىنىڭ ، ئەتە سىلەرنى جاڭجۇڭ يامۇلىغا چاقىرتىمەن ، دېگىنىگە قارىغاندا ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى خىيالچان كۆزلىرىنى لەپىلدەپ تۇرغان دېرىزە پەردىسىگە تىكىپ ، — ئۇ ئۆزىگە بەكمۇ ئىشەنگەنىكەن . ياڭ زېڭشىننى ئۇ ئالەمگە ئۇزاتسىلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك . ئادەتتە يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىۋېتىش كۇپايە . ئەمما ، شىنجاڭ خەلقىنى چىرماپ تۇرغان يىلان بىر باشلىق يىلان ئەمەس ، ئۇنى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن يانجىپ تاشلاش لازىم ئىدى .

ھەيدەر ئەپەندى مەخسۇت مۇھىتىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر ئىختىراس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى . دەرۋەقە ، مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئۆيىدە تۆردىن ئورۇن ئالغان بولۇپ ، ئۇنى ھەر كۆرگەندە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى — گۈزەل ئۇفا شەھىرى ، ئۇنىڭدا ئۆتكەن بالىلىق چاغلىرى ، قەدىمكى قازان شەھىرىدە ئۆتكەن يىگىتلىك دەۋرى ۋە قەلبىگە ئىلىم - ئېرپان نۇرىنى چاچقان رىزايىدىن بىننى پەخرىدىنگە ئوخشاش ئۇستازلىرى ، تاتار ئەدەبىياتى ئاسمىنىدا

چولپان يۇلتۇزدەك چاقنىغان شائىر ئابدۇللا توقاي بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرى يادىغا كېلەتتى . مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن يىراق تاتارىستانغا بېرىپ ، ئۆز خەلقىنىڭ جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە تەكرار جاراڭلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ۋە بۇ ئۇيغۇر مەرىپەتچىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن قازاندىن جۇڭغار - تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ، بىرقانچە سەپداشلىرى بىلەن قارا تاختاي ئالدىدا بور تۇزغىقىنى يۇتۇپ ئۆتكۈزگەن ئۇزۇن يىللار ھەم بۇ يىللار ئىچىدە يېتىشكەن ياش نوتىلار خۇددى قاتار - قاتار كارىز دەرەخلىرىدەك كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى . ياشلىق باھارىنى بىرەر ئەرزىگۈدەك ئىش - ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغان كۈنلەرنى ۋە شۇنداق كۈنلەردە بىللە بولغان سەپداشلارنى ئەسلەش كۆڭۈلگە نەقەدەر ھۇزۇر بېغىشلايدۇ - ھە ، خۇددى بىر مۆجىزە بىلەن زىلۋا ياشلىق قايتىپ كەلگەندەك .

ھەيدەر ئەپەندى ئەنە شۇنداق نازۇك ھېسلار بىلەن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغاندا ، تاھىربەگ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بايىقى گېپىگە گەپ قوشۇپ مۇنداق دېدى :

— مانا ئەمدى ئانت ئىچكۈچىدىن قۇتۇلۇپ ، قان ئىچكۈچىگە تۇتۇلغان ئوخشايمىز . جىن شۇرىنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا ، ئۇ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش ھىيلە - مىكىرگە ئەمەس ، قىلىچقا كۆپرەك تايىنىدىغاندەك قىلىدۇ . ھەش - پەش دېگۈچە ، پەن دارىنغا چېتىپ ئۇنلارچە ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلدى . يۈزلىگەن كىشىنى گۇمان بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى .

— يۇنۇسبەگنىڭ تەقدىرى نېمە بولار ؟ — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ئەنسىرىگەن قىياپەتتە .

— مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئالتۇنلىرى بىلەن ھازىرچە ئۆلۈم خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق دېيىشكە بولىدۇ . لېكىن ، ئۇنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇرھان ئەپەندى لازىم بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— بەك ياخشى ئويلاپسىلەر ، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى سەل تېتىكلىشىپ ، — بۇرھان ئەپەندىنىڭ يامۇلدىكى ئابرۇيى ئەمدى ئىشقا ياراپ قېلىشى مۇمكىن . ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە تۇرپاندىن قايتىپ كەلسە كېرەك .

— بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ، — دەپ يەنە گەپ باشلىدى تامىربەگ بىرئاز خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ، — بىرەر ئۇلۇغ غايە ساھىبى بولغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھامان ـ تراگېدىيىلىك بولۇپ كەلگەن . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، جىن شۇرېننىڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى بۇ تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدىغاندەك قىلىدۇ .

مەخسۇت مۇھىتى قىمىز قۇيۇلغان چىنىنى ئاستا چېكىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— بۇ قاتتىق قوللۇق سىياسەت داۋام قىلىۋەرسە ، ئاۋام خەلق ئۇيقۇدىن چاپسانراق ئويغىنىدۇ ، دەپ ئىشىنىمەن . بالىنى ئەللەي ئەتكەنسېرى قاتتىق ئۇخلايدۇ ، قاتتىقراق ۋارقىرىۋەتسىڭىز ، ئۇ جەزمەن ئويغىنىپ كېتىدۇ . خۇددى پوپلارنىڭ ئەيسا پەيغەمبەر نامىدىن قىلىدىغان يۇمشاق ۋەز ـ نەسىھەتلىرى رۇسىيىنى خېلى بىر زامان ئۇخلاتقان بولسا ، چار پادىشاھنىڭ قامچىسى رۇس خەلقىنى ئويغىتىۋەتكەنگە ئوخشاش . مەن بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن موسكۋادىكى چېغىمدا بىر رۇس كىشىسىدىن ئەنە شۇنداق مەنىدىكى گەپنى ئاڭلىغانىدىم .

شۇ ئارىدا ، بېشىغا كونا دۇخاۋا دوپپا ، ئۇستىگە ئاق چوتا كۆڭلەك بىلەن قارا سېتىن شالۋۇر ، پۇتىغا ياماق بەتىنكە كىيگەن ئون بەش ياشلاردىكى بىر بالا ھويلىغا كىرىپ ، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئاستا چەكتى . ھەيدەر ئەپەندى مېھمانخانىنىڭ ھويلىغا قارىغان دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ : «ھە ، تۇرسۇنمۇ سەن ، كىرىۋەر ، ئوغلۇم ، كىرىۋەر» دېدى يۇمشاق بىر تەلەپپۇزدا .

بالا دەھلىز ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىرىپ ، ئەدەپ بىلەن سالام بەردى ۋە مېھمانلاردىن ئەيمەنگەندەك قىلىپ ، قوللىرىنى

ئالدىغا قىلغان پېتى بوسۇغا تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك يۇمىلاق يۈزى بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر قايغۇ - ئەلەم تۇمانلىرى قاپلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەيدەر ئەپەندى مېھمانلارغا قاراپ: «بۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم تۇرسۇن، ئۇنىڭ دادىسى ھەسەن ئاخۇن ئۇستام، يەنى ھەسەن دولان پەن دارىنىنىڭ پەيتۇننى ھەيدەيتتى» دېدى ۋە تۇرسۇندىن ھەسەن ئاخۇننىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى.

بالا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، دادىسىنىڭ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، ھەربىي ھالەت سەۋەبىدىن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقىنى، بۈگۈن ئەتىگەن ئىككى چېرىكنىڭ ئۇنى خادىك ھارۋىغا سېلىپ، چالا ئۆلۈك ھالدا ئۆيگە ئەكېلىپ تاشلىغانلىقىنى ۋە بايىراق بىر ئاز ھوشىغا كەلگەندە: «ئەپەندىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، مېنىڭ قېشىمغا بىر كېلىپ كەتسۇن» دەپ ئۆزىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى - دە، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يانچە تۇرۇۋالدى. تاھىربەگ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ھېلىقى سىرلىق ساقاللىق كىشىنى دەرھال ئەسلەپ، تەڭلا دېگۈدەك تۇرسۇننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ھەيدەر ئەپەندى تۇرسۇننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىما، ئوغلۇم، يىغلىما! كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلغىن، — دېدى.

— بىزمۇ بارىمىز، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى كاستۇمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ.

بالا ئۆيدىن چىقىپ ئۈچقاندەك يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئۆيى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان تار كوچىدىكى بىر كۆرۈمسىز قورۇدا ئىدى. ھەسەن دولان ئىشىك - دېرىزىلىرى قاغجىراپ كەتكەن پاكار ئۆينىڭ سۇپىسىدا باش - كۆزى تېڭىقلىق ياتاتتى. ھەيدەر ئەپەندىلەرنى ئۇنىڭ ئايالى سارىخان ئىشىك ئالدىدا كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەسەن دولانمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ،

بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرمەكچى بولدىيۇ، دەرمانى يەتمىدى. مېھمانلار ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ھال ــ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. ھەسەن دولان ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ رەھمەت ئېيتقاچ، ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— ئۇستىخانلىرىمنى ئېزىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى بۇ جاندىن ئۈمىد يوق. يالغۇز ئوغلۇم تۇرسۇننى خۇداغا، ئاندىن قالسا ھەربىرلىرىگە تاپشۇردۇم. تەربىيەتلىرى سايىسىدا ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ھەيدەر ئەپەندى بىمارغا بىرمۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ: «پەن دارىنىڭ پەيتۇننى ھەيدىگەنلىكى ئۇچۇنلا شۇنچە قىلغان بارمۇ؟» دەپ غودۇڭشىدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، قىيىن ــ قىستاققا ئېلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ، دەپ چۈشىنەتتى. ھەسەن دولان بولسا، سوراق ئۈستىدە سىلەرنىڭ نامىڭلارنى تىلغا ئالمىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىشتى، دەپ ئېيتىشنى خالىمىدى بولغاي، پەقەت ئىڭرىغان بىر ئاھاڭدا: «يېڭى جاڭجۈڭنىڭ پەيلى يامانراق تۇرىدۇ، پەخەس بولۇشىلا» دېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا پىلىلداپ تۇرغان خىرە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرسىز كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مەخسۇت مۇھىتى «قانداقلا بولسا بىر دوختۇر تېپىپ كېلەي» دەپ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى. ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. پەقەت دالان ئۆيدىن سارىخان بىلەن تۇرسۇننىڭ مىشىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي قولىدا كىچىككىنە دوختۇرلۇق سومكىسىنى كۆتۈرگەن ئېگىز بويلۇق كىشى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ مېھمانلار بىلەن رۇس تىلىدا ئېسەنلىك سورىشىپ بولۇپ دەرھال ئىشقا چۈشتى. بۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرى پېتروف ئىدى. پېتروف ياردارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ، دەرھال بىر ئوكۇل ئۇردى. ئاندىن

ئۆيدىكىلەرگە قاراپ :

— ئىنچىكە بەل ئۇزۇلگەن ، ئۇچ تال قوۋۇرغا سۇنغان ، جىگەر قاتتىق زەخىملەنگەن ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى بەك زەئىپ ، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى .

— داۋالاشتىن ئۈمىد بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ھەيدەر ئەپەندى .

— دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇش لازىم ئىدى . ئەپسۇسكى ، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا بۇ مۇمكىن ئەمەس .

— راست ، — دېدى تاھىربەگ ، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدا نەدە دوختۇرخانا بولسۇن ، پەقەت ئادەم قىيىنايدىغان يامۇللا بار . سىزنىڭ دوختۇرخانىڭىزدا ياتقۇزۇشنىڭ ئىلاجى بولماسمۇ ؟

— بۇ دىپلوماتىيە قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ ، مەن پەقەت سىرتتىن داۋالاپ تۇرۇشۇم مۇمكىن .

— رەھمەت سىزگە ، شۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ياردەم ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى دوختۇرنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ .

دوختۇر پېتروف ھەسەن دولاننى قولىدىن كېلىشىچە داۋالاپ بېقىشقا ۋەدە بەردى . ھەممەيلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۆيدىن چىقتى . مەخسۇت مۇھىتى سارىخانىغا بىر تۇتام قەغەز پۇلنى تەڭلەپ : «خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭلار» دېدى . ھەيدەر ئەپەندى سارىخانىياڭ تارتىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ : «ئېلىڭ ، ئېلىڭ ، مەنمۇ قارىشىمەن ، پات - پات كېلىپ تۇرىمىز» دەپ كۆلۈپ قويدى .

شۇ ئارىلىقتا بۇرھان شەھىدىمۇ تۇرپاندىن قايتىپ چىقتى ، ئۇ جىن شۇرېننىڭ ئىچى تار ، گۇمانخور ئادەم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ، ئۆزىنى پەن ياۋنىيەن دېلوسىغا چېتىپ يۈرەرمۇ دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدى . بىراق ، ياڭ زېڭشىننىڭ قازاغا ئۇچراشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۇنى تۇرپان تاشيول قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى پاكىت بولغانلىقتىن ئانچىمۇ ئەنسىرەپ كەتمىدى . دېگەندەكلا ، جىن

www.uyghurkitap.com

شۇرىن ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ بىر قۇر ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن : «خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ» دېدى ۋە نەنسەندىكى قازاقلاردا قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك بارلىقىنى ئېيتىپ، شۇلاردىن ھال سوراپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋال جىن شۇرېننىڭ ھېلىمۇ بۇرھان شەھىدىگە ئىشىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، بۇرھان شەھىدى تاغدىن قايتقاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇنۇسبەگنى تۇرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىغا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جىن شۇرېننىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈش لازىم ئىدى.

— پادىشاھلار يولۋاسقا ئوخشايدۇ، دېگەن بىر گەپنى ئاڭلىغاندىم، — دېدى بۇرھان شەھىدى ھەمراھلىرىغا قاراپ، — يولۋاس ئاچ قالغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ بالىسىنىمۇ يەپ قويارمىش، قورسىقى تويۇپ ئېغىناپ ياتقان چاغلىرىدا بولسا، ئالدىغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان جەرەنگىمۇ خىرىس قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ قويارمىش. بۇ گەپنىڭ قانچىلىك راستلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارلاردىكى مىجەز-خۇلقنىڭ بىر تەرىپى ئەكس ئېتىلگەن. جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزۈش ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق پەيت تېپىش لازىم، دەپ ئويلايمەن.

مەخسۇت مۇھىتىلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ تەزىيە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، كۈندىلىك ئىشلىرىغا خاتىرجەم كىرىشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، بوسۇغىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان يامۇل ئەمەلدارى بىلەن (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇرھان شەھىدىمۇ بار ئىدى) ئوچۇق چىراي سالاملاشتى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ، قەدەملىرى ئېتىك كۆرۈنەتتى. بۇرھان شەھىدى ئەپيۇنكەشلەرنىڭ خۇمارى قانغاندا، شۇنداق ئېتىكلىشىپ، مۇلايىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن بولغاچقا، بۇگۈن پەيت كەلدى، دەپ ئويلىدى ۋە بىرەر سائەتتىن كېيىن جىن

شۇرېننىڭ ئىشخانىسىغا رۇخسەت بىلەن كىرىپ، ئەدەپ - قائىدىلەرنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەچ، يۇنۇسبەگ توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى.

جىن شۇرېن تېخى بىرەر ھەپتە بۇرۇنلا ياڭ زېڭشىنغا مەنسۇپ بولغان ھېلىقى ھەشەمەتلىك، ئازادە ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غادىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، قاقىر بويۇن، ياپما قاپاق، قىسماق كۆز، چىراي - شەكلى سەترەك ئادەم ئىدى. نەپىس كۆل رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن ئۆرە ياقىلىق ئۆزۈن يەكتىكى ئۇنىڭ بويىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. يېقىندىلا ئۇستىرا تەگكەن سىدام بېشى بويىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ماسلاشمىغاندەك كۆرۈنەتتى. يەكتىكىنىڭ يېرىم ئوچۇق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق شايى كۆڭلىكى ئۇنىڭ ئەپيۈن ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن چىرايىنى تېخىمۇ قارا كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئەسلىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجۇ ناھىيىسىدىن بولۇپ، گەنسۇ يۇقىرى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ياڭ زېڭشىنغا مۇرىت ئىدى. ياڭ زېڭشىن 1908 - يىلى مانجۇ خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئەمەلدار بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېنمۇ ئۇنىڭدىن پاناھ ئىزدەپ شىنجاڭغا كەلگەن ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر كونىشەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھاكىم بولغان؛ 1926 - يىلى مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئەمدى تاسادىپىي ھالدا ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن بېشىغا دۆلەت قۇشى قونۇپ، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىندىغان شىنجاڭ رايونىدەك يېرى كەڭ، بايلىقى مول ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولۇپ قالغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. «دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن باشىغا، سۇمۇرغ كېلەر كۇندە ئۇنىڭ قاشىغا» دېگەندەك، بىلىم ئىقتىدارى ۋە ئابرۇيىدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلۇڭ، نۇرغۇن ھەربىي كۇچنىڭ سەردارى بولغان جاڭ پېيۇەن قاتارلىق ھەربىي

ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭغا خۇددى كېچىدە كۆرگەن چۈشتەك سېزىلەتتى. بىراق، ئۆز ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغانلىقتىن، «بۇ ئادەملەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنىدا ماڭا رەقىب بولۇپ قالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپمۇ قوياتتى ۋە «سۇ كەلمەستە تۇغان تۇت» دېگەندەك، تەسەۋۋۇردىكى رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىناتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ئۇستازى ياڭ زېڭشىننىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن يۇرت سوراش تەدبىرلىرى ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر رەھنامە بولۇشى لازىم. شۇ جۈملىدىن، مانا بۈگۈن بۇرھان شەھىدى دېگەن بۇ ئادەم يەرلىك خەلق مۆتىۋەرلىرىدىن: يىخۋي (كېڭەش) باشلىقى روزى ھاجىم، زۇڭتۇڭ سايلىمى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى تاھىربەگ قاتارلىقلار نامىدىن يۇنۇسبەگ دېگەن بىر ئوقۇغۇچىغا كەڭچىلىك قىلىشنى ئەدەپ بىلەن ئىلتىجا قىلىۋاتقاندا، بۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، يەرلىك خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالماي بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇنۇسبەگنىڭ بۇ قېتىمقى سۈيىقەستكە قاتناشقانلىقىدا بىرەر پاكىت يوق، ئۇ پەقەت گۇمانلىق ئۇنسۇر سۈپىتىدە تۇتقۇن قىلىنغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىش تۇخۇمنى گۆھەرگە تېگىشىۋالغانلىق بولامدۇ؟

جىن شۇرېن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئىش ئۈستىلىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىردىنلا سوراپ قالدى:

— سىز يۇ ۋېنبىڭنى (يۇنۇسبەگنى دېمەكچى) قاچاندىن بېرى تونۇيسىز؟

— ئون نەچچە يىلدىن بېرى، — دېدى بۇرھان سىنچى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي.

— ئۇ ياڭ جاڭجۈڭ جانابلىرىغا قانداق قارايتتى؟

— ناھايىتى ئىخلاسمەن ئىدى.

— ئۇنداقتا ئىسيانچى پەن ياۋنيەن بىلەن يېقىنلىقىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — دېدى جىن شۇرېن قاپىقىنى تۈرۈپ.

— جاڭجۇڭ جانابلىرىغا مەلۇمكى، ئەلاچى ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر جاڭجۇڭ جانابلىرىمۇ ئوقۇتقۇچى بولغان بولسىلا، ئەلاچى ئوقۇغۇچىنى چوقۇم ياخشى كۆرگەن بولاتتى دەپ ئويلايمەن. بۇ ۋېيبىنىڭ ئۆيغۇر بولۇشىغا قارىماي خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نۇتۇق ۋە قەلەم قۇۋۋىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. كېلەچەكتە جاڭجۇڭ جانابلىرىنىڭ سادىق ۋە يارامىلىق خادىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇرھان شەھىدى «جاڭجۇڭ» دېگەن سۆزنى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك ئىشلىتىپ، ئېنىق ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىۋاتاتتى. جىن شۇرېن ئۆزىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندان دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەزەلدىن مەمۇرىي ئەمەلدار بولغاچقا، تېخى ھېچكىم يۈزتۇرا «جاڭجۇڭ» دەپ ئاتىمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قېتىم قۇلىقىغا «جاڭجۇڭ» دېگەن سۆز ئاڭلانغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئاخىر بىردىنلا: «بۇ ۋېيبىنگغا كىم كېپىل بولالايدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇرھان شەھىدى ئەمدى ئىش ئوڭغا تارتتى دېگەن ئوي بىلەن روزى ھاجىم، تاھىربەگ باشلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ كېپىل بولالايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

— ئۆزىڭىزچۇ؟ — دېدى جىن شۇرېن.

— ئەگەر جاڭجۇڭ جانابلىرى مېنىمۇ سالاھىيەتلىك دەپ تونۇسا، مىڭ جېنىم بىلەن كېپىل بولىمەن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، يۇنۇسبەگ تۈرمىدىن بوشاپ چىقتى. بىراق، «شۆتاڭ» دا ئوقۇغىنى ئېتىراپ قىلىنمىغاندەك، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خىزمەت بېرىلمىگەنىدى. كېيىنچە، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن «نوغاي» مەسچىت مەكتىپىدىكى بىر يۇقىرى سىنىپقا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان بولدى.

شۇ ئارىدا ئۇرۇمچىنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئەتىۋارلىق يېزى تۈگەپ كۈز كىرىپ قالدى. كۈندە دېگۈدەك ھاۋا تۇتۇلۇپ كۆڭۈلگە

غەشلىك سالاتتى . ھەدىسىلا يامغۇر يېغىپ، كوچىلاردا سالقىن كۇز شامالىلىرى ھۇۋلاپ يۇرىدىغان بولدى . پات ـ پاتلا بوران چىقىپ دەل ـ دەرەخلەرنى يالىڭاچلاشقا باشلىدى . توپ ـ توپ غازاڭلار ئۆي ـ ماكانسىز قالغان يېتىم ـ يېسىر ، غېرىب ـ مۇساپىرلاردەك بارار يېرىنى تاپالماي سەرسانلىقتا تېنەپ يۇرەتتى .

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، ھەسەن دولانمۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى . سارىخان بىلەن تۇرسۇن ئاچچىق كۆز ياشلىرىنىڭ دولقۇنىغا غەرق بولۇپ ھوشىدىن كەتكۇدەك ھالەتكە يەتتى .

— قولۇمدىن كەلگەن ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كۆردۇم ، ئىلاج بولمىدى ، — دېدى دوختۇر پېتروف ناھايىتى غەمكىن بىر ئاھاڭدا .

— سىزدىن ھەممەيلەن رازى ، بىر تۇغقان قېرىندىشى بولسىمۇ شۇنچىلىكلا قىلار ئىدى ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى دوختۇرنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ .

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن ، «نوغاي» مەسچىتتە جىنازا نامىزى ئوقۇلۇپ ، بىر توپ جامائەت ھەسەن دولاننىڭ تاۋۇتىنى خاڭچىلىك قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ ماڭدى . ھەيدەر ئەپەندى ، تاھىربەگ ، مەخسۇت مۇھىتى ۋە يۇنۇسبەگلەرمۇ شۇ توپتا ئىدى .

قەبرىستانلىققا يېتىپ بېرىش بىلەن ھەيدەر ئەپەندى نېرىراقتىكى بىر جۇپ قەبرە ئالدىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنلۇك قىرائەت قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ قالدى . بۇ قەبرىلەر تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇلنىڭ قەبرىسى ئىدى . ھەيدەر ئەپەندىنىڭ خىيالى يىراقلارغا قانات قاققان قۇشلاردەك ، ئاللىقاياقلارغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى . ئۆز ۋاقتىدىكى قەدىردان دوستى تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ، گامازا تۇڭگان بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ تاۋۇتىنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكى ، زالىم پادشاھلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا ۋە شەپقەتسىز گۆرنىڭ يولۋاستەك غەيۇر قەھرىمانلارنى بىردەم ئىچىدە يۇتۇپ كەتكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قايغۇلۇق خاتىرىلەر ئۇنىڭ كۆز



www.uyghurkitap.com

ئالدىدىن قاتار ـ قاتار ئۆتمەكتە ۋە كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ ، كۆزىگە يىغا ئۇلاشماقتا ئىدى . ئۇ ھەر ھەپتىنىڭ ئازنا ـ شەنبە كۈنلىرى ياكى ھەر ھېيت ـ ئايەم پەيتلىرىدە بۇ قەبرىستانلىقتا كېلىپ تۇمۇر خەلپىلەرگە ئاتاپ تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ ، بۈگۈن ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى تۇمۇر خەلپىلەرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا كۆرۈش بىلەن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتالماي ئۇن سېلىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى .

ھەسەن دولان يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يېرىم چەمبەرسىمان ئولتۇرغان جامائەت ئىچىدىن مەسچىت ئىمامى قىرائەت باشلىغاندا ، ھېلىقى ناتونۇش ئادەممۇ قاتارغا كېلىپ قوشۇلدى . ھەيدەر ئەپەندى بۇ ناتونۇش ئادەمدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى ۋە قارىغانسېرى كۆزىگە يېقىملىق كۆرۈنۈپ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولاتتى .

بۇ ئوتتۇرا بوي ، كەڭ غوللۇق ، مەڭزلىرى قىزىل ، قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك قارا كۆزلىرى بۇركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر ، ئېڭەكلىرى قويۇق قارا ساقال بىلەن قاپلانغان ، تەخمىنەن قىرىق ياشلاردىكى نۇرانە چىراي بىر ئادەم ئىدى . قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن پاختىلىق كەمزۇل ئۈستىدىن باغلىۋالغان كەڭ تاسما بەلبېغىدىكى قامچىسى بىلەن بېشىدىكى جىيەكلىك ئاق كىگىز قالپىقى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە يېقى كەلگەن ياقا يۇرتلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . دۇئادىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھەيدەر ئەپەندى بۇ ئادەمنىڭ قوللىرىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن سەل ئۇزۇنلۇقىنى بايقاپ قالدى .

«بۇ كىمكىن ـ ھە ؟ — دەپ ئويلايتتى ھەيدەر ئەپەندى ، — تۇمۇر خەلپىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولامدىكىنيا ! چىراي ـ شەكلى ۋە كىيىم ـ كېچىكىگە قارىغاندا ، قۇمۇل تەرەپنىڭ كىشىلىرىدەك تۇرىدۇ . تۇمۇر خەلپىنىڭ يىگىتلىرى ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق قىياپەتتىكى ئادەملەر بار ئىدى . مۇبادا راستتىنلا تۇمۇر خەلپىنىڭ تۇغقىنى ياكى يىگىتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالسا ، نېمىدېگەن ئوبدان

ئىش بولار ئىدى .»

ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە يېقىنلاشتى . ئۇ كىشى بولسا ، تېتىك قەدەملەر بىلەن يەنە تۆمۈر خەلپىلەرنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ ئۇزۇن قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا جىم تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ سالاپەتلىك چىرايىدا قانداقتۇر بىر ئاچچىق ھەسرەت ئالامەتلىرى نامايان بولۇپ تۇراتتى . ھەيدەر ئەپەندى يان تەرەپتىن كېلىپ ، ئۇنىڭغا سالام بەردى . ھېلىقى ئادەم دەرھال سالام ياندۇرۇپ ، ھەيدەر ئەپەندى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ۋە ھەيران بولغاندەك ئۇنى سىنچىلاپ كۆزىتىشكە باشلىدى . ھەقىقەتەنمۇ قارا شىلەپىسى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سېرىق چېكە چاچلىرى بىلەن قىسقا بۇرۇتىغا ئوبدانلا ئاق سانجىلغان ، قوڭۇر كۆزلىرى مۇلايىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ، ئۇستىگە قارا دراپ پەلتو كىيىپ ، بويىنىغا كۆل رەڭ شارپا ئورىۋالغان ئېگىز بويلۇق بۇ ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى قاچاندۇر بىر زامانلاردا رۇس تۇپرىقىدا ئۇچراتقان تاتار مۇسۇلمانلىرىنى ئەسلەتمەكتە ئىدى .

— ھارمىغايسىز بۇرادەر ، تونۇشماي تۇرۇپ سىزنى گەپكە تۇتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ ، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ .

— نېمە دېگەنلىرىڭىز بۇ ، ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت دەپتىكەن ، مېنى ئادەم ئېتىپ ئالدىمغا كەلگەنلىرىگە خۇشالمەن ، — دېدى ناتونۇش كىشى كەمتەرلىك بىلەن .

ھەيدەر ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ساددىلىقىغا قاراپ ، ئۆز گۇمانىغا ئىشەندى ـ دە ، كەڭ يەلكىسىگە بىر قولىنى تاشلاپ :

— خاتالاشمىسام ، سىز قومۇل ياقتىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن ، تۆمۈر خەلپىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولامسىز ؟ — دېدى . ناتونۇش كىشى سەل ئېھتىيات قىلغاندەك جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى . ھەيدەر ئەپەندى داۋام قىلىپ :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەرھۇم تۆمۈر خەلپىنى مەن ئۆز قولۇم

بىلەن يەرلىككە قويغان، بۇ قەبرىنىمۇ ئۆزۈم ئۈستىدە تۇرۇپ قاتۇرغان. مېنىڭ ئىسمىم ھەيدەر، ئۆزۈم مۇئەللىم، — دېدى.

ناتونۇش كىشىنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. چۈنكى، بىرنەچچە ئاي بۇرۇن، ئۇرۇمچىدىن بارغان بىر سودىگەر دوستىدىن تۆمۈر خەلپىنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ كىشى قەبرىنىڭ ئورنىنىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ قەبرىنىڭ كىملەرنىڭ قولى بىلەن قاتۇرۇلغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ھەيدەر ئەپەندى دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورۇنلاشقان ۋە بۇ قېتىم ئىرادە بىلەن ئۇرۇمچىگە سەپەر چىقىپ قالغاندا، بۇ تاتار مۇئەللىم بىلەن بىر كۆرۈشۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئارزۇ بىردىنلا ئەمەلگە ئېشىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ، ھەيدەر ئەپەندىنى قۇچاقلىدى ۋە كۆز ياشلىرىنى تېمىتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئات - جونىنى ئارانلا ئېيتالىدى.

بۇ ئادەم تۆمۈر خەلپىنىڭ مۇھىم سەپداشلىرىدىن بولغان خوجىنىياز پالۋان، يەنى كېيىنچە پۈتكۈل شىنجاڭغا داڭقى كەتكەن خوجىنىياز ھاجىم ئىدى.

— خوجىنىياز پالۋانمۇسىز؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ھەيدەر ئەپەندى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ.

ھەسەن دولاننىڭ يەرلىكى يېنىدا تېخىچە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان مەخسۇت مۇھىتىلار بۇ ئەھۋالغا قاراپ ھەيران بولۇشۇپ تۇرغاندا، ھەيدەر ئەپەندى ئۇلارنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى ۋە بۇ ناتونۇش ئادەمنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ: «شامەخسۇت ۋاڭنىڭ جاڭجۇڭ ياملى ئارقىلىق نۇرغۇن يۇرتلارغا چاپلاتقان ئېلانلىرىدا نامى زىكىر قىلىنىپ، تۇتۇپ بەرگۈچىگە ئون ئىككى يامبۇ ۋەدە قىلىنغان خوجىنىياز پالۋان ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ» دېدى. ئۇلار ھاياجىنىنى باسالماي ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن ھەيدەر ئەپەندى ئەتىگەنلىك چايدا بىللە بولۇشقا

www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

— ئەمدى ئون ئىككى يامبۇنى بىراقلا ئالىدىغان بولدىڭىز - دە ئەپەندىم ، — دەپ چاقچاق قىلدى مەخسۇت مۇھىتى يولدا كېتىۋېتىپ .

— ئەپسۇسكى ، مېنىڭ تەلـــــيـــــمگە يامبۇ بېرىدىغان شامەخسۇتنىڭ بېشىدا ئەزرائىلنىڭ سايىسى ئەگىپ يۈرگۈدەكمىش ، ئۇنى قوللايدىغان ياڭ جاڭجۇڭمۇ جەھەننەمگە كېتىپ قالدى ، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى .

ھەممەيلەن كۈلۈشتى .

ئەمدى ئۇلار كەچ كۈز قۇياشى بىلەن غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئازادە ئۆيدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى . پاراڭ ئەسناسىدا ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئېنىقلاندى ، مەلۇم بولدىكى ، شامەخسۇت ئېغىر پالەچ كېسەللىكى بىلەن يېتىپ قالغاندىن بۇيان ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغلى نەزەرنى ۋاڭلىققا ئولتۇرغۇزۇش كويىغا چۈشىدۇ ۋە ئۇنى جاڭجۇڭ يامۇلىغا تەستىقلىتىۋېلىش غەرىزىدە ياڭ زېڭشىنىنىــــڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن نەچچە قېتىم ئەلچى چىقىرىدۇ . ياڭ زېڭشىن : «مانا ، مانا» دەپ ئىشنى ئارقىغا سوزۇپ يۈرگەندە ، پەن ياۋنىيەن ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ . شۇڭا ، شامەخسۇت ياڭ زېڭشىنغا تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسىدە ، بۇ قېتىم يەنە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۆزىنىڭ تەيجىسى يۈسۈپ بەگنى جىن شۇرېننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ . خوجىنىياز ھاجى ئەنە شۇ يۈسۈپ تەيجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى باشلىقى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىـــــگە كەلگەن ۋە بىرنەچچە كۈندىن بۇيان يۈسۈپ تەيجىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇپ ، بۈگۈن پۇرسەت تېپىلغاچ قەبرە بېشىغا كەلگەنىدى .

ئۇلارنىڭ پارىڭى شۇنچىلىك قىزىپ كەتتىكى ، چۈشلۈك غىزا ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ساھىبخانىدىن باشقا ھېچكىم سەزمەي قالدى . چېكىدىن ئاشقان فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئىستىبداتنىڭ غالجىرانە قۇتراشلىرى ، ئەۋلىيالىق تونىغا ئورالغان شېرىن سۆخەن

ئىبلىسلارنىڭ ئەپسۇنكار ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن مىراس قالغان لەنىتى نادانلىق ئەنئەنىلىرى — مانا شۇلارنىڭ مەسۇم قۇربانى بولغان تۆمۈر خەلپە؛ قۇمۇل خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنىنى ئەللىك نەچچە يىل شوراپ، ئاخىر قارغىش ئاستىدا پالەچ بولۇپ ياتقان شامەخسۇت؛ زۇلمەت ۋە جاھالەتنىڭ دائىشمەن ھىمايىچىسى بولغان پاراسەتلىك ھۆكۈمدار ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈمى؛ پەن ياۋنيەن سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسىز ئاقىۋىتى؛ سېرىق ساقاللىق ھارۋىكەش ھەسەن دولاننىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى — مانا بۇلار شۇ پارانىڭ تېمىسى ئىدى. بۇ تېما ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن ئورتاق تىلەك، يەنى زۇلۇم ۋە ئىستىبداتتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش تىلىكى تېخى بايىراقتىلا ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان خوجىنىياز ھاجىم بىلەن سۆھبەتداشلارنى بارا ـ بارا يېقىنلاشتۇرۇپ، خۇددى تەسۋى دانىلىرىنى بىر تىزىققا تىزغان مەشۇت يىپتەك، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە دوستلۇق رىشتىسىنى ئۇلىماقتا ئىدى.

چۈشلۈك غىزادىن كېيىن، مېھمانلار تارقىلىش ئالدىدا، تاھىربەگ خوجىنىياز ھاجى باشلىق ھەممەيلەننى ئەتە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ئەتىسى تاھىربەگنىڭ ئۆيىدە پاراڭ تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. بۇ سورۇندا بۇرھان شەھىدىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئەمدى ھاجىنىڭ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

بۇ سەرگۈزەشتىلەر ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ئۈچىنچى باب

# «ئۆي قاپلىنى»

*كىشىلەر دوستلۇقى ئۈچۈن*
*بولمىسا، دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدا*
*باشقا قانداق مەقسەت بار؟*

— ئابدۇراخمان جامى

## 1

— ماۋۇ يىگىت جاڭجۇڭ يامۇلىنىڭ ئېلانىدا ئېيتىلغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىغۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭ، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى بىلەن دۈگىلەك كۆزلىرى، يۈزىنىڭ ئاقلىقى بىلەن يەلكىلىرىنىڭ كەڭلىكى، ھىم… دەل شۇنىڭ ئۆزى.

— سەن تېخى ئۇنىڭ قوللىرىغا سەپسالمىدىڭغۇ دەيمەن، قولى باشقىلارنىڭ قولىدىن ئۇزۇنراق تۇرمامدۇ؟

— توغرا، توغرا، ماڭىمۇ شۇنداق كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنى، مەن توقسۇنلۇق، ئېتىم ئىسھاق، دەۋالغىنى بولمىسا، ئېلاندا ئېيتىلغان خوجىنىياز قاچقۇننىڭ دەل ئۆزى شۇ!

— خوش، ئەمدى قانداق قىلىمىز، تۆگە كۆردۈڭمۇ، يوق! دەپ كېتىۋېرىمىز؟ ياكى…

ئىككى قازاق يىگىتى ھېچنېمىنى بايقىغىلى بولمايدىغان تون قاراڭغۇسىدا ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۇشەۋېتىپ پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. شەرق تەرەپتىن چىقىۋاتقان غور ـ غور تاغ

شاملى ئۇلارنىڭ گېپىنى بەش - ئون قەدەم نېرىدىكى يوغان قارىغاي تۈۋىدە مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان خوجىنىياز پالۋاننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

— خوش، ئېيتچۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — تەكرارلىدى يىگىتلەرنىڭ بىرى.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ توقسۇنلۇق ئىسھاق دېگىنى يالغان. ئەتە ئەتىگەندە بايغا ئېيتىپ، پوت - قولىنى باغلايمىز - دە، شەھەرگە ھەيدەپ بېرىپ يامۇلغا تاپشۇرىمىز. تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ، خوجىنىياز شۇ بولۇپ قالسا، ئون ئىككى يامبۇنى ئالارمىز، بولمىسا قالار. بىزدىن نېمە كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، شۇنداق بولسۇن، يۈر ئەمدى بېرىپ ئۇيقۇمىزنى ئۇخلايلى.

ئۇلار يىگىرمە نەچچە قەدەم نېرىدا تۈگۈلۈكىدىن غۇۋا يورۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز پالۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ھەي لوموددىلار، يامان نىيەتىڭلار ئۆزۈڭلارغا يانغاي، سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تىرىك چۈشىدىغان خوجىنىياز تېخى تۆرەلمىدى» دەپ غودۇڭشىدى ۋە ئاچچىقى بىلەن بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى چايناپ تۈكۈرۈشكە باشلىدى.

«نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ غەزەپلەنگەن ئارسلان كەبى يەرنى نىقتاپ - نىقتاپ دەسسىگەن ھالدا ھېلىقى قارىغاينى چۆرگىلەپ يۈرۈپ. بىرھازادىن كېيىن، ئۇ خۇددى بىرنېمىنى ئېسىگە چۈشۈرگەندەك، دەرھال ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، قۇندۇزدەك قارا ئاسمان گۈمبىزىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇلۇتسىز ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار چىملداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئاخىر بىر چېكىتكە قادالدى. بۇ «تۆمۈر قوزۇق» ئىدى. «ھە، مانا تاپتىم، ئالدىم تەسكەي، ئارقام كۈنگەي، ئوڭ قولۇم كۈنچىقىش، سول قولۇم كۈنپېتىش. كۈنپېتىشقا قانچە ماڭسام قۇمۇلدىن شۇنچە يىراقلىشىمەن» دېدى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ. ئاندىن ئوتلاپ يۈرگەن

ئاتلارنىڭ قىشقىغا بىرىپ، ئۆزگە تونۇش بولغان كورەڭ قاشقىنىڭ ئاياغلىرىنى بوشاتتى ۋە ئۇنى چاققانلىق بىلەن ئىگەرلىۋالدى. ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ كىگىز ئۆي ئالدىدا تۇرغان ئىگەرلىرىنى تېپىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ چۈلىگىنى تۇۋىدىن كېسىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قوي قوتىنى ئالدىدىكى كىچىككىنە كەپىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان چېدىردىن جۇۋىسىنى ئالدى ـ دە، ئارقىسىدىن ئەگەشكەن بويناققا بىر پارچە ئارپا نېنىنى تاشلاپ بېرىپ، كورەڭ قاشقىغا مىندى ۋە: «خوش، ئالىپباي، مەندىن رازى بول، بايتىلىمنى قويۇپ، بىر ئېتىڭنى مىنىپ ماڭدىم. يىگىت بېشىم ئامان بولسا، چوقۇم قايتۇرىمەن» دەپ يولغا چۈشتى.

## 2

بۇ، تۆمۈر خەلپە قەتل قىلىنىپ، ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتاينىڭ چىگىل دېگەن يېرىدە بولغان ئىش ئىدى. كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەككى، تۆمۈر خەلپە لى شۈفۇنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا، خوجىنىياز پالۋان ئاقىۋەتنىڭ پاجىئەلىك بولىدىغانلىقىنى سېزىپ پىشنى قاققان پېتى ئىچكىرىدىكى تاغقا كىرىپ كەتكەن ۋە قېلىن ئورمانلىقلار بىلەن قاراڭغۇ غارلارنى پاناھ قىلىپ ياشاپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلا كىشى، يەنى باجىسى قۇربانلا ئالاقە قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى شۇ يىگىت ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. بىراق، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەققىدىكى ئېلانى پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا جاكارلىنىپ، بەزى پۇلخۇمار كىشىلەر ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكتىن، ئەمدى ئۇنىڭغا قۇمۇل تاغلىرى تارلىق قىلىپ قالدى. شۇ ئارىدا شامەخسۇت ۋاڭ «ئوغلۇڭنى تېپىپ بەرمىدىڭ» دەپ، ئۇنىڭ دادىسى ئىمىننىيازنى ئوردا زىندانىغا تاشلىدى. ئىمىننىياز ئەسلىدە ئوردىنىڭ تاراتتى تېغىدىكى «تۆمۈر چارۋا» لىرىنى باقىدىغان ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ

بىرى ئىدى. ئۆزى چېچەن، كۆچتۆگۈر ۋە ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شامەخسۇت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇنى تاراتى تېغىنىڭ دورغىسى قىلىپ قويغانىدى. ئوغلىدىن تىرىك ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى ئىمىنىيازنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى ئايسە ئاپپاقنىڭ ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئەلەم قىلدى - دە، ئۇ ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. خوجىنىياز بۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، تاقىتى تاق بولغان ھالدا، نېمە بولسام مەن بولاي دەپ، شامەخسۇتنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارماقچى بولدى. ئوغلىنىڭ بۇ نىيىتىنى قۇربان ئارقىلىق ئاڭلىغان ئايسە ئاپپاق: «ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولمىغاي، ئۆزىنى ئاشكارىلىدىمۇ، بولدى ھەرگىز تىرىك قالمايدۇ. بىز يەيدىغىنىمىزنى يېدۇق، كىيىدىغىنىمىزنى كىيدۇق، ئەمدى پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز، خوجىنىياز تېخى ياش، نەگە بېرىپ بولسىمۇ جېنىنى ساقلىغاي. بىز ئۇنىڭدىن رازى» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇربان ئىچكەركى تاغقا كىرىپ، خوجىنىيازنى ئالتاي ياكى تاشقى موڭغۇلغا كېتىشكە دەۋەت قىلغان. خوجىنىياز ئالتاي دىيارىغا بېرىپ، قازاق خەلقى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇشنى توغرا تاپقان ۋە ئېتىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، باركۆل ئارقىلىق ئالتاي تەرەپكە كەتمەكچى بولغان. قۇربان تەڭرىتاغلىرىنىڭ قىش - يېزى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بىر داۋىنىدىن ئېشىپ بولغۇچە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان.

— خوش، ئۇكام، كۆرۈشكۈچە ئامان بول، — دېدى قۇربان داۋان تۆۋىدە كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مېنىڭ جېكىلەيدىغىنىم يەنە شۇ گەپ، ئەل ئىچىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، ماۋۇ كۆسەينى (مىلتىقنى دېمەكچى) كۆزدىن نېرى قىل، بېشىڭغا بالا بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

— خەير - خوش، ئاكا، مەندىن گەشەت[1] قىلما. يالغۇزنىڭ يارى خۇدا دەپتىكەن، — دېدى خوجىنىياز ئاتقا مىنىۋېتىپ.

---

① گەشەت — غەم، ئەندىشە (قۇمۇل شېۋىسى).

ئاندىن ، مېنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇم سەدەنشاننىڭ ماڭلىيىغا بىرنى سۆيۈپ قوي ، دەپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى . پۇتلىرى ئىنچىكە كەلگەن ئۇزۇن بويۇن قارا تورۇق بۆرە مېڭىشىغا چۈشتى . ئەمدى خوجىنىياز باركۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چىغىر يول بىلەن تۇپتوغرا غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بايىلا قۇربانغا : «مەندىن غەم يېمە ، يالغۇزنىڭ يارى خۇدا» دېگەن بولسىمۇ ، ئاتا ـ ئانا ، قان ـ قېرىنداش ۋە يۇرتتىن ئايرىلىپ ، بىپايان دەشتتە تىكەندەك يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كېلەتتى . ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاپ ، ئايىغى چىقمايدىغان چىگىچ خىياللار بىلەن قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى . ئەتىيازنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقىمۇ ئۇنىڭغا بىلىنمەيتتى . شۇ خىلدا مېڭىۋېرىپ ، خېلى ئېگىز بىر كۆتەلدىن① ئاشقان چاغدىلا ، ئالدىدا كېتىۋاتقان يالغۇز ئاتلىقنى كۆرۈپ ، بىردىنلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەندەك سەگەكلىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى . ھېلىقى يالغۇز ئاتلىق كىشى قازاق تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان بىر ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ جۇغى كىچىكرەك كەلگەن جەدە ئېتى ئاقساپ ماڭغاندەك قىلاتتى . ئۇ ھەرھالدا سەزگۈر كىشى بولسا كېرەك ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئىككى يۈز قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان خوجىنىيازنى كۆرۈش بىلەن ئالاقزادە بولۇپ ئېتىنى توختاتتى .

«دەشت ـ باياۋاندا ماڭا ئوخشاش يالغۇز يولغا چىققان بۇ قانداق ئادەم بولغىيدى ، — دەپ ئويلىدى خوجىنىياز ، — ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ؟ يېنىغا بېرىش كېرەكمۇ ؟ ياكى… »

ئۇنىڭغىچە خوجىنىيازنىڭ قارا تورۇقى خۇددى ئۆزىگە ھەمراھ تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەندەك ، بىر كىشنەپ قەدىمىنى تېزلەتتى . ھېلىقى ئاتلىق يىراقتىنلا خوجىنىيازغا سالام قىلدى . ئۇ ئاق سېرىق ، ئورا كۆز ، تەخمىنەن يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە

① كۆتەل — كىچىكرەك داۋان شەكلىدىكى دۆڭ (قومۇل شېۋىسى) .

تۆت ياشلاردىكى قاۋۇل بىر يىگىت بولۇپ ، خوجىنىيازنىڭ ئۆشنىسىدىكى مىلتىقىدىن قورقىغان بولسا كېرەك ، ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى . خوجىنىياز ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئارتۇقچە گۇمانلارغا چۈشمەي ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئەھۋاللىششقا باشلىدى . ئۇيغۇر ، قازاق تىللىرىنىڭ بىر قېرىنداش تىل بولغانلىقى ئۇلارغا خېلى ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى . بۇ يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۆزىنىڭ ئېتى قامزا بولۇپ ، ئالتاي تەرەپتىن باركۆلگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنمىش ، ئەمدى ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقانمىش . خوجىنىيازمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق دەپ تونۇشتۇرۇپ ، چىڭگىل دېگەن يەردە بىر ئاكىسى بارلىقىنى ، ئۇ يەرگە ئىلگىرى ئۆزى بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . ئۆز كۆڭلىدە بولسا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان قازاق يۇرتىغا كېتىۋاتقاندا ، دەل شۇ يۇرتلۇق بىر كىشى بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالغىنىغا خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىلەن مۇلايىم ئاۋازىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . قامزامۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى چېغى ، ھە دېگەندىلا بايا خوجىنىيازدىن يول توسار قاراقچىمىكىن دەپ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە :

— ساڭا ئوخشاش ياخشى ئەرگە يولداش بولغانلىقىمدىن خۇشالمەن ، بارار يېرىڭگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن ، قېنى ناسۋالىڭنى چىقار ، — دېدى .

خوجىنىياز ناسۋال چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— توقىچىڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى قامزا .

— بار ، قۇرۇق يېسەڭ گېلىڭغا تۇرۇپ قالىدۇ . ئالدىمىزدا چۈشكۈن قىلىدىغان بىر جاي بولسا ، چاي قاينىتىپ ئاندىن يەيلى . مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى ، — دېدى خوجىنىياز ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن .

www.uyghurkitap.com

— خوپ ، — دېدى قامزا رازىلىق بىرىپ ، — ئاۋۇ قىرنىڭ ئارقىسىدا بۇلاق بار ، شۇ يەردە چاي قاينىتىپ ئىچەيلى.

قامزانىڭ جەدە بايتىلى ھەقىقەتەنمۇ ئاقساق ئىدى. شۇڭا ، خوجىنىياز قارا تورۇقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بىر ـ ئىككى قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان قامزا ھەدەپ قارا تورۇققا قاراپ تامىقىنى چېكىلدىتاتتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئاتتا بولسا ، بىر كۆزى مىلتىقتا ئىدى. بۇ مىلتىق ئاقچۇق سىپىدىكى جەگدە چيەن دارىنىنىڭ چېرىكلىرىدىن ئولجا ئېلىنغان قىسقا بەشئاتار بولۇپ ، قامزا مۇنداق مىلتىقنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— ۋاي ئىسھاق ، قالتىس مىلتىقىڭ بار ئىكەن ، يولدا ئاچ قالمايمىز ئەمدى ، — دېدى قامزا مىلتىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

خوجىنىياز گەپ ياساپ ، بۇ مىلتىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن ، بىر تۇغقىنىدىن ئارىيەتكە ئالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— يولدا ئېتىپ يېگۇدەك بىرنېمە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قامزا يول بويى جەرەن ، كېيىك ، ئارقار ، ئۆچكە دېگەندەك ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ، ھەتتا بۆرە ، تۈلكە ، ئېيىق ، يىلپىزغا ئوخشاش يىرتقۇچلارنىڭمۇ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ئېيتىپ ، ئالتاي تاغلىرى ھەققىدە ئۇزۇن پاراڭغا چۈشتى. بۇ پاراڭ بايا قامزا ئېيتقان بۇلاق تۇۋىگە كېلىپ ، چايجۇشتا قاينىتىلغان قېنىق چاي بىلەن ياغلىق توقاچنى يەپ ئولتۇرۇشقاندا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. مەلۇم بولدىكى ، قامزا ئالتاي دىيارىنىلا ئەمەس ، چۆچەكنىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. خوجىنىيازنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەدەپ سوئال قويۇپ ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىقلىمى ، يەر ، سۈيى ، يۇرتلىرى ، قاتناش يوللىرىنى ئىنچىكىلەپ سورىۋالدى ۋە قازاق خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى.

ئۇلار شۇ خىلدا قىزىق پاراڭ ، ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن

بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ ، هارغان ـ چارچىغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى . بىراق ، قامزا نېمىشقىدۇر ئادەم قويۇقراق ئاۋۇللارغا كىرمەي ياندىپ ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى . قامزانىڭ بۇ قىلىقى خوجىنىيازغا بىرئاز غەلىتىرەك بىلىنەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ خۇشالمۇ بولاتتى .

— يەنە يېرىم كۈن ماڭساق چىڭگىل تەۋەسىگە يېتىپ بارىمىز ، — دېدى قامزا قېلىن بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەندە ، ئاندىن ئۇ بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ ، ئەتە مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى . خوجىنىياز بۇ تەكلىپكە كۆندى . ئۇلار شۇ يەردە چوڭ گۈلخان يېقىپ ، كېيىك گۆشىدىن پىشۇرۇلغان كاۋاپ ۋە ئاچچىق دەملەنگەن چاي بىلەن ئوبدان غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئاتلىرىنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، گۈلخان تۆۋىدە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىشتى . قاراڭغۇ كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى پەقەت يىراق ـ يېقىندا سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازى بىلەن قامزانىڭ خورىكىلا بۇزۇپ تۇراتتى .

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ، خوجىنىيازنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى . بايىلا يېنىدا خورەك تارتىپ ياتقان قامزا ئەمدى ئورنىدا يوق ئىدى . «قامزا ، قامزا» دەپ قىچقاردى خوجىنىياز ، ئەمما هېچ يەردىن سادا چىقمىغاچ ، ئورنىدىن دەس قوپۇپ ئەتراپقا قارىدى . قامزانىڭ ئاقساق بايتىلىغا چېتىپ قويۇلغان قارا تورۇقمۇ غايىب بوپتۇ . ئۇ يەنە بېشىغا قويۇپ ياتقان ئېگەرنىڭ ئاستىدىكى مىلتىقىنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى بىلدى .

«هەي خوتۇن تالاق ، ئات بىلەن مىلتىقنى ئېلىپ قېچىپسەن ـ دە ! يامان بىلەن يول يۈرسەڭ ، يېرىم يولدا قالىسەن ، دېگەن شۇ بولدى ، ئەستاغپۇرۇللا ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟»

خوجىنىياز پالۋان ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ بىردەم كايىغاندىن كېيىن ، ئاقساق بايتالنىڭ يەردە ياتقان ئېگىرىگە كۆزى چۈشۈپ : «خەير ، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر ، هەرهالدا بىرئاز ئىنساپىڭ بار ئىكەن ، لالما» دېدى ۋە قامزادىن قالغان ئاقساق بايتالنى

ئېگەرلىۋېلىپ، تاڭ يورۇش بىلەن چىڭگىل تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتى. ئۇ ئات بىلەن مىلتىقنىڭ يوقالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قامزادىن رازى ئىدى. چۈنكى «بۇ ئوغرىدىن ئاڭلىۋالغانلىرىم بولمىسا، نەلەردە تېنەپ يۈرەتتىم» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، تەقدىر ئۇنى چىڭگىلدىكى ئالىپباي دېگەن چارۋىدارنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويىدى①. ئۇ توقسۇنلۇق ئىسھاق دېگەن نام بىلەن ئالىپبايغا يالىنىپ، ئۇنىڭ قويلىرىنى بېقىشقا باشلىدى. ئالىپباي ئۇنىڭ يىللىق ئىش ھەققىگە بىر ئات بەرمەكچى بولدى. ئەتىياز ئۆتۈپ، گۈزەل چىڭگىل يايلىقى خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدىغا پۈركەنگەن، ئوت ـ چۆپ ۋە قوزا ـ ئوغلاقلار يېتىلىپ، قازاقىنىڭ شىپا بەخش قىمىزى پىشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەل ياتارغا يېقىن، ئالىپباينىڭ ئاۋۇلىغا ئىككى ئاتلىق يىگىت «خۇدايى قوناق» بولۇپ كەلدى. ئۇلار قوزا گۆشى ۋە قىمىز بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ياقا يۇرتلۇق مالچى — خوجىنىيازغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭدىن گەپ كولاپ، خوجىنىيازنى گۇمانغا سېلىپ قويىدى. شۇڭا، بايا ئېيتقىنىمىزدەك، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، خوجىنىياز بۇ يىگىتلەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھېلىقى قارىغاي تۈۋىدە مۆكۈنۈپ ياتقانىدى. دېگەندەكلا، بۇ يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۈشەۋېتىپ قىلىشقان گەپلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، خوجىنىياز پالۋان ئەمدى ئىش بولمىدى، دەپ، ئاقساق بايتىلىنىڭ ئورنىغا

---

① ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ۋە مىللىي قەھرىمانى شارىپقان 1936 ـ يىللىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن مۇشۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ: «ئالىپباي بىلەن قامزا دېگەن كىشىلەرنىڭ بارلىقى راست، ئالىپباي ھازىر ئوكۇرداي بولدى. قامزا ئالتاي ـ قۇمۇل يوللىرىدا قاتناپ يۈرىدىغان چوڭ ئوغرى. ئۇ ھازىر قولغا چۈشۈپ، تۈرمىدە ياتىدۇ» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئالپباينىڭ كۈرەڭ قاشقىسىنى مىنىپ، «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ ياردىمى بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا ئاۋۇلدىن چىقىپ كەتتى.

قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ، قانچە تاڭلار ئاتتى؛ قانچە قىرلارنى كېزىپ، قانچە داۋانلارنى ئاشتى؛ گاھ ئورمانلاردا تۈنەپ، گاھ ئاۋۇللاردا ياتتى؛ «ئۆزۈڭ كىمسەن، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسەن» دېگەن سوئاللارغا «ئېتىم ئىسهاق، يۇرتۇم توقسۇن، تۇغقان يوقلاپ دۆربىلجىنگە كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. قازاق ئاۋۇللىرى قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلىپ، ماڭار يولىنىمۇ ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دۆربىلجىن تەۋەسىگە كېلىۋالدى.

يىراق، كۆك پېتىپ گۇگۇم چۈشكۈچە ئەتراپتا ھېچبىر ئاۋۇلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. يان تەرەپتىن بولسا، قاتتىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بىردىنلا شامال بىلەن كېلىۋاتقان تېزەك ئىسىنى پۇراپ قالدى ـ دە، ئاتنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ قامچىسىنى پۇلاڭلاتتى. كۈرەڭ قاشقىمۇ ئىسنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ھېرىپ قالغىنىغا قارىماي قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇ ئارىدا ئۆزگىرىشچان تاغ ھاۋاسى بىردىنلا بۇزۇلۇپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئەتراپتا پاناھلانغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۈرەڭ قاشقىسىنى ئىس كەلگەن تەرەپكە بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ئاخىر بىر ئاۋۇلغا يېتىپ كەلدى. ئاۋۇل ئىتلىرىنىڭ قاتتىق قاۋاشلىرى بىلەن بىر كىگىز ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق بىر كىشى چىقىپ كەلدى. خوجىنىياز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ سالام بەردى ۋە «يىراقتىن كەلگەن مۇساپىرمەن، يادىدا[1] قالدىم» دېدى.

ئۇ كىشى بۇ مۇساپىرنىڭ تەلەپپۇزىدىن خۇددى بىرنېمىنى سەزگەندەك، قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ چىرايىغا بىرقۇر سەپسېلىۋېلىپ، «خۇش كەپتىلا، مېھمان» دېدى ۋە دەرھال ئېتىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئاددىي بولسىمۇ

① يادا — يامغۇر (قۇمۇل شېۋىسى).

رەتلىك سەرەمجانلانغان كەڭ كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئۆي ئىچىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ - تۆت ياشلىق بىر قىزچاق ئويناپ ئولتۇراتتى .

— قېنى ، ئاپىسى ، چاپسان بول ، — دېدى بايىقى كىشى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئايالىغا قاراپ ، ئاندىن : «ئاگال كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋالسىلا ، ئۇكام ، بەكلا ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ . تاغ يېرى — يامغۇردىن بولماس نېرى دېگەن شۇ» دەپ ، مېھماننىڭ يېشىنىشىگە ياردەملەشتى . ئۆي ئىگىسى ئات يۈزلۈك ، ساقال - بۇرۇتى چارلىشىپ قالغان قاتاڭغۇر بىر ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىمۇ قازاقلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايتتى .

خوجىنىياز پالۋان ئۇنىڭ چىراي - شەكلى بىلەن كىيىم - كېچىكىگە قاراپ ، بولۇپمۇ تەلەپپۇزىدىكى قۇمۇل شېۋىسىنى سېزىپ : «مەن كىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدىم . مۇبادا مېنى تونۇيدىغان كىشى بولۇپ قالسا قانداق بولۇر» دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى . ئەمما ، ئۇ كىشىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىكى ئاددىيلىق ، مۇئامىلىسىدىكى سەمىمىيلىكنى كۆرۈپ ، ھەرھالدا يامان ئادەم بولمىسا كېرەك ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى .

— ئۆزلە قۇمۇلدىن كەلگەن ئوخشىمامدىلا ، ئۇكام ، كىمنىڭ جەمەتى بولىدىلا ، — دەپ يەنە گەپكە كىرىشتى ئۆي ئىگىسى ئۇنى ئىسسىق قايماق چاي ، سېرىق ياغ ، بوغۇرساق ، قۇرۇت ۋە ئارپا نېنى بىلەن مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ . خوجىنىياز پالۋان بولسا ئاغزىدىكى لوقمىنى چاينىغان بولۇپ ، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي ئولتۇراتتى . ئۆي ئىگىسى يەنە گەپ باشلىدى :

— ئاگال تائام ، ئاندىن كالام دەپتىكەن ، ئۆزلە قورساق تويدۇرغۇچە ، مەن گەپ قىلىپ بېرەي ، ئۇكام ، مەنمۇ قۇمۇللۇق ، تورپاقلاردىن بولىمەن ، مېنى تورپاق سالى دېيىشىدۇ . ھېلىقى تورپاق يېغىلىقىدا ۋاڭ ئوردىسىغا تاش ئېتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن

مۇشۇ تەرەپلەرگە يىگىرمە يىللىق پالىنىپ كەلگەن . شامەخسۇت ھېلىمۇ بارمۇ ؟ ئۇ يەر يۇتقۇرنىڭ دەستىدىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمغا باراللماي يىگىنىم ئوغا ، كىيگىنىم كېپەن بولۇپ ، بىر كۆزۈم ياش ، بىر كۆزۈم قان يۇرۇپتىمەن . ئاڭلىسام ، شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۇڭ گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ، تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىكنىڭمۇ بېشىنى يەپتىمىش . بۇ راست گەپمۇ ؟

خوجىنىياز پالۋان يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ ، ئۆزىنى توقسۇنلۇق ئىسھاق دەپ تونۇشتۇردى ۋە شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۇڭنىڭ قۇمۇلدىكى ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى . ئەمما ، بۇ يەرگە «تۇغقان يوقلاپ كەلدىم» دېيىشكە پېتىنالمىدى . چۈنكى ، «تۇغقىنىڭ كىم » دەپ قالسا ، چاندۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى .

— بوپتۇ ، ئۇكام ، توقسۇنلۇق بولسىلامۇ ، قۇمۇللۇق بولسىلامۇ ماڭا ئوخشاش ، — دېدى تورپاق سالى ، — ئەممازە ، ئۆز يۇرتلۇقۇمدىن بىرەر كىشىنى كۆرسەم تاپىنىغا سۆيگۇدەك بولۇپ كېتىمەن . بۇ يەردىكى قازاق قېرىنداشلارغۇ بەك ئوبدان . ئۇلار مېنى قوينىغا ئېلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىقمۇ قىلىپ قويدى . مېنىڭ بۇ ئاپئېقىم ماڭا بىر قىز ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى . مەنمۇ ئاتا كەسپىم بولغان موزدۇزلۇق بىلەن ئەل ئىچىگە سىڭىپ كەتتىم . تىرىكچىلىكىم خېلىلا ئوبدان . دۆرىبىلجىن دېگەنمۇ قويىنى كەڭ ، مېھرى ئىسسىق يۇرت ئىكەن . ئەممازە ، يەتتە يىلدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بىر كۆزۈم قۇمۇل يولىغا قاراقلىق . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆز يۇرتۇمنىڭ مېھرى باشقىچە بولىدىكەن . ئاق چاچلىق قېرى ئانام بىلەن بالا ـ چاقامنى ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم بىلەن بىللە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى قانداق ئۇنتۇيالايمەن ؟ ئاتا ـ بوۋامنىڭ يەرلىكىمۇ قۇمۇلدا ئەمەسمۇ ؟ شۇلارنى كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتەرمەنمۇ ، يىگىرمە يىل توشقۇچە بۇ ئامانەت جان تەندە تۇرارمۇ دەپ ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ .

تورپاق سالى شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، كۆزىدىن ياش تېمىتىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى چېغى :«مەن ئاتلىرىغا قاراپ قوياي» دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

شۇ تاپتا خوجىنىياز پالۋاننىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى . تورپاق سالىنىڭ سۆزلىرى يەنە داۋام قىلغان بولسا ، ئېھتىمال ، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى . ئۇنىڭمۇ خىيال قۇشلىرى ئالىقاياقلاردا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئاتىسى — ئېگىز بويلۇق ، كەڭ غوللۇق ، بۇغداي ئۆڭلۈك چار ساقال ئىمىننىياز شامەخسۇتنىڭ زىندانىدا نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن ؟ ئۆزى پىلدەك بولغان بىلەن كۆڭلى قىلدەك ئىنچىكە بۇ ئادەم شامەخسۇتنىڭ قىلمىقلىرىنى ھار ئېلىپ كېتىپ ، ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالمىغىيدى ، ئاپئاق توقاچقا ئوخشاش يۇمىلاق يۈزىنى ئەمدى قورۇق بېسىپ ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان يۇمشاق كۆڭۈل ئانىسى ئايسە ئاپپاق نېمە دەردلەرنى تارتىۋاتىدىكىن ؟ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگەن بۇدرۇق ئوغلى سەدەنشانى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولامدىكىن ؟ تورپاق سالىغۇ يىگىرمە يىلنى توشقۇزسا ، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتالىشى مۇمكىن . خوجىنىيازچۇ ؟ شامەخسۇت تىرىكلا بولىدىغان بولسا ، ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ يىگىرمە بەشىنچىسىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان بۇ قىران يىگىت ئۆمۈر بويى سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم . ھەتتا ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئۇنىڭ خۇنى ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان ئون ئىككى يامبۇ ئون ئىككى ئەجەل قاپقىنىدەك ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا . دۇم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازانغا ئوخشاش قاپقارا يۈزىنى زېمىنغا قارىتىپ تۇرغان بۇ ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭغا زادى قانداق قىسمەت تونىنى پىچىپ قويىدىكىن ؟

خوجىنىياز ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئاخىرقى پىيالىسىنى بوشىتىپ ، ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرغاندا ، تورپاق سالى قايتىپ كىرىپ يەنە گەپ باشلىماقچى بولدى .

— بولدى قىلىڭ ، دادىسى ، خۇدانىڭ كۈنى ئەتىمۇ بار ئەمەسمۇ ؟ مېھمان چارچاپ كەتكەندۇ ، ئەمدى ئارام ئالسۇن ، —

دېدى ئۇنىڭ ئايالى داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ .
— خوپ ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن ، — دېدى تورپاق سالى ، ئاندىن مېھمانغا قاراپ ، — مېنى بۇ قازاق ئاپئېقىم توسۇپ قويمىغان بولسا ، ئۆزلەنى گەپكە تۇتۇپ كېچــــچە ئۇخلاتماي قويىدىكەنمەن ، — دەپ كۇلۇپ قويدى .
ئۇ گەپكە تۇتمىغان بىلەنمۇ ، خوجىنىياز تۈن نىسپىگىچە زادى ئۇخلىيالمىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ، شامەخسۇتنىڭ ھېلىقى جان ئالىدىغان ئىلانى بۇ تەرەپلەرگە يېتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ . بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىغۇ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى تورپاق يېغىلىقىغا قاتناشقان ئاق كۆڭۈل ئادەم كۆرۈنىدۇ . سىرنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ، خىيانەت قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ . مۇشۇنداق ئادەمگىمۇ يالغان ئېيتسا خۇدا راۋا كۆرەمدۇ ؟ ئەگەر سىر يوشۇرۇپ تۇرىۋەرسە ، بۇنىڭدىن كېيىــن نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرغۇلۇق ؟ ھېلىقى قامزا دېگەن يىگىت : «جەت يازدىم قارا سىياھ بىلەن ، ھەرقاچان ئادەم كۇنى ئادەم بىلەن» دېگەن قازاق ماقالىنــــى ئېيتقانىدى . توغرا ، ئادەمنىڭ كۈنى قاچانلا بولمىسا ئادەم بىلەن ئۆتىدۇ . بۇ ناتونۇش يۇرتلاردا بىرەر سىرداش دوست بولمىسا ، يالغۇزچىلىقتا نېمە قىلغىلى بولسۇن ؟ ئەمما ، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن ـ دە ، مۇبادا تورپاق سالىمۇ ئون ئىككى يامبۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نىيىتىنى بۇزسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ پۇلنىڭ مېھرى يامان ، سەيپۇڭ توختى دېگەن قارايۇز رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىگە نېمىلەرنى قىلمىغان . ھېلىقى قىسماق ئىشانچۇ تېخى ! ياق ، ياق ، ھەممىلا ئادەم سەيپۇڭ توختى ئەمەس ، پۇلنى دوست تۇتمايدىغان ئادەملەر نۇرغۇن .
ئۇ ئــەنــە شۇنــداق خىيالــلار بىلەن تۈن نىســپىدىن ئاشــقاندا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى .
— لۇكــچۇن ۋاڭــنىڭ ھۆكــمى توقــسۇن تەرەپــلەرگىمۇ ئۆتەمدۇ ، — سورىدى تورپاق سالى ئەتىگەنلىك چايدا ، — توقسۇندىمۇ پۇقرالارنىڭ كۇنــــى ئېغــــىردۇر دەپ ئويلايمەن ،

شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، سالىكا ، — دېدى خوجىنىياز كۆزلىرىنى تورپاق سالىغا تىكىپ ، — ئۆزلىرىزە ۋاڭ ـ غوجىلارغا بەكلا قارشى ئىكەنلا ـ ھە !

— ئەمىسچۇ ، قوي بىلەن بۆرە قاچان ئىناق ئۆتكەن دەيدىلا ؟ قولۇمدىن كەلسە ، ئۇ دۆيۈزلەرنى ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن يوقىتىۋەتسەم دەيمەن .

— تۆمۈر خەلپە يېغىلىغىدا قومۇلدا بولغان بولسىلا ، ئۇنىڭغا قېتىلىپ كېتەرمىدىلە ؟ — سورىدى خوجىنىياز جىددىي قىياپەتتە .

— مېنىڭ جېنىم بىلەن قېتىلاتتىم . ھېلىمۇزە ، تۆمۈر خەلپىدەك يەنە بىر ئەر چىقسىكەن دەپ خۇدايىمدىن تىلەيمەن . ئاڭلىشىمچە ، تۆمۈر خەلپە خويمۇ باتۇر ئەر ئىكەندۇق ، ئۇنىڭ قېشىدا ئىلى پالگان دەمدۇ ، قارا بوسۇق دەمدۇ ، ھە يەنە بىرى غوجامنىياز دەيمەن ، ھە شۇنداق ، غوجامنىياز دېگەن پالگانمۇ بوپتىكەندۇق . ئەمما زە...

— ئۆزلە بۇ گەپلەرنى نەلەردىن ئاڭلاپ يۈرىدىلا ؟ — سورىدى خوجىنىياز .

— ۋاي ئۇكام ، — دېدى تورپاق سالى ، — جاھان خالىي ئەمەس . قومۇل تەرەپتىن ئالتاي ، چۆچەكلەرگە بارىدىغان سودىگەرلەر بۇ يەردىن قونماي ئۆتمەيدۇ . مەن تېخى تۆمۈر خەلپىگە ئاتاپ قوشقان قوشاقلارنىمۇ ئاڭلىغان :

تۆمۈر خەلپە قوزغالدى
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك ،
چيەن دارىننى ئويلاتتى (قاچۇردى )
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك .

باياتىن بېرى جىددىيلىشىپ ئولتۇرغان خوجىنىياز بۇ يەرلەرگە قومۇلدىنمۇ سودىگەرلەر كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ مۇنداق دېدى:
— سالىكا، ئەمدى گەپنىڭ راستىنى ئېيتمىسام بولمىدى، ئاشۇ خوجىنىياز دېگەن مەن بولىمەن. تۆمۈر ئاكامنىڭ يېقىن يىگىتلىرىدىن تىرىك قالغىنى مەنلا ئوخشايمەن. شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۈڭ مېنىڭ خۇنۇمنى تۆلەپ قويىدى. كىم مېنى تىرىك تۇتۇپ بەرسە، ئون ئىككى يامبۇغا ئىگە بولىدۇ. مەيلىلىرى مېنى تۇتۇپ بەرسىلە؛ مەيلىلىرى ماڭا باشپاناھ بولسىلا، مەن ئۆزلەرگە ئىشىنىپ راست گېپىمنى ئېيتتىم.
تورپاق سالى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ بوينىغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامغان ياش تامچىلىرى خوجىنىياز پالۋاننىڭ قۇلاقلىرىنى ھۆللىۋەتتى.
— ۋاي جېنىم ئۇكام، ئاخشاملا شۇنداق دېسىلەچۇ، زادى مېنىڭ كۆڭلۈم بىرنېمىنى تۇيۇپ تۇرغان، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.
شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىنىياز پالۋان تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىنىڭ جەريانىنى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ، ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. تورپاق سالى:
— ئاگال بىر ـ ئىككى كۈن ھاردۇق ئالسىلا، ئۇكام، كېيىن بىر گەپ بولۇر، — دەپ، ئەتىگەن پادىدىن تۇتۇپ كەلگەن پاقلاننى سويۇشقا كىرىشتى.
ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تورپاق سالى مۇنداق مەسلىھەت بەردى:
— بۇ يەر شەھەردىن خېلى يىراق. ئەممازە، بەربىر چوڭ يول ئۈستى، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. مېنىڭ تاغ ئىچىدە قازاقتىن چىپار ئاسقار دېگەن بىر جان دوستۇم بار. ئۇ تولىمۇ ھالال ئادەم. ئۆزى ئۇستا مەرگەن. ئۇ كاساپەتتىنكمۇ قۇمۇل مەرگەنلىرىگە ئوخشاش ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدۇ. يىراق ـ يىراقلارغا، ھەتتا

بورتالا تاغلىرىغا بېرىپ بۆكەن ئۇۋلاپ كېلىدۇ. بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنى مەن ئۇنىڭغا پۇل قىلىپ بېرىمەن. ئۆزى شەھەر تەرەپلەرگە تولا كەلمەيدۇ. مۇبادا بۇ ئىش كۆڭۈللىرىگە پەسەنت كەلسە، شۇ ئاغىنەم بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىپ تۇرسىلا، كېيىن بىر گەپ بولۇر. شامەخسۇتمۇ ئۆلمەسىنىڭ دورىسىنى يەۋالمىغاندۇ.

بۇ مەسلىھەت خوجىنىياز پالۋانغا ماقۇل كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىرەر يىلنى چىپار ئاسقار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. يىراق، ھېلىقى دەھشەتلىك ئىلانىنىڭ ۋەھىمىسى خۇددى بىر پارچە قارا بۇلۇتتەك تارباغاتاي بىلەن بورتالا تاغلىرىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاخىر توراپاق سالى بىلەن چىپار ئاسقار خوجىنىياز پالۋاننى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى لايىق تاپتى.

— بوپتۇ، ئالەمچە كەڭ ۋەتەننىڭ قوينىغا مېنىڭ مۇشتۇمدەك بىر بېشىم پاتمىغاندىن كېيىن، يات ئەللەرگە كەتسەم كېتەي، — دېدى خوجىنىياز كۆزىگە ياش ئېلىپ.

چىپار ئاسقار خوجىنىيازنى بورتالا ئارقىلىق رۇسىيە چېگرىسىنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بىرنەچچە جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزىنى قولىغا تۇتقۇزدى - دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئامان بول، دوستۇم، تاغ - تاغقا قاۋۇشماس، ئادەم - ئادەمگە قاۋۇشار، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

## 3

شۇنىڭدىن كېيىن، قىسمەت بورانلىرى خوجىنىياز پالۋاننى يات بىر ئەلنىڭ دەشت - قىر ۋە كوچا - كويلىرىدا كۆز غازىڭىدەك ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر يەكەن دېگەن شەھەرگە ئەكېلىپ قويدى.

يەكەن چار پادىشاھلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى ئارىسىدا 1881 - يىلى فېۋرالنىڭ باشلىرى پېتروگرادتا ئىمزالانغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە — «ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ ئىككىنچى

ماددىسىغا بىنائەن ، شۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1883 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئىلىدىن يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈپ چىققان ئاتمىش نەچچە مىڭ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسمى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ئىدى .

ئاق خان بىلەن قاراخان ،
ئىنتىماق ئىكەن باشتا .
كەتمەككە بايان ئەيلەپ ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا .

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق .
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ —
كۆزى كۆك ، بېشى يۇڭلۇق .

توققۇزتارادىن ئۆتكەندە
يامانتۇنىڭ تاشلىرى .
كۆچۈپ بارغان خەقلەرنىڭ
قۇرۇمايدۇ ياشلىرى .

بۇ قوشاقلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولغان ئەنە شۇ كۆچ ـ كۆچ يىللىرىدا ئېيتىلغانىدى .

يەكەن شەھىرى رۇس ئىنژېنېرلىرىنىڭ پىلانى بىلەن قۇرۇلغاچقا ، كوچىلىرى كەڭ ، ئۆيلەر ئەينەك دېرىزىلىك قىلىپ سېلىنغانىدى . شەھەردىن ئۇزۇنىغا ئالتە كوچا ئېلىنغان بولۇپ ، كوچا ئۆيلىرى باغۋارانلىق قورۇلاردىن تەركىب تاپقان ۋە ھەر تۆت قورۇ بىر كۋارتال شەكلىدە ، يان يوللارمۇ بىر خىل ئۆلچەمدە ياسالغانىدى . شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋېلىباي تەكلىپ قىلغان جۇڭگو ئۇستىلىرى تەرىپىدىن خەنزۇ مېمارچىلىقى سەنئىتى بىلەن

ياسالغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، بۇ مەسچىتنى قۇرغان باش ئۇستا يەكەندىن ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا ، مانجۇ خانلىق ھۆكۈمىتى ئۇنى «مىللىي مىمارچىلىق ھۈنىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى چەت ئەلگە ساتقان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىكەن .

بىر كۈنى ، خوجىنىياز خىراجەت قىلىش ئۈچۈن ھېلىقى بۆكەن مۈڭگۈزلىرىدىن بىر جۈپنى سېتىش مەقسىتىدە كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . مەسچىتنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئەينەكلىك دۇكانلار بىر ـ بىرىدىن ئاۋات كۆرۈنەتتى . خوجىنىياز پالۋان موي ـ تېرە ۋە مۈڭگۈز سېتىلىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ ، ئۇيان ـ بۇيان قاراپ يۈرگەندە ، ئۇستىگە يۈڭ رەختتىن شىم ـ كاستۇم ، بېشىغا مانچېستېر دۇخاۋا دوپپا كىيگەن بىر ياش يىگىت : «كېلىڭ ، مېھمان ، نېمە ئالاي دەيسىز ؟» دەپ ئۇنىڭغا خېرىدارلىق قىلدى . خوجىنىياز پالۋان بىر جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزنى قوينىدىن چىقىرىپ :

— بۇنى ساتقاندىن كېيىن ، ئاندىن بىر نېمە ئالسام ئالارمەن ، — دېدى . دۇكاندار يىگىت مۈڭگۈزنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇبدان قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— ياخشى مال ئىكەن ، قانچە بېرەي ، — دېدى .

— بازار نەرخى بولسۇن ، لازىم بولسا يەنە بار ، — دېدى خوجىنىياز ئوچۇق چىراي بىلەن .

— يەنە بار دېدىڭىزمۇ ؟

— ھىم .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇۋې-تىپ ، — ھەممىسىگە بىز خېرىدار . قېنى مەن بىلەن يۈرۈڭ .

دۇكاندار يىگىت دۇكاننى ھەمراھلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۇنى شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان ھەيۋەتلىك بىر باغلىق ھويلىغا باشلاپ كىردى . بۇ ئادەتتىكى بايلارنىڭ ھويلىلىرىدىن

ئەمەس ، بەلكى قىسسە - چۆچەكلەردىكى پادىشاھ ئوردىلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر جاي ئىدى .
— ۋېلىباي دەپ ئاڭلىغانمۇ ، بىز ھازىر شۇ كىشىنىڭ يازلىق سارىيىغا كەلدۇق ، — دېدى دۇكاندار يىگىت خوجىنىياز پالۋاننىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، ئاندىن : «بىزنىڭ بۇ خوجايىنىمىز ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە ئابرۇيىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن رۇسىيىدە بىرىنچى پادىشاھ دەپ ئاتالغان» دېگەن گەپنى ئەسكەرتىپ قويدى .
بۇ يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى . ۋېلىباي تەخمىنەن 1835 - يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنىغا جايلاشقان غالجات يېزىسىدا يولداش ئاخۇن دېگەن ھاللىق بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئانىسى غالجات يېزىسىدىكى توقىلەك يۈزبېگى دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغان . ۋېلىباي يىگىرمە ياشلاردىن ئاشقاندا ، غالجاتتىن غۇلجىغا كۆچۈپ كىرىپ ، ئۆزىمۇ بېيىشقا باشلىغان . 1871 - يىلى چار پادىشاھ غۇلجىنى ئىگىلىۋېلىپ ، نەچچە مىڭ ئەسكەر تۇرغۇزغاندا ، ۋېلىباي شۇ رۇس ئەسكەرلىرى ۋە باشقا رۇس ھەربىي - مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى نەچچە يىلغىچە كۆتۈرە ئالغان . شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئالاھىدە بېيىپ چار ھۆكۈمىتى ئالدىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن . جۈملىدىن ، خەير - ساخاۋەت قىلىش ۋە مەسچىت - مازارلارنى ياسىتىش جەھەتتىكى پائالىيەتچانلىقى بىلەن ئەل - جامائەت ئارىسىدىمۇ يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشىپ ، ۋېلىباي دەپ ھەممىگە تونۇلۇشقا باشلىغان . ۋېلىباي يەكەنگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنمۇ ، يەتتەسۇ رايونلىرىدا تۇرۇشلۇق رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىق تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆتۈرە ئېلىپ ھېسابسىز بېيىغان . چار ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتلەرنى تەقدىرلەپ ئۇنى بىرقانچە ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن تارتۇقلىغاندىن تاشقىرى ، پېتروگراتتىكى پادىشاھ سارىيىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالاھىدە ھۆرمەت كۇرسىسى

(ئورۇندۇقى ) بەلگىلىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاھىدە بىر ئىمتىياز ئىگىسى بولۇپ قالغان . بايا دۇكاندار يىگىتنىڭ ۋىلىبايىنى يېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان دېيىشىدە ئەنە شۇلارنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك . شۇ گەپتىن كېيىن ، ئۇ خوجىنىياز پالۋاننى كۇتۇمخانىدا قالدۇرۇپ ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

يېرىم سائەتتىن كېيىن ، كەڭ شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا دۇخاۋا جىلىتكە ، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن ئېگىز بويلۇق ، ئېگىز بولغاندىمۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ئېگىز كۆرۈنىدىغان ، يوغان — يالپا ۋە ئۈستىخىنىغا لايىق سېمىز ، ئات يۈزلۈك ، ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى ياۋروپاچە بېزەلگەن ئازادە مېھمانخانىدا خوجىنىياز پالۋاننى قوبۇل قىلدى . بۇ ۋىلىباي ئىدى . بايىقى بىر جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزى ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى . ئۇ خوجىنىيازنىڭ سالىمىنى ئىسسىق چىراي بىلەن ئىلىك ئېلىپ ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە :

— ھارمىغايسەن ، يىگىت . بورتالا تەرەپتىن كەلگەن ئوخشىمامسەن ، ئۆزۈڭ ئاتقانمۇ ؟ — دېدى .

— شۇنداق ، — دېدى خوجىنىياز كەمتەرلىك بىلەن .

— يەنە بولسا ھەممىنى ئالىمىز ، قانداق دەيسەن ؟

خوجىنىياز قويىنىدىن يەنە ئىككى جۈپ مۈڭگۈزنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە سودىلىشىپ تۇرمايلا بەرگىنىگە رازى بولدى .

— ياخشى ئوۋچى ئىكەنسەن . مىلتىقىڭ يېڭىمۇ ، — دېدى ۋىلىباي خوجىنىياز پالۋاننىڭ ساددىلىقىغا قىزىقىپ ئولتۇرۇپ .

— مىلتىقىم يوق ، ئوقيا بىلەن ئاتقان ، — دېدى خوجىنىياز ۋە يالغان ئېيتىۋاتقىنى ئۈچۈن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . چۈنكى ، بۇ بۆكەنلەرنى ئوقيا بىلەن ئەمەس ، چىپار ئاسقارنىڭ مىلتىقى بىلەن ئاتقانىدى .

— ئانداق بولسا ، — دېدى ۋىلىباي ، — ئوق ، مىلتىق مەندىن بولسۇن ، قانچە بۆكەن ئاتساڭ ھەممىسى ماڭا ھېساب .

سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن .

خوجىنىياز رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ، ۋېلىباي ئۇنىڭغا يۈز تال ئوق بىلەن بىر يېڭى بەشئاتار ۋە بىر ياخشى ئات بەردى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، خوجىنىياز ئوۋچىلىق قىلىپ ، ۋېلىبايغا بۆكەن ۋە بۇغا مۈڭگۈزى ئەكېلىپ تۇردى . ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە سودىلىشىپ تۇرماي ، باينىڭ بەرگىنىگە رازى بولىۋېردى . باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ئارتۇقچە خۇشامەت قىلماي ، ئۇدۇل مىجەزلىكى بىلەن يۈرىۋەردى . ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ۋېلىبايغا بەكمۇ ياقاتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ بارا ـ بارا ۋېلىباي ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى .

بۇ بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىللىرى ئىدى . چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈز مىڭلىغان پەرزەنتلىرىنى زەمبىرەك يېمى قىلىپ بەردى . ئۇرۇش يالماۋۇزلىرى يەنىلا قان تەلەپ قىلماقتا ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، رۇسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش يەتتەسۇ رايونىدىمۇ ئەسكەر ئېلىش ئىشى يەنە باشلىنىپ كەتتى . چار پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ، ھەربىر تۈتۈن بىر ئوغلىنى ئەسكەرلىككە بېرىشكە مەجبۇر ئىدى . ۋېلىباينىڭ ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن سىرتتا قالالمىدى . باي ئۆز ئوغلىنى زەمبىرەك يېمى بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە ، ئوغلىنىڭ ئورنىغا بۇ توقسۇنلۇق ئوۋچى يىگىت ئىسھاقنى ئەۋەتىش كويىغا چۈشۈپ ئۇنى چېكىپ كۆردى . خوجىنىياز كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ ، ئەسكەرلىككە بېرىشقا ماقۇل بولدى . ۋېلىباي بولسا ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيتتى ، ئەلۋەتتە . شۇنداق قىلىپ ، خوجىنىياز پالۋان ئىسھاق دېگەن نام بىلەن يېڭى ئەسكەرلەر قاتارىدا يەكەندىن يىراق بىر جايدىكى ھەربىي تەلىم لاگېرىغا ئەۋەتىلدى . يامان ئىشنىڭمۇ بىر ياخشى يېرى بولۇپ قالىدۇ دېگەندەك ، بۇ ھەربىي تەلىم جەريانى خوجىنىيازغا شۇ زاماننىڭ يېڭى تىپتىكى ھەربىي قوراللىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى . ئەمدى ئۇ

تۆمۈر خەلپە زامانىسىدىكى ئاددىي قوراللاردىن پايدىلىنىدىغان ئۇستا مەرگەنلا ئەمەس، پېتروگرات ھەربىي قورال - ياراغ زاۋۇتلىرىدىن چىققان ئېغىر - يېنىك پىلىموت، مىناميوت، ھەر خىل تاپانچا ۋە قول بومبىسى قاتارلىق قوراللاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرالايدىغان بىر جەڭچى بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى. جۇملىدىن، ئۆزى تۇرغان قىسىمدىكى خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزگە نامەلۇم بولۇپ كەلگەن بىرمۇنچە تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، كۆزى ئېچىلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇنداق بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى.

ئاخشىمى يېتىشقا كاناي چېلىنىپ بولغاندا، خوجىنىياز بىلەن يانمۇيان ياتىدىغان بىر رۇس يىگىتى چېدىردىكىلەرگە قاراپ ئۆزبېكچە تەلەپپۇزنى بۇزۇپراق سۆزلەپ: «ئاغىنىلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار» دېدى. ئۇنى ھەممەيلەن خوخول گرىگورى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ چېدىردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، رۇس، قازاقتىن بولۇپ ئون بىر كىشى بار ئىدى. خوخول گرىگورى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، گەۋدىلىك بىر ئادەمنىڭ سايىسى چېدىرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىغانىدى. بۇنى چېدىردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى سەزمەيتتى.

— بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپ داۋام قىلدى خوخول گرىگورى، — بۇ پەقەت چار پادىشاھنىڭ، ئاندىن قالسا، چوڭ بايلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۇرۇش. ئۇلار بىزنى ئەتە - ئۆگۈن فرونتقا ئېلىپ بارىدۇ - دە، «ئالغا» دەپ كوماندا بېرىدۇ. بىز «ھۇررا» دەپ نېمىسلارنىڭ ئوقىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ماڭىمىز - ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمىس سولداتلىرى بىلەن نەيزىلىشىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ قارنىنى يېرىشىمىز، ئۈچەيلىرىمىز چۇۋۇلۇپ توپىغا

مىلىنىدۇ يا ئۇ ئۆلىدۇ ، ياكى سەن… هە ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ يا بولمىسا ، تارسىلداپ ئېتىلغان پىلىموت ئوقلىرى ئاستىدا قوناق شېخىدەك قىرىلىپ ياتسەن ، ئۆلۈكۈڭ ئېتىز ـ قىرلاردا قېلىپ ، كۆزۈڭنــى قاغا ـ قۇزغۇن چوقۇيدۇ . ئاتا ـ ئاناڭ ، قوۋم ـ قېرىنداش ياكى سۆيگەن يارىڭ يوقلاپ كېلىدىغان قەبرەڭمۇ بۇ دۇنيادا قالمايدۇ . پادىشاھ ۋە بايلار بولسا ، ئۆزىنىڭ ئوردا ـ سارىيىدا گۈزەل خېنىملىرى بىلەن شامپان ئىچىپ ، تانسا ئويناپ ھۇزۇر قىلىشۋېرىدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ چار پادىشاھ بۇ ئۇرۇشتا يەڭسىمۇ ، يېڭىلسىمۇ ، سەن بىلەن بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق . قېنى ئېيتىڭلارچۇ ، بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىنىمىز ؟

خوجىنىياز پالۋان دەرھال «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» نىڭ باشلىنىشىنى ئەسلىدى . شامەخسۇت ۋاڭ ئۇرۇمچى جاڭجۇڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قۇمۇلدىن بىرنەچچە يۈز پالۋاننى قوراللاندۇرۇپ ئىلى جاڭجۇڭىغا قارشى ئۇرۇشقا ماڭدۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆلۈپ ، قۇمۇل ئاسمىنىنى مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلىمىغانمىدى ؟ شامەخسۇت ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەسكەر ئېلىپ ماڭدۇرغاندا ، تۆمۈر خەلپە : «ھەي قېرىنداشلار ، نەگە بارىسىــلەر ؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتنى ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقاننى تاشلاپ ، شامەخسۇت بىلەن ئۇرۇمچى جاڭجۇڭى ئۈچۈن ئۆلگىلى بارامسىلەر ، ئۆلگىلى ؟ شامەخسۇت شۇنچە قىلغانلىــرى يەتمەي ، ئەمدى بىزنى ئوققا تۇتۇپ بەرمەكچى ، بىلەمسىلەر ؟» دەپ ئۇلارنى توسقان ئەمەسمىدى ؟ خوجىنىياز بۇ گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغان بولسىمۇ ، كېيىنچە باشقىلاردىن ئاڭلاپ : «تۆمۈر ئاكام راست ئېيتىپتۇ» دېگەن ئەمەسمىدى . ئەمدى ماۋۇ خوخۇلنىڭ گېپىمۇ تۆمۈر خەلپىنىڭكىگە ئوخشاۋاتىدىغۇ ؟ توختا ، ئۇنىــڭ گېپىگە ئوبدانراق قۇلاق سېلىش كېرەك .

— شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇشقا بارىمىز ؟ كىم ئۈچۈن ؟ — داۋام قىلدى گرىگورى ، — مېنىڭ ئاكام ئۆتكەن يىلى ئۇرۇشتا ئۆلدى . ئۈچ بالىسى يېتىم قالدى . ئەمدى چار پادىشاھ

www.uyghurkitap.com

مېنىمۇ ئۇرۇشقا ئاپىرىپ ، قېرى ئاتا ـ ئانامنى ھەر ئىككى قانىتى سۇنغان قۇشتەك قىلىپ قويماقچى ، ئىككى ياشقا كىرگەن قىزىم ناتالىيانى يېتىم قىلىپ قويماقچى ، ھالال جۇپتۇم ۋېرانى تۇل قىلماقچى ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، مەن بۇ ئۇرۇشقا قارشى! ئەگەر ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ بەختى ئۈچۈن بولىدىغان ئۇرۇش بولسا ، پۈتۈم بىلەن ئەمەس ، بېشىم بىلەن باراتتىم . بىر جېنىم بىلەن ئەمەس، مىڭ جېنىم بولسا پىدا قىلاتتىم . بىراق ، ھازىرقى ئۇرۇش ئۇنداق ئەمەس ، ئاغىنىلەر .

— بۇ گەپلەرنى ئىۋان دارازمۇ ئېيتقان . خوش ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ شۇنى ئېيتمامسەن! — دېدى ئەزىمەت دېگەن ئۆزبېك يىگىت ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ .

خوخول گرىگورى سىرتقا قولاق سېلىپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— نېمە قىلاتتۇق؟! بۇ يەردىن ئاستا كېتىش كېرەك ، — دېدى .

چېدىرنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى . پەقەت بەزىلەرنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ پۇشۇلداۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . خوجىنىيازمۇ قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي ، خوخول گرىگورىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى . ئادەتتە قاپىقىنى سېلىپ ، خىيالچان يۈرىدىغان بۇ خوخولنىڭ چىرايى گويا شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يېلىنجاپ تۇرغان چوغدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ خوخولنىڭ قوللىرىنى يوغان ئالقىنىغا ئېلىپ مەھكەم قىسىپ قويدى .

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ، قولچىراغلار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ قالدى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ، قوللىرىغا تاپانچا تۇتقان ئىككى ئوفىتسېر تۆت ئەسكەرنى باشلاپ چېدىرغا كىرىپ كەلدى ۋە ھەممەيلەننى ئويغىتىپ كىيىنىشكە بۇيرۇدى ، ئاندىن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ ھەيدەپ ماڭدى . يېرىم سائەتتىن كېيىن ، خوجىنىياز ئۆزىنى يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ

كامىردا كۆردى . قالغانلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى . ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ، ھەربىي لاگېر بويىچە نەچچە يۈز كىشىنىڭ قاتنىششى بىلەن ئايدالىدا ھەربىي سوت ئېچىلىپ ، خوخۇل گىرىگورىغا «بولشېۋىك تەشۋىقاتچىسى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى ۋە شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى . بىرەر ئايدىن كېيىن خوجىنىياز بىر پەيتنى تېپىپ ۋېلىبايىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەلدى ۋە بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي بايان قىلىپ :

— خوشلاشماي كېتىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى ، ماڭا دۇئالىرىنى بەرسىلە ، باي دادا ، مەن بۇ يەردىن كېتىۋالاي ، — دېدى .

— نەگە كېتىسەن ؟ — دەپ سورىدى ۋېلىباي .

— راستىنى ئېيتسام ، ئۆز يۇرتۇمغا بارالمايمەن . توغرا كەلگەن بىر يۇرتتا تاغۇدەشتىلەرنى ماكان قىلىپ ، كۈنۈمنى ئالارمەن ، — دېدى خوجىنىياز غەمكىن بىر ئاھاڭدا .

— ھەتتىگىنەي ، ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالغانىدىڭ ، — دېدى ۋېلىباي ، — ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا ، ساڭا ئۇۋال قىلىپ قويماي ، مەن سېنى كۆرمىدىم ، سەن مېنى كۆرمىدىڭ ، ماڭا ئامانەت قويغان پۇلۇڭنى قولۇڭغا بېرىپ ، ھەجگە بارىدىغانلارغا قوشۇپ قوياي . شۇ ياقلارغا بېرىپ كۈنۈڭنى ئال . ئىرادە بولغان كۈنى قايتىپ كېلەرسەن .

خوجىنىياز خۇشال بولۇپ ۋېلىبايغا رەھمەت ئېيتتى . ۋېلىباي ئۇنىڭغا ھاجىلار ماڭغۇچە ، تالا - تۈزگە چىقماي تۇرۇشىنى تاپىلىدى . ئارىدىن بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، ۋېلىبايىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھاجىلار بىلەن يولغا سېلىپ قويدى[①] .

ئۇ مەككىدىكى مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، قاچاندۇر بىر زامانلاردا قەشقەر تەرەپتىن بېرىپ قالغان

---

① ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، 1935 - يىللىرى ۋېلىبايىنىڭ كەنجى ئوغلى جامىخان غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، پۈتۈن ئائىلىسى نامىدىن خوجىنىياز ھاجىنى (ئۇ بۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى ) ئالاھىدە يوقلىغان .

ياقۇپ هاجى دېگەن كىشىنىڭ خىزمىتىگە كىردى ۋە گاھ تۆگە بېقىپ، گاھ خورمىلىق باغدا ئىشلەپ يۈردى. ئەمما، قاچانلا بولمىسۇن غەلىتە بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ بىئارام قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تاڭ سەھەردە ئىلاج تاپسىلا ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى ۋە تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدىن خۇددى بىر خۇش پۇراق نەرسىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك، چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ خىيال سۈرەتتى. شۇنداق چاغلاردا گويا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇمۇل ناخشىسىنى شىۋىرلاپ ئېيتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
شارلارنىڭ تېغى[1].
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئايرىلىش دېغى.

مەككىگە بارماڭ يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم
مەككىگە بارغانچە بار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچ - تۆت يىللىق ئۆمرى مەككە مەدىنە دىيارىدا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىر: «پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي» دەپ، ھەجدىن قايتقان ھاجىلارغا قوشۇلۇپ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توقسۇنلۇق ھاجىلارمۇ بار ئىدى)، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە، ئاندىن قاراشەھەرگىچە كەلدى. ھېلىقى ئېلاندا ئېيتىلغان يىگىرمە ئۇچ - تۆت ياشلاردىكى ئاق يۈزلۈك يىگىت ئەمدى ئېڭەكلىرىنى قويۇق ساقال بېسىپ، شامال - بوراندا

---

① شارلار تېغى — خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تاراتى بىلەن ئۇنىڭغا يانداش بولغان قالغايتى، قۇرلۇق، ئېرغايتى دېگەن تاغلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

قارىداپ كەتكەن، يۈزىگە خېلىلا قورۇق چۈشكەن قاتاڭغۇر بىر ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ قالغانىدى، شۇ پېتى ئۆيىگە بارسا، ئېھتىمال، قېرى ئانىسى ئايسە ئاپپاقمۇ ئۇنى دەرھال تونۇيالمىغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ شامەخسۇت تېخى ھايات بولغاچقا، ئۇ يەنىلا قۇمۇلغا بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانىسىغا تىرىكلىكىدىن بېشارەت بېرىپ قويۇشنى لازىم دەپ ئويلاپ، ھېلىقى توقسۇنلۇق ھاجىلاردىن ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى ۋە بورتالا تەرەپكە كېتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، توقسۇندىكى ئانا جەمەت تاغىسى قۇربان نىيازغا ئىككى ئېغىز خەت يېزىپ بەردى. ئۇ چاغلاردا توقسۇن شۆبە ناھىيە بولۇپ، قۇربان نىياز ناھىيە ھاكىمى سۈپىتىدە ئىش باشقۇرۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قۇربان نىياز شەن دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، ھېلىقى ھاجىلار بۇ يىگىتنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى. خوجىنىياز يەنىلا ئىسھاق دېگەن نام بىلەن قاراشەھەر تەۋەسىدىن تاغ ئارقىلىق بورتالانى نىشانلاپ ئىلى تاغلىرىغا ئاتلىنىپ كەتتى. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن بورتالا تاغلىرى ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ قالغان ۋە ئۇ يەردە موڭغۇل مالچىلىرىدىن يېقىن دوستلىرىمۇ بار ئىدى. دېگەندەكلا بىرەر ئاي كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئانچە قىينالمايلا، بورتالا ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۇتبۇلاق دېگەن يېرىدىن كونا دوستى ئېردېنباتنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدى.

ئېردېنبات قىرىق نەچچە ياشلاردىكى سۇمباتلىق كىشى بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئوۋغا چىققان كۈنلىرىدە ئۆزۈن ئۆچكە ساقىلىنى سول قولىغا چىگىۋالاتتى. ئۈچ يىل بۇرۇن، قەدىناس ئايالى تۇيۇقسىز قازا تاپقاندىن بۇيان، ئىككى نارەسىدە بالىسى بىلەن يالغۇز قالغانىدى. شۇ ئارىدا سىڭلىسى بۆرتە ناچىننىڭ ئېرى شولخۇر نارىن يىلقا ھەيدەپ كېلىۋاتقاندا تاغدىن غۇلاپ قازا تاپتى. شۇنىڭدىن بۇيان، بۆرتە ناچىنمۇ ئاكىسى ئېردېنباتنىڭ كىگىز ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېردېنبات خوجىنىيازنى قىسلىپ

قالمىسۇن دەپ، ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ئايرىم بىر چېدىر تىكىپ بەردى. خوجىنىياز شۇ چېدىردا يېتىپ ـ قوپۇپ، غىزا ـ تامىقىنى ئۆزى قىلىپ يېسىمۇ، ئادەتتە بوش ۋاقىتلىرىنى ئېردېنباتنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېردېنباتنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مىلتىق سېتىۋېلىپ ئوۋچىلىققا كىرىشىپ كەتتى.

ئېردېنبات ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان سىڭلىسى بۆرتە ناچىنىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆپ قايغۇراتتى. ئەمما، بۆرتە ناچىن ئۆزىگە چىققان لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى پەسەنت كۆرمەيتتى. بۇ لايىقلار ئېردېنباتقىمۇ ياقمايتتى. چۈنكى، بەزىلىرى خوتۇنى ئۆلگەن قېرىلار بولسا، بەزىلىرى ئۇنى توقاللىققا ئالماقچى بولاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە بىرنەچچە يىللار بۇرۇن تونۇشقان دوستى «ئىسھاق» نى تەقدىر يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى ئۆتكۈر قارايدىغان بۇ توغرا سۆزلۈك مەرگەن يىگىت ئېردېنباتقا ناھايىتى ياقاتتى. ئۇ سىڭلىسى بۆرتە ناچىنىنىڭ بۇ يىگىتكە بىلدۈرمەستىن كۈلۈمسىرەپ قويۇشلىرىنىمۇ كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىگىتنىڭمۇ بورتالادا يەرلىشىپ قېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېردېنبات سىڭلىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن بىر كۈنى خوجىنىيازغا مۇنداق دېدى:

— ئىنىم ئىسھاق، بىز سېنىڭ بىلەن بىر ئۆي كىشىسىدەك بولۇپ قالدۇق. گەپلىرىڭگە قارىغاندا، سەن مۇشۇ يەرلىك بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىسەن، ئېڭەكلىرىڭنى ساقال باسقان بىلەن سەن تېخى ياش. قاچانلا بولسا، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشۇڭ كېرەككۇ. مەن سىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپ ئارىلاشقان. سىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقادىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. سىلەر بىلەن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز باشقا ـ باشقا بولغان بىلەن ھەممىمىزنى بىر خۇدا ياراتقان، ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم. قېرىلىرىمىز ئېيتىدىغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىز موڭغۇللار

بىلەن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈپتىكەنمىز. چىڭگىزخان ئوردىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بولغانىكەن، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ئۇيغۇر پادىشاھقا خانىشلىققا بېرىپتىكەن، بىز ئىككىمىز ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بولۇپ قالدۇق. ئەگەر توغرا تاپساڭ، سىڭلىم بۆرتەنى… ھە، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن.

خوجىنىياز چۆچۈپ كەتتى. بىر تال ئۆرۈلگەن چېچىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەرنى شاراقلىتىپ غەمكىن يۈرىدىغان بۆرتەنىڭ بەزى ـ بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى ـ دە، كۆزلىرىنى ئېردىنباتتىن قاچۇرۇپ خىيالغا چۆمدى.

«ئاللاھۇئەكبەر، سىر يوشۇردۇم دەپ، بۇلارنى ئالداپ قويۇپتىمەن ـ دە، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلسىدى، مۇنداق ئويلارغا كەلمىگەن بولۇرمىكىن! ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ ماڭا ئوخشاش بىر مۇساپىرغا بۇنچىلىك ئەقىدە باغلىمىقى ئاسانمۇ؟ توۋا، دۇنيادا ئەجەب ياخشى ئادەملەرمۇ بار ـ ھە! قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دەپ دۆربىلجىندىكى تورپاق سالى، چىپار ئاسقار، لاگېردىكى ھېلىقى خوخۇل گرىگورى، مويسىپىت ۋېلىباي… بۇ ئېردىنباتچۇ تېخى… توۋا، ئۆزى يات دىندىكى بىر تائىپە تۇرۇپ، ئۆز قوۋمىدىكى شۇنچە دۆلەتمەن لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتماي، باشقا دىندىكى مۇساپىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىۋاتقان بۆرتە ناچىنچۇ! بۇ قازاق، بۇ ئورۇس، بۇ قالماق دېگەن گەپلەر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا تامغا بولالمايدىكەن جۇمۇ! ئۇنى دېسە قانخور شامەخسۇت بىلەن ھاشىر تەيجى، ھېلىقى سەيپۇلڭ توختى بىلەن سېغىزغان دېگەن يۈزى قارا لومودىلار بىز بىلەن بىر يۇرت، بىر مىللەت، بىر دىن قېرىنداش ئەمەسمىدى؟ ئاخىر نېمىلەرنى قىلمىدى ـ ھە، توۋا! ئۆزى قالماق بولسىمۇ، ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنىدا بېشىمغا پاناھ بولۇپ، ئەمدى تېخى مېنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقان بۇ ئادەمدىن سىر يوشۇرۇپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟!»

ئۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئېردېنباتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئۇققانسەن، ئاكا، مەن قاچقۇنلۇقتا يۈرگەن بىر ئادەم. تەقدىر مېنى يەنە نېمە كويلارغا سالىدۇ، بىلمەيمەن. قازارا ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا ياكى مەن قۇمۇلغا كېتەر بولۇپ قالسام، بىچارە بۆرتە ناچىنغا ئۆۋال بولۇپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن. بولمىسا، بۆرتە ناچىندەك جۇگاننىڭ جۈپتى بولۇپ، سېنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ تۇغقىنى بولۇپ قالسام، بېشىمغا دۆلەت قۇشى قونغاندەك بولاتتى.

ئېردېنبات غاڭزىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئېيتقانلىرىڭ ھەق گەپ. بىراق، بۇ يەرلەردە سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلىدىغان باشقا كىشى يوق، ئىزدەپ يۈرگەنلەرمۇ ئەمدى سېنى تونۇيالمايدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. ئەمما، شامەخسۇت ۋاڭ ھايات بولسا، سەن قانداق قىلىپ قۇمۇلغا بارالايسەن، ئويدانراق ئويلاپ باق.

— دۈشمىنىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە دەپتىكەن، — دېدى خوجىنىياز، — يەنە بىزدە ئۈمىدسىز شەيتان دېگەن ماقالمۇ بار. بىر كۈن كېلۇر، ماڭسىمۇ يول ئېچىلۇر. قۇمۇلغا بېرىپىلىۋالسام، تۆمۈر ئاكاملارنىڭ ئۆچىنى ئالماي قويمايمەن.

— تۆمۈر خەلپە بىلەن قىلغان ئىشىڭلارنى يەنە قىلىمەن دەمسەن؟ ئاڭغىچە شامەخسۇت ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟

— شامەخسۇت بىلەن تەك ۋاڭلىق زۇلۇم تۈگەپ، پۇقراغا ياخشىلىق ئىشلار بولىدىغان بولسا مەيلى، بولمىسا، بۇ نىيىتىمدىن

يانمايمەن ، يەنە بىر ئىش باشلايمەن .

— ياخشى ، مەن بۇگۈن سېنى باشقىدىن تونۇدۇم ، ئۇكام ، — دېدى ئېردېنبات ، — ئەر يىگىت مۇشۇنداق بولۇش كېرەك . گېپىڭگە قارىغاندا ، قۇمۇلدىكى پۇقرالار بىزدىنمۇ يامانراق كۈندە ئىكەن . ئۆز ئېلىگە كۆيۈنمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ . مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ روھى سىلەرگە مەدەت بولسۇن . مەن ساڭا پۇتلىكاشاڭ بولمايمەن . بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرساڭ ، كىگىز ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ھەر زامان ساڭا ئوچۇق .

دېگەندەكلا ، شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئېردېنبات خوجىنىياز پالۋاننى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بىر ۋىجدانىي بۇرچى دەپ ھېس قىلاتتى . خوجىنىياز پالۋاننىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنى سانقىلى بازارغا كىرگەندىمۇ بۆرتە ناچىنغا ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ ، ئۆزى مۇمكىنقەدەر تېززەك قايتىپ چىقىشقا تىرىشاتتى .

## 4

شۇنداق قىلىپ ، يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى ياز قۇياشى ئاخىرقى نۇرلىرىنى ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ مەڭزىدە قالدۇرۇپ ، ئۆز ياتىقىغا جۆنەپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا ، ئېردېنباتنىڭ يوغان سېرىق ئىتى قاتتىق قاۋاپ كەتتى . ئېردېنبات توپتوغرا ئۆز ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى . چۈنكى ، ئۆزىگە تونۇش مالچى يىگىت ئوراغاي ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئىككى يات كىشىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلى ۋە كىيىم - كېچىكىدىن ياقا يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . تورۇق ئات مىنگىنى ئۆچكە ساقال ، ئورۇق ئادەم بولۇپ ، قارا ئات مىنگىنى قالماق

www.uyghurkitap.com

يۇزلۇك ، كەكە ساقال ، دوغىلاق كىشى ئىدى . ئېردېنبات ئېتىنى توسۇپ تۇرغاندا ، مالچى ئۇراغاي ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا : «سىزگە مېھمان باشلاپ كەلدىم» دېدى . مېھمانلار ئاتتىن چۈشۈپ ، ئېردېنباتقا ئوچۇق چىراي بىلەن موڭغۇلچە تەزىم قىلدى . ئېردېنباتمۇ تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرغاندا ، مالچى ئۇراغاي بۇ كىشىلەرنىڭ يىراق بىر يۇرتتىن ئۇتبۇلاققا كېلىپ ، ئېردېنباتنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ، يولدا تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ، بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا ياندى .

— بۇرادەر ، — دېدى ئۆچكە ساقال ، ئورۇق كىشى ، — بىز ئىسماقنىڭ تۇغقانلىرى بولىمىز ، ئۇنى بورتالادا دەپ ئاڭلاپ ئىككى ئايدىن بېرى ئىزدە ـ ئىزدە بۇ يەرگە كەلدۇق . مېنىڭ ئېتىم ئىسمائىل ، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئېتى كۆسۈي نىياز .

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان خوجىنىياز ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن :

— كەلدىڭلارمۇ ، كىچىك دادا ؟ — دېگەن پېتى كۆسۈي نىيازنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . كۆسۈي نىياز :

— خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرى ، بالام ، ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشتۇق . ئۇنۇڭنى ئاڭلىمىسام ، ئۆزۈڭنى تونۇيالماي قالۇركەنمەن ، تۇۋا ، — دەپ ئۇنى باغرىغا باستى . بۇ ئادەم خوجىنىيازنىڭ ئاتا جەمەت تاغىسى ئىدى . ئىسمائىل دېگەن ھېلىقى كەكە ساقال ، ئورۇق كىشى بولسا ، توقسۇن ھاكىمى قۇربان نىياز شەنىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ ، كۆسۈي نىيازغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى .

مېھمانلار قارا چىراغ يورۇقىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا ، ئېردېنبات بىر سېمىز قوزىنى ئىشىك تۈۋىگە ئەكېلىپ : «قېنى ، ئىنىم ، بۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سوي ، مەن سويسام...» دەپ ،

خوجىنىيازغا قاراپ كۆلدى .
ئۇلار ئېردېنباتقا مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ ، يېرىم كېچىگىچە هال - مۇڭ قىلىشتى . كۆسوي نىيازنىڭ ئېيتىشىچە ، قۇربان نىياز شەن ھېلىقى توقسۇنلۇق ھاجىلاردىن خوجىنىيازنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان هامان ، ئىسماگىنى ئۆزىنىڭ ئاچىسى ئايىسە ئاپپاق (يەنى خوجىنىيازنىڭ ئاپىسى ) نىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ . بۇ چاغلاردا ، خوجىنىيازنىڭ دادىسى ئىمىنىياز زىنداندا ئاللىقاچان قازا تاپقانىكەن . ئوغلىنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايىسە ئاپپاق دەرھال شەھەرگە كىرىپ ، خەلق ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاخۇنلۇغۇم» (يەنى ئاخۇن ئۇلۇغۇم ) دەپ ئاتالغان سەدەنشا ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن ھەسەن بالا هاجى ، شائەخمەت باي ، ئىسمايىل داتۇ ، مائاخۇن (خۇيزۇ) قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىغا هال - ئەرز ئېيتىپ يىغلاپتۇ ، ئۇلار ئايىسە ئاپپاقنىڭ هال - ئەرزىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ تەيجىسى يۇسۇپ بەگكە يەتكۈزۈپتۇ . يۇسۇپ تەيجى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قاراپ ، ئاخۇنلۇغۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرى نامىدىن خوجىنىيازنىڭ گۇناھىنى تىلەش مەزمۇنىدا شامەخسۇت ۋاڭغا بىر پارچە ئەرز يېزىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ . ئاخۇنلۇغۇم بۇ تەكلىپكە دەرھال قوشۇلۇپتۇ ۋە بىراۋنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىدىن ئۆتمەكنىڭ نەقەدەر چوڭ ساۋاب ئىكەنلىكى توغرىسىدا «قۇرئان» ، «ھەدىس» ۋە ئىسلام دانىشمەنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۇرۇپ ، ناھايىتى تەسىرلىك بىر ئەرزنامە يېزىپ ، يۇسۇپ تەيجىگە بېرىپتۇ .

يۇسۇپ تەيجىنىڭ خوجىنىياز پالۋان مەسىلىسىدە مۇنداق ئەستايىدىل بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى . جىۋەككىنە كەلگەن كەكە ساقال ، قاڭشارلىق ، ئاق سۇزۇك يۇزىدىكى ئىنچىكە قىزىل مەڭز تومۇرلىرى ئاشكارا كۆرۇنۇپ تۇرىدىغان بۇ قوي كۆزلۈك كىشى ئەسلىدە بەگ ئەۋلادى بولىسمۇ ، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك

چېغىدىلا يېتىم قېلىپ، باللىق چاغلىرىدا كۆپ جاپا چەككەن، يىگىتلىك دەۋرىدىمۇ ياقا يۇرتلاردا، ھەتتا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بېيجىڭدىكى مەنزىلگاھى «خامگوۋەن» دە مۇلازىملىق بىلەن ئۆتكەن. ئۇ شۇ كۈنلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى سېغىنىپ مۇنۇ نەزمىنى يازغان:

بۇ غېرىبلىق شەھىرىنىڭ جەننەت مەسەللىك باغىدا،
يۇرسە گەر بۇلبۇلغا ئوخشاش بەرگى گۈل ياپراغىدا.
ئوخشىماس ئۆز يۇرتىغا، كەتمەس خىيالدىن ئۆز ۋەتەن،
ئۆز دىيارىدا ئەگەر بولسا قەدەم تۇپراغىدا.
يەتسە بىر كۈن بۇ غېرىبنىڭ دوستى ياردىن بىرى،
يادى قىلسۇن بۇ غېرىب كەلمىش كىچىكلىك چاغىدا.
قالمىسۇن مەخپىي ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپتۇ قۇمۇلى،
كۆزى ياش دەريايى تۇڭگوۋەندۇر[1] جۇدالىق داغىدا.

«تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىن كېيىن، ئۇ چوڭ تەيجىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن كۈنلەردىمۇ، سىرتقا چىققاندا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان يۇنۇس تەيجى ياكى باشقا بەگلەرگە ئوخشاش قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك مەپىگە ئولتۇرماي، ئالا تاپان جەدە ئېتىغا مىنىپ، تىزگىنىنى بوش تۇتقان ھالدا ئاستا لىڭشىپ ماڭاتتى. ئات ئۈستىدىمۇ ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خۇشخۇي ـ مۇلايىملىقى، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىقى، ۋاڭ ئالدىدا ھەق سۆزىنى ئېيتىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، پۇقراغا نىسبەتەن كۆيۈمچانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى نوشىرۋان تەيجىگە

[1] تۇڭگوۋەن — بېيجىڭدىكى بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ نامى.

ئوخشىتاتتى . دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نۇشىرۋان تەيجىگە ئوخشاش ئۇلۇغ پارس مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئىدى ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى . ئۇ سەلتەنەتنىڭ ئۇزۇن زامان ھۆكۈم سۈرۈشى يۇرتنىڭ جەبىر - زۇلۇمدىن خالىي ، تىنچ - ئاۋاتلىقى بىلەن خەلق كۆڭلىنىڭ مايىللىقىغا باغلىق ؛ يۇرتنىڭ تىنچ - ئاۋاتلىقى بىلەن خەلق كۆڭلىنىڭ مايىللىقى بولسا ، ھۆكۈمدارلارنىڭ نىيەت - ئىقبالى ۋە ئىش - ئەمەلىگە تالىق دەپ قارايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خوجىنىياز پالۋان مەسىلىسىدىمۇ ئۆتمۈشكە سالاۋات دەپ ، ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنسا ، بۇنىڭ بىلەن خەلق كۆڭلىنى ئوۋلىۋالغىلى بولىدۇ ، دەپ ئويلايتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، خوجىنىياز پالۋانغا ئوخشاش «ئىسيانكار» لارنىڭ خەلق ئىچىدە ئەركىن يۈرگىنىدىن بىرەر يىپ بىلەن ئوردىغا باغلىنىپ تۇرۇشنى ۋاڭلىق ھاكىمىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھېسابلايتتى .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، يۇسۇپ تەيجى ھېلىقى ئەرزنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئەتىسى كۈندىلىك ئادەت بويىچە ئەتىگەنلىك تەزىم ئۈچۈن شامەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . بۇ كۈنلەردە شامەخسۇت ئۆمۈر شوتىسىنىڭ سەكسىنىنچى بالدىقىغا قەدەم قويۇپ ، پالەچ كېسەللىكى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى . پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا ئەللىك نەچچە يىل دەھشەت سېلىپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ بېشىدا ئەمدىلىكتە ئەجەل شەربىتى قۇيۇلغان جامنى قولىدا تۇتقان ئەزرائىلنىڭ قارا سايىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە قېتىم ئەگىپ تۇراتتى . شامەخسۇت بولسا ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك كەڭ كارىۋاتتا ماموق كۆرپىلەرگە چۆكۈپ ، نۇرسىز كۆزلىرىنى گۈللۈك تورۇسقا تىككەن ھالدا ، ئۇن - تىنسىز خىيال سۈرۈپ ياتاتتى . ئوردا تېۋىپى بىلەن ئىككى مەھرەم پەگاھتا قول قوۋۇشتۇرۇپ جىم تۇراتتى . يۇسۇپ تەيجى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كارىۋاتقا يېقىنلاشقاندا ، شامەخسۇتنىڭ بىرنېمە دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى - دە ، تېۋىپ بىلەن

مەھرەمنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، شامەخسۇتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. شامەخسۇت قاچاندۇر بىر زامانلاردا قېرى تەيجىسى نوشىرۋاندىن ئاڭلاپ، كېيىنچە ئۆزى بىنا قىلدۇرغان چوڭ مەدرىسىنىڭ تېمىغا نىل رەڭ بىلەن خەتتى «پارسى» نۇسخىسىدا يازدۇرغان بىر غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىنى دۇدۇقلاپ ئوقۇماقتا ئىدى:

«جاھان جام كۇللى زىي جانغا، ئەجەل مەيدۇر، پەلەك ساقىي،
ۋە لېكىن قالغۇسىدۇر قىلسا خەيرات تا ئەبەد باقىي.»

يۇسۇپ تەيجى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ۋە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ، ئېسەنلىك سوراپ ئۆتكەچ، تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى سىلىغان ھالدا، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بېشىغا ئېگىلىشتى. ئۆزىنىڭ تېۋىپلىق تەجرىبىسى بىلەن شامەخسۇتنىڭ چىرايىغا قاراپ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ھەقىقەتەنمۇ پەلەك ساقىيلىق قىلىپ، بۇ ئادەمگە ئەجەل شارابىنى تۇتماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇ ئەبەدىي باقىي قالغۇدەك نېمە ياخشىلىق قىلالىدى؟ كېسىلگەن باشلار، ئاققان قانلار، دەريا ـ دەريا كۆز ياشلىرىدا غەرق بولغان مەسۇم جانلارنىڭ چاقماقتەك گۈلدۈرلىگەن دادۇ پەريادلىرى... ھۇۋقۇشلارغا ماكان بولغان خارابىلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاھۇپىغانلار... ئەنە شۇلارنىڭ بەدىلىگە توپلانغان تاغ ـ تاغ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، ياقۇتلار؛ ئامبارلاردا چىرىپ ياتقان توپ ـ توپ ئېسىل موي ۋە مۇڭگۈزلەر؛ تاغ ـ جىرالارغا پاتماي ياتقان سان ـ ساناقسىز پادا ۋە يىلقىلار... بۇلاردىن نېمە پايدا؟ شۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغقاندا، ئەجەل مېيىنىڭ بىر تامچىسىغا ئەرزىسە كاشكى! يەنە تېخى ئىسلام ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، ھەممە ئۆلۈكلەر تىرىلىدىغان مەھشەرگاھتا ھالى نېمە بولاركىن؟ بەلكى شۇنچە ئوقۇغان نامازلىرى، سوپى ـ ئىشانلارغا بەرگەن خەير ـ ئېھسانلىرى، خۇدا

يولىدا قىلغان نەزىر - نىيازلىرى بىكارغا كەتمەس. بىراق، مۇقەددەس كىتابلاردا: خۇدا ھېچبىر بەندىنىڭ نامىزىغا، خەير - ئېھسان ۋە نەزىر - چىرىغىغا موھتاج ئەمەس، مۇنداق نەرسىلەر بىلەن خۇدانى ئالدىغىلى ياكى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟

— گەپ قىلىڭ، — دېدى شامەخسۇت نۇرسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن پېتى.

— خو ... ش، چىڭگاڭ غوجام ھەزرەتلىرى، ھازىر ئوقۇغان مىسرالار ئەھلى دانىش تەپەككۇرلىرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن مىسالدۇر. ئىنشائاللا، ھەزرەتلىرىدىكى نۇرغۇن ياخشى پەزىلەتلەر باقىي ئالەمگە قالغۇسى.

— باقىي قالىدىغان ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟ — دېدى شامەخسۇت.

— خاتىرە شېرىپلىرىگە مەلۇمدۇركى، — دېدى يۈسۈپ تەيجى، — ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش تاجدار زاتلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، لۇتپۇ كەرەم ۋە ئەپۇ پەزىلىتى ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ئېسىل پەزىلەت ساھىبى بولغان كىشى ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۆزىگە بەتەھقىق دوست قىلالايدۇ، يەنى مەسىلەن...

شامەخسۇت يۈسۈپ تەيجىنىڭ گېپىدە بىر مەنە بارلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ۋە: «نېمە دېمەكچى بولىسىز؟» دېدى. يۈسۈپ تەيجى گەپنى «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىن باشلاپ، بىرمۇنچە ئەگىتمىلەردىن كېيىن، خوجىنىياز دېگەن ئىسىمنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىلغا ئالدى ۋە بۇ ئادەمنىڭ «ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ» ياقا يۇرتلاردا ئۇن بەش يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بولسا، ئانىسى ئايشە ئاپپاقنىڭ ئاخۇنلۇغۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرىغا يىغلاپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ «ئۇلۇغ چىڭگاڭ غوجام» دىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئەرز سۇنغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەچ «نېمە دەركىن» دېگەندەك قىلىپ جىم تۇرۇۋالدى.

— ئۇ تېخى تىرىكمىـــكەن؟ — دېدى شامەخسۇت سەل جىددىيلىشىپ.

— خو ... ش، غوجام، رىزقى تۈگىمەس، بەندە ئۆلمەس دەپ، بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك، — دېدى تەيجى گەپنى قىسقا قىلىپ.

ئۆينىڭ ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستــى. پەقەت شامەخسۇتنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىــپ تۇراتتى. يۇسۇپ تەيجى «ئىشنى بۇزۇپ قويدۇممۇ ـ نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقىنى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇ ئىشقا ئاخۇنلۇغۇممۇ ئارىلىشىپتىــمۇ؟ — دېدى شامەخسۇت سەل يۇمشىغاندەك بىر قىياپەتتە.

— خو... ش، غوجام، ئاخۇنلۇغۇم باشلىق...

— قېنى ئوقۇڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن، يۇسۇپ تەيجى بىر ئاز تېتىكلىشىپ ھېلىقى ئەرزنامىنى ئاستا، ئەمما تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى.

— سىز قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ — سورىدى شامەخسۇت ئەرز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ئاللا سۇبھانا ۋە تائالا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى يۇزۇن قىلغاي، — دېدى يۇسۇپ تەيجى، — پېقىر قۇللىرىدىن مەسلىھەت سورىسىلا، ئاخۇنلۇغۇم ئېيتقاندەك، جانابىــي ئاللا گۇناھكار بەندىلىرىگە غەفۇر ۋررەھىمدۇر. ھەزرەتلىرى ئۈچۈنمۇ ئەپۇ ۋە كەرەمدىن ئۇلۇغراق پەزىلەت بولماس. بىر خوجىنىيازنى ئەپۇ قىلماقلىق بىلەن مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەزرەتلىرىگە مايىل بولۇپ، شان ـ شۆھرەتلىــرى تېخىــمۇ ئاشقۇسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، شۇنىمۇ ئىزھار ئەيلىگۇم كېلىدۇركى، خوجىنىياز قۇمۇل دىيارىدا داڭقى چىققان مەرگەن. ئۆزى يۈرەكلىك ئادەم ئىمىــش. مۇبادا ئۇ راستىنلا تۇۋۋا قىلغان بولسا، قەسەم ئىچۈرۈپ، ئوردا خىزمىتىگە

سالساق ، ئالاھازەل قىياس ، تاغدا يۇرگەن يىرتقۇچ يولۋاسنى قولغا ئۆگىتىپ ، چاشقان تۇتىدىغان ئۆي مۇشۇكى قىلىۋالغىلى بولۇرمىكىن دەيمەن .

ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى .

— ئۇ ھازىر نەدىكەن ؟ — سورىدى شامەخسۇت .

يۇسۇپ تەيجى ئۇنىڭ تېخىچە قۇمۇلغا كېلەلمەي ، ئىلى تاغلىرىنىڭ بىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۇرگەنلىكىنى ئېيتتى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى شامەخسۇت ، — شەھەردىن ئاخۇنلۇغۇم ، ھەسەن بالا ھاجى ، شائەخمەت باي ، ئىسمايىل داتۇ ، تاغدىن ئابدۇنىياز مىراب باشلىق يۇرت چوڭلىرى كېپىل بولغاي ؛ خوجىنىيازنىڭ ئاپىسى ئايسە ئاپپاقنى ئوردىغا ئەكېلىپ ، گۆرۇگە تۇتۇپ تۇرۇڭ ؛ ئەمما خوجىنىيازنىڭ ئۆزى مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىغاي !

— خو… ش ، — دەپ ساقىلىنى سىلاپ قويدى يۇسۇپ تەيجى ئىشىنىڭ مۇنداق ئاسان پۈتكىنىگە خۇشال بولۇپ .

— ئۇرۇمچىدىنچۇ ، گەپ - سۆز بارمۇ ؟ — سورىدى شامەخسۇت .

— ئۆتكەن قېتىمقىدىن باشقا ھېچبىر يېڭى گەپ يوق .

— بۇ قېرى تۈلكە بۆكۈمگە جىگدە سېلىپ قويۇپ ، كۆزۈمنىڭ يۇمۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ ، نېمە ؟ ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملىرىمىز ئازلىق قىلدىمۇيا ؟

— يوقسۇ ، غوجام ، ئۇزۇن يىللار جۇغلانغان بەرىكەتلىك خەزىنىلىرىڭىزدىكى دۇنيا - دەپىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى . بۇنى ئاز دېگىلى بولماس !

بۇ گەپلەر ياڭ زېڭشىن ئۇستىدە بولۇۋاتاتتى . شامەخسۇت ئەتىيازدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان ، ئۆز ئورنىغا ئوغلى نەزەرنى قۇمۇل ۋاڭى دەپ جاكارلاش توغرىسىدا ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتكەنىدى . چۈنكى ، مانجۇ خانلىقىدىن كېيىن ئۇنى قوللاپ كەلگەن يۈەن

شۇنكەيمۇ ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، ئەمدى ھېچقانداق يۆلەنچىسى قالمىغان ۋە بۇ كۈنلەردە مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى تۈپەيلى، مەملىكەت بويىچە بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئەگەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مىلىتارىستلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ، مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ قالسا، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولماي قالاتتى. شامەخسۇت ئەنە شۇلارنى تەخمىنەن بولسىمۇ چۈشىنىدىغان بولغاچقا، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھىمايىچىسى بولغان ياڭ زېڭشىنغا باغلاپ، جاھاننىڭ تىنچلىقىدا ئۇنىڭغا ئوغلى نەزەرنى قۇمۇل ۋاڭى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدۇرۇۋېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ياڭ زېڭشىن بولسا، ۋەزىيەتنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنىپ، قۇمۇلدەك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زېمىننىڭ بىۋاسىتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەچكە، شامەخسۇتنى قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا ئىدى. بولۇپمۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆپرەك ئەسكەر تۇرغۇزۇش پىلانىغا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ «تارخان جاساقلىق» تۈزۈمى[1] پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقاچقا، خۇددى يۇقىرىدا شامەخسۇت ئېيتقاندەك، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ «كۆزىنىڭ يۇرۇنراق يۇمۇلۇشى»نى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ شامەخسۇت ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزىپ: «ئاسمان خۇداسى شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي، ئەمما كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا

---

① بۇ تۈزۈم بويىچە، قۇمۇلنىڭ يەرلىك خەلقى ۋاڭنىڭ «قۇلى»، يەر - زېمىنلار ۋاڭنىڭ ئاتا مىراس يېرى ھېسابلىنىپ، ئوردىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مولۇق يېرىنى دېھقانلار ھەقسىز تېرىپ، پۈتۈن مەھسۇلاتنى ئوردا ساڭلىرىغا تاپشۇراتتى. ھۆكۈمەت ساڭلىرىغا غەللە - پاراق قويمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، قۇمۇلدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ تەمىناتى بىر مەسىلە ئىدى. بۇ يەردە ئەنە شۇ نۇقتا كۆزدە تۇتۇلغان.

ئوغلۇمنىڭ ۋاقلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىنى كۆرەي دېسە، بۇمۇ بولىدىغان گەپ. مەن دەرھال بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلاي، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرسۇن» دەپ ئۇنى يولغا سالدى. شامەخسۇت يۇسۇپ تەيجىنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياڭ زىڭشىندىن ئاغرىنىشنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بىلىمەن، ئەمدى ئۇنىڭغا مېنىڭ كېرىكىم قالمىدى. ياڭ جاڭجۈڭ شەيتاننىمۇ دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەستىن ياندۇرۇپ كېلىدىغان قېرى تۈلكە، ئەمما يېگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ، دېگەن گەپ بار. خەزىنەمنىڭ يېرىمى كەتسىمۇ مەيلى، نەزەرنى مېنىڭ ئورنۇمغا ۋاڭ دەپ جاكارلايدىغان گوڭشى[1] تارقاتمىسا بولمايدۇ. ئۇرۇمچىگە يەنە ئادەم ماڭدۇرايلى، ئۆزىڭىز چىقىپ كېلەمسىز-يا؟ ياق، بولمايدۇ. سىز يېنىمدىن كەتمەي تۇرۇڭ، باشقا بىرىنى ماڭغۇزۇڭ.

— خو... ش، غوجام، ئۇنىمۇ قىلارمىز. ئەمما، ئۆزىمىزگىمۇ پۇختا بولساقمىكىن دەيمەن. بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كەپتۇ، دېگەن گەپ بار. بىزمۇ بىر-ئىككى يۈز پالگاننى جابدۇپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىمىزنى پۇختىلاپ قويساقمىكىن، تېمى ئېگىز باغچىغا كانتۇ[2] كىرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— ھازىر ئوردىدا قانچە پالگان بار؟ — سورىدى شامەخسۇت.

— ئەللىكتىن ئاشمايدۇ، يەنە بىرەر يۈز پالگان يىغىپ، ھەراست، ھېلىقى خوجىنىياز پالگاننىمۇ ئەكېلىپ، يارامىلىقراق بىرىنى پالگانبېشى قىلىپ قويساقمىكىن دەيمەن. قورال-يارىغىمىز يېتىپ ئاشقۇدەك بار، — دېدى يۇسۇپ تەيجى سەل ئېھتىيات بىلەن.

شامەخسۇت «خوجىنىياز» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، يەنە تاتىرىپ كەتتى. بىردەم جىملىقتىن كېيىن، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ مۇنداق دېدى:

---

① گوڭشى — ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان رەسمىي ھۆججەت.
② كانتۇ — ئوغرى.

www.uyghurkitap.com

— نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ . ئەمما ، ھېلىقى خوجىنىياز دېگەنگە كۆسۈينىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقۇزغۇچى بولماڭ !

شۇنىڭدىن كېيىن ، يۈسۈپ تەيجى ئايسە ئاپپاقنى چاقىرتىپ كېلىپ ، شامەخسۇتنىڭ خوجىنىيازنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى توغرىسىدىكى رەسمىي يارلىقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە خوجىنىيازغا كېيىل بولغان ئاخۇنلۇغۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرىدىنمۇ شۇ كۈنلا تىلخەت ئالدى . يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆسۈي نىياز بۇ يارلىقنى ئېلىپ ، بورتالاغا مېڭىپ بولغۇچە خوجىنىيازنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ چوڭ ۋەقە سۈپىتىدە پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا پۇر كەتكەنىدى .

— ئېردىنبات ئاكا ، ھەممە گەپنى ئۇقتۇڭ ، ئەمدى بۇ ئىشقا سەن قانداق مەسلىھەت بېرىسەن ؟ — دېدى خوجىنىياز پالۋان ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا .

— سىلەر مۇسۇلمانلاردا تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس ، دېگەن گەپ بار . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى . تەۋەككۇل قىلىپ بارغىن ، ئۇكام ! قېرى ئاناڭنىڭ ئۇۋالىغا قالما ، — دېدى ئېردىنبات خوجىنىياز پالۋاننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، ئاندىن ۋەزمىن بىر ئاھاڭدا مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى ، — ساڭا دەيدىغىنىم ، ئۆزۈڭگە ھەر زامان پەخەس بول ، ئۇكام . پادىشاھ دېگەن بىرنېمىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېسىڭدىن چىقارما ! پادىشاھلار لاۋزۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ . يىراقراق تۇرۇپ ئىسسىنساڭ بىر گەپ ، بەك يېقىن بېرىۋالساڭ بىر يېرىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ .

— رەھمەت ، ئاكا ، مېنى ئۆز قېرىندىشىڭدەك كۆرۈپ ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا بېشىمنى سىلىدىڭ ، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى خوجىنىياز كۆزىگە ياش ئېلىپ . ئېردىنبات ئۈن - تىنسىز سىرتقا قاراپ ماڭدى . خوجىنىياز بىلەن كۆسۈي نىيازلارمۇ سەل ھەيران بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . شۇ ئارىدا ئېردىنباتنىڭ خوجىنىيازنى

قىچقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

بۆرتە ناچىن ئېگەر ـ جابدۇقلۇق بىر قارىگىر ئاتنى تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . ئېردىنىباتنىڭ قولىدا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايدىغان موڭغۇل قامچىسى[1] تۇتۇقلۇق ئىدى .

— بۇ بىزنىڭ ساڭا يوللۇقمىز بولسۇن ، — دېدى ئېردىنىبات ئاتنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن ھېلىقى قامچىنى خوجىنىيازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، — قازا يېتىپ ئات بىرەر نېمە بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى ، لېكىن ماۋۇ قامچىنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرۈپ بېلىڭدىن ئايرىما .

خوجىنىياز قامچىنى دەرھال بېلىگە قىسىپ ئېردىنىباتنى قۇچاقلىدى . ھەر ئىككىسىنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرى باھار قۇياشىنىڭ ئەتىگەنلىك نۇرىدا گۈل بەرگىدىكى شەبنەم دانچىلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى . بۆرتە ناچىن بولسا ، مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى تۇيماي ، ھوشسىز كىشىدەك قېتىپ قالغانىدى . خوجىنىياز مەككە تەۋەررۇكى بولغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىلاق قولىدىن چىقىرىپ ئېردىنىباتقا قارىدى . ئېردىنىبات : «بوپتۇ ، قېرىنداشلىقىڭلارنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن» دەپ كۈلۈمسىرىدى . خوجىنىياز ئۈزۈكنى بۆرتە ناچىننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى .

## 5

— مانا ، ئېردىنىباتنىڭ يادنامىسى ھېلىمۇ يېنىمدا ، — دېدى خوجىنىياز ھاجى كەڭ تاسما بەلبېغىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قامچىنى سۆھبەتداشلىرىغا كۆرسىتىپ .

---

① بۇنداق قامچا ئۇچىغا قوينىڭ مايقىدەك قوغۇشۇن قوشۇپ ، قېيىشتىن ئالتە قىرلىق قىلىپ ئۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ تېۋىلغىدىن قىلىنغان سېپى ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە قىسقا (يەنى چوڭ بىر غېرىچ) بولىدۇ . ساپ قىلىنىدىغان تېۋىلغا بىر تال يىلان بىلەن قوشۇپ تۇزلۇق سۇغا ئوتتۇز توققۇز كۈن چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن بىرئاز ئېگىلۇچان ھالغا كىرىپ ئاسان سۇنمايدىغان بولىدۇ . موڭغۇللار مۇنداق قامچا بىلەن بۆرە ئۆلتۈرەلەيدۇ . شۇڭا ، بۇ خىل قامچا ئېتىبارلىق سانىلىدۇ .

قىسقا ساپلىق موڭغۇل قامچىسى قولدىن قولغا ئۆتۈۋاتقاندا :
«بۇ يادنامە موڭغۇل خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستلۇق بەلگىسى ئىكەن» دېدى بۇرھان شەھىدى مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ ئولتۇرۇپ .

— بورتالادا ئېردېنبات بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن يەنە قەيەرلەردە بولدىڭىز ؟ — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ھاجىنىڭ سەرگۈزەشتىگە قىزىقىپ .

خوجىنىياز ھاجى بورتالادىن توقسۇنغا ، ئاندىن قۇمۇلغا بېرىپ ، قېرى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋالغاندىن كېيىن يۈسۈپ تەيجىگە سالام بېرىشكە كىرگەنلىكىنى ، ئاندىن يۈسۈپ تەيجىنىڭ دەۋىتى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «پالگانبېشى » بولغانلىقىنى ، بەختكە يارىشا ، شامەخسۇت ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى .

— ھازىرچۇ ، جىن شۇرېن نەزەرنىڭ ۋاڭ بولۇشىغا قوشۇلىدىغاندەك تۇرامدۇ ؟ — سورىدى تاھىربەگ غاڭزىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ .

— بۇنى بىلمىدىم ، يۈسۈپ تەيجى ئۆزىنىڭ تۇڭچىسىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ ، كۈندە يامۇلغا قاترىغىنى قاترىغان . ماڭا گەپ قىلغۇدەك بۇرجىسىمۇ يوق . ئەممازە ، ئەپيۇنكەش نەزەر ۋاڭ بولۇپ قالسا ، قۇمۇل خەلقىنىڭ بېشىغا تېخىمۇ زور بالا ياغىدۇ ، ئۇ چاغدا...

— ھە ، ئۇ چاغدا ، يەنە بىر يېغىلىق قوپتۇرنىمىز دېسىلە ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — دەپ كۈلدى مەخسۇت مۇھىتى ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ .

— ئەلۋەتتە ، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلساق بولماس ، — دېدى ھاجى . ئاندىن ، — نەزەرنى يولۋاسقا ئوخشاتقىنىم سەل بولماي قالدى ، ئۇنى لالما ئىت دېسەم توغرا بولۇر ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى .

— ئەمما ، ھاجى راست گەپنى قىلاي ، كۆڭلىڭىزگە

كەلمىسۇن ، سىز شۇ لالما ئىتنىڭ ئۇۋىسى بولغان ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ ، خۇددى قولغا ئۆگىتىلگەن قاپلانغا ئوخشىشىپ قالدىڭىز ، ئەمدى ئۆي قاپلىنىدىن نېمىنى كۈتكىلى بولىدۇ ؟ — دېدى ھەيدەر ئەپەندى مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن .

ئۇنىڭ «ئۆي قاپلىنى» دېگەن گېپى ھاجىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى چېغى ، ئۇ ئورنىدىن دەس قوپۇپ ، يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئۇستەلگە بىرنى ئۇردى ـ دە :

— نېمە ئۆي قاپلىنى ؟ ! قاراپ تۇرۇڭ ، سىز دېگەن ئۆي قاپلىنى نېمە ئىشلارنى قىلىدىكىن ! بىزدە «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ، ئۆزگىنى شىر چاغلا ، دېگەن گەپ بار ، — دەپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

«ھەي ـ ي ـ ي ، يامان قىلدىڭىز ئەپەندىم» دېگەن پېتى مەخسۇت مۇھىتىمۇ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى . بىراق ، ھاجىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

مەخسۇت مۇھىتى قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ھەيدەر ئەپەندى مۇنداق دېدى :

— پاھ ، مىجەزى نېمىدېگەن چۇس ئادەم بۇ ؟ تۆمۈر خەلپىگە زادى ئوخشىمايدىكەن .

— ئوخشىمىغىنى ياخشى ، — دەپ كۈلۈپ قويدى تاھىربەگ .

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# كۆشەندە

*دۈشمەنلىكتىن چايانىڭ چېقىشى ،*
*شۇنداقتۇر تەبىئىتى ، پېئىل — خاھىشى .*

— شەيخ سەئدى

## 1

1903 - يىلى ياز بېشى ، گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغان چاغ...

ئاق شىلەپىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تار بىر كوچىغا كىرىپ كەلدى . ناۋات رەڭ چۇچۇنچىدىن تىكىلگەن ئالدى ئوچۇق يەكتىكى بىلەن قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى قويۇق قايرىلما بۇرۇتى ئۇنىڭ بېيجىڭلىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، يولۇچىلار ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىش بىلەن قارىشىپ قوياتتى . بىراق ، ئۇ كىشى ھېچ تەمتىرىمەستىن كېلىپ ، كۈل رەڭ تاملىق كۆتۈرمە ھويلىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان قارا دەرۋازىسىدىن خاتىرجەم ئىچكىرى كىردى . يوغان - يوغان چاسا خىشلار يېيىتىلغان سوزۇنچاق ھويلىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە نېپىز چىغ پەردىلەر يېرىم قايرىقلىق تۇراتتى . ئۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ئەر - ئاياللارنىڭ ھاياسىز كۈلكىلىرى ، بەزىلىرىدىن مۇڭلۇق غىجەك ناۋاسىغا جور قىلىنغان

ئايالچە ناخشا سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ؛ بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى .

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ : «هاي خېنىم قىزلار ، مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار» دېگەن چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ، ھېلىقى جىمجىت ئۆيلەردىن رەڭگارەڭ شايى لىباسلارغا پۈركەنگەن بىرنەچچە ئايال چىقىپ ، تۇرلۇك نازۇ كەرەشمىلەر بىلەن مېھماننى ئورنىۋېلىشتى . ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن ئۈپا ـ ئەڭلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى . مېھمان شىلەپىسى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ، ئۇلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ، ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيدىن جىۋەككىنە بىر موماي چىقىپ ، مېھماننىڭ قېشىغا يورغىلاپ كەلدى ۋە تەبەسسۇم بىلەن بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى :

— مەرھابا ، بەگزادەم ، مەرھابا ! سىلىنى بۇياقلارغا قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ؟ بىز تەرەپلەرگە قەدەملىرى يەتمىگىنىگە بەش يىل بولدى چېغى .

مېھمان قوللىرىنى جۈپلەپ مومايغا ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئۆزىنىڭ بېيجىڭ شەھىرىگە تېخى يېقىندىلا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن قەدىناسلارچە ئەھۋال سورىدى . موماي ھېلىقى ئايالLARنى قول ئىشارىتى بىلەن تارقىتىۋېتىپ ، مېھماننى تۆردىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى :

— خوش ، بېگىم ، ئىلتىپات قىلسىلا ، ھەرقايسىلىرىدەك بەگزادىلەرگە ساقلاۋاتقان بىر گۈلۈم بار . يەنە كېلىپ ، بۇ گۈل سىلىنىڭ يۇرتلىرى شىنجاڭ سىڭنىڭ قەشقەر گۈلشەنىدىن كېلىپ قالغان ئاجايىپ خۇش پۇراقلىق قىزىلگۈل دېسىلە !

— راستما ؟ بۇ قىزىق گەپ ئىكەنغۇ ؟ قەشقەر گۈلشەنىنىڭ قىزىلگۈلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ ؟ — دەپ قىزىقسىنىدى مېھمان مومايىنىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ . ھەقىقەتتە بولسا مومايىنىڭ بۇ گەپلىرىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي ، چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلايتتى .

بۇ كىشى شامەخسۇتنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇڭچىسى ئاخۇنبەگ ئىدى. ئۇ ئوردا بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى ئەمەلدار قىلىش نىيىتىدە شۆتاڭدا ئوقۇتقان ۋە چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ تۇڭچىلىقىغا ئۇلاشتۇرۇپ قويغان. ئەمدىلىكتە بولسا بارا ـ بارا كۆزگە كۆرۈنۈپ، شامەخسۇت ۋاڭ مانجۇ خانىنى زىيارەت قىلىشقا ماڭغاندا، بېيجىڭغا بىللە بارىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، ئۇ ئۇچ بالىغا ئاتا بولغان كىشى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ھەر قېتىم بېيجىڭغا كەلسە، ئوغرىلىقچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. بۇگۈنمۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تەيجىبەگ ۋە ياش تۇڭچى بىلەن كەچلىك زىياپەتكە كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ھويلىغا كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەنىدى.

موماي ئۇنى باشلاپ تۆردىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلەر ـ كەلمەيلا، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:

— ئايىڭ، ئايىڭ، مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىڭ، قاراڭا، كىم كەلدى؟ — دېدى.

ئىشىك پەردىسى كۆتۈرۈلدى، بايىقى ئاياللاردىنمۇ ئوبدانراق كىيىنگەن، غۇنچە بوي بىر چوكان چىقىپ، مېھمانغا تەزىم قىلماقچى بولدىيۇ، ئاخۇنبەگنى كۆرۈپ خۇددى ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئاخۇنبەگ ئۇن ـ تىنسىز قېتىپ قالغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن:

— ئەسسالام، بېگىم، خۇش كەپتىلا، — دېدى چوكان ساپ قەشقەر تەلەپپۇزىدا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدە بىردىنلا ياش ئەگىپ كەتتى.

— خوش، خېنىم، ئۆزلەرمۇ ئوبدان تۇرامدىلا، — دېدى ئاخۇنبەگ بىر ئاز تېتىكلىشىپ.

— قانداق بېگىم راستىمكەن؟ مەن سىلىگە قاچان يالغان ئېيتقان! سىلەرچە گەپ قىلىشىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ مانا، ھى ـ ھى ـ ھى ، قېنى يۇرۇشسىلە، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىڭلار، —

دېدى موماي ئىشىك پەردىسىنى كۆتۈرۈپ . ئاندىن ھېلىقى چوكانغا قاراپ : «قېنى ، قىزىم ، چىراغنى بۇرۇنراق يېقىۋېتەيلى» دېدى .

بىر جۇپ يوغان قىزىل شام ئاددىي ، لېكىن رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان ئۆينىڭ ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى . ئاخۇنبەگ قىزىل سىرلانغان چاسا ئۇستەل يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چوكاندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى . چوكان ئاخۇنبەگكە تاماكا تۇتۇپ سەرەڭگە چاقتى . ئۇنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر بىلەن بىلەكلىرىدىكى ئالتۇن بىلەزۈكلەر شام يورۇقىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى .

— قونۇپ قالارلا ؟ — دېدى موماي قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ .

— ئۆز مەيلىمچە بولسا ، — دېدى ئاخۇنبەگ ، — بىرنەچچە كېچىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزەتتىم . ئەمما زە ، بۈگۈن قونالمايمەن . تۈن نىسپىدىن بۇرۇن كەتمىسەم بولمايدۇ .

— ئانداق بولسا ، مەن چىقىپ پاتراق ھاراق - شاراب تەييارلىتاي ، ئوبدانراق كۆڭۈل ئېچىۋالسىلا ، — دېدى موماي ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ .

— ئۆزلە كىم بولىدىلا ، قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىلا ؟ — سورىدى ئاخۇنبەگ چوكاننىڭ ئاپئاق قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ .

چوكان بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ ، ئۆزىنى ئاخۇنبەگنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى . خۇددى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق كۆز ياشلىرى ئاخۇنبەگنىڭ تومۇرلىرىدا لاۋۇلداۋاتقان شەھۋانىي ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتەلىدىغان بولسىمۇ ، يۈرىكىنى ئۇۋۇلاپ بوشاشتۇرۇۋەتتى . ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى گويا قىزىق تونۇرغا سۇ سېپىلگەندە چىقىۋاتقان ھورغا ئوخشاش تۇمانلىق بىر خىل ھېسسىيات قاپلىۋالغانىدى .

موماي بىر پەتنۇستا سوغۇق زاكۇسكىلار بىلەن ھاراق - شاراب كۆتۈرۈپ كىرگەندە ، ئاخۇنبەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، بۇ «قەشقەر گۈلشەنىدىن كېلىپ قالغان قىزىلگۈل» نىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى .

# 2

بۇ چوكان مارالبېشىلىق هوشۇر مىراب دېگەن كىشىنىڭ قىزى جىنەستىخان ئىدى . هوشۇر مىراب بىرنەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ ، تۇرۇپ قالغىنى شۇ بىرلا قىز ئىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ، بۇ قىزنىڭ ئەقىللىق ھەم چىرايلىقلىقىغا قاراپ سۆيۈنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن : «قىز بالا دېگەن مىڭ قىلغان بىلەن ياتنىڭ كىشىسى ، ئىزىمنى بېسىپ چىرىغىمنى ياقىدىغان ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي ئۆتىدىغان ئوخشايمەن » دەپ ھەسرەت چېكەتتى . چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ ، چىشلىرى سارغىيىشقا باشلىغانسېرى ، بۇ غەم ـ قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تولىمۇ بىئارام قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ مىرابلىقنىمۇ تاشلاپ ، كۆپرەك ۋاقتىنى قېرىلار بىلەن مەسچىت ـ خانىقالاردا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، هوشۇر مىراب بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئۆيگە كېتىۋاتقاندا ، يول ياقىسىدىكى ئۈجمە تۈۋىدىن «ئىڭە ، ئىڭە» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى ، ئىتتىك بېرىپ قارىۋىدى ، يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق يۆگەك ئىچىدە تىپىرلاپ يىغلاۋاتاتتى . ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ، ئەتراپقا بىردەم ئالاقزادە بولۇپ قاراپ تۇردى ـ دە ، ئاخىر يۆگەكنى يېشىپ بالىغا قارىدى . ئۇنىڭ ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، دەرھال بالىنى مەھكەم ئوراپ قولىغا ئالدى . «تۇۋا ، — دېدى ئۇ ، — تىلىسەڭ تاپارسەن دېگەن شۇ ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، بۇمۇ خۇدانىڭ ماڭا بەرگىنى··· »

شۇنىڭدىن كېيىن ، هوشۇر مىراب بۇ بالىغا «يولۋاس» دەپ ئات قويدۇرۇپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بالىسى قىلىۋالدى . ئون ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان جىنەستىمۇ ئۆزىگە بىر ئۇكا تېپىلىپ قالغىنىغا خۇشال ئىدى .

بىراق ، جىنەستىخاننىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى . ئۇ

ئون بەشكە توشار ـ توشمايلا ، ھەر تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى . ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى كېلىنلىككە سوزاتتىسا ، قانچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ھېلىم شاكيو كىچىك خوتۇنلۇققا سورىتىپ ، ھوشۇر مىرابنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . ھوشۇر مىراب ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئايالى يالغۇز قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا بېرىپ ، كۇنداشلىق ئوتىدا ئادا قىلىۋېتىشكە زادىلا رازى بولمايتتى . ئادەتتىكى كىشىلەرگە ماقۇل دەي دېسە ، ھېلىم شاكيونىڭ چىشىغا تېگىپ قويارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ، ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىگە : «قىزىمىز تېخى كىچىك ، ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمىز» دەپ بىر ـ ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى . ھېلىم شاكيو بولسا ئۆز پەيلىدىن يانماي : «جىنەستىنى ئالمىسام ھېلىم دېگەن ئىسمىنى يۆتكىتىۋېتىمەن» دەپ ھوشۇر مىرابنى قورقۇتۇشقا باشلىدى .

ئاخىر ، ھوشۇر مىراب ئايالى بىلەن كېڭىشىپ ، يالغۇز قىزىنى كۇنداشلىق ئوتىدا كۆل قىلىۋەتكۈچە ، نېمە بولسا بولسۇن ، ئۆز تەڭتۇشىغا بېرىش قارارىغا كېلىپ ، بارات ئىمام دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى سۇلايمانقارىيغا ماقۇل بولۇشتى . بىراق ، توي تەرەددۇتلىرى پۈتۈپ ، ئەتە نىكاھ ئوقۇلىدۇ دېگەن كۈنى سۇلايمانقارىي ئەلياتارغا يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا ، نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بوغۇزلاپ تاشلاندى . ئەتىسى نەق مەيدانغا توپلانغان جامائەت جەسەت يېنىدا توپىغا دەسسىلىپ ياتقان بىر چەندازىنى كۆرۈپ قېلىشتى . كىمدۇر بىرى چەندازىنى تونۇۋالدى . بۇ ھېلىم شاكيونىڭ ئەڭ يېقىن قولچوماقلىرىدىن ياسىن بۇرۇتنىڭ چەندازىسى ئىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، سۇلايمانقارىي قاتىل بىلەن خېلى ئېلىشقان ۋە قاتىلنىڭ بېلىدىن بۇ چەندازىنى ئۈزۈۋالغان بولسا كېرەك . بارات ئىمام ئەنە شۇ ئاساسقا بىنائەن ، بۇ ئىشنى ھېلىم شاكيودىن كۆرۈپ ، ئامبال يامۇلىغا ئەرز بەردى . ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، ھېلىم شاكيونىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان يۇرت خەلقىمۇ مۇسىبەت ئىگىسىنىڭ

تەرىپىنى ئالدى. ھېلىم شاكىيو ئامبالنىڭ ئاغزىنى ئالتۇن- كۈمۈش بىلەن تۇۋاقلاپ، دەۋانى ئۆز پايدىسىغا بۇراۋاتقان كۈنلەردە، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى شۇي دوتەي يۇرت ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قىلغان سەپىرىدە مارالبېشىغا كېلىپ قالدى. ئەل- يۇرتنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بارات ئىمام شۇي دوتەيگە ئەرز تۇتتى. ئىش بارغانسېرى يوغىنىدى. بىراق، ئامبال شۇي دوتەينىڭ يۇرت ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش باھانىسىدە، چۆنتەك توشقۇزۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتۇنى ئۆلۈپ ئۈچ يىلدىن بېرى بويتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە، بۇنى شۇي دوتەيگە ياخشىچاق بولۇشنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ ئويلاپ، ھېلىم شاكىيونى چاقىرتىپ كەلدى- دە، مۇنداق دەپ قورقۇتتى:

— شۇي دوتەينىڭ بۇ ئىشقا ئۆلگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى قارىمامدىغان، ئۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان ئادەم. ئەمدى بۇ ئىشقا مەن ئارا تۇرالمايمەن.

— قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى شاكىيو يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئامبالنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ئامبال مانجۇچە قويۇلغان بىر ئۆرۈم چېچىنى ئويناپ، ئۇيان- بۇيان مېڭىشقا باشلىدى ۋە بىرھازادىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىلەردە قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، دېگەن ماقال بار ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق!

— ئۇنداق بولسا، ئوبدانراق ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، دوتەي جانابلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ باقساق قانداق بولاركىن. ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شۇ كېچىسى، خاس بىر ھۇجرىدا ئامبال بىلەن دوتەينىڭ كۆلكىسى ئاڭلاندى. ئۈستەلدە قاتار تۇرغان تۆت جۇپ يامبۇ يوغان موم شام يورۇقىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

— ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىقمۇ؟ — سورىدى دوتەي ئەپيۇن غاڭزىسىنى شوراپ يېتىپ.

— ئەتە سوراق ۋاقتىدا قىزنىمۇ چاقىرتىپ كېلەي، كۆرۈپ باقالا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىنىڭ ئۆزى.

— ئۇنداق بولسا، ياش ئەللىككە ئۇلىشاي دەپ قالغاندا، ماڭا بەختۇئامەتنىڭ مۇنداق قوشلاپ كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقىنىڭىز ئۈچۈن، سىز ئامبالغا ئەرزىگۇدەك رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، ھا ـ ھا ـ ھا...

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، جانابلىرى...

ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا سوراق باشلاندى. دەۋاگەرلەر بىلەن ئەيىبكارلار دوتەينىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. جىنەستىخانىمۇ بۇ ماجىراغا سەۋەبچى بولغان كىشى سۈپىتىدە سوراققا ھازىر قىلىنىپ، يۈزى ئوچۇق ھالدا دادىسىنىڭ يېشىگە ئېسىلىپ جىم تۇراتتى. دوتەي سوراق قىلىۋېتىپ، پات ـ پاتلا ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى.

— بولدى، سوراق تۈگىدى. دوتەي دارىن جانابلىرى ھۆكۈمنى ئەتە ئاڭلىسۇن دەيدۇ، — دەپ جاكارلىدى يامۇل تۆكچىسى توختىبەگ.

دېگەندەكلا، ئەتىسى شۇي دوتەي نامىدىن: «ھېلىم شاڭيونى بۇ قاتىللىق دېلوسىغا چېتىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق، ئۇ يەنە شاڭيولۇقىنى قىلىۋەرسۇن. بارات ئىمامنىڭ ئوغلى سۇلايمانتاريغا ئۇۋال بوپتۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي قاتىللىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش ئىشى ئامبال يامۇلغا تاپشۇرۇلسۇن. ئۇنىڭغىچە يۇقىرالار يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولسۇن» دېگەن مەزمۇندا ھۆكۈم جاكارلىدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ھوشۇر مىرابنىڭ ھويلىسىغا ئامبالنىڭ ياسىداق مەپىسى كىرىپ كەلدى. قارا قېچىرنىڭ بوينىدىكى زىل قوڭغۇراق پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھوشۇر مىراب نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، بۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. تۆگچى توختىبەگ ھوشۇر مىرابنى مەيگە چىقىشقا ئالدىرىتىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. ئەمما، ھوشۇر مىرابنىڭ قۇلىقىغا: «دوتەي دارىن… جىنەستىخان…» دېگەن سۆزلەردىن بۆلەك ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى.

— مىراب بېگىم، — دېدى توختىبەگ مەيدە كېتىۋېتىپ، — ھوشلىرىنى يىغىۋېلىپ گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، سىلىگە مۇنداق خۇش خەۋەر يەتكۈزگىنىمگە نېمە سۆيۈنچە بېرىدىلا، گەپ قىلسىلىچۇ، دوتەي دارىنغا قېيناتا بولۇش بۇ يۇرتتا سىلىدىن بۆلەك كىمگە نېسىپ بوپتۇ؟!

ھوشۇر مىرابنىڭ رەڭگىرويى تامدەك تاتىرىپ، ئاقىرىپ كەتكەن قويۇق ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، شۇي دوتەي ئامبال يامۇلىنىڭ بېغىدا چاي ئۆتكۈزۈپ، قازىكالان باشلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسىگە تون ياپتى. ھوشۇر مىرابنىڭ ئالدىغا بىر پەتنۇس كۈمۈش تەڭگە قويدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي جىنەستىخاننى مەيگە سېلىپ قەشقەرگە راۋان بولدى.

شۇ يىلى كۈزدە ھوشۇر مىراب ئەر - خوتۇن خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇي دوتەي جىنەستىخاننىڭ تەلىپى بويىچە بەش ياشلىق يولۋاسنى قەشقەرگە ئالدۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بالا دوتەينىڭ قېيىنىنىسى سۈپىتىدە تەربىيىلىنىشكە، ھەتتا كېيىنچە خەنزۇچىدىن ئانچە - مۇنچە خەت - ساۋات چىقىرىشقا باشلىدى.

بىراق، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە مانجۇ خانلىق ھۆكۈمىتىدىن شۇي دوتەيگە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بېيجىڭغا كېلىشكە جىددىي بۇيرۇق كېلىپ قالدى. شۇي دوتەي بىرقانچە يىللار داۋامىدا يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشنى يوغان بىر ھارۋىغا بېسىپ، جىنەستىخان بىلەن ئايرىم مەيگە ئولتۇرۇپ، ئالتە ئاي دېگەندە ئاران بېيجىڭغا يېتىپ كەلدىيۇ، ئەتىسىلا پۇت - قولىغا

كويزا ـ كىشەن سىلىنىپ تۇرمىگە تاشلاندى . پۈتۈن مال ـ دۇنياسى پادىشاھلىق قىلىندى . جىنەستىخان بىلەن يولۋاس كوچىدا قالدى . مەلۇم بولدىكى ، شۈي دوتەي مانجۇ خانلىقى بىلەن چاررۇسىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئۈلۈغچاتتىكى چېگرا مەسىلىسىدە دۆلەت مەنپەئىتىگە خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپتۇ .

جىنەستىخان ئىنىسى يولۋاس بىلەن بېيجىڭ كوچىلىرىدا تېنەپ يۈرۈپ ، ئادەم بېدىكلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالدى . بېدىكلەر جىنەستىخاننى بايىقى ھومايغا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈشكە سېتىۋەتتى . ھوماي جىنەستىخاننىڭ يىغىسىغا قاراپ ، يولۋاسنىمۇ ئازغىنا پۇل ھېسابىغا ئېلىپ قالدى . بىراق ، بۇ ھويلىدا يولۋاسقا لايىق ئىش بولمىغاچقا ، كۈندۈزلىرى كوچا ـ كويلاردا تەمتىرەپ يۈرسە ، كېچىلىرى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرەتتى .

### 3

— شۈنداق قىلىپ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جىنەستىخان ، — ئۈچ يىلدىن بېرى يىگىنىم زەھەر ، كىيگىنىم كېپەن بولۇپ مۇشۇ كۈننى كۆرۈۋاتىمەن . نەچچە قېتىم ئۆلۈپلا تۈگىشەي دەپ ئويلىدىم . ئۆگەي بولسىمۇ يەنە شۇ ئىنىمغا تارتىشىپ ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم . بۇنىڭدىن بۆلەك نېمە ئىلاجىم بار ، خۇدايىم بىز خوتۇن خەقنى خويمۇ ئاجىز يارىتىۋېتىپتىكەن . كېچە ـ كۈندۈز خۇداغا يىغلاپ ، ئۆز يۇرتداشلىرىمدىن بىرەرىگە ئۇچراپ قالسام : «مېنى بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا ، ساۋاب بولار» دەپ ئايىغىغا يىقىلاي ، ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ تىلەيتتىم . بۈگۈن ئۆزلىرىنى كۆرۈپ خۇددى ئاتا ـ ئانام تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم . تولا يىغلاپ ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللىرىنىمۇ غەش قىلىپ قويدۇم . مېنى ئەپىرە قىلسىلا ، مەن خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ ، ئەل ـ يۇرت ئالدىدىمۇ گۇناھكار . ھە ، مەن گۇناھكار !

— ياق ، ياق ، ئۆزلە گۇناھكار ئەمەس ، خېنىم ، — دېدى ئاخۇنبەگ بىر قولىنى ئۇنىڭ نېپىز ھال رەڭ شايى كۆڭلىكى ئاستىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرغان يەلكىسىگە تاشلاپ ، ئاندىن : «ئۆزلە گۇناھكار ئەمەس ، ھېلىقى ئەپيۇنكەش دوتەيگە ئۆزلىرى تېگىشۋالغانلىرى يوق ، بۇ دوزاخقىمۇ ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن كىرىۋالغانلىرى يوق ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟» دەپ ئۇنىڭ پەرىشان چاچلىرى ئارىسىدا خۇددى بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا ئوخشاش ئاپئاق يۈزى بىلەن ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە قاراپ بىر ئاھ تارتىپ قويدى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئايالغا نىسبەتەن بىر ئىنسانىي كۆيۈم ، يەنى ئىچ ئاغرىتىشتىن ئېشىپ ، ئۇنى ئەرمەك ئۈچۈن ئەمەس ، راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ئوخشىشىپ كېتىۋاتقان بىر خىل تۇيغۇنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى . جىنەستىخانىنىڭ يەلكىسىگە تاشلانغان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى ئۆزىگىمۇ سېزىلىپ تۇراتتى .

— ئۆزلەنى يۇرتقا ئەكېتەي دېسەم ، خوجايىن مومايى ئۇنارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئىككىنچى قولىنىمۇ جىنەستىخانىنىڭ يەلكىسىگە تاشلاپ . ئاندىن : «قانچە دېسە ، شۇنچە بەرسەم» دەپ قوشۇپ قويدى .

— بۇ موماي ئۇنداق بولغان بىلەن ناھايىتى كۆڭلى يۇمشاق كىشى ، — دېدى جىنەستىخان ، — مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن كۈنلەرنى ئاڭلاپ ، كۆز يېشىمۇ قىلغان . مېنى ئۆز قىزىدەكلا كۆرىدۇ . پات ـ پاتلا : «سىزگە يامان بولدى ، ئۆمرىڭىز مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتمىگەي» دەپ ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپمۇ قويىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئاخۇنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ، —

خوجايىن موماينى بىر چېكىپ كۆرەي . ئۆزلەغۇ قۇمۇلغا بېرىۋالغاندىن كېيىن ، ئۆز يۇرتۇمغا كېتىمەن دەپ ، مېنى ھەسرەتتە قويماسلا ـ ھە ؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ، بەگزادەم ، مەنزە شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۆز يۇرتۇمدا مېنىڭ نېمەم بار ؟ بىر خۇدادىن قالسا ، بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىدىن بۆلەك ھېچكىمىم يوق . ئەگەر مەن گۇناھكارنى ئەپىرە قىلىپ كۆڭۈللىرى كۆتۈرسە ، تاكى ئۆلگۈچە خىزمەتلىرىنى قىلاي .

شۇ ئارىدا خوجايىن موماي ئۇلارنىڭ شۇ كەمگىچە چىراغ ئۆچۈرمىگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلىدى ۋە ئۈستەلدىكى ھاراق ـ شاراب ھەم باشقا نازۇنېمەتلەرگە قول تەگكۈزۈلمەي شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى ، مېھماننىڭ بۇرۇتىنى سىلاپ ئاللىقاياقلارغا قارىغان ھالدا خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى ، جىنەستىخاننىڭ تېخىچىلا غەمكىن ھالدا نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆيگە كىردى ـ دە ، جىنەستىخانغا ھومىيىپ قويۇپ مېھمانغا :

— بەگزادەم ، كۆڭۈللىرى رەنجىپ قالدىمۇ نېمە ؟ — دېدى ۋە جىنەستىخانغا ئالىيىپ ، — نېمە ئولتۇرۇش بۇ ، خۇددى يامانلاپ قالغان كېلىندەك ، ئەزىز مېھماننى شۇنداق كۈتكەن بارمۇ ، بايا بەگزادەمنىڭ تۈن نىسپىدىن بۇرۇن كېتىمەن دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز ؟ — دېدى .

ئاخۇنبەگ موماينىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ ، جىنەستىخاننى ئۆزى گەپكە تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ، ئەمدىلىكتە بولسا ، ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى :

— يەڭگەم ، مەن سىلىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك ، يۇمشاق كۆڭۈل كىشى ئىكەنلىرىنى بىلىمەن ، راستىنلا بىلىمەن . بۇ چوكانمۇ سىلىنى ئۆز ئانىسىدەك كۆرىدىكەن . ئەگەر سىلى رازىلىق

بەرسىلە…

ئاخۇنبەگنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، موماي ئۇنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ: — ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ، بەگزادەم، ئايىنىڭ (جىنەستىخاننى دېمەكچى) مېنىڭ تىللا دەرىخىم، ھەر سىلكىتسەم، بىر شېخىدىن يۈزلەپ تىللا چۈشىدۇ، سىزە، مېنىڭ جان تومۇرۇمغا پالتا ئۇرماقچىمۇ؟ — دېدى.

ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. مومايىنىڭ گەپلىرى ئاخۇنبەگكە قارىغاندا، جىنەستىخاننى تېخىمۇ كۆپرەك ھەيرەتكە سالماقتا ئىدى. ئاخۇنبەگ قايرىلما بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى بۇراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ بىچارىگە رەھىم قىلسىلا، يەڭگەم، مەن ئۆزلەنى ئوبدان رازى قىلاي.

— مىڭ سەر كۆمۈش بېرەلەمسىز، — دېدى موماي جىددىي قىياپەتتە.

— مىڭ سەر؟!

— ھە، مىڭ سەر، بىر سەرى كەم بولسا بولمايدۇ.

— ياپىر، مەنمۇ بۇ يۇرتقا مۇساپىر، مىڭ سەر كۆمۈش ئاز پۇل ئەمەس. رازى بولسىلا ئەتىلا يۈز سەر ئەكېلىپ بېرىمەن. بىزگە كەڭچىلىك قىلىشۋەتسىلە، يەڭگەم، ساۋاب بولار!

— «بىزگە» دەيسىزغۇ؟ ھە، ئايىڭنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىز ـ دە، بەگزادەم. بۇ يۈز سەرگە بېرىدىغان مال ئەمەس. ئەر يىگىت ياخشى كۆرگەن كىشىسى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ، — دېدى موماي بايا ئاخۇنبەگ ئولتۇرغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاندىن پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، خاتىرجەم تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

جىنەستىخاننىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ مومايغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىرى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى .
ئاخۇنبەگ نېمە قىلىشنى بىلمەي ، مومايغا قارىغان پېتى جىم تۇراتتى . موماي ئۇنىڭ چىرايىغا ئوبدان سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن ، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى ۋە جىنەستىخانىنى باغرىغا بېسىپ :

— ئويىنىشىپ قويدۇم ، قىزىم ، يىغلىماڭ ، يىغلىماڭ ، — دېدى ـ دە ، ئاخۇنبەگكە قاراپ ، — يارايسىلا ، بەگزادەم ، مەن سىلىنى سىناپ باقماقچىدىم . قېنى ئولتۇرسىلا ، ماڭا مىڭ سەر تۇرماق ، يۈز سەرمۇ كېرەك ئەمەس ، ئۆزى بىچارە ، كۆڭلى مىڭ پارە بۇ مۇساپىر قىزىمنىڭ بەختى ئېچىلسىلا ، مېنىڭ كۆڭلۈم تىنىدۇ ، — دېدى ، ئاندىن ، — ئۇنى يۇرتقا ئاپىرىۋېلىپ ، تاشلىۋەتمەسلىككە ۋەدە بېرەمدىلا ، ئەگەر سىلىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقلىرى ھەشقىپىچەكتەك بىردەمدە سولىشىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ، ۋەدىمۇ بەرمىسىلە ، بۇ بىچارىنى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا ئاپىرىپ ، بىرەر تۇغقىنىغا تاپشۇرۇپ بەرسىلىمۇ مەن رازى . بۇنىڭغا نېمە دەيدىلا ؟ — دەپ سورىدى .

ئاخۇنبەگ خۇددى يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغان كىشىدەك بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ ، مومايىنىڭ قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى .

— ۋاي يەڭگەم ، كۆڭۈللىرى يۇمشاق بولغان بىلەن چاقچاقنى قاتتىق قىلىدىكەنلا ـ ھە ، يۈرىكىم بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ، ئاندىن ، — راستىمنى ئېيتسام ، بۇ قىزلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ، ئۆزۈممۇ يوچۇنلا بولۇپ قالدىم . خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئوخشايدۇ ، — دېدى .

— ئاسمان خۇداسى دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي ، — دېدى موماي ، ئاندىن جىنەستىخانغا قاراپ ، — قىزىم ، مەن سىزنى مۇبارەكلەيمەن . سىز ماڭا قارىغاندا كۆپ بەختلىك ئىكەنسىز ، گۈلىڭىز غازاڭ بولماستا سىزنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان

بىر كىشى چىقىپ قالدى . ئاسمان خۇداسى مەن بىچارىگە مۇنداق نېمەتنى نېسىپ قىلغىنى يوق . مېنىڭ ياشلىق گۇلۇم بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە بەك بالدۇر توزۇپ تۆكۈلگەن ، — دېدى ۋە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى . ئاخۇنبەگ مومايىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىگە ھەيران قالدى . جىنەستىخانمۇ مومايىنىڭ ئىچ سىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا : — ئانا ، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، بۇ شەھەردە سىلىچىلىك دۆلەتمەن ، بەختلىك كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەستۇر ، — دېدى .

— ۋاي قىزىم ، — دېدى موماي ، — ئادەم دېگەن توققۇزى تەل ، دۆلەتمەن بولسىلا بەختلىك بولىۋەرمەيدۇ . گاداي بولسىمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكەن كىشىنى بەختلىك دېسە بولىدۇ . مەنچۇ ؟ مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى ئىگىسىز قالغان تاشلاندۇق ئۆيگە ئوخشايدۇ . يەتىمىشكە ئۇلاشقىنىم بىلەن ، مېنىڭ ئۆمرۈم دەشت - باياۋاندا بوران ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، بىر ئۆڭكۈرگە تىقىپ قويغان قامغاقتەك ئۆتۈپ كەتتى . بۇ دۇنيادا مۇشۇ قۇرۇق سۆڭەك جېنىمدىن باشقا ھېچكىمىم يوق . قىسقىسى ، مەن ئۆلۈپ قالسام ، قەبرەمنى يوقلايدىغان كىشىمۇ چىقمايدۇ .

— توۋا ، مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن ، ئانا ، نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا ، — دېدى جىنەستىخان تېخىمۇ ھەيران بولۇپ .

— ھەيران بولماڭ ، قىزىم ، — دېدى موماي ، — دۇنيا دېگەن شۇنداق نېمىكەن ، بىر قارىساڭ پارقىراپ تۇرغان قاشتېشىغا ئوخشايدۇ . بىر قارىساڭ ئېچىلىپ قالغان كونا گۆرىستانلىقتىكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشايدۇ . مېنىڭ ئۆمرۈم ئەنە شۇنداق ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشاش دۇنيادا قەدىرسىز ئۆتىدىغان بولدى .

— توۋا ، ئۈچ يىل بىر ئۆيدە تۇرۇپ ، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن قىلچە خەۋىرىم بولماپتۇ ، — دېدى جىنەستىخان غەمكىن ئاھاڭدا .

— بوپتۇ ، قىزىم ، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى يارىلارنى سىزمۇ بىلىپ قىلىڭ . بۇنىڭدىن كېيىن بەلكى كۆرۈشەلمەسمىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى موماي ، ئاندىن قەدەھلەرگە شاراب تولدۇرۇپ ، — قېنى ، كېلىڭلار ، ئاۋۋال سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ، — دەپ سۆھبەتداشلىرىنى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى .

موماي ئۆزىنى مۇمكىنقەدەر تېتىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ، ۋەزمىنلىك بىلەن سۆزگە كىرىشتى . ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر خاڭجۇ شەھىرى يېنىدىكى بىر دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى ؛ ئون سەككىزگە تولۇپ ، سۆيگەن يىگىتى بىلەن تويلىشىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ، بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا كېنىزەك تاللاپ كەلگەن بەگلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ؛ ھېلىقى يىگىت بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە ، «خانغا قارشى چىقتى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۇنىڭ چېپىپ تاشلانغانلىقىنى ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قارا قىسمەت بورانلىرى بېيجىڭغا ئەكېلىپ تاشلىغانلىقىنى ؛ بىراق ، شۇ ئارىدا ئوردا بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ، ئۇنى كېنىزەكلىككە بەرمەي ، خاس بىر ھويلىدا ئوغرىلىقچە ئىككى يىل خوتۇن قىلغاندىن كېيىن ، مۇشۇ پاھىشىخانىنىڭ سابىق خوجايىنىغا سېتىۋەتكەنلىكىنى ؛ شۇنىڭدىن باشلاپ قىرىق نەچچە يىللىق ئۆمرىنىڭ مۇشۇ ھويلىدا ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى :

— گاھىدا ئاسمان خۇداسىنىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدىكەن ، ئۇ مېنى يارىتىپ ، ئون سەككىز ياشقىچە ئادەم سىياقىدا ساقلىدى . شۇنىڭغىچە مەنمۇ ئۆزۈمنى كەمبەغەل بولساقمۇ ، بىر ئادەم دەپ يۈرەتتىم . مېنىڭمۇ ياخشى - يامانلىقنى ، سەت ۋە چىرايلىقنى ئىلغايدىغان ، بويىغا يەتكەن باشقا قىزلارغا ئوخشاش ، قاۋۇل ۋە چىرايلىق يىگىتلەرنى كۆرگەندە ، چوغدەك يېلىنجاپ كېتىدىغان يۈرىكىم بار ئىدى . بۇ يۈرەك يېزىمىزدىكى ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىشقى بىلەن ياشىرىپ تۇراتتى . تەقدىر مېنى ئاشۇ يىگىتتىن

ئايرىغان كۈندىن باشلاپ مېنىڭ يۈرىكىم تومۇزدا سۇسىز قالغان مودەنگۈلدەك سولىشىپ كەتتى . نە كۈن ھېلىقى بەگلەرنىڭ قولىغا چۈشتۈم ، شۇ كۈندىن باشلاپ ، مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئۆلدى . مەنمۇ ئۆزۈمنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان بولدۇم . بۇ ھويلىغا كەلگەندىن كېيىن ، تېخىمۇ قىزىق ئىشلارغا ئۇچرىدىم . مېنى سېتىۋالغان خوجايىن قىرىقلاردىن ئاشقان سالاپەتلىك كىشى ئىدى . خېلىلا چىرايلىق خوتۇنىمۇ بار ئىدى . ئۇ خوتۇنى بىر قىزمۇ تۇغۇپ بېرىپتىكەن . ئەمما ، ئۇ خوجايىن مېنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ . باشتا مېنى ئادەتتىكى مېھمانلارغا كۆرسەتمەي ، ئۆزى ئوغرىلىقچە خوتۇن قىلىپ يۈردى . پەقەت چوڭ مەنسەپدارلار كېلىپ قالسا ئىلاجسىز قالاتتى ، كېيىن كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋالدى . خوجايىن خېنىم بۇنىڭغا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ قىزىمۇ ياۋا چېچەك بىلەن ئۆلۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ خوجايىن ، يەنى مېنىڭ ئېرىم مېنىڭدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى . ئۇ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرسە كېرەك . ئەمما ، مېنىڭ ئۇنىڭغا زادىلا كۆڭلۈم چۈشمىدى . دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ ، مەندە كۆڭۈل دېگەن نەرسە يوق ـ دە ! مېنىڭ كۆڭلۈم دۇنياغا كۆز ئېچىپ ياخشى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت بىلەن تەڭلا ئۆلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنى بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا ئەرمەك قىلىدىغانلار بولغاندىكىن مەن ئۇلارنى قانداق قىلىپ ياخشى كۆرەلەيمەن . خوجايىن ئېرىم مېنى ھەرقانچە ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ ، مېنىڭ ئۆلگەن كۆڭلۈمنى قانداق قىلىپ تىرىلدۈرەلىسۇن !

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ، مومايىنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەملىشىپ كەتتى . ئۇ قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ : «قېنى يەنە بىردىن ئىچەيلى» دېدى ۋە بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئەمما ، — يەنە سۆز باشلىدى موماي ، — خوجايىن

ئېرىمىمۇ ئۆزاقتا بارماي ئۆلۈپ كەتتى . ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا مۇشۇ ھويلىنىڭ ھەممە ئىگىدارچىلىقىنى ماڭا بەخشەندە قىلىپ بەردى . مەن ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىس بولۇپ قالدىم . خۇددى قوشقا قاتقان كالا قېرىپ ياكى پۇتى سۇنۇپ كاردىن چىققاندا ، ئۇنى قاسساپقا سېتىۋېتىپ باشقىسىنى يەڭگۈشلىگەندەك ، يىگىرمە — ئوتتۇز يىلدىن بېرى بۇ ھويلىدىكى قىز - چوكانلارنى نەچچە قېتىم يەڭگۈشلىدىم . مەن بۇ ئىشلارنى كىچىككىمدە قونچاق ئوينىغىنىمدەك بىپەرۋالىق بىلەن قىلىۋەردىم . چۈنكى ، مەن ئۆزە يۈرگىنىم بىلەن ئۆلگەن ئادەم - دە ! لېكىن ، ئۆزۈم قېرىپ ، ئەجەلنىڭ سوغۇق شاماللىرى بۇرنۇمغا پۇرىغانسېرى ، ئاسمان خۇداسى كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىگە قايتا جان ئاتا قىلغاندەك خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدىم . قەدىمكىلەرنىڭ : «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ، ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى پات - پاتلا يادىمغا كېلىدىغان بولۇپ قالدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزىم بۇ يەرگە كېلىپ قالدى . ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەن تومۇرلىرىمدا قانداقتۇر بىر ئىسسىقلىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئاھ چەكتىم . ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم تىرىلىشكە باشلىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىدىم . شۇ ۋەجىدىن بۇ قىزىمنىڭ غېمى مېنىڭ غېمىم بولۇپ قالغان چېغى ، پات - پاتلا كۆز يېشىمۇ قىلاتتىم .

موماي تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىدى .

— مانا ئەمدى ، بەگزادەم ، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ ، — سىلىنىڭ خۇدالىرى كۆڭۈللىرىگە سالغان ئوخشايدۇ . بۇ قىزىمنى ئۆزلىرى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدىلا ، مېنىمۇ غەمدىن قۇتۇلدۇردىلا . ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە ، مەنمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمىدىغان بولدۇم .

— رەھمەت ، يەڭگەم ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئۆزلىرى تېخى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىلا ، — دېدى ئاخۇنبەگ ، — ئەمدى مېنىڭ

ئىلتىماسىم ، ئەتە ئاز بولسىمۇ ھېلىقى يۈز سەر كۈمۈشنى ئەكېلىپ بېرەي ، ئاز دېمەي قوبۇل قىلارلا .

— ۋاي بەگزادەم ، ماڭا ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق . ئۆزۈڭنى قالماي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىمەن ، ئېسىل ياغاچتىن ساندۇقمۇ ياساتىپ قويدۇم . ئاخىرەتلىك كىيىملىرىمنىمۇ تىكتۈرۈپ قويدۇم . ئەمدى سىلەردىن كېيىن ، بۇ يەردىكى بىچارىلەرنىمۇ ئازاد قىلىۋېتىمەن .

جىنەستىخان مومايىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ كەتتى .

# 4

ئەتىسى ئەتىگەندە ، شامەخسۇت ۋاڭ ھەر قېتىم بېيجىڭغا كەلسە چۈشكۈن قىلىدىغان «خامىگۈەن» دېگەن بىنانىڭ شەرق تەرىپىدىكى كىچىكرەك ھۇجرىدا ، ئاخۇنبەگ يوغان سەللە ئورىغان بىر مويسىپىت كىشىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا جىنەستىخان توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . بۇ كىشى شامەخسۇت ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يۇنۇس ئەلەم ئىدى . ئاخۇنبەگ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئون سەر كۈمۈش تەڭگە قويۇپ : «چىڭگاڭ غوجامغا ئۆزلىرى بىرنېمە دەپ ، بۇ ئىشنى ئوڭلاپ قويۇرلا» دېدى .

يۇنۇس ئەلەم مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ ، شامەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە ، گەپنى يىراقتىن باشلاپ مۇنداق دېدى :

— ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى مۇبارەكلىرى بىناھايەت خاسىيەتلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ ، ئىنشائاللا ! پېقىر قۇللىرىغا مەلۇم بولۇشىچە ، خاقانىمىزنىڭ پايتەختىدە ئالتەشەھەردىن كېلىپ قالغان بىر مۆمىن ئاجىزە ھەزرەتلىرىنىڭ شاپائىتىدىن نىجاتلىق تىلەيدۇلەركى ، بىر مۇساپىر بىر مۇسۇلماننى كۇپپارلىشىپ كەتمەكتىن قۇتۇلدۇرماقنىڭ ساۋابى ھەج تاۋاپىدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر .

شامەخسۇت دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ، بۇ گەپنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى . يۇنۇس ئەلەم جىنەستىخاننىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاخۇنبەگدىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئۆز ئەينى بىلەن قىسقىچە بايان قىلدى . ئەمما ، ئاخۇنبەگنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئۇچراشقان ئورنىنى يوشۇرۇپ : «ئۇلار كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ . ئۇ خوتۇن ئاخۇنبەگنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ، ئاڭلىشىمچە چىڭگاڭ غوجام بېيجىڭدا ئىكەن . مەندەك بىر تەلىيى شورلۇقنىڭ دەردىگە يېتىپ ، بېشىمنى سىلاپ قويسا دەپ زار - زار يىغلاپتۇ» دېدى . شامەخسۇت بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن :

— مۇنداق ناپاك ئايالنى سۆرەپ يۈرسەك قانداق بولۇر ، — دېدى .

يۇنۇس ئەلەم «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تىن بىر مۇنچە سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، ئاخىر شامەخسۇتنى قايىل قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئاخۇنبەگ ھېلىقى موماينىڭ قېشىغا بېرىپ ، كۆپ رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتقاچ ، جىنەستىخان بىلەن ئۇنىڭ ئۆگەي ئىنىسى يولۋاسنى «خامىگۇەن» گە ئەكەلدى . يۇنۇس ئەلەم بۇ ھويلىدا باشقا ئايال كىشى يوقلۇقىنى ، كېيىن قۇمۇلغا قايتار چاغدا يولدىمۇ ئەپسىز بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، شەرىئەتكە خىلاپ بىرەر ناشايان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دېگەن ۋەج بىلەن جىنەستىخاننى خىزمەتكارلارنىڭ بىرەرىگە چېتىپ قويۇش ھەققىدە شامەخسۇتقا تەكلىپ بەردى ۋە : «ئەگەر چىڭگاڭ غوجامغا پىسەنت كەلسە خىزمەتكارلىرى ئاخۇنبەگكە نىكاھ قىلىپ قويساق» دېدى . شامەخسۇت بۇنىڭغا قوشۇلدى . شۇنداق قىلىپ ، جىنەستىخان ئاخۇنبەگنىڭ كىچىك خوتۇنى سۈپىتىدە قۇمۇلغا كېلىپ قالدى . بىراق ، ئاخۇنبەگنىڭ چوڭ خوتۇنى كۇنداشلىق قىلىپ ماجىرا قوزغىدى . ھەتتا ئاخۇنبەگ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ئوردىنى بېشىغا كىيدى . بۇ ئايال بەگلەر جەمەتىدىن بولغاچقا ، شامەخسۇتمۇ ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىپ ، جىنەستىخاننى ئاخۇنبەگدىن ئاجراشتۇرۇۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، جىنەستىخان شامەخسۇتنىڭ

ئايالى پۇجۇڭ ئاغىچىنىڭ دېدەكلىرى قاتارىغا ئۆتتى. ئۇ ئادەتتىكى ئىشلاردىن تاشقىرى، پۇجۇڭ ئاغىچا ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، يولىيولىقاي قۇمۇلغا چۇشكۇن قىلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ خېنىملىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا تەرجىمانلىقمۇ قىلاتتى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندە شامەخسۇتنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىبراھىمبەگ جىنەستىخاننى ئۆزىگە سوراتتى. شامەخسۇت رازى بولۇپ ئۇنىڭغا نىكاھ قىلدۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن جىنەستىخان بەگ ئاغىچىلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆگەي ئىنىسى يولۋاس دەسلەپتە ئوردىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلگەنلىكى ۋە ئاچىسىنىڭ يۈزى تۈپەيلى بارا - بارا مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، ئوردا بەگلىرىدىن بولۇپ قالدى. يولۋاسنىڭ ئەسلى - نەسلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى جىنەستىخاننىڭ ئوغلى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇمۇ جىنەستىخاننى «ئانام» دەپ جاكارلىغانىدى.

# 5

ئالدىنقى بابتا ئېيتقىنىمىزدەك، خوجىنىياز ھاجى ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئۇنى «قولغا ئۆگىتىلگەن ئۆي قاپلىنى»غا ئوخشاتقانلىقىدىن خاپا بولۇپ، تاھىربەگنىڭ ئۆيىدىن چىققان پېتى نەنمېڭدىكى خوتەن سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، سارايدىن كۆل رەڭ ھەربىي پەلتو، قاسقانلىق شەپكە ۋە ھەربىيچە ئۆتۈك كىيىپ، ئىككى قولىنى خۇددى يوتىسىغا چاپلىۋالغاندەك غىپىلداپ مېڭىپ چىقىۋاتقان ئوتتۇرا بويلۇق، شالاڭ ساقاللىق بىر كىشىگە ئۇچراپ قالدى. بۇ تار چىراي كىشىنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى ۋە قول سالماي غىپىلداپ مېڭىشى، كۆڭلىدە شەيتىنى كۆپ ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— ھاجىم، ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان ئۆزلەنىڭ ئاياغلىرى چىقىپ قەدەملىرى ئىلدامىلاپ قالدى - ھە! يەنە تۆمۈر خەلپىنى

يوقلاپ كەلگەن ئوخشىمامىلا ، — دېدى ئۇ ساختا تەبەسسۇم بىلەن كىنايە قىلىپ .

— يوقلىسام نېمە بوپتۇ ، — دېدى خوجىنىياز هاجى قاپىقىنى تۈرۈپ .

— بىزنىڭ قۇمۇللاردا يەر بېشىنى ئەتىگەنلىرى يوقلايدىغان ، ئۆزلەزە....

— قاچان يوقلىسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى ، — دېدى هاجى ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي .

— چاققانراق كىرىپ ، تەيجىبەگ غوجامغا كۆرۈنۈش بەرسىلە ، نەگاخ ئۆزلەنى ساقلاپ تۇرغىلى ، — دېدى ئۇ هاجىغا يەر ئاستىدىن هومىيىپ قاراپ ، ئاندىن ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ شەهەر ئىچى تەرەپكە كەتتى .

بۇ كىتابخانىلارغا تونۇش بولغان جىنەستىخاننىڭ ئۆگەي ئىنىسى هېلىقى يولۋاس دېگەن ئادەم ئىدى . ئۇ هازىر يولۋاسبەگ دەپ ئاتىلاتتى . شامەخسۇت دەسلەپتە ئۇنى ئوردىبېگى قىلىپ قويغان ؛ كېيىنچە ئۇنىڭ خەنزۇچە بىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇيغۇر ، خەنزۇ ۋە خۇيزۇ پۇقرالار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بازار رايونىغا باشلىق قىلىپ بەلگىلىگەن ؛ شۇنىڭدىن باشلاپ ، بازار رايونىدىكى پۈتۈن ئاهالىنىڭ دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرى بىلەن سودا ـ سېتىق باجلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش هوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان ؛ ئۇ خۇددى غايىبتىن خەزىنە تېپىۋالغان كىشىدەك بىردىنلا بېيىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى قەۋەتلىك جاي سېلىۋالغانىدى . شامەخسۇت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىش بىلەنلا قۇمۇلدىكى هۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى ليۇ لۇيجاڭ يولۋاسنى ليەنجاڭلىق ئۇنۋانى بىلەن هەربىي شتابنىڭ تەمىنات باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئۆز يېنىدا مەلۇم ساندا چېرىك ساقلاش ئىمتىيازىغىمۇ ئېرىشتى . شۇنداق قىلىپ ، ليۇ لۇيجاڭ ئۇنى قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ يۈرگەن ئاددىي بەگلەردىن ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىي هوقۇق ۋە تەسىر كۈچكە

ئىگە بىر ئەرباب قىلىپ قويدى. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئەپلىك بىر پەيتنى تاپسا، ۋاڭلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇلنى بىۋاستە ئۆز ئىدارىسىگە ئېلىش كويىدا بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىچىدىن شامەخسۇتنىڭ ۋارىسلىرىغا قارشى بىر گۇرۇھ تەييارلاش لازىم ئىدى. يولۋاسمۇ بۇنى دەرھال چۈشىنىپ يەتكەچكە، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپكە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. لىۋ لۈيجاڭنىڭ: «ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، قۇمۇل دىيارىدا يەرلىكلەر ئىچىدە سىزدىن يۇقىرىراق مەرتىۋىدىكى ئەرباب بولمايدۇ» دېگەن گېپى بىلەن ئۇ ئۆزىنى قۇمۇلنىڭ كەلگۈسىدىكى بىردىنبىر ھۆكۈمدارى چاغلايتتى. بىراق، خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، شامەخسۇتنىڭ ۋارىسى نەزەر ۋە باشقا ئوردا ئەربابلىرى بىلەنمۇ ھازىرچە قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، نەزەرنىڭ ۋاڭ بولۇشىنى قىزغىن قوللايدىغان كىشى سۈپىتىدە ئىش قىلاتتى. شۇڭا، بۇ قېتىم يۈسۈپ تەيجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى نامىدىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسىدە نەزەرنىڭ شامەخسۇت ئورنىغا ۋاڭ بولۇشىنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىگە چىققاندا، يولۋاس ئۇنىڭغا تەرجىمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئون نەچچە كۈندىن بېرى يۈسۈپ تەيجى شۇنچە سوۋغا ـ سالام بىلەن كېلىپ، ھېچ ئىشنى پۈتتۈرەلمىگىنى ئۈچۈن، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بۈگۈن ھېچ يەرگە بارماي ھۇجرىسىدا دەم ئېلىپ ياتاتتى. يولۋاس شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېننىڭ شەخسىي كاتىپى بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشۈشكە ماڭغاندا، بايا ئېيتقىنىمىزدەك خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ھاجىغا بايىقىدەك گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىگە كىرىپ، بىر خالتا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيان ـ بۇيانغا قارىۋېلىپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان قارا دەرۋازىدىن ئىچكىرى كىردى...

— جۇشى جانابلىرى (جىن شۇرېننى دېمەكچى) بۇ



www.uyghurkitap.com

گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىسا ، سىزدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغۇسى ، — دېدى كاتىپ يولۋاسنىڭ قۇمۇل ئەھۋالى توغرىسىدا بەرگەن ئۇزۇن مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — ھۆكۈمەت ئەمدى قۇمۇلدا تارخان جاساقلىق تۈزۈمىدىكى ۋاڭلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويالمايدۇ . ئەمما ، ھازىرچە بۇ گەپلەرنى يۈسۈپ تەيجى باشلىق ئوردا ئەربابلىرىدىن سىر تۇتقايسىز . جۇشى جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىناۋىتىڭىزنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ ساداقەتلىك كۆرسەتكەيسىز . سىز بايا ئېيتقان ھېلىقى خوجا... نېمە؟ ھە ـ ھە ، خوجىنىيازغا ئوخشاش تىنچ ياتمايدىغان ئىسيانكارلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئەلۋەتتە دىققەت قىلغايسىز . سىز توغرۇلۇق لىيۇ لۇيجاڭغا ئايرىم تېلېگراممۇ يوللايمىز .

يولۋاس كاتىپقا نەچچە پۈكلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەچ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەچەكى ھەققىدىكى شېرىن خىياللىرى بىلەن غەرق مەست ھالدا سارايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى . پەقەت يۈسۈپ تەيجىنىڭ ھۇجرىسىدىكى چىراغ يورۇقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ھوشىغا كەلگەندەك ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پەنجىرە تۈۋىگە كەلدى ۋە پەنجىرە يوچۇقىدىن مارىلاشقا باشلىدى . يۈسۈپ تەيجى زىلچا ـ گىلەملەر سېلىنغان كاڭنىڭ ئۈستىدە پەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، شالاڭراق كەلگەن كەكە ساقىلىنى سىلىغان ھالدا ئاستا سۆزلەۋاتاتتى . خوجىنىياز ھاجى كاڭنىڭ گىرۋىكىدە قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى .

— شۇنداق بولسۇن ، ھاجى ، — دېدى يۈسۈپ تەيجى غەمكىنلىك بىلەن ، — ئوردا ئەھلى قەدىمدىن بۇيان بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ . ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا ، ئوڭ كۆز سول كۆزنى يەيمىش ، دېگەن راست گەپ . مېنىڭ بۇ بېشىممۇ بىكارغا ئاقىرىپ كەتمىدى . ھەر نېمە دېگەنبىلەن سىز ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر خەلپىگە قوشۇلۇپ ئوردىغا مۇشت كۆتۈرگەن كىشى ، چىڭگاڭ

غوجام سىزنى كەچۈرگەن بىلەن ئوردىغا كىرىپ پالگانبېشى بولمىقىڭىز ئاسانغا چۈشمىدى . ئەمدى ھەربىر قەدىمىڭىزنى چاغلاپ دەسسىمىكىڭىز لازىم . پەلىپەتىش كىشىلەرگە قوشۇلماڭ . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە كېلىپ قالسىڭىز، تۆمۈر خەلىپىنىڭ قەبرىسىنىمۇ يوقلاپ يۈرمەڭ .

— خو... ش ، تەيجىبەگ غوجام ، ھەممە گەپلىرىنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن ، — دېدى ھاجى قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا .

— خۇدا خالىسا ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمىز . سوغۇق چۈشۈپ كەتمەستە قۇمۇلغا بېرىۋالايلى . ئەتىدىن باشلاپ يول تەييارلىقىنى قىلىڭ ، — دېدى يۈسۈپ تەيجى گەپنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ .

يولۋاس ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى . ھاجى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ (ئۇ يولۋاس بىلەن بىر ھۇجرىدا ئىدى ) كىرسىن لامپىنى ياقتى - دە ، ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى . «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دېگەن بىرمۇنچە ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى . «سېغىزغان» لەقىمى بىلەن شامەخسۇتقا مەخپىي نامىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ياش ئىمامنىڭ مۇلايىم چىرايى بىلەن ھېلىقى ئازغان تۆۋىدە تۆمۈر خەلپىگە ئوق چىقارغان توختى سەيپۇڭنىڭ سوزۇنچاق خۇنۇك يۈزى كۆز ئالدىغا كەلدى ، قارا بوسۇقنىڭ قىلىقلىرىنى ئويلاپ كۈلۈپ كەتتى . «ھەي پەلەك ، بىر ياخشىغا بىر يامان ھەرجايدا بار يار سەنەم ، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ئەل ، ماۋۇ تازنى (يولۋاسنى دېمەكچى ) قارىمامدىغان ، ھېلىتىنلا مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپ كۈشەندە بولۇشقا باشلاپتۇ . ھوي ، چېقىمچى تاز ، مەن ساڭا ئوخشاش ئەمەل - مەنسەپنى دەپ ئوردىنىڭ يالىقىنى يالاپ يۈرگەن ئادەم ئەمەس ، ئەممازە ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ قويغىنىڭمۇ ياخشى بولدى .»

ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا ، خوجىنىياز ھاجى يول لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ، بىر ئادىمى بىلەن سارايدىن

چىقىشىغا، توپتوغرا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ھەيدەر ئەپەندىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ھاجىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغىلى كەلگەنىكەن. ھاجى ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

خوجىنىياز ھاجى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ھەيدەر ئەپەندىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— راستىنى ئېيتسام، تۈنۈگۈن مېنى ئۆي قاپلىنىغا ئوخشاتقىنىڭىزغا ئاچچىقىم كەلگەنىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام بۇ گەپىڭىزمۇ بىر ئاز يولى بار ئىكەن، ئەمما مەن قاپلاننى كۆرگەن، قاپلانىمۇ ئوۋلاپ باققان. قاپلان — قاچانلا بولسا قاپلان. ئۇ قولغا ئۆگىنىدىغان نېمە ئەمەس. بىزدە ئۆي مۈشۈكى دېگەن گەپ بار، ئۆي قاپلىنى دېگەن گەپ يوق. بوپتۇ، سىز دېگەن ئۆي قاپلىنىمۇ بولۇپ تۇراي، لېكىن بۇ قاپلان قاچانلا بولسا، ئۆز ماكانىنى تاپماي قويمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

بەشىنچى باب

# كىم ئەيىبلىك

*ئەگەرچە پادشاھ قىلسا يامانلىق ،*
*نىچۇك بولغاي رەئىيەتتە[1] ئامانلىق .*

— سوپى ئاللايار

## 1

باش كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ، ناماز پېشىندىن كېيىن ، خوجىنىياز ھاجى ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىن جايلاشقان چاققانغىنا بىر ھويلىنىڭ ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ، قاپقارا ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان سۇمباتلىق بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇ كىشى قۇمۇل تاغلىقلىرى كىيىدىغان ئاق كىگىز تەلپەكنى سەل ئارقىسىغا ئىتتىرىپ قويۇپ ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى خوجىنىياز ھاجىغا تىككەن پېتى ئۇنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى . كۆرۈنۈشىدىن قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ كەڭ يەلكىلىك قاتاڭغۇر گەۋدىسى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى . بۇ كىشى — تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق يولباشچىلىرىدىن بىرى ۋە قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا قۇربان بولغان نىياز پالۋاننىڭ ئىنىسى قاسىم پالۋان ئىدى .

---

① رەئىيەت — پۇقرا .

— قىسقىسى، راستىنلا ئۆي قاپلىنىغا ئوخشىشىدىغان بىرنېمە بولۇپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى خوجىنىياز ھاجى قاپىقىنى سېلىپ، — مۇشۇك چېغىدا چاشقان تۇتمىدۇ، قارچىغىمۇ توشقان ئۇۋلايدۇ، مەنچۇ؟ مەن قانىتى بوغۇپ قويۇلغان لاچىنغا ئوخشىشىپ قالدىم. ھىم··· پالگانبېشى بولدۇم دەپ، بىر يېرىم يىلدىن بېرى قۇرۇق ئوردىنى قورۇقداپ، لالما ئىتتەك تام ياقىلاپ يۈرۈپتىمەن، شۇمۇ ئىش بولدىمۇزە، قارىسىلا! ئەسلىدە ئوردىغا كىرىۋالسام، جىققراق قورال - ياراغقا ئىگە بولۇپ، ھەممە ئۆچۈمنى بىرلا ئالاي دېۋىدىم.

— ھە، ئۆزلەزە، تۆمۈر خەلپەمگە ئوخشاش شامەخسۇتنىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇي دەپتىكەنلا - دە، ھاجىم، — دېدى قاسىم پالۋان پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ھەي - ي - ي، كەلمىگەن تەلەيدە ئىنەڭنىڭ[1] ھەققى بارمۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن، — دېدى ھاجى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئەزرائىلنىڭ شامەخسۇتنى بۇ ئالەمدە ئۆتكۈزگەن پۈتمەس - تۈگىمەس گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇ ئالەمدە جاۋاب بەرگەي دەپ، ياقىسىدىن سۆرەپ ئەكەتكىنىنى قارىمامدىغان[2]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى جاڭجۈڭ ئەپيۇنكەش نەزەرنى ئۈرۈمچىگە قىچقارتىپ چىقىپ، قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىگە ئوخشىتىپ قويدى. ئۇ ئەمدى قۇمۇلغا ھەرگىز كېلەلمەيدۇ[3]. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئالمىز دەپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تومۇرىنىمۇ پالتا چېپىۋەتتى. ئەمدى كىمدىن ئۆچ

① ئىنە — ئانا (قۇمۇل شېۋىسى).

② شامەخسۇت پالەچ كېسەللىكىدىن ساقىيالماي، 1930 - يىلى ئەتىيازدا ئۆلگەن (ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار، ئەمما كېيىنكى ئىزدىنىشلەر مۇشۇ ۋاقىتنى مۇقىملىدى).

③ جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ قۇمۇل دىيارىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىش سىياسىتىگە توسقۇنلۇق قىلمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن، شۇ يىلى يازدا نەزەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى دېگەن قۇرۇق مەنسەپ بىلەن نەزەربەند قىلىپ قويغان. بۇ يەردە شۇ ئىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئالىمەن؟ شۇڭىزە، مەنمۇ يۇرتقا كېتىپ ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلاي دېۋىدىم. ئەممازە، كۆرۈۋاتىدىلىغۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش دېگەن بىرنېمىسى ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا دەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بىز خەقتىن تارتىۋېلىپ، ئۆز كىشىلىرىگە بەخشەندە قىلىپ بېرىش ئىكەن[①]. بۇ قىپقىزىل بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئاز دەپ ليۇ لۇيجاڭنىڭ لالما چېرىكلىرىنى قارىمامدىغان، كېچىسى باغقا كىرگەن ياۋا توڭگۇزلارغا ئوخشاش قۇتراپ كەتكىنىنى... ئۇلار خەقنىڭ زىرائەتلىرىگە ئېتىنى قويۇپ بېرىۋاتسا، باغقا كىرىپ ئوغرىلىق قىلغىنىنى ئاز دەپ، ئوغرىلىغان مۆگىلىرىنى سېۋەت ـ سېۋەتتە بازارغا ئاچىقىپ سېتىۋاتسا، داد دېگەننى سۆرەپ يۇرۇپ ئۇرۇۋاتسا، قىز ـ چوكانلارغا نومۇسسىزلارچە چېقىلىپ، ئاياغ

---

① «تارخان جاساقلىق» تۈزۈمى بويىچە، تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ يەرلىرىنى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇلارغا ھەقسىز تېرىپ بېرەتتى. بۇ يەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە ئېلىنمىغاچقا، ۋاڭ ـ بەگلەر ھۆكۈمەت ساڭلىرىغا غەللە ـ پاراق قويمايتتى. ئاز ساندىكى باشقا مىللەت دېھقانلىرى قويغان غەللە ـ پاراق ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قومۇلدىكى ھەربىي قوشۇننى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. بۇ قوشۇننى بېقىشقا تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن شۇرېن ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمي مالىيىسىدە كۆرۈلگەن قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قومۇل ۋاڭنىڭ خەزىنىسىدىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە شۇ سەۋەب بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەت بويىچە يەرنى كىم تېرىسا، شۇ كىشى ھۆكۈمەتكە مەلۇم ساندا پۇل تۆلەپ يەر خېتى ئېلىشى، يەرگە ئىگە بولغان كىشى ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك يەر بېجى تۆلىسىلا، بۇ يەر ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولۇپ قېلىشى لازىم ئىدى. بۇ كۆپچىلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى بولغاچقا، بۇ سىياسەت ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. بىراق، بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارلار ھە دېگەندىلا مۇنبەت يەرلەرنى پارا ھېسابىغا خەنزۇ سودىگەرلىرى بىلەن گۆرۈۋكەش ۋە باي خوجالارغا ئەرزان باھادا مولاپ بەردى؛ جىن شۇرېننىڭ يۇرتىدىن كۆچۈرۈپ چىققان تەخمىنەن يۈز ئۆيلۈك كۆچمەنگە ئەڭ ياخشى يەرلەرنى بېرىپ، ئىككى يىللىق باجنى كەچۈرۈم قىلدى. تاللىنىپ قالغان يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قىممەت باھادا مولاپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، شۇ يىلنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ باج تاپشۇرۇشقا قىستىدى. نەتىجىدە، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار خانىۋەيران بولۇشتى. دەسلەپتە بۇ سىياسەتتىن خۇش بولغان خەلق ئەمدى ئۇنى ئۆز بېشىغا كەلگەن بىر بالا ـ قازا دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە شۇ مەسىلە كۆزدە تۇتۇلغان.

ئاستى قىلىۋاتسا، قېنى ئېيتىسلاچۇ، بۇنىڭغا قانداق چىدىغىلى بولسۇن!

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيدىلا؟ — ئالدىراپ سورىدى قاسىم پالۋان.

— نېمە قىلاتتىم، مېنى جېدەل ـ ماجىراغا ئامراق دەمدىلا؟ ئۆزۈمچە بولسا، يۇرتقا كېتىپ تىنچ تىرىكچىلىكىمنى قىلاي دېۋىدىم. ئەممازە، بۇ دۆيۈزلەرنىڭ زۇلمى شامەخسۇتتىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداق چىداپ تۇرىمىز؟ ئۆزلەنى شۇ توغرىدا گەپلىشەيلى دەپ قىچقارتقانىدىم. ئەمدى...

— توغۇچىدا بولغان ئىشتىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ — دېدى قاسىم پالۋان ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— قايسى ئىشنى دەيدىلا؟ — سورىدى ھاجى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.

قاسىم پالۋان مۇنداق دېدى:

— توغۇچى تەۋەسىدىكى جىگدە دېگەن يەردە ماكان تۇتقان قاسىم خوتەننىڭ قىزى خەلىچىخان ئۆتكەن ئازنا كۈنى تۇغقان يوقلايمىز دەپ ئېرى بىلەن توغۇچىغا مېڭىپتىكەن. يۇرت ئىچىگە كىرەي دەپ قالغاندا، ئالتە چېرىك ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ، كالا ھارۋىسىنى سەيسىگە تۇتۇۋاپتۇ. بۇنى ئاز دەپ بىر چېرىك خەلىچىخانغا ئېسىلىپتۇ. خەلىچىخان چېرىكنىڭ كاچىتىغا بىرنى ساپتۇ. چېرىك يامان نىيىتىدىن يانماي، يەنە ئېسىلىپ بوينىغا قول ساپتىكەن، خەلىچىخاننىڭ ئېرى دۇگامەت بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي چېرىكنى دۇمبالاشقا باشلاپتۇ. قالغان چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپ باش ـ كۆزىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. خەلىچىخان ئېرىگە بولۇشۇپ چېرىكلەرگە يۇگۇرۇپتىكەن، بىرى ئۇنىڭ يوتىسىغا نەيزە تىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دۇگامەت ئاچچىقىغا پايلىماي قونچىدىن پىچاق چىقىرىپ ھېلىقى چېرىككە يۇگۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە بىر چېرىك دۇگامەتنىڭ دۇمبىسىگە نەيزە تىقىپتۇ ـ دە، ھەممىسى

قېچىپ كېتىپتۇ. ئەل ـ يۇرت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ كەلگۈچە دۇگامەت جان ئۈزۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خەلقنىڭ ئۇغىسى قايناپ، دۇگامەتنىڭ جەسىتى بىلەن قانغا مىلىنىپ ياتقان خەلىچىخاننى هارۋىغا سېلىپ، توغۇچىغا، شيەن يامۇل[①] قۇرغىلى كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. يولۋاسمۇ مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن. بۇ دۆيۈزلەرنى قارىمامدىغان، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ قويۇپ: «بۇيوجىڭ، بۇيوجىڭ[②] بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى» دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

— هە، ئاندىنچۇ، ئىشنىڭ ئايىغى نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى خوجىنىياز هاجى تاقەتسىزلىنىپ.

— نېمە بولماقچى، زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ دەپ، بىر گاختا يولۋاس تاز ئۆيدىن چىقىپ، شيەنجاڭ ـ دارىنلار: «ئۆلۈكنى دەرهال كۆمۈۋەتسۇن، خەلىچىخان يارىسىنى تېڭىۋالسۇن، هېلىقى چېرىكلەر تېپىلغاندا، ئاندىن بۇ دەۋانى سورايمىز دەيدۇ، دېمىسىمۇ هازىر بۇ دارىنلار ناهايىتى ئالدىراش، قالغان گەپنى كېيىن قىلايلى» دەپتۇ. سېتىنىياز بوۋا، ئۆزلە بىلىدىلا، تۆمۈر خەلپىنىڭ يىگىتلىرى ئارىسىدىكى هېلىقى هەسەن چوقۇرنىڭ دادىسىچۇ، هە شۇ ئادەم، ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: «هەي يولۋاس بېگىم، ئۆزلە بۇ ئەمەلدارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئېغىز گەپ قىلسىلا بولمامدۇ، ئۆزلەمۇ مۇسۇلمانغۇ، بۇ ناهەقچىلىككە قانداق چىداپ

---

① جىن شۇرېن قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن قۇمۇل دىيارىنى ئۈچ ناهىيىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلماقچى بولغان، يەنى قۇمۇلنىڭ ئۆزىنى ئەتراپ يېزىلىرى بىلەن قوشۇپ بىر ناهىيە؛ توغۇچىنى ئاساس قىلىپ، سۇمقاغا، ئاستانە، لاپچۇق، قارادۆۋىدىن ئىبارەت بەش شەهەر (قۇمۇل تەلەپپۇزىدا بەششار) رايونىنى بىر ناهىيە؛ ئاراتۈرۈكنى ئاساس قىلىپ، تاغ رايونىنى بىر ناهىيە قىلماقچى بولغان. بۇ ناهىيىلەرگە هاكىملارنىمۇ تەيىنلەپ بولغان.

② بۇيوجىڭ (بۇياۋجىڭ) — هېچ ۋەقەسى يوق.

تۇردىلا» دەپتۇ. يولۋاس تاز: «چىدىسام ـ چىدىمىسام گەپ شۇ. چېرىكلەر تېپىلغاندا بىر گەپ بولار» دەپتۇ. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى: «چېرىكلەرنى كىم تېپىپ كەلگۈدەك؟» دېسە، يولۋاس تاز: «ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، بۇ ھۆكۈمەت ئىشى» دەپ سىلكىپ تاشلاپتۇ.

— ھە، ئاندىنچۇ، چېرىكلەر تېپىلىپتىمۇ؟ — سورىدى ھاجى.

— نەدىكىنى؟ دۇگامەت بىلەن خەلىچىخاننىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۈچ كۈنگىچە يىغلاپ ـ قاقشاپ، ھېلىقى ئەمەلدارلار چۈشكۈن قىلغان ئۆينىڭ ئالدىدىن كەتمەي تۇرغاندا، يامۇلنىڭ يايىلىرى توقماق ـ كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپتۇ.

— شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەپتىمۇ؟

— ئەمىسىچۇ، ئۇ بىچارىلەر نېمە قىلالىسۇن؟

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى ھاجى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ. ئاندىن قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى.

— تاغدىكى ئىشلارنى ئاڭلىسىلا تېخىمۇ ئوغلىرى قاينايدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى قاسىم پالۋان، — يامۇلنىڭ «جىسا» دېگەن ئەمەلدارى ھەربىر تاغنى ئۆزىنىڭ ئۆيىلا قىلىۋالدى. ھەممە ئىشنى شۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب. دورغىلار ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان لاتا قونچاققا ئوخشىشىپ قالدى. ھەممىدىن يامىنى تاغلارغا جايلاشقان چېرىكلەر بۆلەكچىلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھەدېسىلا، بىزگە خوتۇن ئېلىپ بەر يا بولمىسا، قىز ـ جۇۋانلار نۆۋەت بىلەن قېشىمىزغا كىرىپ تۇرسۇن دەپ، دورغىلارنى قىستايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاراشەھەردىن كەلگەن قالماقلار بىلەن ئالتەشەھەردىن كەلگەن ئۇيغۇر چېرىكلەرمۇ بار ئىكەن.

شۇ ئەسنادا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن

قاسىم پالۋاننىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆك پەشمەت ئۈستىدىن بېلىگە ئوق خالتىسىنى باغلاپ، مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بويلۇق، قوي كۆزلۈك، سول ئېڭىكىدە قوناق دانىسىدەك بىر تال مېڭى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان چاققان بىر يىگىت ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغان هالدا هويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ، قارا جىيەكلىك ئاق كىگىز قالپىقى بىلەن كەڭ پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلەرنى ئېرتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، باياتىن بېرى سەككىز چېرىك سۇقوۋۇق مەھەللىسىدىكى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، ھەممە تۈزنى بىر چىمدىم قويماي بۇلاپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان خەلق سۇقوۋۇققا توپلىشىپ چېرىكلەرنى توسۇۋاپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى خەلققە بولۇشۇپ ئارىغا كىرىپتىكەن، چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مىلتىقىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ.

— هەي، خوتۇن تالاق، — دېدى هاجى يىگىتكە كايىپ، — ئىنەڭ سېنى ئوغۇل دەپ تۇغمىغانمۇ؟ قولۇڭدىكى كۆسۈيمىدى؟! بىر ـ ئىككىسىنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلساڭ بولمامدۇ؟ ماڭ ئاتنى ئاچىق!

يىگىت هويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئاتخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، توقۇقلۇق تۇرغان جەدە قاشقىنى يېتىلەپ چىقتى. ئۇنىڭغىچە هاجى ئۆيدىن هېلىقى موڭغۇل قامچىسىنى ئاچىقىپ سەكرەپ ئاتقا مىندى. جەدە قاشقا سۇقوۋۇق تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى. قاسىم پالۋان بىلەن هېلىقى يىگىتمۇ كەينىدىن يۈگۈردى.

بۇ يىگىت شوپۇل دېگەن تاغدىكى سوپى مەرگەننىڭ ئوغلى نىياز دېگەن بالا بولۇپ، سول ئېڭىكىدىكى هېلىقى مېڭىگە قاراپ، ھەممەيلەن ئۇنى مەڭلىك نىياز دەيتتى. مەڭلىك نىياز كىچىكىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپ يۈرۈپ ئۇستا مەرگەن بولۇپ

قالغاچقا، بۇلتۇر ئۇنى خوجىنىياز ھاجى پالۋانلار قاتارىغا تاللىنۋالغانىدى. ئۇ بىر يىلدىن بېرى، ھاجىدىن ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك تىل ئاڭلاپ باقمىغانلىقى ئۇچۇن، بايىقى گەپلەردىن شۇنداق ئىزا تارتىپ كەتتىكى، يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەس - ھوشى چىقىپ كەتكەن كىشىدەك قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن قاسىم پالۋاننىڭ: «ئاستىراق، مەن يېتىشەلمىدىم» دېگىنىنىمۇ ئاڭلىماي، بىر-ر يۇز قەدەمچە ئۇزاپ كەتتى. «دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، چوپچوڭ يىگىت تۇرۇپ، ئاشۇ ماڭقىلارغا ئانىي بولغىنىم نېمىسى! بۇ قېتىمزە، بۇرنۇمغا راسا سۇ كىردى - دە، خەپ، ئۆزۈمدىن ئۆتتى» دەپ ئويلايتتى ئۇ. قاسىم پالۋانمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، بىر تەرەپتىن، بۇگۇن بىر چوڭ ماجىرا چىقىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قولىغا قورال ئالماي، بىر تال قامچا بىلەنلا چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا كېتىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ جىنىنىڭ بارىچە يۇگۇرەيتتى.

دېگەندەكلا، ئۇلاردىن بۇرۇن سۇقوۋۇقا يېتىپ كەلگەن ھاجى چېرىكلەرنىڭ ئون - يىگىرمە ئادەمنى (ئۇلارنىڭ تولىسى قېرىلار ئىدى) ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىنى، ئەر - ئايال ئارىلاش بىر-ر يۇزچە ئادەمنىڭ داد - پەرياد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، «ھاي، قورقۇنچاقلار، نېمىدەپ قاراپ تۇرىسىلەر؟ھوي سىلەرنى!» دېگەن پېتى چېرىكلەرنىڭ ئۇستىگە ئات سېلىپ، ئۇلارنى قامچىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن روھلانغان ئالامانمۇ بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ چېرىكلەرگە تاشلاندى. مۇنداق بولۇشىنى كۇتمىگەن چېرىكلەر ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ھېلىقى موڭغۇل قامچىسىنىڭ زەربىسىدىن ئۇچ - تۆتى يىقىلدى. قالغانلار ھايت - ھۇيت دېگۇچە توپ ئىچىدە دەسسىلىپ كەتتى — قولىرىدىكى مىلتىقلىرىغىمۇ ئىگە بولالمىدى.

بۇ چېرىكلەرنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر ئىدى. ھاجى ئاتتىن

سەكرەپ چۈشۈپ ، شاپ بۇرۇت بىرىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ـ دە ، «قىلمىغىنىڭلار شۇ قالدىمۇ ؟» دەپ سىلكىشلىدى . ھېلىقى چېرىك :

— غوجام ، بىزدە گۇناھ يوق . بىز ليۇ سىجاڭنىڭ① بۇيرۇقى بىلەن…

— ئۇ لومودى نېمىدەپ بۇيرۇق قىلدى ؟ — سورىدى ھاجى .

چېرىك ليۇ سىجاڭنىڭ قومۇل دىيارىدىكى ھەممە تۆز كانلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، بازاردا ئۈچ تۆز دۇكىنى ئاچقانلىقىنى ، ھەممە كىشىنى كېرەكلىك تۆزنى شۇ دۇكانلاردىن ئېلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ، ئەمما خۇيچېڭ (مۇسۇلمان شەھىرى) دىكى ئاھالىنىڭ تۆزنى ھازىرغىچە بۇ دۇكانلاردىن ئالماي ، ليۇ سىجاڭنىڭ تۆز سودىسىغا زىيان يەتكەنلىكىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۈگۈندىن باشلاپ خۇيچېڭ شەھىرىدىكى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ ، بىر چىمدىممۇ تۆز قويماسلىق ، ھەممە تۆزلۈق قاپاقلارنى چېقىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئاران بايان قىلدى .

— ھە ، تۆزۈڭنى يەپ ، تۆزلۇقۇڭنى چاقاي ، دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە ! ھەي تۆزكور لومودىلار ، ماڭ ، كۆزۈمدىن يوقال ، جاڭگۇيدەڭگە بېرىپ ئېيت ، تولا ھەددىدىن ئاشمىسۇن ، — دېدى ھاجى . ئاندىن چېرىكلەردىن تارتىۋېلىنغان مىلتىقلارنى مەڭلىك نىيازغا كۆرسىتىپ : «ماۋۇ كۆسۇيلەرنى ئوردىغا ئېلىپ بار !» دەپ بۇيرۇق قىلدى .

باش ـ كۆزى يېرىلىپ توپىغا مىلەنگەن سەككىز چېرىك ئۆتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازلاردەك سالپىيىشىپ خەلق توپىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ئاستىدا ، لوچېڭ يەنى ھۆكۈمەت ياملۇللىرى بىلەن ھەربىي قوشۇنلار جايلاشقان شەھەر تەرەپكە

① بۇ كۈنلەردە ھېلىقى ليۇ لۇيجاڭ قومۇلدا ئەسكەرنىڭ كۆپەيگەنلىكى تۈپەيلى ، لۇيجاڭ (بىرگادا كوماندىرى) لىقتىن سىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) لىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى .

مېڭىشتى . ئۇلار ئىككى يۈز قەدەمچە يىراقلاشقاندا ، ئارىسىدىن بىرى ، ئېھتىمال چوڭ بولسا كېرەك ، ئارقىدا قالغان خەلق توپىغا مۇشتىنى كۆرسىتىپ بىرنى تۇكۇردى . مەڭلىك نىياز بىلەن باشقا يىگىتلەر بۇنى كۆرۈپ ئۇلارنى قوغلىماقچى بولدى .

— هاي ، باللار ، پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار ، ھەممە ئىشنىڭ يولى بىلەن بولغىنى ياخشى ، — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم پالۋان .

شۇ ئارىدا توپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ : «هاي جامائەت ، ماڭا قاراڭلار !» دېگەن خىتابى ئاڭلاندى . كۇل رەڭ شلەپىسىنى دىڭگايتىپ كىيگەن چاشقان بۇرۇت ، بىر كۆزى ئەلەس كىشى بوز قېچىر ئۈستىدە قىڭغىر ئولتۇرۇپ ، بۇرنىغا چۇشۇپ قالغان كۆزەينىكىنى تۈزەتكەچ داۋام قىلدى :

— كۆرۈۋاتامسىلەر ، جامائەت ، ئۇلۇغ چىڭگاڭ غوجامدىن ئايرىلىپ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىمىز ؟ چوپانسىز قالغان پادىدەك ، بۆرە - ئېيىقلارغا يەم بولۇۋاتىمىز . ھەدېسىلا ، شامەخسۇت ۋاڭ بىزنى ئېزىپ كەتتى دەيتتىڭلار ، ئەمدىچۇ ، بۇ خىتايلار[①] بىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ ؟ ھەرقانچە قىلغان بىلەن شامەخسۇت

---

① ئۇ زامانلاردا خەنزۇلارنى «خىتاي» دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان . بۇنىڭ تەسىرى هازىرمۇ بار . ھەقىقەتتە بولسا ، خەنزۇلارنى خىتاي دېيىش ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ تامامەن خاتا . خەنزۇ بىلەن «خىتاي» — بۇ ئىككىسى ئىككى مىللەتنىڭ نامى . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە ، «خىتاي» لار تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرىدۇر ( «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 38 - بەت ) بۇ قەبىلە خەنزۇ تىلىدا «چىدەن» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشاپ ، مىلادىيە 916 - يىلىدىن باشلاپ «لياۋ» سۇلالىسىنى قۇرغان . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىيە 1124 - يىلىدىن 1211 - يىلىغىچە هازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلاردا «غەربىي لياۋ» سۇلالىسىنى قۇرۇپ ، «قۇزئوردۇ» ، يەنى «بالاساغۇن» شەھىرىنى پايتەخت قىلغان . «چىدەن» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «قىتان» بولۇپ ، خەنزۇ تىلىدا «ق» تاۋۇشى بولمىغانلىقتىن ، بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ق» تاۋۇشى «چ» غا ئۆزگەرگەن . تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدا «ن» تاۋۇشى بىلەن «ي» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش نەتىجىسىدە (مەسىلەن ، بۈگۈنكى «قوي» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «قون» بولغىنىغا ئوخشاش ) «قىتان» سۆزى «قىتاي» غا ، ئاندىن «خىتاي» غا ئۆزگەرگەن . «خىتاي» سۆزى رۇس تىلىغا «كىتاي» شەكلىدە ئۆزلىشىپ ھەم خەنزۇ ، ھەم جۇڭگو دېگەن مەنىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە .

ۋاڭ ھېچكىمنىڭ تۇزلۇقىنى چاقمىغان بولغىيدى؟!

— توختىسىلا، بېگىم، نېمە دەۋاتىدىلا، شامەخسۇت ۋاڭ تۇزلۇقىمىزنى چاقمىغان بىلەن يىلىكىمىزنى چېقىپ شورىغان،— دېدى بىر ئاقساقال بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ.

— بۇ بېگىممۇ شامەخسۇت ئوردىسىدىكى يىلىك شورىيسىغا شېرىك بولىغان، يېگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن - دە! — دېدى كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر دېھقان.

توپنىڭ ئارىسىدا كۇلكە كۆتۈرۈلدى.

— بىر ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس، بىر يامانىنى كۆرمىگۇچە، — دەپ داۋام قىلدى كۆزى ئەلەس بەگ، — ئەتە - ئۆگۈن چىڭگاڭ غوجامنىڭ تويىسىنى كۆزۈڭلارغا سۈرتكۈدەك بولۇرسىلەر تېخى!...

— تولا ۋالاقلىمىسىلا، — دەپ ۋارقىرىدى خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۆزلەزە، خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن شامەخسۇت ياخشىراق ئىدى دېمەكچىمۇ، ئاق ئىت - كۆك ئىت، ھەممىسى بىر ئىت.

شۇ ئەسنادا، ئىككى ياساۋۇل يۇگۇرگەن پېتى كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا سالام بېرىپ، ئۇنى يۇسۇپ تەيجىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. خەلق توپى چېرىكلەر چېچىۋەتكەن تۇز پارچىلىرىنى تېرىشتۇرۇپ تۇرغاندا:

— مازاردىن پۇتۇڭنى يىغ، پادىشاھتىن تىلىڭنى، دەپتىكەن، تەيجىبەگ غوجامنىڭ ئالدىدا ئوشۇق گەپ قىلمىسىلا، ھاجى، — دېدى قاسىم پالۋان يوغان ئالىقانلىرىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ.

— بۇگۇن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە قونسىلا، زۆرۈر گەپلىرىم بار، — دېدى ھاجى ئېتىغا مىنىۋېتىپ، «ئەمدى يۇسۇپ تەيجى بىلەن نېمە دېيىشەرمىزكىن، ھەرقاچان ماڭا ياخشىلىق يوق» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىراق، يۇسۇپ تەيجى ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى ئىشخانىسىدا

ھاجىنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ تۇرماستىنلا مۇنداق دېدى :

— ئۇ مۇرتەتلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئوبدان قىپسىز . بۇ چېرىكلەرنىڭ پەيلىگە قارىغاندا ، بۇگۈن تۇزلۇقىمىزنى چاققان بولسا ، ئەتە بېشىمىزنى يانجىيدىغان ئوخشايدۇ . ئەمدى ئوبدانراق قوغدانمىساق بولمىغۇدەك .

ئاندىن يۇسۇپ تەيجى خوجىنىياز ھاجىدىن ئوردا پالۋانلىرىنىڭ سانى ، سۈپىتى ۋە قورال ـ يارىغىغا دائىر ئىشلارنى سوراپ ، پالۋانلارنىڭ سانىنى بىر يۈزگە يەتكۈزۈش ، ئۇلارغا تېگىشلىك ھەربىي تەلىمنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ۋە ئوردىدا قانچىلىك دېسە شۇنچىلىك قورال بارلىقىنى ئەسكەرتتى .

جىۋەكىرەك كەلگەن بۇ تەيجىنىڭ ۋەزمىنلىك بىلەن سورىغان ھەربىر سوئالىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ ئولتۇرغان ھاجى ، ئۇنىڭ خىيالچان چىرايىغا پات ـ پات قاراپ قويۇپتتى ۋە : «قىزىق ئىش ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ تەيجىسى بولغان بۇ ئادەم بۈگۈن مېنى راسا ئۇچۇقلايدىغان بولدى دېسەم ، يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغۇ ؟ » دەپ ئويلايتتى .

شۇ ئارىدا مەلۇماتچى بەگ ئىجازەت سوراپ كىرىپ ، لىيۇ سىجاڭنىڭ بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئوردىغا «قەدەم تەشرىپ» قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى . يۇسۇپ تەيجى بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ تۇيۇقسىز «قەدەم تەشرىپ» قىلىشى ، بايىراقتا سۇقۇۋۇقتا بولغان ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى چېغى ، ھاجىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى ئوردىنىڭ كۈتۈمخانىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى .

لىيۇ سىجاڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن كۈتۈمخانىغا كىرىۋېتىپ ، يۇسۇپ تەيجىنىڭ ئېھتىرامىغا جاۋابەن ، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن قارىداپ كەتكەن شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ، سوغۇققىنا ھىجىيىپ قويدى ـ دە ، تەرمەچتەك

www.uyghurkitap.com

ئورۇق بارماقلىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ بىر ئەسنىۋالدى . «ھەي كاساپەت ، — دەپ ئويلايتتى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھاجى ، — بازاردىكى گەپ - سۆزلەر راست ئىكەن - دە ، قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ ، كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن پۈتۈن كېچىنى ئەپيۇن چېكىپ ، بۇزۇقچىلىقتا ئۆتكۈزۈپ ، چۈش - پېشىندا ئورنۇڭدىن قوپقانلىقىڭ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ . نەچچە مىڭ چېرىككە قانداقمۇ باش بولغانسەن ؟ »

يۈسۈپ تەيجىنىڭ «سىزمۇ كىرىڭ» دېگەن گېپى ھاجىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى .

— مېنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىشىمنىڭ سەۋەبى ، ئوردىنىڭ مويسىپىت تەيجىسى جانابلىرىغا مەلۇم بولسا كېرەك ، — دەپ گەپ باشلىدى لىيۇ سىجاڭ قىزىل تاۋار كۆرپە سېلىنغان يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ، — يەنە بىر ۋەجىدىن ئېيتقاندا ، گەپ شاخلاپ كەتمىسۇن دەپ ئارىغا ئەلچى قويمايلا شەخسەن ئۆزۈم كەلدىم ، قانداق بوپتۇ ؟

قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئوردا تۈگچىسى بۇ گەپلەرنى ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، يۈسۈپ تەيجى گەۋدىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ : «سىجاڭ جانابلىرى بەك جۈۋاپتۇ» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى .

لىيۇ سىجاڭ سىپايىلىك بىلەن يەنە گەپ باشلاپ ، سۇۋقوۋۇقتىكى ۋەقەدە ئوردا تەيجىسىنىڭ جاۋابكارلىقى بارلىقىنى ، بۇ ئىشنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىپ جاۋابكارلىقنى باشقىدىن سۈرۈشتە قىلدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ھازىرچە چېرىكلەرنى ئۇرغان ۋە ئۆلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالغان «ئوغرىلار» نى جازالاپ ، سەككىز تال مىلتىقنى دەرھال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

— سەككىز تال مىلتىقنى ئەكەتىسىڭىز بولىدۇ . ئەمما ، چېرىكلەرنى ئۇرغان كىشىلەرنى جازالاشتىن بۇرۇن ، بۇ ۋەقەگە سەۋەبچى بولغان چېرىكلىرىڭىزنى قاتتىق جازالاش جايىز . بىز مۇسۇلمانلار تۈزنى ئىمان قاتارىدا مۇقەددەس بىلىمىز ، سىلەر

تۆزىمىزنى يەپ ، تۆزلۇقىمىزنى چاقساڭلار بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلغىلى بولسۇن ؟ سىز جانابلىرى بۇ ئىشتا سىنىڭ جاۋابكارلىقىڭ بار دەيسىز ، بەرھەق ، شۇنداق . ئەپسۇسكى ، ۋەقەنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن . بولمىسا ، پۇقرانىڭ تۆزلۇقىنى چاققان قولۇڭ شۇمۇ دەپ چىرىكلىرىڭىزنىڭ قولىنى سۇندۇرۇپ ، ئالدىڭىزغا ئاپىرىپ بەرگەن بولاتتىم .

هاجى مۇكچىيىپ قالغان بۇ قېرى تەيجىنىڭ سۆزلىرىدىن پەخىرلىنىپ ، ليۇ سىجاڭنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى مۇھاپىزەتچى چېرىككە مەغرۇر قاراپ قويدى . ليۇ سىجاڭ تەيجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە ، قوللىرىنى ئەسەبىيلەرچە پۇلاڭلىتىپ مۇنداق دېدى :

— تەيجى ، ھوشىڭىزنى يىغىڭ . هازىر قۇمۇل ۋاڭلىقى ئۆلدى . سىز قۇرۇق سۆڭەكنى قۇچاقلاپ ياتماڭ !

— قۇمۇل ۋاڭلىقى ئۆلگەن بىلەن قۇمۇل خەلقى هايات . سىزمۇ ھوشىڭىزنى يىغىڭ ، كىمكى پۇقرانى دەپسەندە قىلسا ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق بولىدۇ ، — دېدى يۇسۇپ تەيجى ئورنىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ .

بۇ سۆز بىلەن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن ليۇ سىجاڭ بۇرنىدىن غەلىتە بىر خىل تاۋۇش چىقىرىپ ، غەزەپ بىلەن يەرنى تەپتى ـ دە : «قېنى كۆرىمىز ، كىمنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق بولىدىكىن !» دېگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى . يۇسۇپ تەيجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوردا نۆكەرلىرى هېلىقى سەككىز تال مىلتىقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى .

## 2

شۇ ئاخشىمى خوجىنىياز هاجى ئۆزى تۇرۇشلۇق هويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى هۇجرىدا كىرسىن لامپا يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ، بايا ليۇ سىجاڭ بىلەن يۇسۇپ تەيجى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ ـ

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى قاسىم پالۋانغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئاخىردا مۇنداق دېدى :

— يۇسۇپ تەيجى بۇرۇنمۇ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇگۈنكى گەپلىرى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. يەنە بىر ھېسابتا بۇ ئوردا بەگلىرىنىڭ گەپ - سۆزى بىلەن يۇرۇش - تۇرۇشقا قاراپ بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. يەكەندىكى چاغدا، بىر ئەنجانلىقتىن : «كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ ئۈمىدى بىر» دېگەن ماقالنى ئاڭلىغانىدىم. يېڭى جاڭجۇڭنىڭ تۇتقان يولى بەگلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئەمدى بەگ - غوجاملارمۇ يەرلىرىنى موغا ئالدۇرۇپ، پۇقرالارغا ئوخشاشلا ھۆكۈمەت ساڭلىرىغا ئاش قۇيمىسا بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۆزى خان، ئۆزى بەگ يۈرىدىغان زامانلىرى كەتسە كەلمەسكە كېتىدۇ دېسىلە ئەمدى. بولمىسا، ئەزەلدىن ئوردا بەگلىرى بىلەن پۇقرانىڭ پىيىزى پىشمايدىغان تۇرسا، يۇسۇپ تەيجى قانداق قىلىپ، پۇقرا تەرەپتە تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— راست ئېيتىدىلا، ھاجىم، بىزنىڭ تاغلاردا، يېغا كەلسە، ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بۇ چېرىكلەر ھەممىنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر بالا بولدى. تاغدىكى دورغىلارمۇ، بۇ ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قولى بىلەن سۈيىمىزنى سىقىپ ئىچىدىغان ئوخشايدۇ. شامەخسۇت ھايات گاختا ھېچكىم بىزنى ئانىي ئېيتەلمىگەن دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ گەپنىڭ خېلى جېنى بار.

— ياق، ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى توغرا ئەمەس! — دېدى ھاجى كەسكىن قىلىپ، — بۇ ھۆكۈمەتتىن شامەخسۇت ياخشىراق ئىدى دېگەن گەپكە ئۆلسەممۇ قېتىلمايمەن. شامەخسۇتنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلامۇ؟ ئۇ ھازىرغىچە تىرىك بولغان بولسا، قۇمۇل خەلقى يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىكىنتاڭ!

— ئۇغۇ شۇنداق. ئەممازە، ئۆز مۇسۇلمانلىرىمىزدىن بىر

كىشى ۋاڭ بولسا ، بۇلار بىزنى مۇنچىۋالا ئانىي ئېتەلمەسمىدىكىن دەيمىنا ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاسىم پالۋان ئۆز ۋۇن ساقىلىنى غەمكىن سىلاپ ئولتۇرۇپ .

— ھەي ، ئۆزلەزە يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىدىكەنلا ، — دەپ تاقەتسىزلەندى ھاجى ، — مۇبادا شامەخسۇتنىڭ ئوغلى ئەپيۇنكەش نەزەرگە ۋاڭلىق تېگىــپ قالسا ، ئۆزە ، مەن مۇسۇلمان دەپ ، پۇقرانى ئاياپ قويۇرمۇ ؟ بۇنــى ئويلاپ باقمامدىلا ! ئۇ گاختا ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك ، بىر ياندا چېرىك ، بىر ياندا نەزەر ، پۇقرانى نېمە دىشۋارچىلىقلارغا سالماس ! مەن ياقا يۇرتلاردا يۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۇم . بۇ — قالماق ، بۇ — خىتاي ، بۇ — مۇسۇلمان دېگەن گەپلەر ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنىڭ بەلگىسى بولالمايدىكەن . تۆمۈر ئاكامنى ياڭ جاڭجۇڭغا تۇتۇپ بەرگەن لى دارىنمۇ مۇسۇلمان ئەمەسمىدى ؟ ئاكىلىــرى رەھمەتلىك نىياز پالگاننىڭ قېنىنى تۆككەن شامەخسۇتمۇ تەقۋادار مۇسۇلمان ھەم ئۆز قومۇللۇق ئۇيغۇرىمىز ئەمەسمىدى ؟

قاسىم پالۋان سەل ئوڭايسىزلىنىــــپ يەرگە قارىۋالدى ، بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— يۇسۇپ تەيجىدەك كىشىلەر يۇرت چوڭى بولسىچۇ ؟ — دېدى .

— بۇ باشقا گــەپ ، ئەمــما ھــازىر ھېچــكىمــگە ۋاڭــلىق تەگمەيدۇ ، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ھاجى . ئاندىن ، — ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، ئاگال ماۋۇ ليۇ سىجاڭ دېگەن چېركىنىنى ئۆزىنىڭ لالما چېرىكلىرى بىلەن قومۇلدىن ھەيدىۋېتىش كېرەك ، — دېدى .

— قانداق قىلىمىز دەيدىلا ؟ — سورىدى قاســم پالۋان تېتىكلىشىپ .

خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ، ئاخىردا مۇنداق دېدى :

— ئۆزلەگە ئېيتىدىغانلىرىم شۇ. مەن ئۆزۈم تاغقا چىقالمايمەن. چوڭلارغا بېرىپ ئېيتسىلا، قاۋۇل مەرگەنلەرنى تاللاپ تۇرغاي. قورال - ياراغ ئوردىدا بار. يۇسۇپ تەيجى بىزگە يۆلەك بولىدۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن قاسىم پالۋان خوشلىشىپ تاغقا ئالدىراش يۇرۇپ كەتتى. بىراق، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە يۇسۇپ تەيجى نەزەرنىڭ ئۇرۇمچىدىن يوللىغان بىر جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ تېلېگراممىدا ئوردىدىكى قورال - ياراغلارنى ئوق - دورىلىرى بىلەن قوشۇپ لىيۇ سىجاڭغا تاپشۇرۇش، ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىشۋاتقان پالۋانلاردىن بەش - ئالتىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇش، پالۋانبېشى خوجىنىيازنى نەزەربەند قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يۇسۇپ تەيجىنىڭ شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولۇش بۇيرۇق قىلىنغان ۋە ئەگەر بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىنسا، يۇسۇپ تەيجىنىڭ قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. يۇسۇپ تەيجى ئەتىسى ئوردا بەگلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. بەگلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىرىنقىنى تاتىلاپ تۇرۇشتى. پەقەت نەزەرنىڭ ئۆز بېشىمچى ئوغلى بەشىر: «دادامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن» دەپ ئوتتۇز - قىرىق تال مىلتىقنى ئېلىپ قالماقچى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرىگە تارقىتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ رايىغا ھېچكىم قارشى چىقالمىدى.

نەزەرنىڭ بۇيرۇقى يېتىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، ئوردىنىڭ تاشقىرىقى سەيناسىدا توختىتىپ قويۇلغان تۆمۈر چاقلىق ھارۋىلارغا ئاخىرقى مىلتىقلار بىلەن ئوق ساندۇقلىرىنى بېسىۋاتقان ئوردا نۆكەرلىرىنى تاش پەلەمپەي ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغان لىيۇ سىجاڭ قاقىرنىڭ بويىنىدەك ئىنچىكە بويىنىنى سوزۇپ، يۇسۇپ تەيجىگە غەلىتە ھېجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ، بېشىغا كەڭ قاسقانلىق شەپكە، پۇتىغا ھەربىي ئۆتۈك

كىيىپ، ياقىسىغا يىڭجاڭلىق بەلگىسى تاقىغان يولۋاس سەل ئىگىلىپ دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى. ليۇ سىجاڭ يولۋاسقا قارىماي تۇرۇپ: «ياۋ دارىن، تەيجى جانابلىرىدىن سوراڭ، ئەمدى قۇمۇل دىيارىدا ئۈزۈنغىچە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ دەپ ئىشەنسەم بولامدۇ؟» دېدى. يولۋاس بۇ گەپلەرنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈۋاتقاندا، يۈسۈپ تەيجى بىرنېمىدىن يىرگەنگەندەك ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى ۋە گەپ تۈگەش بىلەن تەڭلا، نېپىز نىل رەڭ موۋۇت پەرىجە تونىنىڭ يېڭىنى قېقىپ تۇرۇپ: «يولۋاس بېگىم، خوجىڭىزغا ئېيتىڭ، قۇمۇل دىيارى تىنچلىققا ليۇ سىجاڭدىنمۇ بەكرەك موھتاج، ئەمدى تىنچلىق بولۇش ـ بولماسلىق سىجاڭ جانابلىرىنىڭ پەيلىگە باغلىق» دېدى. باياتىن باشلىرى ساڭگىلاپ، قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇيرۇق بويىچە ئۆيىگە قايتۇرۇلىدىغان ئوردا پالۋانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى — بالا مەرگەن مەڭلىك نىيازمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىدا تۇرغان خوجىنىياز ھاجىغا نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ بويىنىنى سوزغاندا، ھاجى كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويدى.

تۇيۇقسىز گۈركىرەپ چىققان كۈز بورىنى بىلەن ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى. تۆمۈر ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ ئاتلىق چېرىكلەر بىلەن كېتىۋاتقان ليۇ سىجاڭمۇ چاڭ ـ توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ كۈز بورىنى بۇ خەۋەرنى ئىشىك ـ تۆڭلۈكلەردىن ھەممە ئۆيلەرگە ئەكىرگەندەك، شۇ ئاخشىمى شەھەر ۋە يېقىن يېزىلاردىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولدى. «ئىم، مانا ئەمدى تۈگەشتۇق، — دەيتتى بەزىلەر، — يېڭى جاڭجۈڭ ئىچكىرىدىن كۆچمەن ئاچىقىپ، يەر ـ زېمىنلىرىمىزنى شۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگۈدەك». «ئاگاھ بولۇشىلا، — دېدى

ھېلىقى كۈنى سۈقۇۋۇقتا ۋەز ـ نەسىھەت ئوقۇغان كۆزى ئەلەس بەگ ئازنا مەسچىتتە خۇپتەن ئوقۇشقا يىغىلغان جامائەتكە قاراپ، — بۈگۈندىن كېيىن ناماز جۈمەنى توپلىشىپ ئوقۇمايلى، چېركىلەر بىز مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلىشنىڭ پۈرستىنى ئىزدەۋاتقۇدەك، خۇدايىتائالا ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلغاي! رەھمەتلىك چىڭگاڭ غوجام ھايات چاغدا، بېيجىڭ خانىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ پېشانىمىزگە تاك قىلىپ چېكىپ باققان ئەمەس. ئەمدى بۇ چېركىلەرنى قارىمامدىغان، بۆلەكچىلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.» «ۋاي خۇدايىمەي، ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئەمدى بىزگە دوزاخ بولغۇدەكقۇ!» دېدى بىر بوۋاي ئۇنىڭغا جاۋابەن يىغى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ.

بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى بۇيرۇقتا بىنائەن، نەزەربەند ھېسابىدا يۈسۈپ تەيجىنىڭ كۆتۈرمىلىك ئوردىسى يېنىدىكى بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەندى. ئۇنىڭ يېقىن مەھرىمى بالا مەرگەن مەڭلىك نىياز ئەتە ئۆز يۇرتى شوپۇلغا قايتماقچى. شۇڭا، بوران چىقىۋاتقىنىغا قارىماي، ھاجى ئۇنى ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، نەچچە كۈندىن بۇيان بولۇۋاتقان ئىشلارنى سالى دورغا باشلىق ھەممە خەققە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قېرى خىزمەتكار كىرىپ، يۈسۈپ تەيجىنىڭ ھاجىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ھاجى كۆتۈرمىلىك ئوردىنىڭ سول قانىتىدىكى ھۇجرىغا كىرگەندە، يۈسۈپ تەيجى كۆزلىرىنى سەل قىسقان ھالدا، تۆت بۇرجەكلىك شىرە ئۈستىدىكى يوغان كىرسىن لامپىغا قاراپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، يۈسۈپ تەيجى مۇنداق دېدى:

— ئەمدى بولار ئىش بولدى. تاغدىن سادا چىقمىغۇچە شەھەردە ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. سىز مېنىڭ بوسۇغامدىن دالجىماي تۇرۇڭ، بولمىسا، ھەر ئىككىمىزلا گەپكە قالىمىز.

تاغدىن خەۋەر كەلسە ، ئاندىن بىرنېمە دېيىشەرمىز .

— تەيجى بەگ غوجام خاتىرجەم بولغاي ، — دېدى ھاجى ئۆرە تۇرغان پېتى ، — مەن ئۆزلەنى ھەرگىز يەرگە قارىتىپ قويمايمەن .

شۇنىڭدىن كېيىن ، شەھەرمۇ ، يېزىلارمۇ جىمجىتلىــــققا چۈمگەندەك بولۇپ قالدى . ئەمما ، كىشىلەر ئارىسىدا پىچىر - پىچىر گەپلەرنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشى ، ئۇلارنىـــــڭ ھۆكۈمەت ياملۇللىرى بىلەن ئالاقىسى يېقىن ئادەملەرنى كۆرگەندە گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ئېھتىياتچان بولۇپ قېلىشلىرى ، بۇ جىمجىتلىقنىڭ قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ۋەھىمىگە ھامىلە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . دېگەندەكلا ، ئۇزۇن ئۆتمەي ، تاغدا باشلانغان گۈلدۈرماما پۈتۈن قۇمۇل دىيارىنى زىلزىلىگە سېلىپ ، ليۇ سىجاڭ ئۈمىد قىلغان «تىنچلىق» نى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى .

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە

*تاياق جاندىن ئۆتۈپ كەتكەندە ، جادىگەر ۋالائامىنىڭ ئېشىكىمۇ زۇۋانغا كېلىپ : «ۋاي داد» دەپ تاشلىغان .*

— «تەۋرات» رىۋايەتلىرىدىن

## 1

مەڭلىك نىياز تارقىتىۋېتىلگەن ئوردا پالۋانلىرى قاتارىدا مىلتىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، خۇددى بىرنېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك كۆڭلى غەش ، ئۆزى خامۇش هالدا شەھەردىن ئۆز يۇرتى شوپۇلغا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتى . قارىگىر دۆنەن يۇرت ئىچىدىن چىقىپ ، ئېدىرلىقلار ئارىسىدىكى شېغىللىق هارۋا يولىغا چۈشكەندە ، ئېھتىمال ، تاقىسى ئۈپراپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، ئاياغلىرىنى سەل ئاياپ دەسسەشكە باشلىدى . مەڭلىك نىياز بولسا ، ئۇنى سەزمىگەندەك ، نەچچە ۋاقىتتىن مىلتىققا ئۆگىنىپ قالغان مۈرىسىنى پات ـ پات سىلاپ قويۇپ ، ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى . «ۋاي ئىسىت ، بىر قىسمىلا ئىش بولۇپ كەتتى ، مىلتىقتىنمۇ ئايرىلدۇق ، پالگانبېشىدىنمۇ ، بۇنىڭ ئايىغى نەدىن چىقۇركىن ؟» دەيتتى ئۇ خىيال سۈرۈپ . بىراق ، تاغقا يېقىنلاشقانسېرى دىماغقا ئۇرۇلۇشقا باشلىغان سالقىن تاغ شاماللىرى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ ئەمدى چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمان ـ پەلەك قارلىق

تاغلارغا خۇددى ئۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھېرىس بىلەن قارايتتى. ئاشۇ قارلىق تاغلارنىڭ يانباغرىدىكى قاتار - قاتار قارىغايلار، ياۋا ئالما، ئۆرۈك، قارىقات، زىرىق، بۆلجۈرگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تاغ مېۋىلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان كەڭ داللار؛ بۈك - باراقسان تاغ تېرەكلىرى، ئىرغاي، ئارچا ۋە قىرچىنتاللار ئارىسىدا سايراۋاتقان خىلمۇخىل قۇشلارغا جور بولۇپ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى؛ خۇددى شۇ تاغ سۇلىرىدەك شوخ، قارا قاش قىز بىلەن بىللە ئويناپ ئۆسكەن باللىق چاغلىرى؛ بولۇپمۇ ئۇ قىزنىڭ تېقىمىغا چۇشۇپ تۇرىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن گەپ قىلا - قىلمايلا ۋىلىلدە قىزىرىپ كېتىپ، يەرگە قارىۋالغاندا شەھلا كۆزلىرىنى «لىپ» قىلىپ يېپىۋالىدىغان تىكەندەك كىرپىكلىرى... مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى كېچىچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ چىققان بولسا، مانا ئەمدى بىردىنلا كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ قارىگىر دۆنەننىڭ ساغرىسىغا ئىختىيارسىز قامچا ئۇرۇپ تاشلىدى. قارىگىر دۆنەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بىر يۇلقۇنۇۋېلىپ، قىيغان قەلەمدەك چىرايلىق قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى - دە، بۆرە مېڭىشى بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەتتى.

مەڭلىك نىياز ئات ئۈستىدە قوينىدىن بىر قارا تۇگۈنچەكنى چىقىرىپ ئۇنى ئاۋايلاپ ئاچتى، چۆرىسىگە سېرىق مەشۇت يىپ بىلەن ئۇششاق ھەرە چىشلىرى، بىر بۇرجىكىگە قىزىلگۈل بىلەن كېپىنەك سۈرىتى كەشتىلەنگەن قارا تاۋار ياغلىق ئىچىدە ھەر خىل رەڭدىكى ئالتە پىلتە مەشۇت يىپ ۋە بىر دانە ئەتىر سوپۇن تۇراتتى. بۇ ياغلىقنى ئاشۇ قاراقاش قىز بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن مەڭلىك نىياز پالۋانلىققا تاللىنىپ، شەھەرگە ماڭار چاغدا ئۇنىڭغا يوللۇق قىلىپ تۇتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەشۇت يىپلار بىلەن ئەتىر سوپۇن مەڭلىك نىيازنىڭ شۇ قىزغا ئاتاپ ئالغان بازارلىقى ئىدى. مەڭلىك نىياز تۇگۈنچەكنى قوينىغا سېلىۋېتىپ خۇددى شۇ

قىزنى كۆز ئۆڭىدە كۆرۈۋاتقاندەك ۋىسال دەملىرىنىڭ شىرىن خىيالى بىلەن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ ، ئۆزىنى تويغا كېتىۋاتقان يىگىتتەك خۇشال سېزەتتى .

بىراق كونا پاتار چاغدا ، ئەتراپى تاقىر تاغلار بىلەن ئورالغان بىرىنچى قونالغۇغا يېتىپ كېلىش بىلەن ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى شامالغا ئۇچۇپ كەتتى . ئاندا ـ ساندا چوقچىيىپ تۇرغان كۆرۈمسىز تام ئۆيلەر قاتارىدا ئەتراپى پاكار ـ پاكار سوقما قورۇقلار بىلەن ئورالغان دەڭنىڭ ئالدىدا بىر توپ قوراللىق چېرىك بەش كىشىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ سوراق قىلىۋاتاتتى . بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەڭلىك نىيازغا تونۇش شوپۇللۇق ئادەملەر ئىدى . دەڭنىڭ ئىچىدە يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر غۇژمەكلىشىپ تۇراتتى . بەزى ـ بەزىدە تۆگە كولدۇرمىلىرىنىڭ پەرىشان جاراڭلاپ كېتىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مەڭلىك نىياز ھەيران بولۇپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ـ دە ، چەتتە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە تونۇش بىر بوۋاينى تېپىپ ، «نېمە گەپ ، بوۋا ؟» دەپ سورىدى . بوۋاي ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى . مەلۇم بولدىكى ، شوپۇللۇقلار ھەر يىلدىكىگە ئوخشاش تاپقان ـ تەرگەن ئارپا ـ بۇغدايلىرىنى بەش تارتىم تۆگىگە ئارتىپ ، يېرىم يىللىق ئوزۇقى ئۈچۈن قۇمۇل تۆگەمەنلىرىدە ئۇن تارتىپ چىققانىكەن . نېرىقى چازىدىكى چېرىكلەر : «سىلەر بۇ ئۇنلارنى ئۆزۈڭلار يېيىشكە ئەمەس ، تاشقى موڭغۇلغا ئاپىرىپ سېتىشقا ئېلىپ مېڭىپسىلەر» دەپ ئۇلارنى توسۇۋاپتۇ .

مەڭلىك نىياز ئېتىنى يېتىلەپ چېرىكلەرنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە شوپۇل خەلقىنىڭ بىر يىلدا ئالىدىغان ئاشلىقى چەتكە سېتىش تۇگۇل ، ئۆزىنىڭ گېلىغا ئاران يېتىدىغانلىقىنى ، ھازىرلا شۇنداق ئەمەس ، ئەزەل ـ ئەزەلدىن ھەر يىلى مۇشۇ خىلدا ئۆي ـ ئۆيدىن يىغىلغان ئاشلىقنى ئۆتنە ـ لاپقۇت قىلىنغان تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇمۇلدىن ئۇن تارتىپ

چىقىدىغانلىقىنى چېرىكلەرگە چۈشەندۈرمەكچىدى . ئۇ ئەمدىلا گەپ باشلاي دەپ تۇرغاندا ، چېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇنى تونۇپ قېلىپ ، بىرنېمىلەر دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى . بۇ ھېلىقى كۈنى سوقوۋۇقتىكى تۇز ۋەقەسىدە تاياق يېگەن ئۇيغۇر چېرىكلەرنىڭ بىرى ئىدى . ھايت - ھۇيت دېگۈچە ، چېرىكلەر مەخلۇك نىيازنى ئۇرۇپ يانقۇزۇۋەتتى . بەش تارتىم تۆگىنى ئۇستىدىكى ئۇن تاغارلىرى بىلەن «پادىشاھلىق قىلىندى» دەپ جاكارلىدى . تۆگىچىلەرنى ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەن شەھەرگە ئاپىرىپ ، ليۇ سىجاڭغا تاپشۇرىمىز دەپ پۇت - قولىنى باغلاپ بىر ئۆيگە سولاپ قويدى .

قاۋۇلراق بىر چېرىك ، ئېھتىمال چوڭى بولسا كېرەك ، مەخلۇك نىيازنىڭ يېنىدا تۇرغان قارىگىر دۆنەننى تىزگىنىدىن تۇتۇپ مىنمەكچى بولغاندا ، ئۇ ئالدى پۇتلىرى بىلەن چاپچىپ چېرىكنى يېقىن كەلتۈرمىدى . چېرىك ئەسەبىيلىشىپ ئۇنى قامچىلاشقا باشلىدى . قارىگىر دۆنەن تىزگىنىنى بىر سىيرىپ چېرىكنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى ۋە گۈگۈم پەردىسى بىلەن پۈركەنگەن قېلىن ئېدىرلىقلار ئارىسىدا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى . ھېلىقى چېرىك «ئاناڭنى» دەپ ئاغزىنى بۇزغىنىچە لېۋىنى چىشلەپ قالدى .

بايىقى بوۋاينىڭ تەكلىپى بىلەن بىرنەچچە كىشى مەخلۇك نىيازنى ئۇنىڭ ئاددىي كەپىسىگە ئەكىرىپ قويدى . بوۋاينىڭ جۇپتى ئاق چاچلىق موماي ئۇنىڭ باش - كۆزىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ ، يارىلىرىغا پاختا كۆيدۈرۈپ باستى . تاغ پېيىزى قوشۇپ پىشۇرۇلغان بىر تاۋاق ئارپا كۆجىسىدىن كېيىن مەخلۇك نىياز ئۇيقۇغا كەتتى . تاڭ سەھەر توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ قارىگىر دۆنەننىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى . «خۇدايىمغا ئامانەت ، ئۆيۈڭگە ئامان - ئېسەن بېرىۋال ، بالام» دېدى بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ .

مەخلۇك نىياز بوۋاينىڭ قۇرۇق سۆڭەكتەك ئورۇق قوللىرىنى

ئالىقىنىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە قارىغىر دۆنەننىڭ يالىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، جىمجىت تۇمانلىق تاڭ قاراڭغۇسىدا شوپۇل تەرەپكە راۋان بولدى.

## 2

شوپۇل قومۇلنىڭ يۈز يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئەڭ چەت يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردا «تال تېغى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېگىز قارلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، غەربىي شىمال تەرىپىدىمۇ قارلىق تاغ چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇ تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان بىر جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغىنىڭ شەرق تەرىپى «قوراي»، غەرب تەرىپى «قاراڭغۇكېچىك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككى جىلغا بىپايان كەتكەن چىمەنزار يايلاقلارغا تۇتىشىدۇ. شوپۇللۇقلار باراقسان تاغ تېرەكلىرى، ئارچا ۋە قىرچىنتاللار بىلەن قاپلانغان ئاشۇ جىلغىلاردىكى ئەلۋەك تاغ سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر ياقتىن تېرىقچىلىق قىلاتتى، يەنە بىر ياقتىن بىپايان يايلاقلاردا قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

تۆمۈر خەلپە يېغىلىقتىن كېيىن، شوپۇللۇقلاردىن بوسۇق دورغىنىڭ ئوغلى سالى دېگەن كىشى بۇ يۇرتنىڭ دورغىلىقىغا بەلگىلەندى. يەلكىلىرى كەڭ كەلگەن بۇ ئېگىز بويلۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ياپىلاق يۈزلۈك، سېرىق ساقال كىشى كىچىكىدىنلا مىجەز - خۇلقى باشقىچىرەك بالا ئىدى. دادىسى بۇ يالغۇز ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش «قارىتورۇك» بولۇپ قالمىغاي دېگەن نىيەتتە، خەتنە تويىدىن بىرەر يىل كېيىنلا: «بالامنىڭ گۆشى ئۆزلەنىڭ، سۆڭىكى مېنىڭ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويسىلا» دەپ شەھەردىكى بالا ئوقۇتىدىغان موللا تۇغقىنى يارىقارىيغا تۇتۇپ بەردى. بالىنى ئوقۇتۇپ قويۇش بەدىلىگە يارىقارىينىڭ پۈتۈن يىللىق گۆش -

يېغىنى تاغدىن ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولدى . كىچىككىنە سالى ئۆزىگە ئوخشاش يىگىرمە — ئوتتۇز ئۆسمۈر ـ باللار قاتارىدا قىشلىقى قوي تېرىسى ، يازلىقى بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى . يازلىق تەتىل چاغلىرىدىمۇ تاغقا قايتماي ، موللىسىنىڭ سېپىل سىرتىدىكى ئۈچ ئېتىز يېرىگە ئىشلىشىپ بېرەتتى . ئۆي ئىشلىرىدا بولسا ، موللىسى بىلەن قۇشناچىنىڭ قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ ، ھەممە يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى . ئۇشىشاق سۆزلۈك قۇشناچىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن دىخمارلاپ ، ھەتتا بەزىدە قاتتىق ـ قاتتىق چىمدىۋېلىشلىرىغىمۇ چىداپ يۈردى . «قۇرئان» ساۋاتى چىقىپ ، ئانچە ـ مۇنچە خەتمۇ تونۇيالايدىغان بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنى ئوقۇشنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى . بۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى :

سالى بىلەن تەڭ دېگۈدەك مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ، قىشلىقى قارا مەخمەل كۆرپە ، يازلىقى زىلچا جايناماز ئۈستىدە ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىم ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بىر بەگزادە ، ھە دېسىلا يوغانچىلىق قىلىپ ساۋاقداشلىرىنى بوزەك ئېتەتتى ، ئەمما دەرستە ھەممىدىن ئارقىدا ئىدى . باللارنىڭ ئالدى قۇرئانغا چىققاندا ، ئۇ تېخى ھەپتىيەكنى ئەمدىلا باشلىغانىدى . ئۇ بىر كۈنى تەنەپپۇس ۋاقتىدا ياڭاقتەك بىر پارچە ناۋاتنى كۆز ـ كۆز قىلىپ : «قايسىڭلار ئېشەك بولۇپ مېنى بەش غۇلاچ يەرگە كۆتۈرۈپ بارساڭلار ، بۇ ناۋات شۇنىڭ» دەپ توۋلاشقا باشلىدى . شۇ ئارىدا ، گومۇشراق كەلگەن تاز چىراي بىر بالا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆت ئاياغلىق بولدى . بەگزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى . بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سالى ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ، بەگزادىنى تەپتى ـ دە : «ئاتاڭ سېنى ئوغۇل دەپ تاپمىغانمۇ ، نومۇس قىلساڭچۇ !» دېدى . بەگزادە سالىغا مۇشت ئاتتى . سالى «مانا ئۇردى دېگەن» دەپ ، ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ راسا دۇمبالاۋاتقاندا ، موللىسى ئۆيدىن چىقىپ قالدى ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ

www.uyghurkitap.com

سالىنى ئىككى كاچات ئۇرۇۋەتتى . بىراق ، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى . شۇ ئاخشىمى بەگزادىنىڭ دادىسى كېلىپ : «بۇ مەكتەپتە يا مېنىڭ بالام ئوقۇغاي ، ياكى تاغچى تۇغقانلىرىنىڭ بالىسىنى ئوقۇتۇۋالسىلا ، ئۇ شۇمتەك ئوقۇيدىغان بولسا ئۆينى بوشاتسىلا ، ئۆي ئۆزىمىزگە لازىم» دەپ شالىنى چېچىپ كەتتى . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سالى ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا ، موللىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تاغقا قاراپ ماڭدى ۋە شوپۇل تەرەپكە بارىدىغان يولۇچىلارغا قوشۇلۇپ ئۆيىگە كېلىۋالدى . ئەمما ، ئۆيگە كېلىش بىلەنلا دادىسىنىڭ دەشنىمىگە ئۇچرىدى :

— ھەي ، سېنى قارا ، — دەپ كايىشقا باشلىدى بوسۇق دورغا ئوغلىنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ، — ئات قىلامدۇ ، ئېشەك قىلامدۇ ، سېنىڭ نېمە كارىڭ ؟ كۆزۈم قارىغۇ ، قۇلىقىم ساغرۇ دەپ يۇرىۋەرسەڭ بولماسمىدى . تولىمۇ بېشى چوڭ بىرنېمە بولامسەن نېمە ؟

— مۇنداق ئىشلاردا بېشى چوڭلۇق قىلسام يامان بولماس ، دادا ، — دېدى سالى ئېرەن قىلماي ئولتۇرۇپ .

بوسۇق دورغا ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن سالىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ ، ھېچنېمە دېمىدى . كېيىن ئەل - ئاغىنىلىرى يىغىلغان بىر سورۇندا ، كىمدۇر بىرىنىڭ : «ھەي ، دورغام ، دۇنيالىقتا بىر تاللا ئوغۇللىرى بولۇپ قالدى . ئوغلى بارنىڭ ئورنى بار ، قىزى بارنىڭ ئىزى دەپ ، ئوغۇللىرى جىقراق بولغان بولسا ، ئۇرۇقلىرىمۇ كەڭرەك بولاتتى» دېگەن گېپىگە جاۋابەن مۇنداق دېدى : «بەزىلەرنىڭ يەتتە - سەككىزدىنمۇ ئوغلى بار ، ئۆلۈم ئالغۇسىز ، مېنىڭ بىرلا ئوغلۇم بار مىڭغا بەرگۈسىز .»

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى . سالى ئوتتۇز نەچچە يېشىدا دادىسىنىڭ ئورنىغا شوپۇلنىڭ دورغىسى بولغاندىن باشلاپ ، دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىدىكى توغرا كېسەرلىكى ، پۇقرالارنى بوزەك ئېتىدىغان بەزى ئۆكتەملەرگە قاتتىق قوللۇقلۇقى ، ھەتتا ئوردا

بەگلىرىدىنمۇ ئانچە تەپ تارتىپ كەتمەيدىغانلىقى بىلەن داڭق چىقىرىشقا باشلىغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ھۆكۈمەت يامۇللىرىنىڭ شوپۇل خەلقىگە سېلىۋاتقان ئالۋان - ياساقلىرىنى ئازايتىش، چېرىكلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى چەكلەش توغرىسىدا يۇقىرىغا بىرنەچچە قېتىم ئەرز تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئەلنىڭ ھىمايىسىدىن روھلانغان سالى دورغا ئەمدى چېرىكلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا تىغمۇتىغ قارشى تۇرۇشقا جۈرئەتلىك بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

مەڭلىك نىياز دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شوپۇلغا قايتىپ كەلدى. ئۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش ۋە خەۋەر قىلىش، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئەگەر ۋاقىت يار بەرسە، ھېلىقى جانان قىزنى بىر كۆرۈۋېلىش نىيىتىدە ھارغان - چارچىغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ، توپتوغرا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بىراق، سالى دورغىنىڭ ھويلىسى ئالدىدىكى تاغ تېرەكلىرىگە باغلاقلىق تۇرغان چېرىك ئاتلىرىنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى. ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ قارىغىر دۆنەننى باغلاپ قويۇپ ھويلىغا ئالدىراپ كىرگەندە، سالى دورغا بىرمۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا قورشىلىپ قالغان ئۈچ چېرىككە قولىنى شىلتىپ بىرنېمىلەر دەۋاتاتتى. باش - كۆزى يېرىلغان بىر چېرىك داق يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەڭلىك نىياز توپنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— خەير، بۇ دورەم كەڭچىلىك قىلاي، — دېدى سالى دورغا، — بۇ ئىش يەنە تەكرارلانسا، مېنىڭ كارىم يوق، ئەل نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن، سەن بۇرادەر، — دېدى ئۇ يېشى چوڭراق بىر ئۇيغۇر چېرىككە قاراپ، — بۇ گەپلەرنى ھەمراھلىرىڭغا ئوبدان ئۆرۈپ بەر. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ، بىز خەق ئەھلى ئاياللىرىمىزغا چېقىلغان كىشىنى بەك يامان كۆرىمىز. مۇنداق گاختا خۇن تۆكۈلىدىغان ئىشلارنىڭ چىقىپ قېلىشى ھېچ گەپ ئەمەس.

ھېلىقى چېرىك بۇ گەپلەرنى ئۆرۈشكە باشلىغاندا ، توپنىڭ ئىچىدىن كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى :

— دورغا ئاكا ، كۆڭلى ـ كۆكسىلىرى دەرىيادەكلا كەڭ بولۇپ كېتىپتۇ . ئۆزلە دېگەنلىرى بىلەن مەن بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن مۇبادا بۇ چېرىكىلەر ئۆزلەنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى شۇنداق ئاتىسە ، قانداق قىلۇردىلا ؟

— ھوي ئۇكام ، ھېلىمۇ ئۇ چېرىكىنى ئۆلگۈدەك دۇمبالاپ ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان يالىغان ئىتتەك قىلىپ تاشلاپسەنغۇ ، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولغۇلۇق . ئەممازە ، ئەمدى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالۇر دەيمەن ، — دېدى سالى دورغا تەمكىنلىك بىلەن .

— دورغا راست ئېيتىدۇ ، بالام ، — دېدى مويسىپىت كىشى ، — ئۆتكەنگە سالاۋات . ھەممىمىزگە تىنچ بولغىنى ئوبدان !

— بىز تىنچ بولايلى دېگەن بىلەن بۇ چېرىكىلەر بىزنى تىنچ قويمايۋاتسا ! — دەپ ۋارقىرىدى بايىقى كىشى . بۇ گەپ بىلەن توپ ئىچىدە غۇدۇڭ ـ غۇدۇڭ باشلاندى .

— بولدى قىلىڭلار ، — دەپ ۋارقىرىدى سالى دورغا ، ئاندىن چېرىكلەرگە قاراپ ، — ماۋۇ ئادىمىڭلارنى ئەكېتىڭلار . يەنە كىم ئاياللارغا چېقىلىدىغان بولسا ، ئەمدى شوپۇللۇقنىڭ پىچىقى رەھىم قىلمايدۇ ، — دەپ مۇشتۇمىنى پۇلاڭلاتتى .

چېرىكلەر يېرىم جان ھالەتتە ياتقان ھەمراھىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆز ماكانى تەرەپكە راۋان بولدى .

شۇنىڭدىن كېيىنلا ، سالى دورغا ۋە باشقىلارنىڭ كۆزى مەڭلىك نىيازغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەچ ، ھال ـ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى . مەڭلىك نىياز ئۆزىنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىسقىچە ئېيتىپ ، ھېلىقى دەڭدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى غەزەپ بىلەن تەپسىلىي بايان قىلدى . خەلق توپى «ئاللا ـ توۋا» دېيىشىپ ، ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ھەسەل ھەرىلىرىدەك غوڭۇلدىشىپ كەتتى .

سالى دورغا ئۆزىنى باسالماي ، شالاڭ سېرىق ساقىلىنى

سىقىمداپ ، «ئەستاغپۇرۇللا ، ئەستاغپۇرۇللا» دېگەن پېتى ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى .

— مانا ئۆزلەگە تىنچلىق ! — دېدى كىمدۇر بىرى بايىقى مويسىپىت كىشىگە ھومىيىپ ، دەرۋەقە بايىقى دەڭدە چېرىكلەر بۇلاپ كەتكەن تۆگىلەرنىڭ ئىككىنسى مۇشۇ مويسىپىتنىڭ بولۇپ ، بەش تۆگىچىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ، دورغام ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

سالى دورغا ھېچنېمە دېمەي ھويلىنىڭ چەپ قول تەرەپتىكى خاس مېھمانخانىسىغا كىرىپ كەتتى . خەلق توپى پەرىشان ھالدا تارقىلىشتى . بايىقى شۇم خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن شوپۇلغا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ ، ھەممە كىشى مۇسىبەت قارىلىقىدەك ئېغىر قايغۇدا ئىدى . دېمىسىمۇ ، پۈتكۈل ئەلنىڭ يېرىم يىللىق ئوزۇقى قولدىن كەتكەنىدى . يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قارا قىشتىن قانداق چىققۇلۇق ؟ يامۇلغا تۇتۇپ كېتىلگەن بەش كىشىنىڭ تەقدىرى نېمە بولار ؟ ئۆتنە - لاپقۇت قىلىشقان تۆگىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك ؟

بايا خەلق توپى تارقىلىشقا باشلىغاندا ، مەڭلىك نىياز سالى دورغىنىڭ قىچقارغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ مېھمانخانىغا كىرگەنىدى . سالى دورغا تېخىچىلا ساقىلىنى سىقىمداپ ، كەڭ پەگاھتا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ چىرايى خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ ، كۆزلىرى ئوت يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ قاپىقىنى سالغان پېتى مەڭلىك نىيازدىن قۇمۇلدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . مەڭلىك نىياز سۇقۇۋۇقتىكى تۇز ۋەقەسىدىن باشلاپ ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ نەزەربەند قىلىنغىنىغا قەدەر بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى . سالى دورغا ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ : «خەير ، ئۆيۈڭگە بېرىپ دېمىڭنى ئال ، بالام ، داداڭغا سالام ئېيت» دېدى .

مەڭلىك نىياز ھويلىدىن چىقىۋاتقاندا ، قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ ئۇنى گەجگىسىدىن تارتىۋاتقاندەك ، قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ ئارقىسىغا ، ئارقىدا قېلىۋاتقان ئىشىك ، پېشايۋانلارغا ئىختىيارسىز قارايتتى . ئاھ ، شۇ تاپتا ھېلىقى جانان قىز ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ ، خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىققان تولۇن ئايدەك جامالىنى بىر كۆرسىتىپ قويسا ، يىگىتنىڭ بىر يىلدىن بۇيان جۇدالىق ئوتلىرىدا غەلۋىردەك تېشىلىپ كەتكەن يۈرىكى بىرئاز شىپالىق تاپاتتىمىكىن ؟ بەختكە قارشى ، قىزنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى . مەڭلىك نىياز قارىغىر دۆنەننىڭ چۈلۈۋۈرىنى يېشىۋېتىپ ، قوشنا ھويلىلارنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئاپتاپقا يايغان قۇرۇت ، ئىجىگەي ، كۆممىقوناق باشلىرىنى يىغىۋاتقان قىز - جۇۋانلارغىمۇ بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بۇ جانان كۆرۈنمەيتتى . نېمە بولدىكىنە ؟ ئاغرىپ - تارتىپ قالدىمىكىن ؟ ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرەرىنىڭ ئۆيىگە كەتتىمىكىن ؟

ئەتىسى ، سالى دورغا ئۆز ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ ، شۇ كېچىسىلا شەھەرگە يۈرۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى . ئەمدى شوپۇللۇقلار بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتمەكتە ۋە ھەركىم ھەر خىل مۇلاھىزىلەردە بولماقتا ئىدى . ناماز پېشىنگە يىغىلغان قېرىلار ئارىسىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەڭلىك نىيازنىڭ دادىسى سوپى مەرگەنمۇ بار ئىدى ) گەپ - سۆزلەر تېخىمۇ كۆپرەك بولۇۋاتاتتى . بەزىلەر : «دورغام بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ ، مىجەزى چۇس ئادەم ، يامۇلدىكى دارىنلارغا قاتتىق سۆزلەپ قويۇپ ، بالاغا قالمىغىيدى» دېسە ، بەزىلەر : «چۇپان چېغىدا پادىنى بۆرىدىن قوغدايدۇ ، يۇرتنىڭ ئاتىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنچىلىك قىلمىسا بولامدۇ !» دەيتتى . بويى پاكار ، ئۆزى سېمىز بولغانلىقى ئۈچۈن «تۇلۇمچاشقان» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغان بىر كىشى خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى :

— دورغام نېمە قىلسا قىلسۇن ، تۆگىلىرىمىزنى تىنچ - ئامان

ياندۇرۇپ كەلسە بولغىنى !

— ئۆزلەزە ، تۆگىنىڭ غىمىدىلا قاپتىلا ، بىزنىڭ ئوغۇلنى دىمەمىدىلا . بەش بالامىنىڭ ئىچىدە بىر تالىلا ئوغلۇم شۇ ئەمەس-مىدى ؟ — دىدى قاتاڭغۇر كەلگەن چار ساقاللىق بىر كىشى كۆزىگە ياش ئېلىپ .

— بولدى قىلىشسىلا ، خۇدايىم بەرگەن ئەزىزلىرىم ، — دىدى سوپى مەرگەن قاپاقلىرىنى سىلىپ ، — ھەركىم ئۆز غىمىدە ، قىرى قىز ئەر غىمىدە دەپ ، بىرلىرى تۆگىلىرىنىڭ ، يەنە بىرلىرى ئوغۇللىرىنىڭلا غىمىنى يىگۇچە ، ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، يۇرتنىڭ غىمىنى تەڭ يىسەك ئوبدان بولۇرمىكىن ؟

— قانداق قىلىمىز دەيدىلا ، مەرگەن ، — دىدى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا قىزىقىپ .

— بەش - ئونىمىز ئاتلىنىپ ، دورغامنىڭ كەينىدىن بارايلى ، — دىدى سوپى مەرگەن ، — يۆلەكلىك تام يىقىلماس ، دىگەن گەپ بار . بىز يۆلەك بولۇپ تۇرساق ، دورغامنىڭمۇ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— ئۇنداق قىلغۇچە ، — دىدى مويسىپىت كىشى ، — ئاگال يۇسۇپ تەيجىبەگكە ئەرز تۇتساق بولمامدۇ ؟ ئۇ كىشى يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغاندىن كىيىن قاراپ تۇرماس دەيمەن .

— ئۆزلە نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىلا ، بىزنىڭ مەڭلىكنىڭ ئېيتىشىچە ، يۇسۇپ تەيجىمۇ قانتى قىرقىۋېتىلگەن قارچىغىدا ئوخشىشىپ قاپتۇدەك . چىرىكلەرنىڭ چوڭى ليۇ سىجاڭ دىگەن بىرنېمە ئوردا پالگانلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ، ياراغ - جابدۇقلارنى ئاچىقىپ كىتىپتۇدەك . پالگانبېشى خوجىنىياز ھاجىنىڭمۇ پۇت - قولىنى چۇشەپ قويۇپتۇدەك .

شۇ گەپلەردىن كىيىن تۇلۇمچاشقان قولىنى شىلتىپ : «قايناق سۇ ئىچ ، كۆڭۈل تىنچ دەپتىكەن ، بەش تۆگەم كەتسىمۇ كەتسۇن ، مەن ھۆكۈمەت بىلەن ئېيتىشىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشمىغۇدەكمەن» دىدى . قالغانلارمۇ بىرلەپ - ئىككىلەپ

www.uyghurkitap.com

تارقىلىشتى .

— ھەي بىزنىڭ خۇي ـ پەيلىمىز ، — دېدى سوپى مەرگەن كېتىۋاتقانلارغا قاراپ ، — قاچانغىچە تۆگىنىڭ مايىقىدەك چېچىلىپ يۈرىمىزكىنتاڭ !

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ، سولاقتىكى بەش كىشى بىلەن سالى دورغىنىڭ ئوغلى قايتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ھېلىقى ئۈن بىلەن تۆگىلەرنىڭ پاشالىق قىلىنغىنى قىلىنغان بوپتۇمىش . سالى دورغىنى بولسا ، شوپۇلغا ئالۋان سېلىنغان ئاشلىق ۋە ئوتۇن ـ سامانىنى تاپشۇرمىغۇچە كەتمەيسەن دەپ ، ليۇ سىجاڭ يامۇلغا سولاپ قويۇپتۇمىش .

بۇ خەۋەرلەر ئەلنىڭ كۆڭلىنى يارىغا تۇز سەپكەندەك بىئارام قىلىۋەتتى . بىراق ، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئاخىر سالى دورغىنىڭ ئايالى — ئېگىز بويلۇق ، قاڭشارلىق ، چىرايى ئاق سۆزۈك كەلگەن نىيازخان ئاغىچا بىرەر ياخشى چارە تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن يۇرت چوڭلىرىنى ئۆيىگە چىللىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «تۇلۇمچاشقان» مۇ بار ئىدى . قېرى خىزمەتچى داستىخاننى يىغىپ بولغاندا ، نىيازخان كالۋۇتۇن جىيەكلىك قارا دوخاۋا دوپپا ئۈستىدىن سېلىۋالغان ئاق داكا لېچەكنى بىلەن يۈزىنى يېرىم ياپقان ھالدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەچ ، سۈپىنىڭ گىرۋىكىدە سىڭارىيان ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى . ئۇ ئاياللارغا خاس تارتىنچاقلىق بىلەن يوغان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي ، ئەمدىلا ئىككى ئېغىز گەپ باشلىشىغا «تۇلۇمچاشقان» ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ مۇنداق دېدى :

— دېمىسىمۇ دورغامغا يامان بولدى ، يۇرتنى دەپ سولاققا چۈشۈپ قالدى . ئەمما ، شوپۇللۇقنىڭ ئالتە ئاي ئىشلەپ تاپقىنىنى تۆگىلىرى بىلەن قوشۇپ پاشالىق قىلىپ كەتكەن تۇرسا ، ئەمدى ليۇ سىجاڭغا نەدىكى ئاشلىقنى بەرگۈدەكمىز . بەر دېگەن سېغىن ئىنەك ئەمەس ، كۈندە سېغىۋەرسە بولىدىغان .

— راست ئېيتىدىلا ، — دېيىشتى قالغانلار ئۇنى ياقلاپ .
— ئەمىسە ، بالىلارنىڭ دادىسى سولاقتا يېتىۋەرگەيمۇ ؟ ! ئاشلىق بولمىسا ، باشقا بىرەر ئىلاج بولۇپ قالۇر ، — دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى نىيازخان ئاغىچا . لېكىن ، يۇرت چوڭلىرى دېگەن بىرنېمىلەر ھېچنېمە دېمەستىن ئاستا تارقىلىشتى . پەقەت سوپى مەرگەنلا تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، نىيازخان ئاغىچىغا مۇلايىملىق بىلەن بىــــرمۇنچە تەسەللى بەردى . بىراق ، نىياز ئاغىچا يەنە كۆز يېشى قىلىپ مۇنداق دېدى :
— توۋا ، سوپى ئاكا ، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ ، دەپ بۇ يۇرت چوڭلىرىنىڭ قىلىقىنى قارىمامدىغان . مەن ئۇلارنىڭ يۈزىدە تۈكى بارلىقىنى بىلمەپتىمەن . دورغامنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈۋىدى ، ئۆزۈڭنى بىل ، ئۆزگىنى قوي ، دەپ ، ھەممىسىنىڭ ياقىغا چىقىۋالغىنىنى قارىسىلا .
— ھېچ ۋەقەسى يوق ، بىرنەچچە ئادەم ئۇنــداق قىلغان بىلەن ئەل ـ يۇرت بار ئەمەسمۇ ، — دېدى سوپى مەرگەن ، — ھەق ئېگىلۇر سۇنماس ، دېگەن گەپ بار . دورغامنىڭ ئىشى ھەق ، خۇدايىم مۇشكۇلىنى ئاسان قىلۇر .

## 3

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شوپۇلدىكى چېرىكلەرنىــــڭ باشلىقى جاڭ جىسا[1] ھېلىقى قاراقاش قىزنى سورىتىپ ، نىيازخان ئاغىچىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزدى . بۇ قىز سالى دورغىنىڭ

① جىسا (خەنزۇچە) — مۇپەتتىش دېگەن مەنىدە بولسىمۇ ، بۇ كۈنلەردە قۇمۇل تاغلىرىدىكى جىسالار باج ، ئالۋان ـ ياساق يىغىشقا نازارەت قىلىش ، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇراتتى . بۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك دورغىلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىشتا قوللانغان مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى .

www.uyghurkitap.com

قىزى ئاينىساخان ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نىيازخان ئاغىچا قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇشقا ماقۇل كەلسە، سالى دورغىنى سولاقتىن چىقىرىش، پاشالىق قىلىنىپ كەتكەن ئون بىلەن تۆگىلەرنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىش جاڭ جىسانىڭ قولىدىن كېلەر ئىمىش؛ ھەتتا قىزنىڭ تويلۇقىغا شوپۇل بويىچە ھەممىدىن بولۇق ھېسابلانغان تېرىلغۇ يەردىن ئوتتۇز مو يەر بېرىشكىمۇ رازى ئىمىش. ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ: «ليۇ سىجاڭ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، ئارىمىزدا تۇغقانچىلىقىمىزمۇ بار تېخى، ئۇنىڭغا ھەرنېمە دەپ گېپىمنى يېگۈزەلەيمەن» دەپتىمىش.

جاڭ جىسانىڭ ئۆز ئىسمى جاڭ گوخۇ بولۇپ، شوپۇللۇقلار ئۇنى «جىسا» لىق مەنسىپى بويىچە جاڭ جىسا دەپ ئاتايتتى. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ليۇ سىجاڭغا تايىنىپ، شوپۇلدىكى چېرىكلەرگە باشلىق بولۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىغاندا، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، شوپۇلدا يۈز نەچچە مو يەرگىمۇ ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاھالە قويۇق جايلاشقان مەھەللىدە ھاراق ـ شاراب، ئەپيۇن ـ تاماكا ۋە مىلچىمال ساتىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ، بىر پۇللۇق مالنى بەش پۇلغا سېتىش ۋە جازانە قىلىش يولى بىلەن ئالاھىدە بېيىپ، ھەر ئايدا دېگۈدەك ليۇ سىجاڭنىڭ ئاغزىنى مايلاپ تۇراتتى. ئۆزى بولسا بويىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان قارا كوكا ئېتىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ، توي ـ مەشرەپلەرگە «چاقىرىلمىغان مېھمان» بولۇپ باراتتى ـ دە، بىرەر تۈزۈكرەك ئايالنى كۆرسە، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالاتتى. مۇنداق چاغلاردا، ھەدېسىلا ئوك قېشىغا چۈشۈۋالىدىغان چېچىنى ئالتۇن ئۈزۈك سالغان قولى بىلەن يۇقىرىغا تاراپ قويۇپ غەلىتە قىلىقلارنى قىلاتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ كۆزى ئاينىساخانغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ قىزغا سايىدەك ئەگىشىۋېلىپ، چالا ـ بۇلا

ئۆگىنىۋالغان بىرنەچچە ئىغىز ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن گەپ تاشلايدىغان بولۇۋالدى. بىراق، ئاينىساخان ئۇنىڭدىن خۇددى ئالۋاستىدىن قاچقاندەك قېچىپ، ھەتتا توي - مەشرەپلەرگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى. جاڭ جىسا قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، سالى دورغىنىڭ بېشىغا ھېلىقى قارا كۈنلەر كېلىپ قالدى. جاڭ جىسا ئەمدى ئۇنىڭ ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ نىيازخان ئاغىچىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتكەنىدى.

ئەلچىلەرنىڭ بىرى بولغان بومبا ساقال ئىمام گېلىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك قاتتىق يۆتىلىۋېلىپ: «گەپ شۇ، ئاغىچام، بىزدىن ھەرگىز يامانلاپ قالمىسىلا، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان نىيازخان ئاغىچا ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق زۇۋان چىقمىدى. ئەلچىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر كەشلىرىنى كىيىشتى. ئەتىسى جاڭ جىسا ئۇلارنى يەنە ئەۋەتكەندە، نىيازخان ئاغىچا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. قېرى تېۋىپ ئۆپكە ئىششىقى بىلەن يۈرەك سانجىقىغا دورا بولىدىغان تاغ ئۆسۈملۈكلىرىدىن شەربەت تەييارلاۋاتاتتى.

جاڭ جىسانىڭ ئاينىساخانغا ئەلچى كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر شۇ كۈنلا ھەممە مەھەللىلەرگە تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر: «بۇ دۆيۈزلەرنىڭ قىلمىقىنى شۇ قاپتۇمۇ» دېسە، بەزىلەر: «بۇنىڭ جاجىسىنى ئوبدانراق بېرىپ قويمىساق، ئەتە - ئۆگۈن بىردىن چېرىكنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشتى.

— ھاي، بۇ پەيلىڭدىن يان، يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دېدى مەڭلىك نىيازنىڭ دادىسى سوپى مەرگەن ئوغلىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېسىلىپ، — دورغام

ئۆلگىلى كەتمىدى. ئاگال ئۇ كىشى كەلسۇن، ھېچنېمىسىدىن ھېچنېمە يوق، پىچاق كۆتۈرۈپ چىققىنىڭ نېمىسى!

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. نىيازخان ئاغىچا تېخىچىلا ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. رەڭگىرويى ئۆچۈپ، شەھلا كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ جۇدەپ كەتكەن ئايىنىسا قىز قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى ئانىسىنىڭ يېنىدىن بىر غېرىچمۇ دالجىماي غەم ـ قايغۇدا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، نىيازخان ئاغىچا ئايىنىسا قىزنىڭ چىراغ يورۇقىدا بىرنېمە تىكىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ، ياستۇقتىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ سىنچىلاپ قارىۋىدى، قىز ئانىسىدىن يوشۇرغاندەك قىلىپ، ئەرەنچە دوپپىغا كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوغچىدا رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە نىيازنىڭ ئۇنىڭغا ئەكەلگەن ھېلىقى بازارلىقى ئىدى. «بىچارە قىزىم، — دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى نىيازخان ئاغىچا، — ئەجەبمۇ تەلىيى شورلۇق بالا بولۇپ قالدى. يا بۇ قىزىم مەڭلىك بالىدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى، يا دادا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى دېمىدى. ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆڭلى شۇنچە قاتتىق بولىدىكەن، توۋا! ھەي بۇ ئەر خەقنى، ئۇلارغا ئابرۇي دېگەن چوڭ بىرنېمە ئىكەن. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن دورغىلار تۇرۇپ، ئۆزىمىزگە لايىق كىشى بىلەن قۇدا چۈشمىسەك بولامدۇ، دەپ تۇرۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان. شوپۇللۇقتىن ھېچكىمنى كۆرەر كۆزى يوق. سوپى مەرگەن قولى قىسقا بولغان بىلەن ئەل ـ يۇرت ئىچىدە يۈزى بار، خانغا ئېيتسىمۇ يارايدىغان سۆزى بار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇنى دۆشكەلەيدىغان قېيىنانىسىمۇ يوق ئەمەسمىدى؟ خۇدايىمىزە، بىز خوتۇن خەقنى تولىمۇ ئاجىز يارىتىپتىكەن!»

قىش ئاخىرلىشىپ، باھار باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سالى

دورغا سولاقتىن بوشىنىپ چىقتى . بىراق ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسان توختىمىغانىدى . قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن ھەسەن بالا ھاجى ، يۇسۇپ تەيجىبەگنىڭ ئوغلى مەھبۇببەگ ، ئىسمايىل داتۇ باشلىق كىشىلەر يۇقىرى - تۆۋەن قاترىغاندىن كېيىن ، ليۇ سىجاڭ : «ئۇنداق بولسا سالى دورغا ھۆكۈمەتكە بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جەرىمانە ھېسابىدا ئۈچ مىڭ سەر پۇل① ، يىگىرمە دادەن ئاشلىق ، قىرىق مىڭ جىڭ سامان ، قىرىق تۆت مىڭ جىڭ ئوتۇن يىغىپ تاپشۇرسۇن ، ھېلىقى ئۇن بىلەن تۆگىلەر قايتۇرۇلمايدۇ . سىلەر بۇنىڭغا كېپىل بولىسىلەر» دېگەن شەرت بىلەن ئۇنى سولاقتىن بوشاتقانىدى . قىزىقى شۇكى ، يولۋاس : «مەنمۇ كېپىل بولىمەن» دەپ مەيدانغا چۈشكەندە ، ليۇ سىجاڭ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ دەرھال رازىلىق بىلدۈرگەنىدى .

سالى دورغا بولۇپ ئۆتكەن خاپىلىقلارنىڭ دەردى ۋە بۇ ئېغىر جەرىمانىنىڭ غېمى بىلەن ئوغىسى قايناپ ئولتۇرغاندا ، جاڭ جىسادىن يەنە ئەلچى كەلدى . ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، سالى دورغا ماقۇل بولسا ، جاڭ جىسا بۇ جەرىمانىنى يۇرت ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە كاپالەت بەرگۈدەكمىش .

سالى دورغا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتۇۋېلىپ ، ۋەزمىن بىر ئاھاڭدا مۇنداق دېدى :

— جىسانىڭ ھىممىتىگە رەھمەت . ئۇ ئارىلاشمىسىمۇ ، يۇرت بولغاندىن كېيىن بىرنېمە قىلۇرمىز . جىساغا بېرىپ ئېيتىڭلار ، بۇلتۇر تاياق يېگەن چېرىكنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئېلىپ ، يامان نىيىتىدىن يانغاي . يۇرت يۇرت بولۇپ ، بىز مۇسۇلمانلار تائىپىلەرگە قىز بېرىپ باققان ئەمەس . ئۆزلە ئىمام ئاخۇنۇم بولغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ دىن شەرىئىتىمىزنى ، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى جاڭ جىساغا ئوبدانراق

① ئۇ چاغلاردا قەغەز پۇلنىڭ بىرلىك مىقدارى «سەر» دەپ ئاتىلىپ ، ئۈچ سەر قەغەز پۇل بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى .

چۈشەندۈرسىلە بولمامدۇ؟

— ۋاي دورغام، — دەپ خىرقىراپ جاۋاب بەردى بومبا ساقال ئىمام، مېنى دېمىدى دەملا، بىزمۇ تەڭلىكتە قالدۇق. ئۇيان تارتساق هارۋا سۇنىدۇ، بۇيان تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بېشىمىزغا كەلگەن بىر دىشۋارچىلىق دېسىلە دورغام.

ئاندىن ئىمام بىر يۆتىلىۋېلىپ، «شۇنداق ئەمەسمۇ»، دېدى يېنىدىكىلەرگە قاراپ. «شۇنداق، شۇنداق، بىزدە نېمە ئىلاج» دېدى ئىمامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى مويسىپىت كىشى.

جاڭ جىسا دورغىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولۇق قوراللانغان بەش چېرىكى بىلەن سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە ئات سېلىپ كەلدى. ئۇ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا، تۇلكە ياقىلىق ماش رەڭ ھەربىي پەلتوسىنىڭ بىر پېشىنى قايرىپ بەل تاسمىسىدىكى تاپانچىنىڭ سېپىنى تۇتقان هالدا، چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تۇڭچىسىغا مۇنداق دېدى:

— بىزدە يۇمشاقنى يېمىگەن قاتتىقنى غاجىلاشقا قالىدۇ، دېگەن گەپ بار. دورغىغا ئېيت، قاتتىقنى غاجىلايمەن دەپ چىشىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن.

— جىسا جانابلىرى، ئاڭلىتىپ قوياي، — دېدى سالى دورغا پەسەنت قىلمىغان بىر قىياپەتتە، — بىزدىمۇ نومۇسۇڭنى بەرگۈچە، جېنىڭنى بەر، دېگەن گەپ بار. چىشىمدىن ئايرىلسام ئايرىلارمەن، نومۇسۇمدىن ئايرىلمايمەن. ياخشىسى ئۇ يەرلەرگىچە بېرىشمايلى!

شۇ گەپلەردىن كېيىن جاڭ جىسا تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— خەپ، سالى، شۇ ئەتىۋارلىق قىزىڭنى ئالمىغىنىمنى كۆر! — دەپ ئېتىغا مىندى.

— ساڭا قىز بەرگۈچە ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ ۋارقىرىدى

سالى دورغا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ، — بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ، سالى بولماي كېتەي !

بۇ قىز ماجىراسى توغرىسىدىكى گەپلەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا شوپۇلدىن ئېشىپ ، خوتۇنتام ، باي ، ئاداق ، ئاراتۇرۇك ، نوم ، تۇركۆل (تۇزكۆل) ، نېرىنكىر قاتارلىق يۇرتلارغا ئاڭلىنىپ كەتتى . ھەممە كىشىنى دېگۇدەك ۋەھىمە باستى . ماجىرانىڭ نېمە بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى ھېچكىم قىياس قىلالمايتتى . سالى دورغىنىڭ ئۆزىمۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالدى . ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ياشىنىپ قالغانلار : «سەۋر قىلسىلا ، دورغام ، خۇدانىڭ كۆزى بارغۇ» دەپ تەسەللى بەرسە ، مەڭلىك نىياز ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى مۇشتلىرىنى تۈگۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى .

ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئانچە - مۇنچە مىدىرلىيالايدىغان ھالغا كەلگەن نىيازخان ئاغىچا بولسا ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاپىسىدىن قاچۇرۇپ ئۇچاقنى كولاپ ئولتۇرغان ئاپىسا قىزنىڭ غازاڭدەك سولىشىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا غەمكىن قاراپ : «ياپىر ، يوچۇنلا زامانلار بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ ، — دەيتتى ئىچىدە ئاپئاق لىچىكنىڭ بىر ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ ، — دورغا دادىسى تەتۈرلۈك قىلماي ، بولتۇرلا مەڭلىك نىياز بالىغا ماقۇل دەۋەتكەن بولسا ، بۇ كەمگىچە بىر بالىلىقمۇ بولۇپ كېتەرمىدىكىن . مەڭلىك نىيازنىڭ لاتا ئەيىبىنى دېمىسە ، ئاتا ئەيىبى يوق ئىدى . سوپى مەرگەنلەرمۇ قول - ئىلكىدە بولمىغان بىلەن ، ھالال كۈن كەچۈرىدىغان تۈزۈك ئادەملەر ئىدى . بالىسى مەڭلىكنى دېمەمدىغان ، كۆڭلىدە شەيتىنى يوق ، قەددى - قامىتىمۇ كېلىشكەن ، كۆيئوغلىمىز دېسەك ، ھەممىنىڭ مەستلىكى كېلىدىغان بالا بوپتىكەن . ئەمدى ئۇ يەر يۇتقۇر جىسادىن قانداق قۇتۇلارمىزكىنتاڭ ؟ ! ھېلى بولسىمۇ ، قىزىمىزنىڭ چاي ئىچۇرۇپ قويغان يېرى بار ئىدى دەپ ئېيتقۇزۇپ قويۇپ ، بۇگۈن - ئەتىلا

مەڭلىك بالىغا نىكاھ ئوقۇۋەتسەك بولۇرمىكىن؟»

نىيازخان ئاغىچا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئاستا مېھمانخانىغا كىردى. سالى دورغا مورىغا بىر تال ـ يېرىم تال ئوتۇن تاشلاپ، قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. نىيازخان ئاغىچىنىڭ گېپى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، تال ـ تال چېچىلىپ كېتىۋاتقان سېرىق ساقىلىنى سىقىمداپ مۇنداق دېدى:

— خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، دېگەن راست گەپ ئىكەن. سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى جىسا دېگەن دۆيۈزنىڭ پەيلىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئەمدى بولار ئىش بولدى. مەن يەيدىغىنىمنى يېدىم، كىيىدىغىنىمنى كىيدىم، شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، دورغىلىق دېگەنمۇ ئاتاقتا بار، ساناقتا يوق بىرنېمە بولۇپ قالدى. ئەمدى مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنېمەم يوق. سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى خۇدايىم بېرۇر. ئۇ چىركىن يەنە بوسۇغامغا دارىپ باقسۇنچۇ، كۆرىدىغىنىنى كۆرىدۇ. ناھايىتى كەلسە مۇشۇ جېنىمغا كېلۇر.

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

جاڭ جىسانىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يۇرت ئىچىمۇ جىمجىت بولۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ يۈزىدە مەرۋايىتتەك پارقىراشقا باشلىغان تۈنجى ئەگىز سۇلىرى مۇبارەك نورۇز كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەيتتى بىر دېھقان يېنىدىكى ھەمراھىغا، — قوش چىقىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالدى. بۇ يىلمۇ ئىككىمىز لاپقۇتلىشارمىز ـ ھە!

— شۇنداق، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى، — ئەل تىنچ — مەن تىنچ دەپ ئىلاھىم، ئەل ـ يۇرتنى تىنچ قىلغاي.

بىراق، ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك تىنچلىق بولماي قالدى.

# 4

چۈشكە يېقىن بىر چاغدا خۇلاڭزىچىنىڭ[1] دۇمبىقى داراڭلاپ قالدى . پاكار ، قارا چوقۇر بىر كىشى بۆشۈكسىمان ئىككى سوزۇق ساندۇق ئارتىلغان قۇيرۇقى چولاق قارا بايتالنى يېتىلەپ ، سېپىغا قىزىل - يېشىل لاتىلاردىن پۆپۈك تاقىغان قول دۇمبىقىنى داراڭلاتقان پېتى سالى دورغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا توختىدى . ئۆي - ئۆيلەردىن خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلار چىقىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭلارمۇ بار ئىدى . خۇلاڭزىچى ساندۇقلارنى چاققانلىق بىلەن ئېچىپ ماللىرىنى يايدى . ئۇنىڭ ماللىرى تارغاق - سۆزگۈچ ، ئۇستىرا - پىچاق ، يىپ - يىڭنە ، ئەينەك ، تۈگمە ، مەشۈت يىپ ، چىلتەك ، ئۇپا - ئەڭلىك ، چاي ، سەرەڭگە ، شام - كۆجە قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى . ئويۇن - چاقچاق بىلەن سودا قىزىپ كەتتى . بىر تاز يىگىت ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان قارا چوقۇر جۇۋانغا دارتىپ چاقچاق باشلىدى :

— ھەي سېنى قارا ، — دېدى ئۇ خۇلاڭزىچىنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ ، — بويۇڭ بىر غېرىچ بولغان بىلەن ، ئەقلىڭ ئون غېرىچ كېلىدۇ جۇمۇ ، شوپۇلنىڭ جۇۋانلىرىنى قارىداپ كېتىپتۇ دەپ ، ئۇيمۇ ئالغاچ چىقىپسەن تېخى !

— شۇنى دېمەمدىغان ، — دېدى ھېلىقى قارا چوقۇر جۇۋان ، — خۇلاڭزىچى دۇمبىسىدە پال باققاندەك ، ئۆزلەگە ئوخشاشلارنىڭ تاز بېشىنى چۈشۈرۈشكە ئۇستىرىمۇ ئالغاچ چىقىپتۇ .

مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

بۇ خۇلاڭزىچى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، شەھەردىن ئاشۇنداق

[1] خۇلاڭزىچى — پىيادە ياكى ئۇلاغلىق يۈرۈپ سەييارە مال ساتقۇچى .

يېزىباب ماللارنى ئاچىقىپ، تاغ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ يۈرگەن ۋە چېچەك سېلىشنىمۇ بىلىدىغان ۋاڭ يۈ دېگەن خەنزۇ كىشى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغاندى. كىشىلەر ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىماي «قارا چېچەك» دەيتتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قاچاندۇر بىر زامانلاردا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ چېچەكچى بولغاندىن كېيىن، ئاپاڭنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا بىلىكىڭگە چېچەك سېلىۋالغان بولساڭ، چوقۇر بولۇپ تۇغۇلمايتتىڭ» دەپ چاقچاق قىپتۇ. ئۇمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، «ئاپام مېنىڭ قارا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، قىزلار تەگمەي يۈرمىسۇن دەپ يۈزۈمگە بىر ئېتەك چېچەكنى سېپىپ تاشلاپتىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ ئادەمگە «قارا چېچەك» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ئەمدى بىزمۇ شۇ لەقەم بويىچە ئۇنى «قارا چېچەك» دەپ ئاتىماقچىمىز.

سودا ئاياغلاشقاندا، «قارا چېچەك» يىغىلغان يۈك ـ تېرىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، سالى دورغىنىڭ ھويلىسىغا كىردى ۋە دورغىغا دەيدىغان مۇھىم گېپى بارلىقىنى ئېيتتى.

«قارا چېچەك» غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ، سالى دورغا ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بەك مۇھىم گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن ئەتىگەن جاڭ جىسانىڭ ئۈچ چېرىكى ئۇنى يولدا توسۇپ، تارغاق ـ سۆزگۈچ، ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئەينەك، چىلتەك قاتارلىق ماللىرىدىن بىرمۇنچىسىنى تارتىۋاپتۇ. «قارا چېچەك» خاپا بولۇپ: «نېمە، سىلەر خوتۇن كىشى بولۇپ قالدىڭلارمۇ، بۇنىڭ سىلەرگە نېمە لازىمى؟» دېگەندە، چېرىكلەر كۈلۈشۈپ كېتىپ: «ئاز كۈندە بىزمۇ خوتۇنلۇق بولىمىز، بۇ نەرسىلەر شۇنىڭغا لازىم» دەپتۇ. «قارا چېچەك» بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سورىغاندا، بىر چېرىك ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ: «ئاغزىڭدىن چىقارما، پات يېقىندا جاڭ جىساغا سالى دورغىنىڭ قىزىنى بۇلاپ كېلىمىز، ئاندىن كېيىن جاڭ جىسا ھەممىمىزنىڭ چەنتۇلاردىن خوتۇن

تېپىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىــــدىغان بولدى» دەپتۇ . «قارا چېچەك» گەپكە ئېشەنمەي : «پۇل بەرمىسەڭمۇ مەيلى ، مۇنداق چاقچىقىڭنى قوي» دېگەندە ، ھېلىقى چېرىك : «چىنپۇتمىسەڭ ، شوپۇلدا ئۈچ كۈن تۇر ، جاڭ جىسا تاشۋېلىقتىن[1] يەنە بىر بەن چېرىك ئالغىلى كەتتى . ئۇ كەلگەندە تاماشا كۆرىسەن . خالىساڭ ئۆزۈڭمۇ خوتۇنلۇق بولۇۋال» دەپتۇ .

— دورغام ، — دەپ داۋام قىلدى «قارا چېچەك» ، — مەن بۇ تاغلاردا خېلى ئۇزۇن يىل يۈردى ، سىلەرنىڭ ئاش - تۇزىنى كۆپ يېدى . بىز قېرىنداش ئوخشاش ، بۇنىڭغا مەن چىدىمايدۇ ، قۇمۇلدا مېنىڭ ئىككى قىز بالا بار ، كىم ئۇنى ئانىي قىلسا ، مەن چىدىمايدۇ ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ .

سالى دورغا «قارا چېچەك» كە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى ۋە ئۇ خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ، دەرھال ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بەزى يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ جىددىي مەسلىھەتلەشتى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ھەركىم ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىــشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۆي - ئۆيدە ئورغاق - پالتىلارنىڭ قومتاشقا سۈركىلىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . بەزىلەر پىچاق - خەنجەرلىرىنى نەيزە قىلىپ ساپلاشتى . سوپى مەرگەن مەڭلىك نىيازنى قازناقــقا باشــلاپ كىرىپ ، تــورۇسنىڭ بىر يېرىنــى كۆرسەتتى - دە : «ھىم ، شۇ يەرگە قولۇڭنى تىق» دەپ ، بىر تىزىنى تۇتۇپ بەردى . مەڭلىك نىياز دادىسىنىڭ تىزىغا دەسسەپ تۇرۇپ ، تورۇستىن كىگىز پارچىسىغا ئورالغان بىر نەرسىنــى سۇغۇرۇۋالدى ۋە دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى ھويلىغا ئاچىقىپ يەشتى . باھار قۇياشىنىڭ نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كەتكەن قىلىچ مەڭلىك نىيازنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى .

---

[1] ئەسلى «تاشبالىق» (يەنى تاش شەھەر) ، قۇمۇل ناھىيە شەھىرى بىلەن شوپۇل ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ، بۇ جاي مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولغاچقا ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۇ يەردە خېلى كۆپ ساندا ئەسكەر تۇرغۇزغان .

— ئال ، بالام ، — دېدى سوپى مەرگەن قىلىچنى ئوغلىغا تەڭلەپ ، — بۇ «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىن قالغان تەۋەررۈك . نۆۋەت ئەمدى ساڭا كەلدى . سەن بۇنىڭ بىلەن ئەل - يۇرتنىڭ نومۇسىنى قوغدا .

مەڭلىك نىياز قىلىچنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ ، بىلەي تاشنىڭ يېنىغا ماڭدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۇنى تونىنىڭ ئىچىدىن مۆرىسىگە ئېسىۋېلىپ سالى دورغىنىڭكىگە كەلدى . دەرۋازا ئالدىدا يىراقتىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىرنەچچە ئات باغلاقلىق تۇراتتى . ھويلىدىكىلەر مېھمانخانىنىڭ ھەم يېپىلغان ئىشىكىگە قارىشىپ جىم تۇرۇشاتتى .

— نېمە گەپ ؟ — دەپ سورىدى مەڭلىك نىياز ئۆز دېمەت بىر يىگىتتىن .

يىگىت ئەتىگەن نوم ، ئاداق ، باي ، خوتۇنتام ، ئاراتۇرۇك دورغىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ھېچكىمنى كىرگۈزمەي خېلىدىن بېرى سالى دورغا بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . بىر ھازادىن كېيىن ، مېھمانخانىدىن قاسىم پالۋان بىلەن سالى دورغا چىقىپ كەلدى . قاسىم پالۋان مەڭلىك نىيازغا كۆلۈپ قويۇپ ئاتلارنىڭ قېشىغا ماڭدى ۋە دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى نېرىقى مەھەللە تەرەپكە بۇرىدى . سالى دورغا : «مېھمانلاردىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار» دەپ قويۇپ ، ئىچكەركى ئۆيگە ، يەنى نىيازخان ئاغىچىنىڭ قېشىغا ئالدىراش كىرىپ كەتتى . دورغىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى مېھمانلارنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ مەڭلىك نىيازغا : «سەنمۇ قارىشىپ بەر» دېدى .

مەڭلىك نىياز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا كىرگەندە ، ئوبدان شورپىلىنىپ ، مەڭزلىرى قىزىرىپ كەتكەن مېھمانلار ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتاتتى . مەڭلىك نىياز شۇ كۈنى ئاخشىمىغىچە ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بۇ مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى . گۇگۇم چۈشۈش بىلەن بۇ مېھمانلارمۇ كەلگەن تەرەپلەرگە كېتىشتى .

# 5

جاڭ جىسا تاشۋىلىقتىن قايتىپ كەلگەن كۈنى قاسىم پالۋان ئۈچ مويسىپىت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى . جاڭ جىسا ئۇلار بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئىبسەنلىشىپ قويۇپ تاماكىسىنى قولىغا ئالدى . تۇڭچىسى ئۇنىڭغا سەرەڭگە چېقىپ بېرىۋاتقاندا ، قاسىم پالۋان گەپ باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى سالى دورغىنىڭ تۇغقىنى دەپ تونۇشتۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى ) ، جىسا بىلەن دورغام ئوتتۇرىسىدا ماجىرا چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ناھايىتى بىئارام بولغان ھالدا ، بايدىن شوپۇلغا دەرھال يېتىپ كېلىپ ، دورغىنى جىساغا بىئەدەپلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىنى ، دورغىنىڭ ئۆز ئەيىبىنى بويىنىغا ئالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ :

— بىز سالى دورغا ئۈچۈن جىسا جانابلىرىغا ناماقۇل بولغىلى كەلدۇق ، — دېدى .

— نېمە بىلەن ناماقۇل بولماقچى ، — دېدى جاڭ جىسا بۇ گەپلەردىن قانائەتلەنمىگەندەك قاسىم پالۋانغا ھومىيىپ .

— سالى دورغا جىسا جانابلىرىدەك ئاينىسا قىزغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى بەجا كەلتۈرىدۇ . بۇنىڭغا بىز كېپىل .

— قولۇڭلاردىن تىلخەت بېرەمسىلەر ؟

— كېپىل بولغان كىشى شۇنداق قىلمىسا بولامدۇزە ! — دېدى قاسىم پالۋان كۈلۈپ قويۇپ .

جاڭ جىسا تۇڭچىسىنى دەرھال قەلەم ـ قەغەزگە بۇيرۇدى . قاسىم پالۋانلار ئۆزلىرىنىڭ خەت يازالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇڭچىنىڭ يېزىپ بېرىشىنى سورىدى . تۇڭچى قېلىن سامان قەغەزنى ئالدىغا قويۇپ ، قولىغا يۇڭ قەلەمنى ئالغاندا قاسىم پالۋان مۇنداق دېدى :

— بىزغۇ كېپىل بولدۇق ، ئەمدى جىسا جانابلىرىمۇ ئويلاپ

باقسا ، ليۇ سىجاڭنىڭ سالى دورغىغا قويغان جەرىمانىسىنى قانداق قىلساق بولىدىكىن ؟

— بۇ ئاسان گەپ ، كۆيئوغۇل بولغان كىشى ئۇنچىلىك خىزمەتنى قىلمىسا بولامدۇ ؟ — دەپ كۆرەڭلىك بىلەن كۈلدى جاڭ جىسا . ئاندىن چىچىنى سىلاپ قويۇپ ، — تويىنى قاچان قىلىمىز ؟ — دەپ ھىجايدى .

قاسىم پالۋانلار قائىدە بويىچە ، ئاۋۋال چاي ئىچۈرۈش لازىملىقىنى ئېيتىپ ، توي كۈنىنى شۇ چاغدا بەلگىلەش تەكلىپىنى قويدى . جاڭ جىسا ئۈچ كۈن ئىچىدە چاي ئىچۈرۈپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى . قاسىم پالۋانلار بۇنىڭغا رازى بولدى . ئاندىن ئۇيغۇر - خەنزۇ تىللىرىدا يېزىلغان تىلخەتكە بارماقلىرىنى بېسىپ بېرىپ ، جاڭ جىسا بىلەن خوشلاشتى .

دېگەندەكلا ، ئۈچىنچى كۈنى ئايىنىسا قىزغا چاي ئىچۈرۈلۈپ توي كۈنىمۇ بېكىتىلدى . تويغا يەنە بىر ھەپتە بار ئىدى . شۇ ئارىدا سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان : «تويىنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى راسلاپ كېلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئاراتۈرۈككە بېرىپ ، ئابدىنىياز مىراب ، توقسۇن قورمال ، باقىنىياز دورغا باشلىق ئون نەچچە كىشى بىلەن مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى شامەخسۇتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، ئەسلىي ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىدى . پەقەت ئابدىنىياز مىرابلا سابىق ئوردىنىڭ ئۈچىبېگى دېگەن مەنسىپى بىلەن بىر قىسىم قوراللىق كۈچلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى . ئۇلار : «جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى پۇقرالارنى قاتتىق نارازى قىلىۋەتتى ، ئەمدى بىز نېمە دېسەك خەلق بىزگە ئەگىشىدۇ» دەپ ، ئون ئىككى تاغ بويىچە تەڭلا قوزغىلاڭ قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە قوزغىلاڭ كۈنىنى بەلگىلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان شوپۇلغا قايتىپ كېلىپ ، تويغا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى .

بۇ كۈنلەردە شوپۇللۇقلار ئارىسىدا غەلىتە گەپ - سۆزلەر

بولۇۋاتاتتى . بەزىلەر : «نەچچە ۋاقىتتىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ ، يوغان گەپ قىلغان سالى دورغىنىڭ ئەمدى سۇدىن چىققان مۇشۇككە ئوخشىشىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان . موزاينىڭ يۈگۈرۈشى ساماننىڭقىچە دېگەن شۇ بولدى ـ دە » دېسە ؛ بەزىلەر : «ئادەم ئۆلمەس ، كۆزى تويماس دەپ ، مال ـ دۇنيا دېگەننىڭ مېھرى شۇنداق يامان ئىكەن ، بولمىسا ، سالى دورغىنىڭ بۇ دۇنيادا نېمىسى كەم » دەيتتى ؛ بەزىلەر سالى دورغىغا ھېسداشلىق قىلىپ : «ئۇنىڭغىمۇ ئۇۋال بولدى ، جاڭ جىسا دېگەن مۇتتەھەم قىزىڭنى بەرسەڭمۇ بېرىسەن ، بەرمىسەڭمۇ بېرىسەن دەپ چېرىكلىرى بىلەن دېۋەيلەپ تۇرۇۋالسا ، ئۇ قانداق قىلسۇن ؟ قىزى بار ئادەمنىڭ كۈنى تەس » دېسە ؛ يەنە بەزىلەر : «شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، مانا ساڭا قىز دەپ ، ئۇ مەلئۇننىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپ ، بولغۇلۇقنى كۆرگەن بولسا ، جاڭ جىسادەك چىرىكىنلەر ھوشىنى تاپقان بولاتتى ، ئۇ چاغدا دورغامنىڭ قەبرىسىدىنمۇ گۈللەر ئۇنۇپ چىققان بولاتتى » دەيتتى . سالى دورغىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ، جۇملىدىن سوپى مەرگەن بىلەن مەڭلىك نىيازلار بولسا ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، توي تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل ئىدى .

بىراق ، ئەتە توي دېگەن كېچىسىدىن باشلاپ ، سالى دورغىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن مەڭلىك نىيازغا ئوخشاش يىگىتلەر ئۇيان ـ بۇيان چېپىشىپ ، بارغان يەرلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى . تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ مال سويۇش ، قازان ئېسىش ، چاي قاينىتىش ، يۇلغۇن ـ تېۋىلغا نوتىلىرىدىن زىخ تەييارلاش ، گۈرۈچ يۇيۇش ، سەۋزە توغراش قاتارلىق ئىشلار قىزىپ كەتتى . ئەتراپ يۇرتلارغا بېرىپ ، سودىسىنى تۈگىتىپ كەلگەن «قارا چېچەك» ھويلىنىڭ بۇرجىكىدە كىگىز بورىلار بىلەن توسۇپ ياسالغان ۋاقىتلىق ئاشخانىدا تۆت ـ بەش ئايالنى ئىشقا سېلىپ ، خىلمۇخىل سەيلەرنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۆمرىدە بۇنداق سەيلەرنى يېيىش تۇرماق ، پۇرىقىنىمۇ پۇراپ باقمىغان بۇ تاغ ئائىللىرىنىڭ بەزىلىرى «قارا چېچەك» نىڭ

ھۈنىرىدىن ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا «قارا چىچەك» پىشانە تەرلىرىنى سۈرتۈپ: «ھەي ئايلا، سەن ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ چاپسان بولسۇن» دەپ ۋارقىرايتتى.

كۈن قايرىلغۇچە جامائەتنىڭ ئالدى ـ كەينى ئۇراپ بولدى. ئەنئەنىۋى ئادەتكە خىلاپ ھالدا، بۇ تويغا خوتۇن ـ قىزلاردىن كۆپ كىشى ئېيتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، سالى دورغا كەلگەن ـ كەتكەن جامائەتكە: «ئالدىراپ قالدۇق، خۇدا خالىسا ئەتە ـ ئۆگۈن ئايلا ـ قىزلىرىمىزغا باشقىدىن توي قىلىپ بېرىمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

كۈن پېتىشقا يېقىن، جاڭ جىسا يىگىرمە ئىككى ئاتلىق چېرىكى بىلەن قىز كۆچۈرۈشكە كەلدى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە ياسىنىپ كەلگەنىدى. ئامېرىكان ئۆتۈكى بىلەن قولىدىكى ئاپئاق پەلىيى، پارقىراپ تۇرغان بەل تاسمىسىدىكى تاپانچا قېپى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۆز رەقىبىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قىممەتلىك ئولجىنى تارتىۋالغان كىشىنىڭ چىرايىدا قانداق مەمنۇنىيەت ئىپادىسى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىمۇ شۇنداق بىر خىل كۆرەڭلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېرىكلىرىگە خىتابەن: «پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ ـ كۈلۈپ يايرىۋېلىڭلار، ئاسماننىڭ ئاستى بۈگۈن بىزنىڭ!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى تام تۆۋە ۋە بۇلۇڭلارغا تىرەپ قويۇپ، خاتىرجەم چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

زىياپەت قىزىپ كەتتى. مېھمانخانا بىلەن ھويلىنىڭ پېشايۋانلىرىدا «گاۋشىڭ، گاۋشىڭ» ئاۋازلىرى ياڭراپ، داپ ـ غېجەك بىلەن ئېيتىلىۋاتقان قوشۇل مۇقاملىرىنى ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ قوياتتى. ھەربىر يېڭى سەي، يېڭى كاۋاپ تارتىلغاندا، ئەپچىلگىنە كىيىنىۋالغان تاغ يىگىتلىرى چېرىكلەرنىڭ پىيالىلىرىنى شارابقا تولدۇرۇپ تۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ ئارا ـ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرغان تاغلىقلار چېرىكلەرنى ھەدەپ شارابقا تەكلىپ قىلىپ،

ئۆزلىرىمۇ ئاز ـ پاز ئىچىشەتتى . قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ھويلىنىڭ بىرقانچە يېرىدە لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخان ئوتلىرى چىرىكلەرنىڭ ھاراق ـ شارابتىن قىزارغان يۈزلىرىنى تېخىمۇ قىزىل قىلىپ كۆرسىتەتتى . داپلار قاتتىق ـ قاتتىق ئۇرۇلۇپ ، مەشرەپ باشلىنىش بىلەن قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ، پۈتۈن ھويلا ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى . بەزى چىرىكلەرمۇ ئىككىز ـ پەس دەسسەپ ئوتتۇرىغا چۈشتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئۈيغۇر چىرىكمۇ بار ئىدى .

شۇ ئارىدا ، جاڭ جىسا مېھمانخانىدىن دەلدەڭلەپ چىققان پېتى : «قىز قېنى ، مەن بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشسۇن» دەپ ۋارقىرىدى . چالا مەست چىرىكلەر ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپلا ئىگىز ـ پەس چاۋاك چېلىپ ئۇنىڭ بۇ گېپىنى قوللاپ ۋارقىراشتى . بەستلىك كەلگەن ئىككى ئايال جاڭ جىسانىڭ يېنىغا كېلىپ : «بىز تاغلىقلارنىڭ قائىدىسىدە سۇلتان يىگىت ئۆزى كىرمىسە ، قىز ھۇجرىسىدىن چىقمايدۇ» دېگەن گەپنى تۆگچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى ۋە : «يۈرسىلە ، ئۆزلەنى قىزنىڭ يېنىغا بىز باشلاپ كىرەيلى» دەپ ئۇنى قولتۇقىدىن ئېلىپ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلىدى . جاڭ جىسا شام بىلەن يورۇتۇلغان ياسىداق ھۇجرىنىڭ بىر چېتىدىكى ياغاچ كاتتا چىرايلىق كىيىنىپ ، نەپىس ھال شايى رومالغا پۈركىنىپ ئولتۇرغان قىزنى كۆرۈش بىلەن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا : «ئاھ پەرىشتەم ، قېنى يۈرۈڭ» دەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان ھامان ، ھېلىقى ئىككى ئايال ئىشىكنى «تاق» قىلىپ يېپىۋەتتى . «قىز»نىڭ كۈچلۈك قولى بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر جاڭ جىسانىڭ يۈرىكىگە قادالدى . ھويلا ۋە مېھمانخانىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر چىرىكلەرگە يوپۇرۇلۇپ ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئىشنى تۈگەتتى . مەڭلىك نىياز بېشىدىكى ھال شايى رومال بىلەن يالغان چېچىنى چۆرۈۋېتىپ ، جاڭ جىسانىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتىنى ئۆيدىن سۆرەپ چىقتى .

— يالغان چېچىڭنى سېلىۋالساڭ ، ئاينىسا قىزدىنمۇ

قىلىشمايدىغان قىز بولغۇدەكسەن ، — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن بىرى .

— تولا گەپ قىلما ، بولمىسا ماۋۇنى كۆرۈۋاتامسەن ، — دەپ قولىدىكى قانلىق خەنجەرنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ كۆلىدى مەلىك نىياز .

سالى دورغا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئىشىنى بىر قىسىم كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ، تەييار ئات ۋە مىلتىقلارغا ئىگە بولغان بىر توپ يىگىتلەرنى قاسىم پالۋان بىلەن بىرلىكتە باشلاپ چېرىكلەرنىڭ گازارمىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇلار گازارمىغا يېقىنلىشاي دېگەندە ، داپ ـ سۇنايلار بىلەن «هاي ـ هاي ئۆلەڭ» ئېيتىپ مەشئەل ياندۇردى . بۇنى كۆرگەن گازارمىدىكى چېرىكلەر : «قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلار» دەپ ئويلاشتى ـ دە ، دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ ، ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئالدىغا چىقتى . بىراق ، تۇيۇقسىز ياغقان ئوق يامغۇرى ئىچىدە ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پۇتۇن گازارما تاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . گازارمىنىڭ ئارقا تېمىدىن چۈشۈپ قېچىپ كەتكەن ئىككى چېرىكنى دېمىگەندە ، شوپۇلدىكى قىرىق نەچچە چېرىكنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى . ئۇلارنىڭ قوراللىرى بىلەن گازارمىدىكى ئوق ـ دورا ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسى تاغلىقلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالدى .

1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق باشلاندى . بۇ يېڭى كالېندار ھېسابىدا 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى .

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا بىرمۇنچە ئادەملەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسمۈر ـ باللارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى ) ئىگىسىز قالغان گازارمىنى بۇلاشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ تولىسى ئاشلىق ئامبارلىرى بىلەن يەم ـ بوغۇزغا تېگىش قىلسا ، بەزىلىرى گازارما ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ـ پەنجىرىلىرىنى سۆكۈش بىلەن بەند بولاتتى . يەنە بەزىلىرى چېرىكلەردىن قالغان يوتقان ـ كۆرپە ، چىنە ـ قاچا ۋە

باشقا نەرسىلەرنى ئېلىشسا، ھەتتا بەزىلەر ئۇلجا تالىشىپ ۋارقىرىشىپمۇ قوياتتى.

قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان كوسا ساقال، شادا پاچاق ئادەم يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر بالىغا يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى گۈللۈك جاۋۇرنى تارتىۋالدى. بالا: «ھەي كانتۇ، ئىزا تارتمىغان كانتۇ، سەن توختاپ تۇر، دادامغا ئېيتىمىسام سېنى» دېگەن پېتى يەنە گازارما تەرەپكە ماڭدى.

بۇ ئادەم قاچاندۇر بىر زامانلاردا بىرنەچچە قوي ئوغرىلاپ قويغىنى ئۈچۈن «كانتۇ» لەقىمى سىڭىپ قالغان ھوشۇر دېگەن كىشى ئىدى. بەزى كىشىلەر ئۇنى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ «ھوشۇر كانتۇ» دەۋېرەتتى. ئۇمۇ بۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ھوشۇر كانتۇ بىر بولاق ئولجا بىلەن ھېلىقى گۈللۈك جاۋۇرنى قولتۇقلاپ مەھەللىگە كىرگەندە، ئون — يىگىرمە ئادەم جاڭ جىسانىڭ دۇكىنىنى بۇلاۋاتاتتى. دۇكاننىڭ مال ساتقۇچىسى— ئەللىكلەردىن ئاشقان ياغاق يۈز بىر خەنزۇ قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنگەن خوتۇنى بەش ياشلاردىكى بىر قىز بالىنى قۇچاقلاپ، بۆرىگە ئۇچراپ قالغان قوزىدەك دىر - دىر تىترەپ تۇراتتى. ھوشۇر كانتۇ بىردەم قاراپ تۇردى - دە، ئىتتىك بېرىپ خوتۇننى قولىدىن تۇتۇپ سۆرىدى. ئانا - بالا تەڭلا چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۇنى نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ ئارىلاشتى ھېلىقى تۇلۇمچاشقان لەقەملىك سېمىز ئادەم. ئۇ دۇمبىسىدىكى تاغىرنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ پۇشۇلداپ تۇراتتى.

— مالنى سىلەر ئېلىڭلار، خوتۇن ماڭا قالسۇن، — دېدى ھوشۇر كانتۇ، — كەمبەغەللىك دەستىدىن بۇ كەمگىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولالمىغىنىمنى بىلىسىلەرغۇ!

— ماۋۇ كانتۇنى قارا، ئۇ ئىمانسىزنى قانداق خوتۇن قىلاتتىڭ؟ — دەپ خىرقىراپ كۈلدى تۇلۇمچاشقان.

— بۇنىڭ بىلەن ئۆزلەنىڭ كارىلىرى بولمىسۇن ، ئۆزۈم ئىمان ئېيتقۇزۇۋالىمەن ، — دېدى هوشۇر كاتتۇ ئايالنى مېڭىشقا زورلاپ . ئايال ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپ ، نالە - پەرياد قىلىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق بىلەن ھەممەيلەن جىمىپ ، مىلتىق ئېتىلغان تەرەپكە قاراشتى . تەخمىنەن يىگىرمە قەدەم نېرىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سالى دورغا ، ئوڭ تەرەپتە قاسىم پالۋان مىلتىقلىرىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا كۆندىلەڭ قويۇپ تۇراتتى . سالى دورغىنىڭ سول تەرىپىدە مەڭلىك نىياز ھازىرلا ئېتىلىپ بولغان مىلتىقىنى تۇتۇپ ئېگەردە تىك ئولتۇراتتى .

— قويۇۋەت ئۇنى ! — دەپ ۋارقىرىدى سالى دورغا ، ئاندىن ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ تاشلانغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، شۈمشىيىپ تۇرغان ئادەملەرگە مۇنداق دېدى :

— بۇ نېمە قىلىق ؟ كىم سىلەرنى بىكاردىن - بىكارغا قان تۆكۈپ ، بۇلاڭچىلىق قىلىڭلار دېدى ؟

— ئۆزلەمۇ شۇنچە چېرىكنى ئۆلتۇردىلەغۇ ؟ بىز بىر خىتاينى ئۆلتۇرۇپ مېلىنى ئالساق نېمە بوپتۇ ؟ — دەپ هۇرپەيدى شادا پاچاق بىرى .

— پوق يېمە ، خوتۇن تالاق ، چېرىك دېگەن چېرىك ، بۇ قېرىدا نېمە گۇناھ ؟ يىگىت بولساڭ پۇقرانى ئانىي ئەتمەي ، قولىدا مىلتىقى بار چېرىكلەرگە ئۆزۈڭنى كۆرسەت !

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا ، دورغام ! — دەپ گەپكە ئارىلاشتى قىرىق ياشلاردىكى قالماق يۈزلۈك ئادەم ، — بۇ چېرىكنىڭ قىلغانلىرى ئازمۇ ؟ بىر پۇللۇق مالنى ئون پۇلغا سېتىپ ، ھەر يىلى جازانە قىلىپ بىزنى قەرزگە بوغۇۋەتتى . مانا ئۇنىڭ داڭزىسى ، بۇنىڭغا نېمىلەرنى پۈتۈپ قويدىكىن تېخى بۇ چىركىن ؟

ئۇ شۇنداق دەپ سامان قەغەزدە تۇپلەنگەن كۆك تاشلىق قېلىن دەپتەرنى سالى دورغىغا ئۇزاتتى :

— كۆيدۈرۈۋەت بۇنى، — دېدى مەڭلىك نىيازغا قاراپ. مەڭلىك نىياز ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ دەپتەرنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

شۇ ئارىدا سالى دورغىنىڭ كۆزى ھېلىقى تۇلۇمچاشقانغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئېتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋىتىپ كېلىپ:

— شۇنچە مال ـ دۇنيالىرى تۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئىزا تارتمىدىلامۇ؟ نومۇس، نومۇس! — دېدى.

— ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ، — دەپ غەلىتە قىياپەتتە ھىجايدى تۇلۇمچاشقان.

سالى دورغا بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك، ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— نىيەتلىرى شۇ بولسا، سېسىق پاقىنى يۇتۇۋېرىپ، يېرىلىپ ئۆلگەن يىلانغا ئوخشىشىپ قالغۇدەكلا!

توپ ئىچىدىن يېنىك كۈلكە ئاڭلاندى.

سالى دورغا توپقا قاراپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەمەس، قېرىنداشلار! بىز زورلۇق، ھاقارەتكە چىدىماي كۆتۈرۈلدۇق. پىچاق سۆڭەككە يەتتى ئەمەسمۇ! سەۋرىمىزنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ـ دە. مانا كۆرۈۋاتىسىلەر، شوپۇلنى چېرىكلەردىن قۇتۇلدۇردۇق. باشقا تاغلاردىكى چېرىكلەرمۇ بۇ كەمگىچە يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندۇ. ئەممازە، قۇمۇلدا، تاشۋېلىقتا، شىڭشىڭشيادا لىيۇ سىجاڭنىڭ نەچچە مىڭ چېرىكى تېخى ھايات، ئەمدى بولغۇلۇق بولدى.

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇ خۇددى قىلىدىغان سۆزىنى تاپالماي قالغاندەك، سېرىق ساقىلىنى سىلاپ توختاپ قالدى.

— ئۇتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن ياخشى دەپتىكەن، — دەپ گەپ قىستۇردى قاسىم پالۋان، — بۇرۇنقىدەك قارا كۈنلەر بېشىمىزغا يەنە كەلمىسۇن، زۇلۇمدىن بىراقلا قۇتۇلايلى دېسەڭلار، قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار، مىلتىق

يېتىشمىسە ، ئورغاقمۇ قورال ، تاياق ـ توقماقمۇ قورال . كېيىنچە لىۇ سىجاڭنىڭ چېرىكلىرى بىزگە يېتىپ ئاشقۇچە مىلتىقمۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ ، تېخى !

— ھەئە ، پالگان توغرا ئېيتتى ، — دېدى سالى دورغا ، — «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىمۇ شۇنداق بوپتىكەن . نەچچە مىڭ چېرىكنى جەھەننەمگە يوللاپتىكەن . شامەخسۇت بىلەن چيەن دارىننىڭ چېرىكلىرىمۇ ئاز ئەمەسكەندۇق ، ئۇلارنى ئاقچۇق سېيىدا تاشتەك ياتقۇزۇۋەتكەنلەرمۇ بىزدەك تاغلىقلار ئەمەسمىدى . ئەممازە ، تىنچ يۇرگەن پۇقراغا چېقىلساڭ بولمايدۇ . دۇمبىسى سۇر كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى بۆرە ئەمەس ، تاغ ئۆچكىسىنىڭمۇ دۇمبىسى سۇرغۇ ؟ ! تائىپە ئىكەن دەپ كۆرگەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلساق ، ئويلاپ بېقىڭلار ، قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ ؟ تائىپەلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋەتكەيمۇ ؟ ھاي ھوشۇر كانتۇ ، سەن ھەددىڭدىن ئاشما ، ھېلى بىكار ، كاللاڭنى ئېلىپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي . ھە ، شۇنداق بولسۇن ، قېرىنداشلار ، قالغان گەپنى كېيىن قىلىشىمىز .

ئاندىن سالى دورغا مەڭلىك نىيازغا قاراپ :

— ئاۋۇ خوتۇننى بالىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ بار ، — دەپ ئېيتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى .

كەچقۇرۇن سالى دورغا «قارا چېچەك» نى مېھمانخانىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى :

— بىر ئات بېرەي ، ئاۋۇ خوتۇننى قىزى بىلەن مىندۇرۇپ قۇمۇلغا ئەكەت ، بىرەر تۇغقىنى چىقىپ قالار . ئۆزۈڭمۇ جاھان شۇنچىلىك گاختا قۇمۇلغا تىنچ بېرىۋال . تونۇمايدىغان بىرەرى ساڭىمۇ چېقىلىپ قويمىغاي يەنە . بۇ خەقنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ ! ئەمدى تاغدا تىنچلىق بولمايدۇ ، بىزغۇ كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن تىنچلىقنى تىلەپ كەلگەندۇق . بۇ ھۆكۈمەت

بىزنى تىنچ قويمىسا، بىزگە نېمە ئامال بار دەيسەن.
«قارا چېچەك» سالى دورغىغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتتى. ھېلىقى ئايال بولسا تېخىچىلا ھوشىغا كېلەلمەي، بالىسىنى قۇچاقلاپ مۆردىدەك قېتىپ تۇراتتى. «قارا چېچەك» سالى دورغىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆرۈپ بەرگەندە، ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ، يەرگە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەتىسى سالى دورغىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوراللانغان ئىككى يىگىت ئۇلارنى يۇرت ئىچىدىن ئامان - ئېسەن چىقىرىپ قويدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ بىرى مەخلىك نىياز ئىدى.
— ھەي، ماخا قارا، بالام، — دېدى سالى دورغا مەخلىك نىياز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — سەن ئوردىدا بىر يىل پالغان بولدۇڭ. جەڭ ھۈنەرلىرىنى ئوبدان ئۆگەندىڭغۇ دەيمەن. ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئاداشلىرىڭغا ئۆگەت. بىزنىڭ كۆنىمىز ئەمدى جەڭ بىلەن ئۆتىدۇ.
— خوپ، دورغا ئاتا، مەن جەڭگە تەييار! — دېدى مەخلىك نىياز كۆكرەك كېرىپ.
دەرۋەقە، شۇنىڭدىن باشلاپ شوپۇللۇقلار جەڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئادەتتە بۇ خەلق ئىچىدە ئوۋچىلىق بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىدىغان مەرگەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان بەشئاتار مىلتىقلار بىلەن قوراللاندى. قاسىم پالۋان ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرەتتى. مەخلىك نىياز ئاتلىق يىگىتلەرگە گاھ قىلىچۋازلىقنى ئۆگىتەتتى، گاھ بىرنەچچە يىگىت بىلەن يۇرت ئىچىدىن چىقىپ، تەرەپ - تەرەپلەردە چارلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئادەتتىكى دېھقان - چارۋىچىلارمۇ قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن قوراللىنىپ، سالى دورغىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىدىن كەتمەيتتى.
شۇ ئارىدا، تاشۋىلىقتىكى چېرىكلەر ئالدىراپ - تېنەپ ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بىراق، نۇرغۇن جەسەت بىلەن

مىلتىقلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىپ كېتىشتى.

بۇ كۈنلەردە نوم، ئاداق، باي، ئاراتۇرۇك، تۇركۆل قاتارلىق تاغلاردىكى جىسالار بىلەن چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى يوقىتىلىپ، پۈتۈن تاغ رايونى دېگۈدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. خۇددى قېلىن ئورمانلىقتا تۇتاشقان ئوت ھۆل - قۇرۇق ھەممىنى كۆيدۈرۈپ ماڭغاندەك، بۇ قوزغىلاڭ كۈنلىرى نومدىكىگە ئوخشاش دەھشەتلىك پاجىئەلەرمۇ يۈز بەردى. بۇ پاجىئە قوزغىلاڭ تارىخىنىڭ بىر خۇنۇك سەھىپىسى بولۇپ قالدى.

## 6

نوم — قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى بۇرجىكىدە، تاشقى موڭغۇلغا يېقىن جايلاشقان ئەڭ چەتتىكى بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ يەر شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئادەم پالايدىغان جازا لاگېرى ئىدى.

«ھاراق دېگەن ئاچچىق نېمە شىڭ - شىڭ قاينايدۇ،
چىڭگاڭ غوجام كايىپ قالسا نومغا پالايدۇ،
پالىسىمۇ پالىسا، ئېتىپ سالمىسا،
چۆچۈرىدەك بەش بالامنى يېتىم قويمىسا.»

دېگەن مەشھۇر خەلق قوشىقى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چىققانىدى. بۇ يەردە نەچچە ئونلىغان زىندانلار بولۇپ، بۇ زىندانلار بىرنەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغزى تار، ئىچى كەڭ، يەنى تونۇر شەكلىدە، ھەربىرىگە بەش، ھەتتا ئون ئادەم سىغىدىغان قىلىپ ئويۇپ ياسالغانىدى. ئېغىر گۇناھكارلار بۇ زىندانلاردا چىرىپ تۈگەيتتى. گۇناھى يېنىكلەر كېچىسى زىندانغا تاشلىنىپ، كۈندۈزى ۋاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى. نوم ئەتراپىتىكى يۇرتلاردىن دەشت - باياۋانلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئارال

شەكلىدىكى جاي بولغاچقا، زىندانغا تاشلانمايدىغان گۇناھكارلارمۇ ئۇ يەردىن ئاسانلىقچە كېتەلمەيتتى. جازا مۇددىتى توشقۇچە تىرىك قالالىغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتسا، بەزىلىرى (مەسىلەن، ئىگە ـ چاقىسىز قالغانلار) ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇش نىيىتىدە شۇ يەردە يەرلىشىپ قالاتتى. ھەتتا شەھەر ۋە يېزىلاردا ئالۋان ـ ياساق، يوقسۇزلۇق، جازانە دەستىدىن قەرزگە بوغۇلۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماس ھالەتكە يەتكەنلەرمۇ نومغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىناتتى. نوم خەلقىنىڭ ئاساسىي قىسمى زۇلۇم ئوچىقىدا تولا كۆيۈپ، باغرى كاۋاپ بولۇپ كەتكەن ئەنە شۇنداق كىشىلەر بولغاچقا، دىققەت بىلەن كۆزەتسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر ئۆچ ـ ئاداۋەت، قىساس ۋە ئىسيان ئوتلىرىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغانلىقىنى، روھىي ھالىتىمۇ غەلىتىرەك، يەنى مىجەزى چۇس ھەم قارام ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقىغان بولاتتىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ يەرگە دورغا بولغانلارمۇ ئادەتتە ئۇلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ھېسابلىشىپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جىن شۇرېن ھۆكۈمەتلىرى 1928 ـ يىلى ئەتىيازدا شامەخسۇتنىڭ پالەچ كېسەللىكى بىلەن يېتىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل دىيارىنى بىۋاسىتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇن ئىككى تاغقا جىسا قويۇپ، دورغىلارنىڭ ئىمتىيازلىرىنى چەكلەش ئەنە شۇ نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى ئىدى. شامەخسۇتنىڭ ئۆلۈمى دەل بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياخشى پۇرسەت بولدى. يېزىلاردا يەرنى موغا ئېلىش بىلەن تەڭ تاغلاردىكى «تۆمۈر چارۋا» تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدى. نومغا ئادەم پالايدىغان ئىشمۇ تۈگىدى. بۇ خەلق ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىدى.

بىراق، نومنىڭ جىساسى شى جىڭفېڭ (يەنى شى جىسا) زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشتا شوپۇلدىكى جاڭ جىسادىنمۇ

ئاشۇرۇۋەتتى . ئۇ جىن شۇربىنىڭ بۇيرۇقىنى بىلەن نومغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەكسەن نەچچە ئۆيلۈك كەنسۇلۇق كۆچمەنگە ئەڭ مۇنبەت يەرلەرنى ئېلىپ بەرگەنىنىڭ ئۇستىگە ، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان يەر بىجىنى ئىككى يىل كېچىكتۈرىدىغان بولدى . يەرلىك خەلقنى ئۇلارغا ئات ـ ئۇلاغ ، تېرىلغۇ سايمانلىرى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى . بۇ ئات ـ ئۇلاغلارنى ئۇلار ئىشلىتىپ ، خەلق بېقىپ بېرەتتى ، ھەتتا ئۇلار قوشقا قاتقان كالىلارنى ئىشلىتىپ بولۇپ ، قوش ـ ساپانلىرى بىلەنلا ھەيدەپ تاشلايتتى . ئىگىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولغۇچە ، بۇ كالىلارنىڭ بەزىلىرى ئازگاللارغا بويىنىدىكى قوش ـ ساپانلار بىلەن پۇتلىشىپ يىقىلىپ ناكار بولاتتى ؛ بەزىلىرى كۆلچەكلەردە توختاپ قالغان ئىسسىق ۋە پاسكىنا سۇلارنى ئىچىۋېلىپ ئاغرىپ ئۆلەتتى . ھەممىدىن يامىنى شۇكى ، شى جىسا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان كىشىلەرنى قەستەن يىراقلارغا ھاشارغا ھەيدىۋېتىپ ، ئۆز چېرىكلىرىنىڭ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، شى جىسا بىلەن نومغا كەلگەن جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بويتاق بولغاچقا ، ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆيلىنىش كويىغا چۈشكەنىدى . بىراق ، ھېچكىم ئۇلارغا قىز بېرىشكە ئۇنىمايتتى .

بىر كۈنى سودىگەرلەر لى يۇڭ دېگەننى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن شى جىسانىڭ قېشىغا ۋەكىل قىلىپ كىرگۈزدى .

— بىز مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدۇق ، — دېدى لى يۇڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن ، — قۇمۇلدا ئۆز خەنزۇلىرىمىزدىن خوتۇن ئاچىقايلى دېسەك ، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمىسا ، بۇ يەردىكى چەنتۇلار بىز بىلەن تويلىشىشنى رەت قىلسا ، بىز مۇشۇنداق ئۆتىۋېرىمىزمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ، بۇ يەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى دورغا بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ ، سودىدا بىز بىلەن پۇت تېپىشىۋاتىدۇ ، قۇمۇلدىن ئۆز ئالدىغا مال ئاچىقىپ بىزنىڭ سودىمىزنى كاسات قىلىپ قويىدى . جىسا جانابلىرىغا مەلۇم ، بىز پەقەت سودا بىلەن بېيىۋاتقاندۇق ، بۇنىڭ سىزگىمۇ پايدىسى تېگىۋاتاتتى . ئەمدى يا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولالمىساق ، يا بۇرۇنقىدەك بېيىش



uyghurkitap.com

ئىمكانىيىتى بولمىسا بىزگە بۇ يەردە نېمە بار؟ بۇ ئىشلار ھەل بولمىسا بىز كېتىمىز . بىز تۇرماق چېرىكلىرىڭىزمۇ ئاخىر قېچىپ تۈگەيدۇ . ئۆزىڭىز يالغۇز قالامسىز؟

— مېنىڭمۇ بېشىم قاتتى ، — دېدى شى جىسا ، — قېنى ياخشى مەسلىھىتىڭىز بولسا ئېيتىپ باقمامسىز؟

— بۇ ئاسان گەپ ، — دېدى لى يۇڭ شى جىساغا ئاستا پىچىرلاپ ، — بىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلار سالـــى دورغا (نومىنىڭ دورغىسىنىڭ ئېتىمۇ سالى ئىدى) باشلىـــق يۇرت چوڭلىرى . بىز ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك ، يۇقىرا دېگەن چۇپانسىز قالغان پادىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ ، قاياققا ھەيدىسىڭىز شۇ ياققا ماڭىدۇ ئەمەسمۇ !

بۇ پىكىر شى جىساغا ياقتى . ئۇ لى يۇڭ باشلىق جازانىخورلار ۋە ئۆزىنىڭ يېقىندىكى قولچوماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بىر چوڭ سۇيىقەست پىلانلىدى . شى جىسا كىچىك نوم دېگەن يەردىن توي قىلىپ قايتقاندىن كېيىن : «مەن يۇرت چوڭلىرىغا بۇ يەردە باشقىدىن توي قىلىپ بېرىمەن» دېگەن باھانە بىلەن سالى دورغا باشلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى چايغا ئېيتىپ ، غىزا ـ تاماققا زەھەر سېلىپ بېرىدىغان بولدى . ھېلىقى كۆچمەنلەرنى : «چەنتۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ ، دەرھال سىـــم توقماقلارنى ياساپ تەييارلىنىڭلار . بىــزگە بەلگە بەرگەن ھامان چېرىكلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا ھۇجۇم باشلاپ ، ئەركەكلىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار ، خوتۇن ـ قىزلىرى بىلەن مال ـ مۈلكى سىلەرنىڭ بولىدۇ» دەپ قۇتراتتى . نومغا بۇرۇنراق كېلىپ يەرلىشىپ قالغان شۇي لۇيى دېگەن تىجارەتچى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ ، ئەھۋالنى سالى دورغىغا ئېيتىپ قويىدى .

— مەن خەنزۇ بولسامۇ ، — دېدى ئۇ ، — سىلەر بىلەن قېرىنداشتەك بولۇپ قالغان . ئۇلارنىڭ خۇدادىن قورقماي ، مۇنداق ناھەق قان تۆكۈشىگە ھەرگىز رازى ئەمەسمەن .

سالى دورغا چۆچۈپ كەتتى ۋە يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ ، بۇ سۇيىقەستكە قارشى تەدبىر تېپىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىـــپ

تۇرغاندا ، شى جىسانىڭ چايغا چاقىرغان باغىقى كېلىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىچىچە ئۆيمۇئۆي خەۋەر قىلىپ خەلقنى قوزغىدى . ئاران تۇرغان خەلق قارا مىلتىق ۋە تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللاندى . ئەتىسى يۇرت چوڭلىرىغا داستىخان تارتىلىش بىلەن تەڭلا ، قوراللانغان خەلق جىسا گازارمىسىغا شىددەتلىك هۇجۇم باشلاپ ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ هەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر بۆلىكى هېلىقى كۆچمەنلەرگە تېگىش قىلىپ بىرىنىمۇ تىرىك قويمىدى . شۇنداق قىلىپ ، كۆن پېتىپ بولغۇچە نوم دېگەن يۇرتنىڭ ئىچى ئاپئاق بۇلۇتلار مەڭزىدىكى كەچكى شەپەقتە ئوخشاش قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى . بۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلار چەت ـ ياقىلاردىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇناتتى . ھەتتا ئىتلارمۇ قاۋاش ئىقتىدارىدىن قالغاندەك ، تام تۈۋلىرىدە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم يېتىشاتتى .

نوم ۋە باشقا يۇرتلاردىكى قوزغىلاڭ يالقۇنلىرى نىيازخان ئاغىچىنىڭ ئاينىسا قىز توغرىسىدىكى غېمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى . «ئەمدى ھەممە يۇرت بۇزۇلۇپ كەتتى ، يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ تېخى ، قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە ، دورغا دادىسىمۇ جىقلا ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . مۇنداق گاختا سوپى مەرگەنلەرنىڭ كەمبەغەللىكىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەس ، يەنە بىر قېتىم گەپ قىلىپ باقاي ، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ئۇناپ قالسا ، ئاينىسا قىز بىلەن مەڭلىك بالىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇپ خاتىرجەم بولايلى . جاھان تىنچىغۇچە كىم بار ، كىم يوق . » ئۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئەلياتارغا يېقىن سالى دورغىنىڭ قېشىغا كىردى . بىراق ، ئەمدىلا گەپ باشلاپ تۇرغاندا ، هويلىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، مەڭلىك نىيازنىڭ : «دورغا ئاتا ، دورغا ئاتا» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . سالى دورغا ئورنىدىن ئىتتىك قوپۇپ ئىشكنى ئاچتى .

يەتتىنچى باب

# قاپلان ئۆز ماكانىنى تاپتى

*ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ،*
*ئۆزگىنى شىر چاغلا .*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## 1

كىتابىمىزنىڭ بەشىنچى بابىدا ليۇ سىجاڭنىڭ خوجىنىياز هاجىنى نەزەربەند قىلغانلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلگەندى . بىراق ، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى . ليۇ سىجاڭ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىۋېتىش كويىغا چۈشۈپ ، جۇڭشياۋ (پودپولكوۋنىك ) دەرىجىلىك قېرى مۇشاۋىر ياڭ سەنمۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالماقچى بولدى .

— قېنى ئېيتىڭا ، بۇ ئاپەتنى قانداق قىلساق بولىدۇ ؟ — دېدى ليۇ سىجاڭ تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ .

قېرى مۇشاۋىر ياڭ زېڭشىننىڭ جاڭجۇڭ يامۇلىدا شاۋشياۋ (مايور ) لۇق دەرىجىسى بىلەن ئۇزۇن يىللار ئىشلەپ ، جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، ليۇ سىجاڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن كىشى ئىدى . ئۇنىڭ دەرىجىسىنىمۇ جىن شۇرېن ئۆزى ئۆستۈرگەن . بويى جەينەكتەك كېلىدىغان جۈەككىنە بۇ ئادەم ليۇ سىجاڭنىڭ خادىملىرى ئىچىدە هەممىدىن ئوقۇمۇشلۇق ، پەم - پاراسەتلىك هېسابلىناتتى . ئۇ ئەپيۇن

چەكمەسلىكى ، قىمار ئوينىماسلىقى ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلەردىن يىراقلىقى بىلەن باشقا ئەمەلدارلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ۋە ھۆسنخەت يېزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى . ئۇنىڭ كۆپرەك ئوقۇيدىغىنى قەدىمكى زامانىنىڭ جەڭ تاكتىكىلىرى بايان قىلىنغان «سۇڭزى بىڭفا»[①] ۋە «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەر ئىدى .

ئۇ ليۇ سىجاڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى قانداق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدىكى سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ :

— ئاۋۋال سىجاڭ جانابلىرىنىڭ دانىشمەنلىك پىكرىنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ ، — دېدى .

— مەن سىزگە ئوخشاش ياپسام تۇتارمۇ ، كۆمسەم پىشارمۇ ، دەپ ئولتۇرىدىغان تالىپ مىجەز كىشى ئەمەس ، — دېدى ليۇ سىجاڭ سەل كايىغاندەك قىلىپ ، — مەن ئۇنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرساملا ئىش تۈگەيتتى . يېڭىراق گەپ چىقارمىكىن دەپ سىزدىن مەسلىھەت سوراۋاتىمەن .

ئۇ ليۇ سىجاڭنىڭ ئۇر - چاپتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان سامان قورساق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ھەيران قالماي ۋەزمىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— جانابلىرى دانىشمەن سەركەردىمىز ياڭ جاڭجۈننىڭ شىنجاڭ سىڭنى قانداق قىلىپ ئون يەتتە يىل سورىغانلىقىنى خاتىرە شېرىپلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغانلا ، خوجىنىياز ھېلىقى تۆمۈر ئىسيانى بولغان يىللاردىن تارتىپلا ئەل ئىچىدە نامى چىقىپ قالغان ئادەم . ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك دۈشمەننى كۆپەيتىۋالىمىز . تىرىك قويساق ، ئاخىر بىر كۈنى يۇرتىغا بېرىۋالىدۇ . بۇ يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ . شامەخسۇتنىڭ ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ

---

① تەخمىنەن 2500 يىل بۇرۇن سۇڭ ۋۇ دېگەن ئالىم تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر ھەربىي تاكتىكا كىتابى ، بۇ كىتاب كېيىنكى زامانلاردا ياپون ، رۇس ، نېمىس ، فرانسۇز ۋە چېخ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان .



كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇشمۇ تاسادىپىي بولمىغان . مەنچە بولغاندا ، بىزمۇ مۇنداق باش ئەگمەس ئىسيانچىلاردىن پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز ، يەنى مەسىلەن ، ئۇنىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش بىر تال يىپ بىلەن يامۇلغا باغلاپ قويۇشىمىز لازىم .

— ئۇنى ئۆلتۈرمەي بىرەر مەنسەپكە قويايلى دېمەكچىمۇسىز ؟

— شۇنداق ، جانابلىرى .

— ياق ، ياق ، مۇنداق قىلىشنىڭ هاجىتى يوق ، — دېدى ليۇ سجاڭ ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، — هازىرقى قۇمۇل ۋەزىيىتى تۆمۈر زامانىسىدىكىگە ئوخشىمايدۇ . ياڭ جاڭجۇڭ جانابلىرى تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچىتىۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان .

— مەنچە ، — دەپ يەنە ۋەزمىن سۆزلەشكە باشلىدى قېرى مۇشاۋىر ، — تارىخ تەكرارلىنىدۇ . بەزى ئالامەتلەر قۇمۇلدا يەنە بىر ئىسيان بولۇشتىن دېرەك بەرمەكتە . دانىشمەن كىشى هازىرقىغا قاراپ ، كېلەچەكنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ . بىز كېيىنلىكىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك .

— خەير ، سىزنىڭ مۇلاھىزىڭىزنى ئورۇنلۇق دەپ پەرەز قىلايلى ، شۇنداقتىمۇ خوجىنىيازنى تىرىك قويۇشنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟

— ئالاقىسى جىق ، — دېدى مۇشاۋىر كەسكىن قىلىپ ، — بىرىنچىدىن ، هازىر شامەخسۇتنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن بەگ - دورغىلار ۋاڭلىق تۈزۈمىنى قايتا تىكلەش كويىدا بولماقتا . ئۇلار ئەل ئىچىدىن توپىلاڭ چىقىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە . ئۇلارغا خوجىنىيازدەك كونا ئىسيانكار ۋە ئەل ئىچىدە تەسىرى بار قارام ئادەملەر ناھايىتى لازىم . شۇڭا ، بىزنىڭ ئۇنى بەگلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ قارماقتا ئىلىندۇرۇۋېلىشىمىز ئاقىلانىلىك بولىدۇ . يەنى مەسىلەن ، يولۋاس بۇرۇن ئوردىنىڭ سادىق مۇلازىمى ئىدى . سجاڭ جانابلىرى ئۇنى يىڭجاڭلىق مەنسىپى بىلەن سېتىۋالدى . ئۇ ئەمدى جانابلىرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي ، بىزنىڭ

پايدىمىزغا ئىشلەۋاتامدۇ ! ئىككىنچىدىن ، ياڭ جاڭجۇڭنىڭ يۇرت سوراشتىكى دانىشمەنلىك تەدبىرلىرىدىن بىرى ، يەرلىكلەرنىڭ چوڭلىرىنى ئىت بىلەن مۈشۈككە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە سېلىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى . مەسىلەن ، يولۋاسقا يىڭجاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەن جانابلىرى خوجىنىيازغا لىيەنجاڭلىق ياكى ھېچبولمىغاندا پەيجاڭلىق مەنسىپىنى بېرىپ قويسىلا ، بىرى مەن سەندىن ئۈستۈن ، سەن مېنىڭ ئاغزىمغا قارىشىڭ كېرەك دېسە ، ئىككىنچىسى مەنزە ساڭا ئوخشاش دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىرنىمىگە بويسۇنامدىمەن دەپ بويۇن تولغايدۇ ، نەتىجىدە ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاپ ، تاپقان گېپىنى جانابلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن (مەسىلەن ، يولۋاسقا ئوخشاش ) بىرى ئالدى ئىشىكتىن كىرسە ، بىرى ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ ، بوسۇغىلىرىدىن دالجىمايدىغان بولىدۇ . چەنتۇلارنىڭ ، ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا ، دېگىنىگە ئوخشاش ، بىز بىر چەتتە تۇرۇپ پايدا ئېلىۋېرىمىز . ئۈچىنچىدىن ، مۇبادا ئىسيان چىقىپ قالسا ، خوجىنىيازنى ئۆز قىسمى بىلەن سېپىلنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويىمىز ـ دە ، چېرىكلىرىمىز مىلتىقنى ئۇلارنىڭ گەجگىسىگە تىرەپ ماڭىدۇ ، يەنى زەھەرنى زەھەر بىلەن يوقىتىمىز .

— توختاڭ ، — دېدى ليۇ سىجاڭ سەگەكلىشىپ ، — سىزنىڭ پىكرىڭىزچە ، خوجىنىيازنىڭ قولىدا يەرلىكلەردىن بىر قىسىم چېرىكمۇ بولۇشى لازىم ئىكەن تېخى ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداقتا ، زەھەرنى زەھەر بىلەن يوقىتىپ بولغۇچە ، ئۇ زەھەر ئۆزىمىزگە يېنىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟

— سىجاڭ جانابلىرىغا مەلۇمكى ، — دېدى مۇشاۋىر تەرمەچتەك ئىنچىكە بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ ئولتۇرۇپ ، — دۈشمىنىگە زەھەر بەرمەكچى بولغان كىشى زەھەرنى ھېچقاچان ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرمايدۇ ، ئۇنى چوقۇم بىرەر قاچىغا سېلىپ بېرىدۇ ، قاچىدىكى زەھەر ھەرقانچە تېز تەسىر قىلىدىغان بولسىمۇ ، قاچىنىڭ ئىگىسىگە تەسىر قىلمايدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ياڭ

جاڭجۇڭ جانابلىرى تەشكىللىگەن چەنتۇ — مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچىتىشتا قانداق چوڭ خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى خاتىرە شېرىپلىرىگە ئەسلىتىپ ئۆتسەم ئارتۇقلۇق قىلماس دەيمەن.

قېرى مۇشاۋىر مۇشۇ پىكىرلىرى بىلەن ئاخىر ليۇ سىجاڭنى قايىل قىلدى. ھەتتا ليۇ سىجاڭ: «سىزنى زامانىمىزنىڭ جۇگې لياڭى[1] دېسەك، مۇبالىغە قىلغان بولمايدىكەنمىز» دەپ ئۇنى ماختاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى ھازىرچە ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭغا پەيجاڭلىق مەنسىپى بىلەن يىگىرمىدىن — ئوتتۇزغىچە ئەسكەر تۇتۇش ھوقۇقىنى بېرىپ، ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قاتارىغا قوشىدىغان بولۇشتى ۋە بۇ قارارنى يۇسۇپ تەيجى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇقتۇردى.

— مېنى ئەپرە قىلسىلا، تەيجىبەگ غوجام، — دېدى ھاجى قاپاقلىرىنى سىلىپ، — مېنىڭ قىلمىغىنىم شۇ قاپتۇمۇ؟ ئەمدىزە چېرىكلەرنىڭ چاپىنىنى كىيىپ، پوپۇغا دەسسەپ يۈگۈرگۈدەكمەنمۇ؟ ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، يۇرتۇمغا بېرىپ تىرىكچىلىكىمنى قىلاي.

— يوقسۇ، — دېدى يۇسۇپ تەيجى ئۆز ھۇجرىسىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرۇپ، — سىزگە ئىجازەت بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇلارمۇ سىزنى تاغقا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ. سىز ئېتىكىڭىز ئوتلۇق ئادەم، ئەمما ھازىر قۇمۇل خەلقى دەل سىزگە ئوخشاش ئېتىكى ئوتلۇق ئادەملەرگە موھتاج. ئەھلى پۇقرانىڭ بېشىدا ئوت يېنىپ، يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن بولۇۋاتقان گاختا سىز يۇرتىڭىزغا بېرىپ قايسى تىرىكچىلىكنى قىلماقچى؟ تىنچ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەمزە ئۇ كۈنكىدەك چېرىكلەرنى قامچىلامدۇ؟ ئېتىكىڭىز ئوتلۇق دېدىمغۇ، ھە شۇنداق، سىز ئەمدى

[1] جۇگې لياڭ — قەدىمكى جۇڭگو تارىخىدىكى «ئۈچ پادىشاھلىق» دەۋرىدە، مىلادىيە 181 — 234 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر سىياسەتچى ۋە ھەربىي ئىشلار ئالىمى.

ئۆزىڭىز تۇتاشتۇرغان بۇ ئوتنىڭ تېشىدا قالالمايسىز! ياخشىسى، ئۇلارنىڭ گېپىگە ماقۇل دەڭ، بۇ غەنىيمەت پۇرسەت. خۇداۋەندە كېرىم بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئىنشائاللا! بولمىسىزە تېخى نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئوردا پالگانلىرىنى تارقىتىۋەتكەن ليۇ سىجاڭ ئەمدى سىزگە ھەم مەنسەپ، ھەم قورال بېرەمدۇ؟ بۇ قورالنى ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشلىتەرمىز تېخى! — يۇسۇپ تەيجى شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. ھاجى بولسا چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق ئىدى. «توۋا، قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — تۆمۈر ئاكام يېغىلىقىدا شامەخسۇت بىلەن ئوردا بەگلىرى چېرىكلەر بىلەن بىر بولۇۋېلىپ يۇقىراغا ئوق ئاتقان. ئەمدى بۇ بەگ ـ غوجىلار يۇقىرا بىلەن بىر بولۇپ چېرىكلەرگە ئوق ئاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، كىم بولسا بولسۇن، يۇقىرا تەرەپتە تۇرسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر، يۇقىراغا زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ جېنىغا زىخ بولغىنىم بولغان. تەيجىبەگ توغرا ئېيتىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاگال قورالغا ئىگە بولايچۇ، ئاندىن نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.»

شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى ليۇ سىجاڭنىڭ تەۋەسىدىكى بىر پەيجاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى يىگىرمە نەچچە ئادىمى بىلەن سىجاڭ شتابىدىن لەڭ يەيدىغان بولدى. ئۇلارغا مىلتىقمۇ تارقىتىپ بېرىلدى. بىراق، «ھازىرچە لازىمى يوق» دەپ ئوق بېرىلمىدى. خۇددى ھېلىقى قېرى مۇشاۋىرنىڭ ئېيتقىنىدەك، ھاجىنىڭ پەيجاڭ بولغىنىغا يولۋاس ناھايىتى خاپا ئىدى. ئۇ ليۇ سىجاڭنىڭ يېنىغا نەچچە كۈن كىرىپ، ھاجىنىڭ «خەتەرلىك ئادەم» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. ليۇ سىجاڭ بولسا، گاھىدا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى، گاھىدا: «ئۇنداق بولسا، كۆپرەك دىققەت قىلىپ يۈرۈڭ، سىز دېگەن يىڭجاڭ، ئۇنى قاتتىق تۇتۇڭ، ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقىپ قالسا سىزنى تۇتىمەن» دەپ قوياتتى. شۇنىڭغا بىنائەن يولۋاس خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ قويدى. ئەمما، ئۆزى ھاجىنى كۆرگەندە



www.uyghurkitap.com

قىلمىغان قىلىق تاپالماي پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نىمە قىلىپ يۈرگىنىنى ھاجىمۇ سېزەتتى. شۇڭا، ئېپى كەلگەندە ئۇنى گەپ بىلەن چېقىۋالاتتى. شۇنداق كۈنلەردە تاغدىكى قوزغىلاڭ باشلىنىپ كەتتى. چېرىكلەرنىڭ شوپۇلغا قىلغان دەسلەپكى جازا يۈرۈشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق ئەسەبىيلەشكەن ليۇ سىجاڭ جىن شۇرېنغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلدى ۋە قانداق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. جىن شۇرېن قۇمۇلدىكى مۇنتىزىم قىسىملارنىڭ دەرھال شوپۇلغا ھۇجۇم قىلىشى توغرىسىدا جىددىي تېلېگراممىا ئەۋەتتى. ليۇ سىجاڭ بۇ ۋەزىپىنى ئاتلىق تۇەن (پولك) كوماندىرى جۇ لىجۇڭغا تاپشۇرماقچى بولغاندا، ھېلىقى قېرى مۇشاۋىر: «زەھەرنى زەھەر بىلەن يوقىتىش» يەنى خوجىنىياز ھاجىنى ئۆز قىسمى بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ليۇ سىجاڭ: «ھەي، قانداق بولاركىن» دەپ، يەنىلا ئەندىشە قىلىپ تۇرغاندا، قېرى مۇشاۋىر مۇنداق دېدى:

— جانابلىرى ھەرگىز خاۋاتىرلەنمىسىلە، خوجىنىياز يىگىرمە نەچچە ئادىمى بىلەن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئىچىدە دېڭىزدىكى كىچىككىنە بىر يېتىم ئارالغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسيانچىلار خوجىنىيازلارنى كۆرگەندە، ئۆز كىشىمىز، قېرىندىشىمىز دەپ ئوق چىقىرالمايدۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز گەجگىسىدىن نەيزىسىنى تىرەپ ماڭىدۇ. بىز شۇ ھالدا توختىماي ئىلگىرىلەۋېرىمىز.

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى ليۇ سىجاڭ جىددىيلىشىپ، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىكى بىر جەڭنى ئەسكە ئېلىپ، — مۇبادا خوجىنىيازمۇ خۇددى جاڭ فېيغا ئوخشاش بىردىنلا ئاتنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىسا قانداق قىلىمىز؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دېدى مۇشاۋىر كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ، — سىجاڭ جانابلىرىغا مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قولىدا ئىپتىشقا ئەپلىك بولغان قىسقا بەشئاتار

بار ، خوجىنىيازنىڭ قىسمىغا بولسا ، قارا مىلتىقتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان كالانپاي ۋە قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇز ئاتار تارقىتىپ بېرىلگەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە پەقەت بەش تالدىنلا ئوق بېرىمىز . مېنىڭچە ، خوجىنىياز ئاتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىغۇچە ، مىلتىقىدىكى ئوقلىرى ئېتىلىپ بولار دەيمەن .

قېرى مۇشاۋىر ليۇ سىجاڭنى بۇ قېتىممۇ قايىل قىلدى . ليۇ سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنى چاقىرىپ ، جۇ تۇەنجاڭنىڭ چېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە شوپۇلغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى ۋە جەڭدە ساداقەتلىك كۆرسەتسە ، مەنسىپىنىڭ ئۆسىدىغانلىقىنى ، مۇبادا يامان نىيەتتە بولىدىغان بولسا ، دۇمبىسىدىن ئوق يەيدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتتى . ئەمما ، ھۇجۇم كۈننى ئېيتماي ، ئەتىدىن باشلاپ جۇ تۇەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇشنى تاپشۇردى .

خوجىنىياز ھاجى ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ، ئاخىر خۇددى قىيىن بىر تېپىشماقنى توغرا جاۋاب تېپىۋالغان بالىدەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى ، شام يېقىپ قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئالدى . قومۇش قەلەم خوتەن قەغىزى ئۇستىدە بىردەم يورغىلاپ توختىدى . ئاخىرقى باھار كېچىسىنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئالەمنى قاپلاپ ، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا كەتكەندە ، ئۇنىڭ ھويلىسىدىن بىر بوز ئاتلىق كىشى چىقىپ شوپۇلغا راۋان بولدى . ئۇ ئات ئۇستىدە قوينىنى پات ـ پات سىلاپ قويۇپ : «ھاجى ئاكام بۇ خەتكە نېمىلەرنى پۈتتىكىن ، لېپاپ خېلىلا قېلىن تۇرىدىغۇ» دەپ ئويلايتتى . خوجىنىياز ھاجىمۇ ئاستا ئۆيدىن چىقىپ ، خۇددى قېلىن ئورمانلىقتا كېچىسى ئوۋ قىلىشقا ئۆگەنگەن تاغ قاپلىنىدەك ، ھېچكىمگە سەزدۈرمەي يۇسۇپ تەيجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . يۇسۇپ تەيجىنىڭ موم شام بىلەن يورۇتۇلغان چاققانغىنا ھۇجرىسىدا بۇ ئىككىيلەن بىرەر سائەت پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، يۇسۇپ تەيجى ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، يوغان كۆن ساندۇقتىن تېخى قول تەگمىگەن ئۈچ تال ماۋزىر

(تېز ئېتىلىدىغان ئوتئاتارلىق تاپانچا) نى چىقىرىپ، بەش قوتا ئوقى بىلەن ھاجىغا بەردى ۋە ئۇنىڭ ئامانلىقى ھەم ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق چىقىشىغا ئۆزۈن دۇئا قىلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

ھاجى ئۆز ياتىقىغا كېتىۋېتىپ خۇددى يۇلتۇزلار ئارىسىدىن بىرنەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئاسمان گۇمبىزىگە دىققەت بىلەن قارايتتى. بەزى يورۇق، بەزى خىرە كۆرۈنگەن سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك ئاسماننى ئۆرۈلۈپ چۈشمىسۇن دەپ قېقىپ قويۇلغان پولات مىخلارغا ئوخشاش پارقىراپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا بىر يورۇق يۇلتۇز ۋال ـ ۋۇل قىلىپ شەھەر تەرەپتىن تاغ تەرەپكە كۆچتى. «ئىلاھىم، ئاشۇ يۇلتۇز مېنىڭ يۇلتۇزۇم بولۇپ قالغىيدى، — دەپ ئويلايتتى ھاجى، — شۇ چاغدا ھېلىقى ئۇرۇمچىدىكى تاتار دوستۇم ھەيدەر ئەپەندىگە ‹قاپلان قاچانلا بولسا قاپلان، ئۇ قولغا ئۆگىنىدىغان نېمە ئەمەس، بۇ قاپلان ئۆز ماكانىنى تاپماي قويمايدۇ› دەپ ئېيتقان گېپىمنى راستقا چىقارغان بولاتتىم.»

## 2

ئالدىنقى بابنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سالى دورغا ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆيدىكى يوغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا مەخلۇك نىيازنىڭ سەل جىددىيلىشىپ قالغان چىرايىنى كۆرۈپ: «نېمە گەپ؟» دېدى. مەخلۇك نىياز خوجىنىياز ھاجىدىن ئالدىراش چاپارمەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇچ قەدەمچە ئارقىدا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرسەتتى. قاتتىق ھاسىراپ تۇرغان ئاق بوز ئاتتىن ئاچچىق تەر پۇراپ تۇراتتى.

— نېمىشقا ئېتىنى ئالمايسەن، چاققان بول، — دېدى سالى دورغا مەخلۇك نىيازغا، ئاندىن چاپارمەن بىلەن ئېسەنلىك سورىشىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

چاپارمەن چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان، يۇمىلاق يۈزلۈك ياش يىگىت ئىدى. يىگىت ئۈستىبېشىدىكى چاڭ-توزاننى قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە كىرىش بىلەنلا، قويىنىدىن بىر لېپاپ چىقىرىپ سالى دورغىغا سۇندى.

— ھاي ئاپىسى، چاققان بول، ئاگال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن، — دېدى سالى دورغا چىراغ تۈۋىدە لېپاپنى ئېچىۋېتىپ.

مەخلىك نىياز چاپارمەنگە: «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ ئاپقۇر چىنىدىكى ئىسسىق قايماق چاينى ئۇزىتىۋاتقاندا، سالى دورغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئوبدان خەۋەر ئەكېلىپتىلا، ئۇكام، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەمدى ئىشلىرىمىز ئىلگىرى باسقۇدەك، — دېدى، ئاندىن مەخلىك نىيازغا، — سەن ھازىرلا بېرىپ قاسىم پالۋانغا ئېيت، ھە راست، داداڭغىمۇ ئېيتىپ قوي، ھەر ئىككىسى ئەتە ئەتىگەنلىك چايغا بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن، — دەپ تاپشۇردى.

ئەتىسى قاسىم پالۋان، سوپى مەرگەن ۋە قوراللانغان يىگىتلەردىن مەخلىك نىياز باشلىق ئوندەك ئادەم چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، سالى دورغا ئۇلارغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەردى. سورۇندىكىلەر ھاياجانلانغىنىدىن بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— گەپ شۇ، — دېدى سالى دورغا، — قېنى ئېيتىشسىلاچۇ، ئەمدى بىز قانداق قىلساق بولار؟

قاسىم پالۋان كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا ساقىلىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى. سوپى مەرگەن تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىدا بولغان بەزى ئىشلارنى ئەسلىتىپ، بىر ئاز قوشۇمچە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سالى دورغا ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ: «ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، دەرھال تەييارلىنايلى» دېدى.

چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمى باشلانغۇچە، سالى دورغا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار يۇرت ئىچىدىن چىقىپ، چېرىكلەر كېلىدىغان يولدىكى جىلغا ۋە ئېدىرلىقلارغا جايلىشىۋالدى. قاسىم پالۋان بىلەن مەڭلىك نىيازلار مەرگەنلەرنىڭ بىر تۈركۈمىنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتى. ئۇلار كەڭ ئېدىرلىقلارغا تارقالغان ھالدا، ئاتلىرىنى بەشتىن - بەشتىن قىلىپ ئات تۇتارلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى كۆتەل باشلىرىدىكى قورام تاشلارنىڭ تۈۋىدە قومۇل يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

«ئىت ئېگىسى ئىتنى بۇيرۇسا، ئىت قوپۇپ قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ» دېگەندەك، جۇ تۇەنجاڭ ئۆزى تاشۋېلىقتا قېلىپ، بۇ قېتىمقى جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا چېڭ يىڭجاڭنى بۇيرۇغانىدى. بۇ بۇيرۇق چېڭ يىڭجاڭنىڭ قۇلىقىغا تاش ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شوپۇلغا قىلغان ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان ۋە تاغلىقلار بىلەن بولىدىغان توقۇنۇشلاردا غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تامامەن يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ كۈنلەردە سالى دورغا «قارا چېچەك» كە قوشۇپ قويغان ھېلىقى ئايالنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. «ئاسمان خۇداسىغا ناھايىتى كۆپ شۈكۈر ئېيتىشىم كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھېلىقى ئايال بىلەن ئەپيۇن چېكىشىپ يېتىپ، — يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، تۇنجى كۆرگەن ئايالىم بۇ دەشت - باياۋانغا كەلگىلى ئۇنىماي ئۇرۇمچىدە قېلىپ، مېنى ھەسرەتتە قويۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان چاغدا، تاغلىقلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن تەقدىر بۇ تەييار نېمەتنى ماڭا نېسىپ قىلدى. بۇ نېمەتنى ئالدىمغا كەلتۈرگەن ھېلىقى قارا چوقۇر خۇلاڭزىچىغىمۇ رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، ئەمما ئۇ بۇ خوتۇننى ماڭا قالدۇرۇپ كەتكىلى ئۇنىماي جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. مۇبادا يەنە بىردەم گەپ تالاشقان بولسا، ئۇنىڭ جاجىسى بىر تال ئوق ئىدى، خالاس. نېمە بولسا بولسۇن، بۇ

باياۋان چۆلدە ئۆزۈمگە ئوبدان ئەرمەك تاپتىم ، ئۇنداق بولمىغاندا ، ئەپيۇن چىرىغى ئالدىدا يالغۇز ياتقاننىڭ مەززىسى بولمايتتى ـ دە ! قارا ، بۇنىڭ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، نېپىز قىزىل لەۋلىرى خۇددى جىنەستىگە ئوخشايدۇ ، جاھان نېمە بولۇپ كەتسە كەتسۇن ، ماڭا ئۆز ئارامىم كېرەك .»

چېلىڭ يىڭجاڭ مانا مۇشۇنداق ئادەم ئىدى . ئۇ قۇمۇلدىكى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، ھۇجۇمنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرىنى ئالدىغا سېلىپ باشلىغان بولسىمۇ ، كۆڭلى ئەمىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، جۇ تۈەنجاڭ تاشۋېلىقتا كەلگەن كۈنى ھېلىقى خوتۇننى كۆرۈپ قېلىپ : «ئوھوي ، سىزنىڭ چۆل ـ باياۋاندىكى بۇ گازارمىڭىزدا مۇنداق مودەنگۈلنىڭ ئېچىلغانلىقى كىشىنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان مۆجىزە بوپتۇ ، مودەنگۈلنىڭ پۇرىقى بولمىغان بىلەن ھۆسنى كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ . سىز جەڭدىن كەلگۈچە زېرىكىپ قالمايدىغان بولدۇم» دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويغانىدى . چېلىڭ يىڭجاڭ بۇ گەپلەرنى ئويلىغانسېرى ، يۈرىكىنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭ خىيالى شۇنداق رەشك جاڭگىلىدا كېزىپ يۈرگەن پەيتتە ، «تاڭ ـ تۇڭ» قىلىپ ئىككى پاي مىلتىق ئېتىلىپ ، ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەمچە ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى چېرىك ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى . چېلىڭ يىڭجاڭ : «ئات !» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ـ دە ، ئۆزىمۇ قولىدىكى ماۋزېرىنى ئوق ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قارىتىپ قارىسىغىلا ئېتىشقا باشلىدى .

بۇ جەڭ شۇنداق باشلاندى . قاتمۇقات ئېدىرلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان تاغلىقلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن بىر پاي ، ئىككى پاي ئوق چىقىرىپ قوياتتى . چېرىكلەر بولسا ، بىر پاي ئوق چىققان يەرگە قارىتىپ نەچچە ئون پايلاپ ئوق ئاتاتتى . بىراق ، تاغلىقلارنىڭ ئوقى بىر تەرەپتىن ئەمەس ، گويا ھەممە تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى . بۇ ئەھۋال چېرىكلەرنى ئۆز سېپىنى

بۇزۇپ، گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئات چاپتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويدى. چېڭ يىڭجاڭ ھەرقانچە دۇربۇن سېلىپ كۆرسىمۇ، تاغلىقلارنىڭ توپلىشىپ تۇرغان يېرىنى تاپالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دۈشمەننىڭ ئاساسىي قىسمى ئالدىمىزدا دەپ ئويلاپ، چېرىكلەرگە داۋاملىق ئالغا مېڭىشقا بۇيرۇق بەردى. كەڭ ئېدىرلىقلار بارغانسېرى تاغقا يېقىنلاپ جىلغىغا تۇتاشقاندا، شۇ جىلغا ئاغزىدا بىر توپ تاغلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. چېرىكلەر شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاغلىقلار بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي جىلغىنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئايرىم بىرنەچچىسى قاچقانلارغا پاناھ بولۇۋاتقاندەك، قورام تاشلارنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، چېرىكلەرگە ئوق چىقىراتتى. چېڭ يىڭجاڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەچ، قوزغىلاڭچىلارنى قاچتى دەپ ئويلاپ، يېنىدىكى كانايچىلىرى ئارقىلىق قوغلاشقا كوماندا بەردى. بايىقى ئېدىرلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقا تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ سەزمەيتتى. توساتتىن ھاۋا ئۆزگىرىپ، ياز قۇياشىنىڭ يۈزىنى قاپلىۋالغان قارا بۇلۇتلار جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاشلىقلاردا مۆكۈنۈپ ياتقان تاغلىقلارنى ئۇنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ تۇراتتى.

چېرىكلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ جىلغىغا كىرىپ بولغاندا، ئارقا ۋە يان تەرەپلەردىن تاراسلاپ مىلتىق ئېتىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، ئارقا تەرەپتىن قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان تاغلىقلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى ھەممىدىن بەك دەھشەت سالاتتى. ئۇلارنى ئات ئۈستىدە مەڭلىك نىياز جەڭگە باشلاپ كىرگەنىدى. چېرىكلەر، جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىلارغا سوقۇشۇپ كېلىۋاتقانلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغاندا، خوجىنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىدىن ئىككىسى قولىدىكى توققۇزئاتارلارنى تاشلىۋېتىپ، قويۇنلىرىدىن يۇسۇپ تەيجى بەرگەن ھېلىقى ماۋزىرلارنى شارت قىلىپ چىقاردى - دە، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا تاراسلىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. قالغان يىگىتلەرمۇ

ئاتلىرىنى تاشلاپ قورام تاشلار دالدىسىدا چېرىكلەرگە ئوق ياغدۇرۇشقا كىرىشتى. ھېلىقى قېچىپ كېتىۋاتقان تاغلىقلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرىگە قوشۇلدى. خۇددى قوماچ قورۇغاندەك تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى، ئېگىسىز قالغان ئاتلارنىڭ چىرقىراپ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى ۋە ياردارلارنىڭ ۋايدادلىرى قوشۇلۇپ، پۈتۈن جىلغا تىترەپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بىرەر سائەت داۋام قىلغان بۇ جەڭ نەتىجىسىدە، قوزغىلاڭچىلاردىن بەش كىشى قازا تېپىپ، بىر يىلڭ چېرىكتىن پەقەت توققۇز ئادەم تىرىك قالغانىدى. چېكىڭ يىڭجاڭمۇ ئۆلدى.

سالى دورغا ۋە قاسىم پالۋان باشلىق چوڭلار خوجىنىياز ھاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، مەڭلىك نىيازنىڭ يىگىتلىرى تىرىك قالغان چېرىكلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى. تاغلىقلارنىڭ بىرنەچچىسى تەڭلا دېگۈدەك مىلتىقلىرىنىڭ چاقمىقىنى قايرىپ ھۆرپىيىشتى.

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — ۋارقىرىدى سالى دورغا.

— نېمە قىلاتتۇق، دورغام، بۇلارنىمۇ ئاۋۇلارغا قوشۇۋېتەيلى دەيمىز، — دېدى ھوشۇر كانتۇ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— ھەي تەييارغا ھەييار كانتۇ، — دەپ كايىدى سالى دورغا، — ئۆزۈڭمىغۇ قارانچۇقى يوق گۆشنى پۇراپ يۈرىدىغان كانتۇ مۇشۇككە ئوخشايسەن. قولى باغلانغان چېرىكلەرنى ئاتماق پاتمىخوتۇنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. قارىمامسەن، ئۇلارنىڭ تولىسى ياردار ئىكەن.

— يىقىلغاننى تەپمەك يوق، ئەر بولساڭ ئۆزۈڭنى مەيداندا كۆرسەت، — دېدى خوجىنىياز ھاجى ھوشۇر كانتۇغا قاراپ، ئاندىن سالى دورغىغا بۇرۇلۇپ، — بۇلارغا مىنگۈدەك ئات بېرەيلى، قۇمۇلغا بېرىپ ليۇ سىجاڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزسۇن، — دەپ كۈلدى مەسخىرىلىك قىلىپ.

— بىزنىڭچە گەپنى ئۇقىدىغىنىڭلار بارمۇ؟ — سورىدى سالى

دورغا چىرىكلەردىن .

سالى دورغىنىڭ گېپىگە خوجىنىياز ھاجى جاۋاب بېرىپ ، بۇگۈنكى چىرىكلەر ئارىسىدا بىر پەي ئۇيغۇر چىرىكلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ، نېرىراقتا ئوك قولىنى بەلتاسمىسى بىلەن بوينىغا ئېسىۋالغان ، كىيىم - كېچەكلىرى قان بولۇپ كەتكەن بىر چىرىكنى كۆرسىتىپ :

— يالغۇز مۇشۇ بىرىلا تىرىك قالغان ئوخشايدۇ ، ھەي ، سېنىڭ ئېتىڭ نېمىدى ؟ — دېدى .

— شاۋاز ، — دېدى قاسقانسىز شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈۋالغان ياش بىر چىرىك .

— ئۆزۈڭ نەدىن ؟ — سورىدى ھاجى .

— بۇگۇر يېڭىساردىن .

— لىيۇ سىجاڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈز . ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى بولمىغان بولسا ، مەن ئۆز ماكانىمغا كېچىكىپ كەلگەن بولاتتىم . ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى خوجىنىياز ھاجى مەنىلىك قىلىپ .

— لىيۇ سىجاڭغا بىزدىنمۇ سالام ئېيت ، بىزگە نۇرغۇن قورال - ياراغ چىقىرىپتۇ . تېخى ماۋۇ دورىنىمۇ بار ئىكەن . ئەمدى ئۆزى كەلسە ، يىراقتىن كۆرۈپ ئالدىغا بارالايمىز ، — دېدى سالى دورغا چېك يىڭجاڭدىن غەنىيمەت ئېلىنغان دۇربۇننى كۆرسىتىپ . توپنىڭ ئىچىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— ئاۋۇ ئېغىر ياردارلىرىنى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سورىدى مەڭلىك نىياز .

— قانچىكەن ؟

— يىگىرمىدەك بار .

— يەتكۈدەك ئات بېرىڭلار ، ماۋۇلار بىر ئىلاج قىلىپ ئەكەتسۇن .

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن ، ھېلىقى قىرى مۇشاۋىر ئۆز ياتىقىدا تاقىر بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ،

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئولتۇرغاندا ، ليۇ سىجاڭ تەلەتىنى تۈرۈپ قارا بوراندەك كىرىپ كەلدى ۋە :
— خوش ، زامانىمىزنىڭ جۇگې لياڭـلىرى ، يەنە قانداق دانىشمەنلىكلەر ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتىسىز ؟ — دېدى .
قېرى مۇشاۋىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، گۇناھكار كىشىدەك قوللىرىنى چۈشۈرۈپ ، بېشىنى تۆۋەنگە ئەگكەن پېتى ھېچنېمە دېمەي يەرگە قاراپ تۇردى . ليۇ سىجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن قول شىلتىپ :
— قالغان دانىشمەنلىكىڭىزنى ئاسمان خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئىشلىتەرسىز . ئەمما ، ئاسمان خۇداسى سىزنىڭ دانىشمەنلىكىڭىزگە مېنىڭدەك ئالدانماس دەيمەن ! — دېدى ـ دە ، يانچۇقىدىن ئۇزۇنغا يىرتىلغان بىر غولاچچە ئاق سۈرۈپنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . بۇ ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، «ئېسىلىپ ئۆلۈۋال» دېگەن مەنىدىكى ئىشارەت ئىدى . بۇنى كۆرگەن قېرى مۇشاۋىر قاسساپنىڭ قولىدىكى ئۆچكىدەك چىرقىراپ ، ليۇ سىجاڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ باش ئۇراتتى . لېكىن ، ليۇ سىجاڭ ئۇنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

سەككىزىنچى باب

# قان بىلەن تۇگىگەن ئەلچىلىك

*كىمكى يامان ئىشنى بىلىدۇ راۋا ،*
*ئۇ ئۆز قىلمىشىدىن تارتىدۇ جازا .*

— خىسراۋ دېھلىۋى

## 1

شۇ جەڭدىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ چېرىكلىرىگە قەتئىي ئىشەنمەس بولۇپ قالغان لىۇ سىجاڭ ئەگەر قوزغىلاڭ ئۇلغىيىپ كەتسە ، ئۆزىنىڭمۇ چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ، بېشى كەتمىگەندىمۇ ، مەنسەپتىن چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى تولا ئويلاپ ، ئىككى كۈن ئىچىدە ئەرۋاھقا ئوخشىشىپ قالدى . بادام قاپاق كەلگەن ، زىلۋا بويلۇق قارا قاش ئايالى بىلەن «شېشە گۇمبەز» تۆۋىدە يېتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن شورىغان ئەپيۇن ئىسلىرىمۇ ئۇنىڭ نېرۋىسىنى تىنچىتالمايتتى ، شۇنداق پەيتتە ، ئۇنىڭ خاس مەھرىمى قۇمۇل شيەنجاڭنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى .

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ، شۇي شيەنجاڭ ياغلىشىپ كەتكەن گۆشلۈك يۈزىنى ھۆل لۆڭگىدە سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ ، مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۆي خالىي قالغاندىن كېيىن :

— مەن بىر يېڭى چارە تاپتىم ، — دېدى .

— ئاغزىڭىزغا ياغ ، بۇرادەر ، قېنى ئېيتىڭ ، — دېدى لىۇ

بىجاڭ ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ.

— مەن ياڭ جاڭجۈڭنىڭ تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچىتىشتا قوللانغان پاراسەتلىك تەدبىرلىرىنى جانابىڭىزنىڭ خاتىرىسىگە سېلىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپىمەن، — دېدى شۈي شېنجاڭ، قولتۇقىدىن تۈگمىلىنىدىغان كۆك شايى تونىنىڭ ياقىسىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ، — توپ - زەمبىرەك ۋە مىلتىق، نەيزىگە ئىشەنگەن چيەن دارىننىڭ ئاقچۇق سېپىدا قانداق بولغانلىقىنى، كېيىن ياڭ جاڭجۈڭنىڭ چاشقاننىڭ بۇرنىنى قاناتماي تۇرۇپ، ئىسيانچى تۆمۈرنى پاراسەت بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى جانابىڭىزمۇ ئاڭلىغان. ياڭ جاڭجۈڭنىڭ «تۈكنى يېتىشتا سىلىسا، ئاساۋ ئاتمۇ ياۋاشلاپ قالىدۇ؛ قۇرت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ھەرقانداق قاتتىق ياغاچنى يەۋېتىدۇ؛ قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ؛ كۈلۈپ تۇرساڭ يولۋاسمۇ تەگمەسمىش؛ جەڭدە كۈچكە ئەمەس، پاراسەتكە تايىنىش لازىم» دېگەن گەپلىرى مەشھۇر ھېكمەتلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

— نېمە دېمەكچىسىز؟ گەپنى ئۇدۇل قىلىڭ، مۇنداق ھېكمەتلەرگە ئانچە رايىم يوق، — دېدى ليۇ بىجاڭ تاقەتسىزلىنىپ.

— مەنچە بولغاندا، — دېدى شۈي شېنجاڭ، — يەرلىكلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتەيلى، سوۋغا - سالامنى ئايىمايلى. بۇ ئۆمەككە قۇمۇلنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى سەدەنشا ئاخۇنۇمنى باش قىلايلى.

— نېمە دەۋاتىسىز، تەقسىر؟! — دەپ ئەجەبلەندى ليۇ بىجاڭ، — ئۇ قېرى زاھىتزە ئەلچىلىككە بېرىشقا ئۇنامدۇ؟ ئۇنىغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ پايدىمىزغا گەپ قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ مەدرىسىدە تالىپلارغا نېمىدەپ دەرس ئېيتقانلىقىنى، جۈمە نامازلىرىدا كىنايە گەپلەر بىلەن بىزگە قارشى تەشۋىقات قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، جانابلىرى ، — دەپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى شۈي شيەنجاڭ ، — ئۇ قېرىنى ئەلچىلىككە ماقۇل دېگۈزۈشنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن . ماقۇل دېمەي ھەددى ئەمەس ، ئۇنى قانداق بولمىسۇن ، ئەلچىلىككە ئەۋەتىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى ، ئۇ بىزنىڭ ئەلچىمىز بولۇپ تاغلىقلارنىڭ ئالدىغا چىقسا ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ، ئىسيانچىلارغا تېگىشلىك گەپنى ئۆزۈم قىلىمەن . جۈملىدىن ، قالغان يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرىدىغان چارىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم . مېنىڭچە بولغاندا مۇنداق قىلايلى...

شۈي شيەنجاڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى . ليۇ سىجاڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، شۈي شيەنجاڭ تۇزۇپ چىققان ئەلچىلەر تىزىملىكىنى تەستىقلىدى . ئاندىن بارلىق ئاتلىق ، پىيادە توپچى قىسىملارغا ھەربىي پاراتقا تەييارلىنىش توغرۇلۇق جىددىي بۇيرۇق بەردى . سەدەنشا ئاخۇنۇم باشلىق كىشىلەرنىڭ ئەلچىلىككە چىقىدىغانلىقىنى قوزغىلاڭچىلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ۋەزىپىسىنى شۈي شيەنجاڭ ئۈستىگە ئالدى .

سەدەنشا ئاخۇنۇم ، شۈي شيەنجاڭ ، يارى دورغا ۋە يەنە بىرقانچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۈمىكى تاغقا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن لوچېڭ (ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى جايلاشقان شەھەر ) نىڭ شەرقىي دەرۋازىسى قارشىسىدىكى مەيداندا ھەربىي پارات قىلدى .

ليۇ سىجاڭ باشلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەيداننىڭ بىر چېتىدىكى كەڭ سۇپىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى . پەقەت يۇسۇپ تەيجى بىلەن سەدەنشا ئاخۇنۇمغا (ئېھتىمال ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتسا كېرەك ) ياغاچ ئورۇندۇق قويۇپ بېرىلگەنىدى . بېشىغا ئادەتتە ئۆيدە كىيىدىغان يېنىك كەمچەت تۇماق كىيگەن يۇسۇپ تەيجى سەل ئۆڭكۈپ كەتكەن كىمخاب تونغا ئورىلىپ ، جىۋەكرەك كەلگەن گەۋدىسى بىلەن

ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر نارازىلىق ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇراتتى . يوغان سەللە ، يېشىل دۇخاۋا تون بىلەن ئولتۇرغان قەددى ـ قامەتلىك سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ خۇددى ئاپئاق ساقىلىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن ۋە قېلىن قاشلىرى يەرگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېرىم يېپىپ تۇراتتى . ئۇ شۇ تاپتا قانداقتۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغاندەك كۆرۈنەتتى . لىۇ سىجاڭ ئۇلاردىن يېرىم قەدەم ئالدىدا بىر قولىنى ئارقىغا تۇتقان ھالدا پاراتنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى . مەيداننىڭ بىر چېتىدىكى قۇملۇق تاماشا كۆرگىلى كەلگەن ئاھالە بىلەن تولغانىدى . ھەر خىل تىپتىكى يېڭى مىلتىقلار ، ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت ، مىناميوت ، توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان قىسىملار مەيداندىن ئۆتۈۋاتقاندا ، سۇپىنىڭ بىر چېتىدە قوللىرىنى ناسۋال رەڭ چىبەرقۇت پەشمىتىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ ، مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان كوسا ساقال ھەسەن بالا ھاجى يېنىدىكى ئېگىز بويلۇق ، قارا ساقال كىشىگە قاراپ :

— دورغام ، كۆرۈۋاتامدىلا ، لىۇ سىجاڭنىڭ بىزگە كۆرسىتىۋاتقان تاماشىسىنى ! ھە ، ئەلچىلىكنى ئوبدان قىلسىلا جۇمۇ ! — دېدى . بۇ قارا ساقال كىشى يارى دورغا ئىدى .

— تەقسىر ، قۇمۇلدا مۇنچىۋالا چېرىك بارلىقىنى بىلمەيتىكەنمەن . ياراغ ـ جابدۇقلىرىمۇ بىرقىسمىلا خىل ئىكەن ، — دېدى يارى دورغا كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا .

يارى دورىنىڭ كىنايە گەپىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن سەل رەنجىگەن ھەسەن بالا ھاجى ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— بەللى ، ئوغۇل بالا ، قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما ! — دەپ قاتتىق كۈلۈپ تاشلىدى .

— ھاجى نېمە دەۋاتىدۇ ، ياۋ دارىن ! — دېدى لىۇ سىجاڭ ئۆزگە يېقىنراق يەردە تۇرغان يولۋاسقا جىددىي قاراپ .

يولۋاس ماش رەڭ ھەربىي پەشمەت ئۈستىدىن باغلىغان تاسمىسىنى تۈزەپ قويۇپ ، ھەسەن بالا ھاجىنىڭ قېشىغا يورغىلاپ كەلدى ۋە :

— سىجاڭ جانابلىرى ، ئۆزلەنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچىمەن ، — دېدى .

— بەللى ، بەللى ، ئوغۇل بالا ، — دېدى ھەسەن بالا ھاجى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىجاڭ جانابلىرى گېپىمىزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانىكەن - دە ، مەن نېمە دەيتتىم ، دورغامغا ئەلچىلىكنى ئوبدان قىلسىلا ، تاغچىلار تولا كۆرەڭلىمىسۇن ، ليۇ سىجاڭنىڭ كۈچىنى كۆرۈۋاتامدىلا دەۋاتىمەن ، قانداق بوپتۇ ؟

يولۋاس بۇ گەپلەرنى ليۇ سىجاڭغا ئۆرۈپ بەردى . ليۇ سىجاڭ ئەپيۇندىن قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى . بۇ پارات شۇي شيەنجاڭنىڭ ئەلچىلەر تاغقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا كۈچ كۆرسىتىپ قويۇش لازىم دېگەن پىكرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەنىدى . شۇڭا ، ھەسەن بالا ھاجىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، شۇي شيەنجاڭ : «قانداق ، مېنىڭ پىكرىم توغرا چىقتىمۇ ؟» دېگەندەك قىلىپ ، ليۇ سىجاڭغا كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى . پاراتتىن كېيىن ئەلچىلەرگە ئۇزىتىش زىياپىتى بېرىلدى . زىياپەتتە ليۇ سىجاڭ سۆز قىلىپ ئاخىردا مۇنداق دېدى : «ئەھۋالنى كۆردۈڭلار ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايدۇ ، تاغلىقلار نادانلىق قىلمىسۇن ، قورالنى تاپشۇرسىلا ئۆتكەنگە سالاۋات ، بولمىسا بىزدىن يامانلىمىسۇن !»

مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن ، ليۇ سىجاڭ بىلەن شۇي شيەنجاڭ كىرسىن لامپىسى بىلەن يورۇتۇلغان خاس ئۆيدە يولۋاسنى قوبۇل قىلىپ ، بىرەر سائەتكە يېقىن پاراڭلاشتى .

ئەتىسى ئەلچىلەر ئات - ھارۋىلاردا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن تاغقا ماڭىدىغان چاغدا ، يولۋاس ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن توقسۇن پوگەن دېگەن شادا پاچاق يىگىتنى

ئەلچىلەرگە خىزمەت قىلىدىغان خادىملار قاتارىغا قوشۇپ قويدى . توقسۇن پۈگەن يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئايىغى يېنىك ، ئۆزى چاققان ، خۇش پېئىل ، ھەقىقەتەنمۇ مۇلازىملىققا يارايدىغان كىشى ئىدى . قائىدە بويىچە ، ئەلچىلەرنىڭ قورال - ياراغ ئېلىپ مېڭىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغىنىغا قارىماي ، ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەۋېتىپ ، نېمىشقىدۇر بىر خەنجەرنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئېگەر بىلەن توقۇمنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى .

## 2

بۇ قېتىمقى جەڭ غەلىبىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ جېنىغا جان ، قېنىغا قان قوشقانىدى . شۇ كۈندىن باشلاپ شوپۇللۇقلارلا ئەمەس ، باشقا تاغلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭمۇ غەيرىتى ئېشىپ ، ھەربىرى ئۆزىنى رۇستەمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . بولۇپمۇ ، تۆمۈر خەلپە زامانىسىدىن تارتىپلا قەيسەر ، پالۋانلىقى بىلەن داڭقى چىقىشقا باشلىغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ سەپكە قوشۇلغانلىقى ئۇلارنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ھەرقايسى تاغلاردىكى قوزغىلاڭ باشلىقلىرى شوپۇللۇقلارنى تەبرىكلەش ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدە بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپ ، شوپۇل خۇددى ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدىكىدەك قىزىپ كەتتى . جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن مەرگەنلەر ئۈچۈن ئۆي - ئۆيدە قوي سويۇلۇپ ، ئۇلارغا تاغلىقلار ياخشى كۆرىدىغان پېتىر ياپما دېگەن بىر خىل تاماق تارتىلماقتا ئىدى . بۇ مەرگەنلەر ئىچىدىكى ياش يىگىتلەر ئوبدان تويۇنىۋالغاندىن كېيىن ، بەيگىگە جابدۇنىۋاتقاندەك ، چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان ئاتلىرىنى يۇيۇش - تاراش ، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى .

مەڭلىك نىياز چېڭ يىگاڭنىڭ جەدە قاشقىسىنى ئېگەرلەپ بولۇپ مىنەي دەۋاتقاندا ، ھوشۇر كانتۇ ئاقساق بايتال بىلەن ئۇنىڭ

قېشىغا كېلىپ :

— قالتىس تەلىيىڭ بار جۇمۇ ، ئۇكام ، قارا بۇ جانگەرنى[1] ، بوينى غازنىڭكىدەك ، پۇتى جەرەننىڭكىدەك ، يالچۇ تېخى ، تۆۋەن مەھەللىدىكى قارا كۆز ئايلىنىڭ چېچىدەك يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن ، — دېدى .

— سېنىڭ بايتىلىڭمۇ قالتىس ئىكەنغۇ ، — دەپ قويدى مەڭلىك نىياز جەدە قاشقىسىغا مىنىۋېتىپ .

— ئەمما ، بۇ جانگىرىم قېرىلار ئېيتىدىغان چۆچەكلەردىكى ئاقساق تۆمۈرگە ئوخشاش مېڭىپ ئىچىمنى پۇشۇرۇۋەتتى ، — دېدى ھوشۇر كانتۇ ، ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — خۇدايىم مېنى ھېچنېمىدىن ئېيتماپتىكەن ، كەلمىگەن تەلەيدە ئىنەڭنىڭ ھەققى بارمۇ ، دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ ، — دېدى .

— بۇ دورەم چېرىكلەر كەلگەندە تەلىيىڭ چىقىپ قالار ، ئەمما ئۇ كۈنكىدەك قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ، ئاقساق بايتىلىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن . خوش ئەمىسە ، مەن كەتتىم .

ھوشۇر كانتۇ چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان جەدە قاشقىغا قاراپ تامىقىنى چاكىلدىتىپ قالدى .

مەڭلىك نىياز بۇك - باراقسان تېرەكزار بىلەن قاپلانغان غولنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، جەدە قاشقىسىنى بىر تېرەككە باغلاپ قويدى - دە ، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ ، ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارقىسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى .

كەچكى شەپەق نۇرى بىلەن قىزارغان ئاپئاق بۇلۇتلار گويا ھېلىقى ئاي يۈزلۈك جانانىنىڭ قىپقىزىل مەڭزلىرىنى ئەسلىتەتتى . تاغ قۇشلىرىنىڭ قۇياش بىلەن ۋىدالىشىپ چۇرۇلداشلىرى ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ، خۇددى مۇشۇ تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا بىر توپ بالىلار بىلەن شۇ ئاي يۈزلۈك قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ، چۇرۇلداپ ئوينىغان چاغلىرىنى يادقا ئالاتتى . سالقىن تاغ شاماللىرى بىلەن دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقان تۇرلۇك - تۈمەن گۈل -

① جانگەر — جانىۋار (قۇمۇل شېۋىسى) .

چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى پالۋانلىقتا تالىنىپ شەھەرگە ماڭار چاغدا، شۇ ئاي يۇزلۇك جانان يوللۇق تۇتقان ھېلىقى ياغلىقنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقاندا، دىماغقا تەگكەن خۇش پۇراقنىڭ دەل ئۆزىدەك سېزىلمەكتە ئىدى.

يۇزىگە تۇيۇقسىز سېپىلگەن مۇزدەك سۇ تامچىلىرى مەڭلىك نىيازنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ جانان قىزنىڭ ئۆزى تۇراتتى. قىزىل تاۋار كۆڭلەك ئۇستىگە قىزىل جىلىتكە كىيىپ، بېشىغا ھال رەڭ ياغلىق چىگىۋالغان ئاينىسا قىز شۇ تۇرقى بىلەن يېشىل ياپراقلار ئارىسىدا كۇلۇپ تۇرغان قىزىلگۇل غۇنچىسىغا ئوخشايتتى. مەڭلىك نىياز خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. بىراق، ئۇ قىز ئىككى قەدەم ئارقىغا داجىپ، مەڭلىك نىيازدىن گەپ كۇتمەيلا: «لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ» دەپ يېڭى تىكىلگەن بىر دوپپىنى ئۇزاتتى. مەڭلىك نىياز: «رەھمەت، ئۆزلەگە، مەن قۇرۇقلا كەپتىمەن» دەپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دوپپىنى ئالدى ـ دە، يەنە قىزغا يېقىنلاشماقچى بولدى. قىز يەنە ئارقىغا داجىپ مۇنداق دېدى:

— ئاپام ئۆزلەنى خوجىنىياز ھاجىم بىلەن كۆرۇشكەي، ئۇ كىشى ئۆز بولغاندىكىن، بۇ گەپلەردىن سونۇرقاپ[①] يۇرمەس. دورغا دادىسى ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا ھاجىمنىڭ گېپىنىغۇ ئاڭلا، دەيدۇ. مەن شۇ گەپلەرنى ئېيتىپ قوياي دەپ ئۆزلە بىلەن كۆرۇشەيلى دېۋىدىم.

— ھەق توۋا، مۇشۇندا قىلىشنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن. ھاجى دادامغا بۇگۇنلا گەپ قىلايچۇ، — دېدى مەڭلىك نىياز جانلىنىپ كېتىپ. ئاندىن تەلپىكىنىڭ ئورنىغا قىز بەرگەن دوپپىنى كىيىپ، «خويمۇ ياراشقاندۇ» دەپ كۇلدى. دەرۋەقە، بۇ دوپپا ئۇنىڭغا تازىمۇ ياراشقانىدى. دوپپىنى كىيمەكلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك كەلگەن پېشانىسى ئېچىلىپ، قاڭشىرى بىرئاز ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۇنەتتى. بېلىدىكى ئوق پوتىسىغا

① سونۇرقاش — ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش (قومۇل شېۋىسى).

قىستۇرۇۋالغان ماۋزىرى بىلەن ئوق مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېسىۋالغان كۆن غىلاپلىق قىلىچى ئۇنى تېخىمۇ سۆلەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى .

— تازىمۇ ياراشتى . ئەينەك بولغان بولسا ، بىر قاراپ باققان بولساڭلا ، — دەپ كۈلدى قىز .

— ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بولاقتەك كۆزلىرىدىنمۇ سۈزۈك ئەينەك بولامدۇ ؟

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا ، — دېدى قىز ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ ، ئاندىن ، — خوش ئەمىسە ، مەن كېتەي ، — دەپ ماڭدى .

— توختىسىلاچۇ ، ئىككى ئېغىز پاراڭلاشساق نېمە بولىدۇ ، — دېدى مەڭلىك نىياز قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ .

— يامان بولىدۇ ، — دېدى قىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تەبەسسۇم بىلەن ، ئاندىن ، — دادام رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ، كەچكىچە يانلىرىدا ئولتۇرىمەن ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى .

مەڭلىك نىياز قىزنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى . يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقىنى ئۆزىگىمۇ ئاڭلىنىۋاتقاندەك سېزىلەتتى .

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ، دادىسى بىلەن خوجىنىياز ھاجى قارا چىراغ يورۇقىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا دائىر ئىشلار توغرىسىدا خېلى ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ، ئەمدى گەپنىڭ مەزمۇنىنى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا يۆتكىگەنىدى . ھاجى مەڭلىك نىيازنى كۆرۈپ : «ئوبدان گاختا كەپسەن ، بىزنىڭ ياش باتۇرىمىز ، بۇ گەپلەرنى سەنمۇ ئاڭلاپ قوي» دەپ ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

— توغرا دەيدىلا ، سوپى ئاكا ، بۇ ھۆكۈمەت بەگ - غوجىلار بىلەن دورغىلارنىڭ ئېشىغا توپا چاچمىغان بولسا ، ئۇلار ھېچقاچان بۇقرا تەرەپكە ئۆتمەيتتى . كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ ئۈمىدى بىر دەپ ھازىر ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بۇ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىدىن

www.uyghurkitap.com

قۇتۇلۇش ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھىم… ئەممازە ، بۇ غوجىلارغا بەكلا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئۇلار ئىشىكىم كۈزۈرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە قىلىپ ، كېيىن يەنە قىلغۇلۇقىنى قىلۇرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن .

— شۇنداق ھاجىم ، — دېدى سوپى مەرگەن ، — شاھ شاھىنىڭ قاياشى ، گاداي گادايىنىڭ دەپ ، بايلار بىلەن گادايلارنىڭ قازىنى قاچان بىر قايىنىغان؟ بۇ شۇنداق ئالەم ئىكەن . بىزنىڭ دورغامنى دېمەمدىلا ، ئۆزى خېلىلا تۈزۈك ئادەم . ئەممازە ، بىز كەمبەغەللەرنى زادىلا ئۆزىگە تەڭ كۆرمەيدۇ . مەن دورغام بىلەن مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە بىللە ئويناپ يۈرگەن ، باللارمۇ بىللە ئويناپ ئۆسكەن . ھە راست ، مەڭلىك بالا ئايىنىسا قىزدىن ئۈچ ياش چوڭغۇ دەيمەن . تەقدىر ئىرادىنى قارىمامدىغان ، ئەمدى باللارنىڭ ئىشى ماڭا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ .

— نېمە كۆڭۈل ئاغرىقى؟ — سورىدى ھاجى سوپى مەرگەننىڭ گەپلىرىگە چۈشەنمەي .

سوپى مەرگەن ئەھۋالنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كېلىپ :

— بىزنىڭ بۇ ئوغلۇمۇ ئەخمەق ، ئىگىز شاخقا ئېسىلما دېسەم ، زادىلا گەپكە كىرمەيدۇ ، — دېدى . بۇ گەپتىن مەڭلىك نىياز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

ھاجى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— بىزنىڭ بۇ ياش باتۇرىمىز ئېسىلساڭ ئىگىزگە ئېسىل ، يىقىلساڭ تۆگىدىن يىقىل ، دېگەن گەپنى ئاڭلىۋالغان ئوخشايدۇ . ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئاكا ، دورغامغا مەن گەپ قىلاي ، ھەممىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئەۋلادى . بايلار پەرىدىن ، كەمبەغەللەر شەيتاندىن تۇغۇلغان ئەمەس ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى چۈچۈلۈپ① تاشلىساق ، ھەممىمىزلا ئوخشاش بولۇپ قالىمىز . شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەرەمگە بارغان كىشىلەر ئەراپاتقا چىققاندا ،

① چۈچۈلۈپ — يېشىپ ياكى سېلىپ تاشلاش (قۇمۇل شېۋىسى) .

ھەممىسى كىيىملىرىنى چۇچۇلۇپ تاشلاپ ئىبھرام يۆگــۋالسا، قايىسىنى باي، قايىسىنى گاداي بىلگىلى بولمايدىكەن، ئەسلىدىمۇ ھەممە كىشى ئانىدىن يالىڭاچ تۇغۇلىدۇ، ئاللانىڭ دەرگاھىغىمۇ بىرى كىمخاب تون، بىر ياغاق جۇۋا كىيىپ بارمايدۇ، ھەممىسى ئىككى ماتا بىلەن بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە دورغام ئۆزلەدەك كىشى بىلەن قۇدا بولۇپ، مەڭلىك بالىدەك يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلسا، بۆكىنى ئاسمانغا ئاتسا بولۇر، بۇ بالىنىڭ لاتا ئەيىبى بولمىسا، ئاتا ئەيىبى يوق، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى سالى دورغــــغا ئېيتىمەن. خۇدا خالىسا ئۆزۈم توي بېشى بولۇپ قالۇرمەن تېخى! قانداق دەيسەن، مەڭلىك؟

ھەم خۇشاللىق، ھەم خىجالەتچىلىك بىلەن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان مەڭلىك نىياز بىگىز قولى بىلەن كىگىزنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى.

ھاجى شۇ كۈنى سوپى مەرگەننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي خورەك تارتىشقا باشلىدى. سوپى مەرگەنمۇ بىردەم ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. ئەمما، دادىسىنىڭ يېنىدا ياتقان مەڭلىك نىياز زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى تىنماي پەرۋاز قىلاتتى. ئۆمۈر شوتىسىنىڭ يىگىرمىنچى بالدىقىغا چىققۇچە كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن ئېسىدە قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئاي يۈزلۈك جانانىنىڭ سېھىرلىك شەھلا كۆزلىرى بىلەن تىللادەك جــــرىڭلاپ تۇرغان تاڭسۇق سۆزلىرى، نەچچە ۋاقىتتىن خـــيال بولۇپ سېزىلگەن ۋىسال دەملىرىنىڭ مانا ئەمدى دادىسىنىڭ قېشىدا خورەك تارتىپ ياتقان ئاشۇ قارا ساقاللىق كىشىنىڭ بۇگۈنكى ھىممىتى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ قېلىش ئېھتىمالى، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياش يۈرىكىنى غىدىقلاۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئۇ ئاشۇ قارا ساقاللىق كىشىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئويلاۋېتىپ، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا دادىسى بىلەن تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدا بـــللە بولغان كونا سەپداشلار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، شۇ قوزغــلاڭ

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى ئويلا ـ ئويلا تاڭغا يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ۋە بىردەملىك ئۇيقۇدا شۇ قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولغان راجى بالىنى چۈشەپ قالدى: باش ـ كۆزى يېرىلغان راجى بالا قېرى قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇرغۇدەك، چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئۇنى سوراق قىلىپ هارغاندىن كېيىن، شامەخسۇتنىڭ ئوردا بەگلىرىدىن پۇلتاي كۆز قىزىبەگ غوجىغا شۇرلاپ بىرنېمىلەرنى دېگۈدەك، ئاندىن غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن سايىم ئۇچىيگى راجى بالىنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىۋاتقۇدەك، بىغىشىدىن ئۇزۇۋېلىنغان قىپقىزىل يۈرەك بىر خىلدا لىپىلداپ تۇرغاندا، كۆكرىكى يىرتىق تۇرغان راجى بالا ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك:

قاراڭغۇ تۈن، قارىياغاچ مېنىڭ يولدىشىم،
شىلدىرلىسا يوپۇرمىقى، هوشياردۇر بېشىم.
دۈشمەن بىلەن جەڭلەر قىلىپ، مەن ئۆلەر بولسام،
مەن غېرىبنى ياد ئېتەرمۇ جان قېرىنداشىم.

ناخشا تۈگەش بىلەن مەڭلىك نىياز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ ئېرىق بويىغا باردى. سىمابتەك سۈزۈك تاغ سۈيى تاڭ توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىغا جور بولۇپ شىلدىر ـ شىلدىر قىلىپ ئېقىۋاتاتتى. ئاسمان گۈمبىزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرىغا تۇتاشقان گىرۋىكى خۇددى بايىقى راجى بالىنىڭ قېنىدەك قىزىرىپ تۇراتتى. مەڭلىك نىياز كۆڭلى غەش هالدا ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يۈزىگە سۇ ئېلىۋاتقاندا، سالى دورغىنىڭ ئۆيى تەرەپتىن بىر ئادەم ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ هاجىنى سورىدى. ئۇنىڭغىچە، هاجى بىلەن سوپى مەرگەنمۇ ئويغىنىپ تالاغا چىقىشتى. هېلىقى ئاتلىق سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ئاخشام ئەل يېتىپ بولغاندا، شەهەردىن ئەلچى كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ

چاپارمەن چىققانلىقىنى، چوڭلارنىڭ ھاجى بىلەن سوپى مەرگەننى كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، شامەخسۇت ئوردىسىنىڭ ئاراتۇرۇكتە تۇرۇشلۇق سابىق ئۇچبېگى، بۈگۈنكى كۈندە، قولىدىكى قورالىق كۈچ ۋە ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى تۈپەيلى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق باشچىسى بولۇپ قالغان ئابدىنىياز مىراب، نىرىنكىر دېگەن يۇرتنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىسى سادىق قورمال ۋە يەنە بىرقانچە يۇرتلارنىڭ دورغىلىرى سالى دورغىنىڭ مېھمانخانىسىدا خوجىنىياز ھاجى، قاسىم پالۋان، سوپى مەرگەنلەر بىلەن ناشتا قىلىۋېتىپ، شەھەردىن كېلىدىغان ئەلچىلەر توغرىسىدا پاراڭلاشماقتا ئىدى. قىزىل يۈز كەلگەن قارا ساقاللىق ئابدىنىياز مىراب: «سەدەنشا ئاخۇنۇم بىرنېمە دېسە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي قالۇرمىزمىكىن» دېگەن ئەندىشە بىلەن بۇ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەشكە باشلىغاندا، قاسىم پالۋان ئۇزۇن ساقىلىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سەدەنشا ئاخۇنۇم كەلسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ كىشى بۇ يەرگە دەرس ئېيتقىلى كەلمەس دەيمەن. مەدرىسىدىكى دەرسخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ كىتابلاردىن دەرس ئېيتسىغۇ «خوش لەببەي» دەپ ئولتۇرار ئىدۇق. ئالدىمىزغا كېلىپ، قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولۇڭلار دېسە، بىزنىڭمۇ قىلىدىغان گېپىمىز بار.

— پالگان توغرا ئېيتتى، — دېدى خوجىنىياز ھاجى سەل جىددىيلىشىپ، — مۇبادا ئاخۇنلۇغۇم (سەدەنشا ئاخۇنۇمنى دېمەكچى) شۇنداق دەپ جۆيلۈيدىغان بولسا، ئاخۇنۇم ئۆزلەمۇ تۆمۈر خەلپە گاختىدىكى ئۇۋەيس مۇپتىغا ئوخشاش پۇت - قولىمىزنى چۈشەپ بەرمەكچى بولامدىلا؟ ئۇۋەيس مۇپتىنىڭ ئاخىر نېمە بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، دەيمىز.

— ھەي - ي... ھاجىم، — دېدى ئابدىنىياز مىراب، — بۇ گەپلەرنى ئۇ كىشىنىڭ غىيىۋىدا ئېيتقىلى بولغان بىلەن يۈزىدە

ئېيتماق تەس بولۇرمىكىن؟

— نېمىشقا تەس بولغۇدەك؟ ئاخۇنلۇغۇم غەرەز ئۇقمايدىغان موللىلاردىن ئەمەس، گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قالما، دىگەن گەپ بار، ھېچكىم ئېيتمىسا مەن ئېيتىمەن.

ھاجىنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن تالاش - تارتىش تۈگەپ، ھەممەيلەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشتى ۋە تېگىشلىك تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كەتتى.

## 3

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا، ئابدىنىياز مىراب، سالى دورغا، خوجىنىياز ھاجى باشلىق چوڭلار بىر توپ كىشى بىلەن بەش چاقىرىم يەرگە بېرىپ ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالدى. سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئىچىدە بولۇشى ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھالدا بەزى ئىززەت - ئىكرام رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى. چۈنكى، سەدەنشا ئاخۇنۇم قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، ئۇن ئىككى تاغدىمۇ شۇ قەدەر يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدىكى، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇ كىشىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن چوڭ ئىش دەپ بىلەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولماقتا ئىدى. سەدەنشا ئاخۇنۇم ئەلچىلىككە چىقىپتۇ دىگەن گەپ تارقىلىش بىلەن شوپۇللۇقلار خۇددى بىر مەرىكە بولغاندەك سالى دورغىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا يىغىلىشقا باشلىدى. خوتۇن - قىزلارنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرى بىلەن ئۈششاق باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىر مەرىكە مەنزىرىسىنى ئەسكە سالاتتى. چاڭ - توزان توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار كۆرۈنۈشى بىلەن قىيقاس - چۇقانلار كۆچىيىپ، بۇ مەنزىرە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بىراق، ئىككى ئاتلىق خادىمدىن كېيىن كېلىۋاتقان يوغان تورۇق ئات ئۈستىدە ئاق سەللە، يېشىل دۇخاۋا پەرىجە تون كىيگەن ئاپئاق ساقاللىق كىشى كۆرۈنۈش بىلەن



www.uyghurkitap.com

خەلق توپى جىمجىت بولۇپ قالدى . مويسىپىتلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سالام بېرىشتى . سەدەنشا ئاخۇنۇم ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ ئاتتىن چۈشمەكچى بولدى . سالى دورغا بىلەن ئابدىنىياز مىراب ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈردى . ئۇ خەلق توپىغا قاراپ ، مۇلايىم بىر تەبەسسۇم بىلەن قول كۆتۈردى ۋە بىرمۇنچە دۇئا ـ تەلەپ ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، دۇئانىڭ ئاخىرىدا : «ئىلاھىم ، پادىشاھلارغا ئىنساپ ، ئادالەت ، يۇرتقا تىنچ ـ ئاسايىشلىق ، ئەلگە بەرىكەت ۋە ئىناقلىق ئاتا قىلغاي ، ئامىن !» دېدى . ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قول كۆتۈرگەن خەلق توپى ، جۈملىدىن شۈي شيەنجاڭدىن باشقا ھەممە ئەلچىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن : «ئامىن ، ئامىن» دەپ تەكرارلاشتى . بۇ ھەيۋەتلىك سادا شوپۇل تاغلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى . ئۆزىنىڭ تۆگچىسى ئارقىلىق ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ تۇرغان شۈي شيەنجاڭ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ : «مۇشۇنداقلا بولسا ، ئەمگىكىمىز بىكار كەتمىگۇدەك . بۇ دائاخۇن ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلسا ، بۇ توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى قول كۆتۈرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى .

لېكىن ، زىياپەت ۋە سوۋغا ـ سالام بېرىشلەر تۈگەپ ئىككىنچى كۈنى رەسمىي سۆھبەت باشلانغاندا ، شۈي شيەنجاڭنىڭ بايىقى ئۈمىدلىرى بوراندا قالغان توزغاقتەك توزۇپ كەتتى . شۈي شيەنجاڭ ھۆكۈمەت كىشىسىگە خاس مەنتىق بىلەن ئۇزۇن سۆزلەپ ، قوزغىلاڭچىلار قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولسىلا ، كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشقا باشلىغاندا ، سالى دورغا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى :

— شيەنجاڭ دارىن بولدى قىلغاي ، ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ ، رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىنىڭ جەسىتى ئۈرۈمچىدە قالغان بىلەن ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىللە . بىز ئۇ كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز . مانا شۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خوجىنىياز ھاجىم بىلەن سوپى مەرگەن تېخى ھايات .

— شۈي شيەنجاڭ مېنى ئوبدان بىلىدۇ ، شۇنداق ـ ھە ؟ —

www.uygurkitap.com

دەپ كۈلدى خوجىنىياز ھاجى ، — ئالدىماقتا بالا ياخشى ، خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى.، دېگەن گەپ بار . بىز تاغلىقلار تۇمشۇقىمىزغا تولا يەپ ، قاقباش بولۇپ قالدۇق .

پەگاھتا ئولتۇرغان مەڭلىك نىياز باشلىق ياشلار پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— بايا شيەنجاڭ دارىن كەچۈرۈم قىلىمىز دېدى ، — دەپ داۋام قىلدى سالى دورغا ، — بىز نېمە گۇناھ قىپتىمىز ؟ ھەممە گۇناھ ھۆكۈمەتتە تۇرۇپ ، بىزدىن كەچۈرۈم سورىمايزە ، بىزنى كەچۈرۈم قىلغۇدەكمۇ تېخى !

— مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك ، دېگەن گەپ راست ئىكەن جۇمۇ ، دورغام ، — دېدى قاسىم پالۋان ساقىلىنى سىلاپ .

ياشلار ئارىسىدا يەنە كۈلكە باشلاندى .

شۈي شيەنجاڭ بويىنىنى سوزۇپ ، سەدەنشا ئاخۇنۇمغا قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ :

— دائاخۇن جانابلىرىدىن گەپ ئاڭلىساقمىكىن ، — دېدى .

— نەئۇزۇبىللا ! — دېدى سەدەنشا ئاخۇنۇم شيەنجاڭغا قارىماي تۇرۇپ ، — لەكۈللى ئەمەلىن رىجالى ۋەلەكۈللى مەقامىن مەقالى ، يەنى ھەر ئىشقا لايىق كىشى ۋە ھەر مۇقامغا مۇناسىپ سۆز بولۇر ، مەن بۇ ئىشقا لايىق كىشى ئەمەسمەن ۋە بۇ مۇقامغا مۇناسىپ سۆزنىمۇ بىلمەيمەن . بۇ ئۆزرەمنى قوبۇلدىمۇ ئېيتقاندىم ، مەن پەقەت ھەرقايسىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدىم ، خالاس .

شۈي شيەنجاڭ سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئانچە ھەيران بولۇپ قالمىدى ، چۈنكى ئۇ ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان چاغدا ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ، سىياسەتكە ئارىلاشمايدىغان زاھىت سۈپەت كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىغانلىقى راست ئىدى . بىراق ، شۈي شيەنجاڭ بۇ ئادەمنىڭ ھېچبولمىغاندا ، ھېلىقى دۇئانىڭ ئاخىرىدا ئېيتقاندەك ، «يۇرتقا تىنچ ـ ئاسايىشلىق تىلەيمەن» دېگەن گەپنىمۇ قىلىپ قويمىغانلىقىدىن ناھايىتى نارازى بولۇپ ، ئۆز كۆڭلىدە :

«بىلىپ قويدۇم ، بۇ زاھىت ئەمەس ، قورالسىز ئىسيانچىنىڭ بىرى ئىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە ، يارى دورغىغا قارىدى . يارى دورغا ئويلاپ تۇرماستىنلا : «ئاخۇنلۇغۇمنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق راست» دەپ تاشلىدى . شۇي شيەنجاڭ بۇ گەپنى تۆگچىسى ئارقىلىق ئاڭلاپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە تۆگچىسىغا قاراپ :

— ئۇنىڭدىن سوراڭ ، دائاخۇنۇمنىڭ قايسى گېپى راست ، يۇرتتا تىنچلىق كېرەك دېگەن گېپىمۇ ياكى... — دېدى .

يارى دورغا ھودۇقۇپ كېتىپ :

— ھە راست ، تىنچلىق كېرەك ، تىنچلىق ، توپىلاڭ چىقىرىۋەتسەك ياخشى بولمايدۇ ، — دېدى .

— تىنچلىق ، تىنچلىق ، نېمە تىنچلىق ! — دېدى خوجىنىياز ھاجى قاپىقىنى سېلىپ ، — تىنچلىقنى بۇزۇۋاتقانلار كىم؟ شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشامدۇ؟ يارى دورغام ئۆزلە يۇرتتا تىنچلىق كېرەك دەيدىغان بولسىلا ، لىۋ سىجاڭغا ئېيتسىلا ، يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋاتقان چېرىكلەرنى قۇمۇلدىن ئەكەتسۇن ، قۇمۇلنى ئۆزىمىز سورايمىز . بولمىسا ، بۇ يۇرتتا تىنچلىق بولمايدۇ .

بۇ يەرگە يىغىلغان تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى ، «شۇنداق ، شۇنداق» دەپ چۇقۇرلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى . شۇي شيەنجاڭ ئادەتتە ، مۇھىم ئىش بولمىسا يىل ـ يىللاپ بازار ـ ۋىلىققىمۇ كىرمەي ، يىلقا ـ پادىلار ئارىسىدا كۈن كەچۈرىدىغان تاغلىقلارنىڭ بۇ ۋەكىللىرىگە سۆز تېپىپ بېرەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەچ ، پەسكويغا چۈشۈپ مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى :

— ھەرقايسىلىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن . مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، سىلەر چەنتۇلاردا ، پادىشاھلىق ئەل بىلەن ، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن ، دېگەن گەپ بار ئىكەن . بىزنىڭ كونا كىتابلىرىمىزدىمۇ ، ئەل كۆڭلىنى ئۇۋلىغانلار مەقسەتكە يېتىدۇ ، ئەلنى ئاغرىتقانلار ھەسرەت چېكىدۇ ، دېگەن گەپ بار . بۇ ناھايىتى ھېكمەتلىك گەپلەر . بەزى ھۆكۈمەت كىشىلىرى پۇقرانىڭ

كۆڭلىنى ئاغرىتمىغان بولسا ، تاغلىق قېرىنداشلار مۇنداق توپىلاڭ قىلمىغان بولاتتى . ئەمدى ئۆتكەنگە سالاۋات ، قورالنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ھەرقانداق تەلەپ قويۇشسىلا ، ئۇنى ئورۇنداپ بېرىشكە بىز تەييار .

شۇنىڭغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئابدىنىياز مىراب مۇنداق دېدى :

— قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئەلچىلىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، قورال - ياراغلارنى تاپشۇرساڭلار ھەممە تەلىپىڭلارغا ئۇنايمىز دېگەندە ، تۆمۈر خەلپە : «قولىمىزدا مۇشۇ ياراغلار بولمىغان بولسا ، ھەرقايسىلىرى ئالدىمىزغا سالامغا كەلمەس ئىدىلە . جېنىمىزمۇ ياراغ ، قېنىمىزمۇ ياراغ ، نەچچە زامانلاردىن بۇيان ۋاڭ - غوجىلار مۇشۇ ‹كۆسۈي› بىلەن ئەلنى قورقۇتۇپ بويىنىمىزغا مىنىپ كەلگەن . ئەمدى بىزمۇ مۇشۇ ‹كۆسۈي› بىلەن ئۆزىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىمىز» دەپتىكەندۇق . شيەنجاڭ دارىن بىزدىن قورالنى ئالمەن دېگۈچە ، ئاگال بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى قاندۇرغاي ، ئاندىن قورال توغرۇلۇق سۆزلىشەرمىز .

— قېنى تەلەپ نېمىكىن ؟ ئاڭلاپ كۆرەي ، — دېدى شۇي شيەنجاڭ ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ .

— بىرىنچى ، ئاراتۇرۇك بىلەن توغۇچىغا شيەن يامۇل قويۇش بىكار قىلىنسۇن ، ئۇن ئىككى تاغ بىلەن بەش شەھەرنى بۇرۇنقىدەك دورغىلار سورايدىغان بولسۇن ، يەنى بۇرۇنقى ۋاڭلىق ئورنىغا كەلتۈرۈلسۇن ؛ ئىككىنچى ، چېرىكلەر قومۇلدىن چىقىپ كەتسۇن ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى ئۆزىمىز ساقلايمىز .

تۇڭچى بۇ گەپلەرنى ئۆرۈپ بولغۇچە ، سوپى مەرگەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى : «ۋاڭلىق ئورنىغا كەلسۇن دەيدىغۇ ، بۇ نېمە گەپ ؟»

— شۇنداق دېمىسەك ھۆكۈمەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ ؟ — دەپ پىچىرلاپ بەردى ھاجى .

سوپى مەرگەن ھاجىغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر مەيۇسلۇك بىلەن تولغان ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

— تەلىپىڭلارنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ كۆرەيلى ،ئەمما قورالنى بەرمىسەڭلار بۇ تەلەپلەرنى قانداق ئورۇندىغىلى بولىدۇ ؟ — دېدى شۆي شيەنجاڭ سەل جىددىيلىشىپ .

— ئانداق بولسا ، سىلەر بىلەن پىيىزىمىز پىشمىغۇدەك ! — دېدى ئابدىنىياز مىرابمۇ جىددىيلىشىپ .

— قۇمۇلدا بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرىمىز بارلىقىنى ، لازىم تېپىلغاندا ئۇرۇمچىدىنمۇ ئەسكەر كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار !

— بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قوزغالدۇق ، — دېدى سالى دورغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — يالىڭاچ سۇدىن قورقماپتۇ ، دېگەن گەپ بار . ئۆتۈكنى سالدۇقمۇ ، بولدى ، ئەمدى ھەرقانداق سۇ بولسىمۇ كېچىۋېرىمىز !

شۆي شيەنجاڭ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ، يەنە مۇلايىملىشىپ :

— ھەممەيلەنگە ھاردۇق يەتتى بولغاي ، مېنىڭچە ، بۈگۈن ئارام ئالساقمىكىن ، — دېدى .

شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى سۆھبەت ئاياغلاشتى .

ئابدىنىياز مىراب باشلىق چوڭلار سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ قېلىش نىيىتىدە ، ئۇنى بۈگۈنكى خۇپتەن نامىزىدا ئىمام بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى .

ئالدىنقى رەتلەرگە ئاق كىگىز ، كېيىنكىلەرگە بورا جايناماز سېلىنغان ئاددىي ، ئەمما پاكىز تاغ مەسچىتى بۈگۈن ئاخشام جامائەت بىلەن لىق تولغانىدى . يېقىنراق مەھەللىلەردىكى مويسىپىتلارمۇ بۈگۈن بۇ مەسچىتكە كېلىپ ئالدىنقى رەتلەردىن ئورۇن ئېلىشتى . خوجىنىياز ھاجىغا ئۈچىنچى رەتتىن ئورۇن

www.uyghurkitap.com

تەگدى . ئەلچىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى توقسۇن پۇگەن دېگەن شادا پاچاق يىگىت تۆتىنچى رەتكە كېلىپ ، يۈزىنى ھاجىنىڭ دۈمبىسىگە توغرىلاپ ئولتۇردى . مەڭلىك نىـــيازغا توقسۇن پۇگەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن تەگدى . مېھراب ۋە بۇلۇڭلاردىكى قارا چىراغلار مەسچىتنىڭ ئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى .

سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى باشلىنىش بىلەن ھەممە ئادەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر خىل جىملىقتا چۆمۈلگەن پەيتتە ، توقسۇن پۇگەن قوينىـــدىن خەنجىرنى ئاستا چىقىرىپ ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىقىنىـــغا تىقماقچى بولغاندا ، ھولۇقۇپ كېتىپ جەينىكىنى مەڭلىك نىيازغا تەگكۈزۈۋەتتى . مەڭلىك نىياز كۆز قىرىدا ئۇنىڭغا بىر قاراش بىلەن ئەھۋالنى بايقاپ «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى . قاتتىق تارتىشىش باشلىنىپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خەنجەرنىڭ ئۇچى مەڭلىك نىيازنىـــڭ سول كۆكرەك قەپىسىگە سانجىلىپ قالدى . مەڭلىك نىياز «ۋاي ـي مۇناپىق !» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى . بەزگەكتەك تىترەپ كەتكەن توقسۇن پۇگەن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ، خۇددى غالجىر قاۋاندەك ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇپ ، سوقۇپ تالاغا قاچتى . سەپلەر بۇزۇلۇپ ، مەسچىتتىكىلەر پاتىپاراقچىلىقتا قالدى . خوجىنىياز ھاجى كۆكرىكىگە خەنجەر سانجىلغان مەڭلىك بالىنـى دەرھال قۇچىقىغا ئالغان بولسىمۇ ، ھېچنېمىنى چۈشـــەنەلمەي تامدەك قېتىپ قالغانىدى . كىمدۇر بىرى : «قاچتى ، قاچتى ، قاتىـل قاچتى !» دەپ ۋارقىرىدى . سالى دورغا : «تۇت ، قاتىلنى تۇت» دەپ قاتتىق ئۈن سالدى . ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن بىر توپ كىشى تالاغا يۈگۈردى . قېرىلار چىراغ تۇتۇپ مەڭلىك بالىنىڭ بېشىغا ئولاشتى . سوپى مەرگەن : «ۋاي جېنىم بالام» دەپ ئۆزىنى بالىغا تاشلىدىيۇ ، شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ قالدى . مەڭلىك بالا ھاجىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ : «ھاجى... ئاتا... ئۆزلە... ساقمۇ ؟

ئۇ مۇناپىق ئۆزلەنى··· » دېدى ـ دە ، جىمىپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرى تورۇسقا قارىغان پېتى قېتىپ قالغانىدى . هاجى تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇپ ، كۆكرىكىدىكى خەنجەرنى ئاستا سۇغۇرۇۋالدى . بالىنىڭ كۆكرىكىدىن بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىدى . هاجى قولياغلىقىنى چىقىرىپ يارىغا باسماقچى بولۇۋاتقاندا ، سەدەنشا ئاخۇنۇم سەللىسىنى يېشىپ ئۇنىڭغا سۇندى . ئاپئاق داكا سەللىدىن تەپچىپ تۇرغان قان هاجىنىڭ قولىغىمۇ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى . هاجىغا يارەدەملىشىۋاتقان سالى دورغىنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى مەڭلىك بالىنىڭ يۈزىگە تېمىۋاتاتتى .

سىرتتا بولسا ، مەشئەل تۇتقان ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ ، مەسچىت ئەتراپىنى قىيقاس ـ چۇقان قاپلىماقتا ئىدى . هاجى مەڭلىك بالىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى . ئۇنىڭ بۇركۈتنىڭكىگە ئوخشاش دۈگىلەك كۆزلىرى مەشئەل يورۇقىدا چوغدەك يېنىپ ، شۇنداق بىر غەلىتە تۈسكە كىرگەنىدىكى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قاراپ تاشلىغان كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتكەن بولاتتى .

دەل شۇ چاغدا ، ئەلچىلەرگە راسلانغان باشقا بىر هويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى خاس هۇجرىدا شۇي شيەنجاڭ توقسۇن پۈگەنگە ئالدىراش هاراق تۇتۇۋېتىپ : «يارايسەن ، يىگىت ، قېنى چاپسان بول ، بۇنى ئىچىۋېتىپ دەرهال ئاتلان ، سېنى ليۇ سىجاڭنىڭ چوڭ ئىنىئىمى كۈتۈپ تۇرىدۇ !» دەۋاتاتتى . تەكچىدە يېنىپ تۇرغان يوغان موم شام شۇي شيەنجاڭنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئەنسىزلىك ئالامەتلىرىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى . توقسۇن پۈگەن هاراقنى گېلىغا قۇيغاندەك چاپسانلىق بىلەن ئىچىپ تاشلاپ ، ئۆيدىن ئالدىراش چىقتى ـ دە ، مۇلازىملار هۇجرىسىنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان ئېگەرلىك ئاتنىڭ قېشىغا يۈگۈردى . بىراق ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتار ـ تۇتمايلا «گۈپ» قىلىپ يەرگە

يىقىلدى . شۇي شيەنجاڭ بۇنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە شامنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدى . ئۇ شۇ تاپتا ، خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلدىگە چىقىرىپ ، جىنايەت ئىزىنىمۇ پاك - پاكىز يوقاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ تېرىسىگە پاتماي ياتاتتى . بىراق، ھويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان ئادەملەر ئارىسىدا ھاجىنىڭ ئۆزىگە تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراشقا باشلىدى . مەشئەل كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم توقسۇن پۈگەننىڭ ئۆلۈكى ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شيەن يامۇلىنىڭ تۆڭچىسىمۇ بار ئىدى .

— شۇي شيەنجاڭنى قىچقار ، — دېدى سالى دورغا تۆڭچىغا قاراپ ، ئاندىن ئۆزىمۇ شۇي شيەنجاڭ ياتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى .

تۆڭچى ئىشىكنى چەكتى . شۇي شيەنجاڭ ئاڭلىمىغان بولۇپ جاۋاب بەرمىدى . ھاجى ئىشىكنى قاتتىق تاراقشىتىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ، شۇي شيەنجاڭ شامنى ياندۇرۇپ ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا ، ھازىرلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيدىن چىقتى ۋە تۆڭچىسىغا قاراپ : «نېمە گەپ ؟» دېدى . تۆڭچى باياتىن بېرى مەسچىتتە بولغان ۋەقەلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ تۈگەتكەندە ، سالى دورغا ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ :

— سىلەر ئەلچىلىككە ئەمەس ، قان ئىچىشكە چىقىپتىكەنسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى .

شۇي شيەنجاڭ ھەيران قالغاندەك :

— مېنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوق ، بېشىم ئاغرىپ بالدۇرلا يېتىۋالغانىدىم ، — دېدى .

— بۇنىچۇ ، بۇنى كىم ئۆلتۈردى ؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ھاجى توقسۇن پۈگەننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپ .

شۇ ي شيەنجاڭ ھېچنېمە بىلمەس كىشىدەك ھەيران قېلىپ، ئۆلۈكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تۆگچىسىنىڭ قولىدىكى شامنىڭ يورۇقىدا ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، خۇددى دەۋا ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىۋاتقاندەك قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— بۇ ئەبلەخنى قاتىللىق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن. جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي زەھەر يەۋالغان ئوخشايدۇ. بۇ دېلونى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك.

— ھەي لومودى، قايسى دېلونى ئېنىقلايتتىڭ؟ ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قىلىپ، ئەمدى بىلمەس بولۇۋالدىڭمۇ؟ — دەپ ئاغزىنى بۇزدى ھاجى، ئاندىن ھېلىقى قانلىق خەنجەرنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — سېنى ئۆزۈڭلارنىڭ خەنجىرى بىلەن بوغۇزلىۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئابدىنىياز مىراب، سادىق قورمال، يارى دورغا باشلىق چوڭلار ئۇنى توسۇۋالدى. ھويلىغا توپلانغان ئالامان تەرەپ - تۆشتىن ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ھاجىم توغرا ئېيتىدۇ، قويۇۋەتسىلە! نېمىشقا توسىدىلا؟

— قانغا قان ئالىمىز!

— توغرا، قانغا قان ئالىمىز.

شۇ ي شيەنجاڭ ئالاقزادە بولۇپ تىترەپ كەتتى. بىر چەتتە غەمكىن قاراپ تۇرغان سەدەنشا ئاخۇنۇم يالۋۇرغان ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— جامائەت سەۋر قىلىشسىلا، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى. مېنى بولسىمۇ ئاياشسىلا، قېرى جېنىم بىلەن بۇ ئىشلارغا چىتىلىپ قالماي.

— شۇنداق، شۇنداق، بىزنى ئايىسىلا، — دېدى يارى دورغا يالۋۇرغان قىياپەتتە، — قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس، دەپتىكەن، ھەر ئىش بولسا، گەپ بىلەن تۈگىگىنى ياخشى، ئاخۇنلۇغۇم بىلەن ئۆيلىرىمىزگە ئامان - ئېسەن كېتىۋالايلى.

— ئەستاغپۇرۇللا ، ئاخۇنلۇغۇمنى دېمىسەم... — دەپ خەنجەرنى يەرگە تاشلىدى ھاجى سەدەنشا ئاخۇنۇمغا قاراپ قويۇپ.

شۇنىڭ بىلەن جېدەل بېسىققاندەك بولدى . ئەمما ، خەلق توپى خېلىغىچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ تارقىلىشقا ئۇنىمىدى. ئابدىنىياز مىراب بىلەن يارى دورغا بىر ئىش بولۇپ قالسا ، سەدەنشا ئاخۇنۇمغا گەپ كېلىپ قالمىسۇن دەپ ، شۇي شيەنجاڭنى خەلق كۆزىدىن قاچۇرۇپ ، سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ كەتتى .

ئەتىسى كەچقۇرۇن مەڭلىك نىيازنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلدى . نامازنى سەدەنشا ئاخۇنۇم ئۆزى چۈشۈردى . بۇ نامازغا يىقىن يۇرتلاردىن بولۇپ مىڭدەك ئادەم يىغىلدى . شوپۇل بىنا بولغاندىن بۇيان ، مۇنداق چوڭ ناماز بولۇپ باقمىغانىدى .

ۋاقىتسىز قازاغا ئۇچرىغان بۇ ياش قەھرىماننىڭ يىشىل مەخمەل يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتى خەلق توپىنىڭ بېشىدا خۇددى ئاستا دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزدىكى يىشىل يەلكەنگە ئوخشاش ئۆزى مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . تاۋۇتنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئاپئاق سەللە قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن قىزىرىپ تۇرغان قارلىق چوققىلارغا ئوخشاش جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . يول بويىدىكى ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئىشىك ئالدىلىرى خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلار بىلەن تولغانىدى . سالى دورغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلغان بىر توپ خوتۇن - قىزلار ئارىسىدا ئاق لېچەك بىلەن تۇرغان ئايىمسا قىزنى ئىككى ئايال ئاران يۆلەپ تۇراتتى . دۇنيالىقتا بىردىنبىر يۆلەنچۈكى بولغان يالغۇز ئوغلىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان سوپى مەرگەن سالى دورغىنىڭ ئۆيىدە ھوشسىز ياتاتتى .

سەدەنشا ئاخۇنۇم قەبرە بېشىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ، ئاخىرىدا :

— بۇ ئوغلىمىز شېھىتلەر ماقامىغا يەتتى ، ھەزرىتى ئېلى كەرىمەللاھۇ ۋەجھۇمۇ مەسچىتتە شېھىت قىلىنغان ، — دېدى .

— شۇنداق ، ئاخۇنۇم ، مەسچىتىمىز شېھىت قېنى بىلەن

بويالدى ، ئەمدى بۇ قاننى يۇماق تەس ! — دېدى سالى دورغا شالاڭراق كەلگەن سېرىق ساقىلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ .

سەدەنشا ئاخۇنۇمنىڭ : «نامـاز دۇرۇس ئـەمـەس» دېگـەن پەتىۋاسى بـويىچـە ، توقـسۇن پۇگـەننىڭ جـەسىتـى شۇ كـۈنـى ئەتىگەندىلا كىيىم - كېچەكى بىلەن چەت ياقىدىكى بىر ئازگاللغا كۆمۈپ تاشلانغانىدى .

قوزغىلاڭ باشلىقلىرى ئەلچىلەرنى قۇمۇلغا ئۇزىتىپ قويۇپ ، دەرھال سالى دورغىنىڭ مېھمانخانىسىغا يىغىلدى .

— بـۇ ئەلـچىلىك قـان بىلـەن تـۈگىدى ، — دېدى سالى دورغا ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— قانداق قىلاتتۇق ؟ ئون ئىككى تاغدىكى ھەممە مەرگەنلەرنى توپلاپ قۇمۇلغا تېگىش قىلايلى ، بىز تېگىش قىلغان ھامان قۇمۇل ۋە بەششاردىكى قېرىنداشلار تەۋرەپ كېتىدۇ ، — دېدى قاسىم پالۋان خۇددى جەڭگە تەييارلىنىۋاتقاندەك تاسما بەلبېغىنى چىڭىتىپ قويۇپ .

— ياق ، بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئابدىنىياز مىراب ، — ھازىر قۇمۇلدا ئاز دېگەندە ئۈچ مىڭ چېرىك بار .

— ئۈچ مىڭ چېرىك بولسا نېمە بوپتۇ ، شەھەردىكى تۇڭگان قېرىنداشلارمۇ بىز تەرەپ . ھەممە خەق قوزغىلىپ كېتىدىغان بولسا چېرىكلەر كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ .

— ياق ، پالـگان ، ئـالـدىرىمايـلى ! — دېدى ئابـدىنىياز مىراب ، — مېنىڭ گېپىمگە كىرىشسىلە ، گەنسۇدىن ما جۇڭيىڭنى چىللاپ چىقايلى ، يۇسۇپ تەيجى بىلەن بېشىـــر غوجامىۇ خەت چىقىرىپتۇ . ئالتۇن - كۈمۈش لازىم بولسا بىز بار دەپتۇ . مانا خەت ، — ئۇ شۇنداق دەپ ، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى .

ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى . بىرئازدىن كېيىن گەپ

باشلىنىپ ، بەزىلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلدى . سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان قوشۇلمىدى . خوجىنىياز ھاجى قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ، ئابدىنىياز مىراب :

— ھاجىم ، ئۆزلە نىمە دەيدىلا ، — دېدى .

ھاجى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى :

— ئەمدى بۇ ئىش يوغىنايدۇ . قۇمۇلدىكى چېرىكلەرنى يوقاتتۇق دېگەندىمۇ ، ئۈرۈمچىدىن چېرىك كېلىشى تۇرغان گەپ . ما جۇڭيىڭنى چىللاپ كېلىشتىن باشقا چارە قالمىدى . نىمىلا دېگەنبىلەن ، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دىنىمىز بىر ، قىبلىمىز بىر .

— ھەي ، شۇ ما جۇڭيىڭ دېگەنلىرى بىزگە گويا قىلۇرمۇ ؟ — دېدى سالى دورغا .

— گويا قىلمىسا ئۆز بېشىنى يەر ، — دېدى ھاجى كەسكىن قىلىپ .

ئۇلار يەنە بىرئاز تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن ، ئاخىر ما جۇڭيىڭغا سوۋغا ـ سالام بىلەن ۋەكىل ئەۋەتىش قارارىغا كېلىشتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ما جۇڭيىڭ كەلگەندىن كېيىن شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم باشلاش ، ئۇنىڭغىچە بارلىق كۈچلەرنى ئۈچكە بۆلۈپ ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان شوپۇل تەرەپتە ، ئابدىنىياز مىراب بىلەن سادىق قورمال نېرىنكىر ۋە تۇركۆل تەرەپتە مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش ؛ خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىدىغان چېرىكلەرنىڭ يولىنى توسۇپ زەربە بېرىش دېگەن پىلاننى تۈزۈشتى . شوپۇلدىن كېتىدىغانلار ئەتە جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ يولغا چىقىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى .

بىراق ، ئەتىسى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇلارنى يولدىن توسۇپ قويدى .

توققۇزىنچى باب

# قەبرىستانلىقتىكى پاجىئە

*مەن ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭلار،*
*تاغ يولى يىراق كەلسە، باغدا قويۇڭلار.*
*يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭلار،*
*بېشىمغا بىر دەستە گۈل سانجىپ قويۇڭلار.*

— قۇمۇل خەلق قوشىقى

قىيا تاغ ئېتىكىدىكى بىر پارچە تۈزلەڭلىكتە تاش ـ توپا ۋە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بەزى قەبرىلەرنىڭ بېشىغا قوتاز قۇيرۇقىدىن تۇغلار قادالغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە قوچقار ياكى ئارقارلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى قويۇلغان. بۇ نەرسىلەر قەبرىستاننى قانچە سۈرلۈك قىلىپ كۆرسەتسە، مەيىن تاغ شاماللىرى بىلەن دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ياۋا گىياھلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كۆڭۈلگە شۇنچە ھۇزۇر بېرەتتى. شۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر قەبرە توپىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئەتراپىغا قوپۇرۇلغان چۇنجىسىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەڭلىك نىيازنىڭ قەبرىسى ئىدى.

جامائەت ناماز جۇمەگە ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئاق كىگىز قالپىقىنى كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ، ئۆزىگە ئۇزۇن كېلىپ قالغان ئەستەرلىك قارا تونىنىڭ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان چىرايلىق بىر بالا ئالدىراش كېلىپ، شۇ قەبرە ئالدىدا توختىدى ۋە تۇرلۇك ـ تۇمەن تاغ چېچەكلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر گۈلدەستىنى

قەبرە بېشىغا ئاستا سانجىپ قويۇپ ئۆزى يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىدەك قايرىلما كىرپىكلىرىدە شەبنەم دانچىلىرىدەك ياش تامچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ سانجىپ قويغان گۈلدەستە بولسا قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ ، گاھ باھار يامغۇرىدىن كېيىن بۇلۇتلار ئارىسىدىن يالتىراپ چىققان ھەسەن ـ ھۈسەنگە ، گاھ ئۆزىنى ئاپتاپقا سىلىۋاتقان تاۋۇسنىڭ پەرلىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى . بالا قەبرىدىن بىر سىقىم تۇپراقنى ئېلىپ ، ئۇنى ئاستا يۈز ـ كۆزىگە سۈرتتى ۋە يۈزىنى قەبرىگە يېقىپ ، كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى .

بىردىنلا ئارقا تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى . بالا چۆچۈپ ئورنىدىن قوپتى . كىرلىشىپ كەتكەن ماتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى يىرتىق ، يالاڭباش بىر بوۋاي يالىڭاچ قىلىچقا تايىنىپ دەلدەڭلەپ كەلمەكتە ئىدى . بالا بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى . بۇ مەڭلىك نىيازنىڭ دادىسى سوپى مەرگەن ئىدى . ئۇ بالىغا يېقىن كېلىپ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە ، قىلىچىنى تاشلاپ : «ۋاي جېنىم قىزىم ، بۇ ئۆزلە ئىكەنلەغۇ ، نېمىدەپ ئوغۇلچە ياسىنىۋالدىلا» دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى .

بۇ بالا ئايىنىسا قىز ئىدى ، ئۇمۇ سوپى مەرگەنگە قوشۇلۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى . سوپى مەرگەن يىغىسىنى توختىتىپ ، بىردىنلا شۇنداق قاتتىق ۋە غەلىتە قىياپەتتە كۈلۈشكە باشلىدىكى ، ئايىنىسا قىز قورقۇپ كېتىپ ، بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى ۋە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى . بوۋاي ھامان كۈلەتتى ، كۈلە ـ كۈلە ئۆزىنى مەڭلىك نىيازنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تاشلاپ ، ھەم يىغلايتتى ، ھەم كۈلەتتى . ئايىنىسا قىز شۇ چاغدىلا بوۋاينىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى سېزىپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش نىيىتىدە بولسا كېرەك ، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى . بوۋاي قىزغا قاراپ :

— قىچقارسىلا ، بالام ، قىچقارسىلا ئۇ ئويغىنىدۇ ، ھە ، بوپتۇ ، ئىزا تارتسىلا مەن قىچقىراي ، — دېدى - دە ، قەبرىنى ئاستا ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

«مەڭلىك ، مەڭلىك ، قوپ بالام ، ئۇخلاۋېرەمسەن ؟ ئاينىسا قىز كەلدى ، سېنى قىچقارغىلى كەلدى . چاققان قوپ ، بۇ يەردە دورغامۇ يوق ، موللامۇ يوق ، نىكاھىڭلارنــى ئۆزۈم ئوقۇپ قويىمەن ، قادىر خۇدا بىلەن مۇھەممەد مۇستاپا گۇۋاھ . دورغام بىزنى گاداي دېگەنبىلەن ، ئاينىسا قىز گاداي دېمەيدۇ ، شۇنداقمۇ قىزىم ؟ »

ئاينىسا قىز بوۋاينىڭ راستىنلا ئاينىپ قالغانلىقىغا گۇمانى قالماستىن ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ : «يۇرسىلە ، بۇ يەردىن كېتەيلى» دېدى ۋە ئۇنى پۇتۇن كۈچى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى . بىراق ، بوۋاي يەنە بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆزى ئورنىدىن دەس قوپتى ۋە ئاياغ ئاستىدا ياتقان قىلىچنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى :

— ھە ، ئۆزلەرمۇ دورغاملارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىلامۇ ؟ ۋاڭلىق تىرىلسە ، سىلەر يەنە شىرە چورۇق بىلەن قالىســلەر دەمدىلا ؟ ئۇلار ۋاڭلىقنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ ، مەن شامەخسۇتنىڭ ئەرۋاھىنى چېپىپ ، توقسان پارچە قىلىۋېتىمەن .

بوۋاي شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، قىلىچنى ئاللىقاياقلارغا تەڭلەپ شىلتىشقا باشلىدى . ئاينىسا قىز قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا ، جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەت (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرىمۇ بار ئىدى ) تۇپراق بېشىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا كېلىۋاتاتتى . ئاينىسا قىز ئۇلارنى كۆرۈپ ، بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىدى . بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن تېخــمۇ قايناپ ، سوزۇپ - سوزۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى :

— كېلىڭ ··· لار ، چاقــقان كېلىپ··· كۆرۈڭــلار . مەن شامەخسۇتنى··· توقــسان··· پارچە··· قىلىۋەتــتىم··· ئۇ ئەمدى

تىرىلمەيدۇ... ها ـ ها ـ ها...

ھېچكىم سوپى مەرگەننى بۇنداق قىياپەتتە كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. شۇڭا، جامائەت ھەيران قېلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. ھەممىدىن بۇرۇن خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نېمە بولدىلا سوپى ئاكا، — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئېلىۋالماقچى بولدى.

— بۇ قىلىچقا ئېسىلما، — دېدى سوپى مەرگەن قاپىقىنى سېلىپ، — بۇ تۆمۈر ئاكامدىن قالغان قىلىچ، بۇ شامەخسۇت بىلەن چيەن دارىننىڭ بېشىغا تەگكەن قىلىچ، بۇ قىلىچنى مەڭلىكمۇ تۇتالماي ئۇخلاپ قالدى. ئەمدى بۇنى سىلەر نېمە قىلىسىلەر؟

ئابدىنىياز مىراب يېقىن كېلىپ:

— سوپى ئاكا، يوچۇنلا بولۇپ قاپسەن، ئۆيگە بېرىپ ئارام ئالسىنا، — دېدى.

سوپى مەرگەن قاقاقلاپ كۈلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھەي ئابدىنىياز، سەن... سەن شامەخسۇتنىڭ ئۈچىبېگى، مەن يوچۇن بولۇپ قالمىدىم، سەن يوچۇن بولۇپ قاپسەن، قارا چاپان كىيىۋاپسەنغۇ؟ شامەخسۇتقا قارىلىق تۇتۇۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى توقسان پارچە قىلىۋەتتىم، ئەمدى تىرىلمەيدۇ... ها ـ ها ـ ها...

— ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلما، سوپى ئاكا! — دېدى ئابدىنىياز مىراب، — ئۆزۈڭ ساقتەك قىلىسەنغۇ، تۈزۈك گەپ قىلسىنا! مەڭلىك بالىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز قايغۇردۇق. قانداق قىلىمىز، ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇ ئىكەن.

— ياق، مەڭلىك بالا ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، — دېدى سوپى مەرگەن، — ئۇ ئۆلمىدى، ئۇ تىرىلىدۇ. ئەممازە، شامەخسۇت تىرىلمەيدۇ. ئۇنى كىم تىرىلدۈرىمەن دېسە، بۇ قىلىچ، ھە، مۇشۇ قىلىچ شۇنىڭ بېشىغا تېگىدۇ. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

توپ ئىچىدە غودۇڭ ـ غودۇڭ گەپلەر باشلاندى . كىمدۇر بىرى : «سوپى مەرگەن توغرا دەيدۇ» دېدى . ئارقىدىنلا : «توغرا ، توغرا !» « ۋاڭلار قۇرۇپ كەتسۇن !» «بىزگە ۋاڭنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى .

قويۇق قورۇقلار بىلەن قاپلانغان پېشانىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بىر قاتمال دېھقان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئابدىنىياز مىرابقا مۇنداق دېدى :

— سوپى مەرگەننى ئاينىپ قاپتۇ دەۋاتامدۇ ، ئاينىپ قالسىمۇ قالغاندۇ بۇ گوۋال① ، بالا دەردى يامان ، دۇنيالىقتا تىكەندەك بىر تال بالىسىنىڭ دەردىنى قانداق ئۇنتۇغاي !؟ ئەممازە ، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ئۇ مەڭلىك بالىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا بىر ھەسسە قايغۇرسا ، ۋاڭلىقنى تىرىلدۇرىمىز دېگىنىڭلارغا ئوغىسى قايناپ ، ئۆتى يېرىلاي دەۋاتىدۇ . ۋاڭلىقنى ئورنىغا كەلتۈرىمىز دېگىنىڭلارغا بىزمۇ رازى ئەمەس . بىزنى «تۆمۈر چارۋا» بىلەن «تارخان جاساقلىق» نىڭ دەردىنى يەنە تارتقاي دەمسىلەر ؟ ئويلاپ ئىش قىلىشسىلا !

«توغرا ، توغرا» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى . ئابدىنىياز مىراب يالت قىلىپ سادىق قورمالغا قارىدى .

— توغرا ، گېپىڭلار توغرا ! — دېدى خوجىنىياز ھاجى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — شامەخسۇت ئۆلدى ، ئۇ ھەرگىز تىرىلمەيدۇ ، نەزەر دېگەن ئەپيۈنكەش ئورۇمچىدە ، ئۇ ئەمدى قۇمۇلغا كېلەلمەيدۇ ، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنى ئەۋەتمەيدۇ .

— نەزەرنىڭ ئوغلى بەشىرچۇ ، ئۇ تېخى ھايات ، — دېدى كىمدۇر بىرى ھاجىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

— توغرا ، بەشىر تېخى ھايات ، — دېدى ھاجى ، — ئەمما ئۇ ھاراقكەش بىزنىڭ ئىشىمىزغا قول تىقالمايدۇ .

— ھا ـ ھا ـ ھا ! — كۈلدى سوپى مەرگەن ، ئاندىن خۇددى ساق كىشىدەك گەپكە كىرىشتى ، — قول تىقالمىغان بىلەن پۇل

---

① گوۋال — بىچارە (قۇمۇل شېۋىسى) .

تىقىدىكەنغۇ ، سىلەر ئۇنىڭ پۇلى بىلەن نىمە ئىش قىلماقچى ؟ گەنسۇدىن ما جۇڭيىڭنى ئەكەلمەكچىمۇ ، ھەي ھاجى ، تۆمۈر ئاكامغا قۇرئان تۇتۇپ بېرىپ ، ئۇنى قىلتاققا دەسسەتكەن ھېلىقى لى دارىننى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟

— يوق ، ئۇنتۇمىدىم ، ئاكا ، ئۇ لومودىنى قانداق ئۇنتۇغىلى بولسۇن ! — دېدى ھاجى كەسكىن قىلىپ ، — ئەمما ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ . ئۇ چاغدا ۋاڭ ـ غوجىلار بىلەن ياڭ جاڭجۈڭ بىر ئىدى . تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىمۇ ياڭ جاڭجۈڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن . ھازىر يېڭى جاڭجۈڭنىڭ قامچىسى ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭمۇ ، تۇڭگان قېرىنداشلارنىڭمۇ بېشىغا تەگدى . ھازىر ھەممەيلەننىڭ ئۈمىدى چېرىكلەرنىڭ زۇلمىدىن قانداق قۇتۇلۇش ! ۋاڭلىق ئورنىغا كەلسۇن دېگەن سۆز — چېرىكلەرنى قوغلىۋېتىپ ، يۇرتنى ئۆزىمىز سورايمىز دېگەن بولىدۇ . كىمدەكىم شامەخسۇتنىڭ ئورنىغا ۋاڭ بولمەن دەيدىغان بولسا ، ھەممىدىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭغا ئوق ئاتىمەن .

— ئوردىنىڭ چارۋىلىرى بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى قانداق قىلىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى قاتمال دېھقان ھاجىغا تىكىلىپ تۇرۇپ .

ھاجى بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەندەك ئويلىنىپ قالدى ، ئاندىن قولىنى قاتتىق شىلتىپ مۇنداق دېدى :

— ئاگال ماۋۇ يەر يۈتقۇر زالىم ھۆكۈمەتتىن قۇتۇلايلىچۇ ، كېيىن بىر گەپ بولۇر . ئەمما ، قانداقلا بولسا ، زالىم ھۆكۈمەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ ، بەگ ـ غوجىلارنىڭ نوختىسىغا تۇتۇلىدىغان ئىش بولمايدۇ .

— ھاجى ، بۇ گەپلىرى راستمۇ ؟ — دېدى سوپى مەرگەن خۇددى روھىي ھالىتىدە ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىغان كىشىدەك ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ .

شۇنىڭغىچە گەپ قىلىشقا پۇرسەت تاپالماي تۇرغان سالى دورغا سوپى مەرگەنگە يېقىنراق كېلىپ :

— ھاجىغا ئىشەنسىلە ، بىزگىمۇ ئىشەنسىلە ، سوپى ئاكا ، — دېدى .

سوپى مەرگەن ئەتراپتىكى ئادەملەر توپىغا تەكشى قاراپ چىقتى ، يۈزلىگەن كۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ قولىدىكى قىلىچنى توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— مۇشۇ قىلىچ ھۆرمەتتى ئۈچۈن ھاجىغا ، ھەم ، سالى دورغىغىمۇ ئىشىنەي... ئىشىنەي ، ئەمما بىلىپ قويۇشسىلا ، بۇ تۆمۈر ئاكامدىن قالغان قىلىچ ، مانا قارىسىلا ، ئۇنىڭ دەستىسىدە تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇركۇت چاڭگىلىدەك قاتتىق بارماقلىرىنىڭ ئىزى بار . مەن بۇ قىلىچنى مەڭگىككە بەرگەنىدىم ، ئۇ ئوغۇل بالا ئىدى ، بۇ قىلىچنى داتلاشتۇرماي تۇتالايتتى . بىر جادۇگەر ئۇنىڭغا دورا بىھوش بېرىۋەتكەن ئوخشايدۇ . ئۇ ئۇخلاپ قالدى ، ئەمدى بۇ قىلىچنى دات باستۇرماي تۇتالايدىغان ئەر بارمۇ ؟

«بار ، مانا مەن» ، «مەنمۇ بار» ، «مەنمۇ» ، «ھەممىمىز بار» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ ، ئون نەچچە يىگىت توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى .

— سوپى ئاكا ، — دېدى ئۇلاردىن تۆت چاسا كەلگەن قىزىل يۈزلۈك بىر يىگىت ، — رەھمەتلىك مەڭلىك نىياز ئىنىمىزنىڭ ئورنىدا مانا مەن بار ، بۇ قىلىچ مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپ داتلىشىپ قالىدىغان بولسا ، تۆمۈر خەلپە بىلەن مەڭلىك نىيازنىڭ قىزىل ئىرنىقى قىيامەت كۈنى مېنىڭ ياقامدا بولسۇن .

بۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەڭچىلىرىدىن مىرۇل دېگەن يىگىت ئىدى . ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا كۆكۈچرەك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولدى . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترىگەندەك چىقاتتى .

— ئاتاڭغا رەھمەت ، مىرۇل ، بۇ قىلىچنى تۇتۇشقا سەن مۇناسىپ ، — دېدى ھاجىمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ .

سوپى مەرگەن : «ھاجىم ئىشەنگەن يىگىتكە مەنمۇ ئىشىنىمەن ، تۇت ، بالام» دەپ قىلىچنى مىرۇلنىڭ قولىغا

تۇتقۇزدى ۋە ئۆزى ھەممەيلەنگە قاراپ : «خوش ، تۇغقانلار» دېدى ـ دە ، ناھايىتى ھالسىزلانغان ھالدا مەڭلىك نىيازنىڭ قەبرىسى تەرەپكە دەلدەڭلەپ كېتىۋېتىپ ، «گۇپپلا» قىلىپ ئۆكدىسىغا يىقىلدى . خوجىنىياز ھاجى بىلەن سالى دورغا دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى . شىپشىدەك سۈزۈك ئاسماندىكى ياز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . مەيىن تاغ شامىلى ئۇنىڭ كۈمۈشتەك يالتىراق ئۇزۇن ساقىلىنى ئاستا يەلپۈپ ئۆتمەكتە ئىدى .

— سوپى ئاكا ، سوپى ئاكا ، نېمە بولدىلا ؟ كۆزلىرىنى ئاچسىلا ، بىز... — دېدى خوجىنىياز ھاجى ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ .

بوۋاي تېخىچىلا جىم ياتاتتى . سالى دورغا يىگىتلەرنى ئۇنى كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى . يىگىتلەر مەسچىتتىن مېيىت يۇيىدىغان تاختىنى ئەكېلىپ ، سوپى مەرگەننى سالى دورغىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كۆتۈرۈپ ماڭدى .

ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتقان ئابدىنىياز مىراب يېنىدىكى سادىق قورمالغا ئاستا پىچىرلىدى :

— بۇ خەقنىڭ پەيلىنى كۆردىلەمۇ ؟ خوجىنىياز بار يەردە ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىزگە گەپ تەگمەيدىغان ئوخشايدۇ .

— ما جۇڭيىڭنى چاقتانراق چىللاپ كەلمىسەك بولمىدى ! — دېدى سادىق قورمالمۇ ئابدىنىياز مىرابنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ .

## ئونىنچى باب

# ساتقۇن

*بۇ ئادەم ساتتى ئۆز سەپدىشىنى ،*
*ساتتى ئۆز يولدىشىنى .*
*ساتتى ئالتۇن لىگەنگە سېلىپ ،*
*سەپدىشىنىڭ قانلىق كېسىك بېشىنى .*

— نازىم ھېكمەت

## 1

قەبرىستانلىقتىكى پاجىئەدىن كېيىن ، بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە ، شەھەر يولىدىكى بىرىنچى ئۆتكەلدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان يىگىتلەر سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە ئىككى مېھمان باشلاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بىرى ، خۇش پىچىم ، قارا ساقال ، بۇرۇتـــى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان ، قىزىل يۈزلۈك ، تاغلىقلارغا نىسبەتەن ناھايىتى پۇزۇر كىيىنگەن ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئىـدى . ئۇ مىنگەن چىلان تورۇقنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمۇ ئادەتتىكـــــى يۇقىرالاردا كەم ئۇچرايتتى . يەنە بىرى ، ئورۇق قىرچاڭغۇ مىنگەن ، خىزمەتچى كىيىمى كىيگەن ئاددىي يىگىت ئىدى . بۇ مېھمانلار سالى دورغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ ، ئاتتىن چۈشۈش بىلەن ئۇششاق باللار ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى :

— ماۋۇ ئادەم بەگلەردىن ئوخشايدۇ ، ئۆتۈكىنـــــى قارا ، ئەينەكتەك پارقىرايدىكەن .

— قارا ، قارا ، قامچىسىنىڭ سېپىگە قارا ، بىلىقنىڭ كۆزىدەك پارقىراۋاتقان نېمە ئۇ ؟

— هوي كالۋا ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن ، ئاغىچا - خېنىملارنىڭ بۆكىگە قادايدىغان چىنتاش① دېگەن نېمە شۇ .

شۇ ئارىدا ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان هويلىدىن چىقىپ مېهمانلارنى قارشى ئالدى . ئۇلار كۆرۈشۈۋاتقاندا ، يەنە بىر بالا يېنىدىكى هەمراهىغا پىچىرلىدى :

— كۆردۈڭمۇ ، قولىدا ئۈزۈكى بار ئىكەن تېخى .

— ئەرلەرمۇ ئۈزۈك سالىدىكەن - هە !

— بەگ - غوجىلار بىلەن سودىگەر بايلار شۇنداق قىلىدۇ ، سېنىڭ ئاپاڭغا ئوخشاش...

— ئاستا گەپ قىل ، ئاڭلاپ قالمىسۇن .

بالىلار گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ ئادەم ئون ئىككى تاغنىڭ بىرى بولغان ئىدىر دېگەن يۇرتنىڭ سابىق دورغىسى ئابدۇرېهىم دورغا ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» غا قاتناشقان . ئەمەلىيەتتە ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ شامەخسۇتقا خىزمەت قىلغانلىقتىن ، قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن دورغىلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەن . هۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭغا پەيجاڭ (ئوتتۇز بېشى ) لىق ئەمەلىنى بەرگەن . بىراق ، 1930 - يىلى ئەتىيازدا شامەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن ، جىن شۇرېن هۆكۈمىتى ۋاڭلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سىياسىتىنى جىددىي يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندا ، ئابدۇرېهىم دورغا ۋاڭلىقنى هىمايە قىلغۇچى بەگ - غوجىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ . هەتتا پائال سۈرئەتتە مەخپىي هەرىكەت باشلايدۇ . بۇنى يولۋاس سېزىپ قېلىپ لىۇ سىجاڭغا چېقىپ قويىدۇ . لىۇ سىجاڭ ئۇنىڭ مەشهۇر سۇلايمانبەگنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئېغىر جازا بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئۇنى پىچانغا سۈرگۈن قىلىدۇ . ئابدۇرېهىم دورغا

① چىنتاش — ياقۇت ، زۇمرەت ، پىروزا قاتارلىق ئېسىل تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى (قومۇل شېۋىسى ) .

يېچاندىن لىيۇ سىجاڭغا توۋىنامىلەر يېزىپ خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ئاڭلىسام ، ئۇن ئىككى تاغ قوزغىلىپ كېتىپتۇ . ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرەلمەيسىز . چەنتۇنىڭ تىلىنى چەنتۇ ئۇقىدۇ ، تاغچىنىڭ خۇيىنى تاغچى بىلىدۇ . ماڭا پۇرسەت بەرسىڭىز ، تاغچىلارنىڭ چوڭلىرىنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ بېرىمەن . »

لىيۇ سىجاڭ قوزغىلاڭچىلارنى نە كۈچ ، نە پۇل بىلەن باش ئەگدۈرەلمەي ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قېتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ ئاشۇ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۇنى دەرھال قۇمۇلغا چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا نەچچە مىڭ سەر پۇلنى قويۇپ : «قېنى ئەمىسە ، ھۈنىرىڭىزنى بىر كۆرسەتمەمسىز » دېدى ۋە ھازىرقى كۈندە ئابدىنىياز مىراب ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق قوزغىلاڭ باشلىقلىرىنىڭ شوپۇلدا ، يەنى سالى دورغىنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم دورغا ئۆزىنىڭ «ھۈنىرى» نى كۆرسىتىش ئۈچۈن بوگۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى . بىراق ، ئۆيگە كىرەر ـ كىرمەيلا ، سالى دورغىدىن ئابدىنىياز مىرابنىڭ ئاراتۈرۈككە ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ شارلار تېغى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ : «ئاپلا ، كېچىكىپ قاپتىمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئاندىن : «خەير ، ئاگال سېرىق ساقاللىق تەرسانى (سالى دورغىنى دېمەكچى ) ئەيۋەشكە كەلتۈرسەممۇ چوڭ گەپ» دېگەن خىيال بىلەن شوپۇلدا بىر ـ ئىككى كۈن تۇرماقچى بولدى ۋە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزىنى مەڭلىك نىيازنىڭ ۋاقىتسىز قازاغا ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سوراپ چىققان كىشى قىلىپ كۆرسىتىپ ، بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغاچ : «دورغام ماقۇل كۆرسە ، ئاگال سوپى مەرگەننى يوقلاپ كەلسەك ، ئاندىن تۇپراق بېشىغا چىقىپ مەرھۇم مەڭلىك بالىنىڭ روھىغا قۇرئان ئوقۇپ قايتساق» دېدى . سالى دورغا بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى ۋە ئۇنى سوپى مەرگەننىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى . سوپى

مەرگەن ھېلىمۇ بىتاب ھالدا سالى دورغىنىڭ ھويلىسىدىكى بىر ئۆيدە ياتاتتى . ئابدۇرېھىم دورغا قۇرئان پاتىھەسى قىلىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى . بىراق ، سوپى مەرگەننىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك ھالى يوق ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرېھىم دورغا ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋاننىڭ ھەمراھلىقىدا ھېلىقى قەبرىستانلىققا كەلدى ۋە ئەرۋاھلارغا ، بولۇپمۇ مەڭلىك نىيازنىڭ روھىغا ئاتاپ شۇنداق مۇڭلۇق قىرائەت قىلدىكى ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋانلار ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

— توقسۇن يۇگەن دېگەن مۇناپىقنىڭ ھاجىغا قەست قىلىشىدا يولۋاس تازنىڭ قولى بار دەپ ئويلايمەن ، — دېدى ئابدۇرېھىم دورغا قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، — ئىلاھىم ، بۇ تازمۇ ياخشى كۈن كۆرمەس ، ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشۈر ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— يولۋاسچۇ ، ئۇ نېمە قىلىپ يۈرىدۇ ؟ — سورىدى سالى دورغا .

— نېمە قىلماقچىدى ، لىيۇ سىجاڭنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ قۇمۇلغا پاتماي يۈرىدۇ . ئۇنىڭ مەنسىپى يەنە ئۆسىدىغان ئوخشايدۇ . ئەمدى بىز قۇمۇللۇقلار دادىسىنىڭ تايىنى يوق ئاشۇنداق بىر چىركىننىڭ قولىغا قالىدىغان ئوخشايمىز . ئەسلىدە قۇمۇلنى سوراشقا ئۆزلەدەك ئەرلەر لايىق ئىدى .

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، يەر ئاستىدىن سالى دورغىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى . سالى دورغا ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ، بىر خىلدا قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى :

— ۋاي دورغام ، ئالىقانچىلىك كېلىدىغان شوپۇلنى سورىيالماي ، ئەلنىڭ بېشىغا شۇنچە دىشۋارچىلىقلارنى كەلتۈرگەن مەندەك ئادەم قۇمۇلنى سوراشقا قانداق لايىق بولاي !

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ، جاڭ جىسانىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىرىدىن كېيىن ، ئۆزلەنى بىلمەيدىغان كىشى قالمىدى ، —

دېدى ئابدۇرېھىم دورغا ، ئاندىن چىرايىغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — دوستلار تۇرماق دۈشمەنلەرمۇ ئۆزلەگە قايىل قاپتۇ . ئۇ كۈنى لىۇ سىجاڭ مەندىن سالى دورغىنى تونۇمسىز دەپ سورىدى ، تونۇمايچۇ دېسەم ، قۇمۇلدا ئۇنىڭچىلىك ئەر يوق ئىكەن . بۇ مالىماتاڭلار بىرسىلسا ئون ئىككى تاغنى سالى دورغا سورىسا بولغۇدەك دېدى . ئەقىللىق كىشى كەلگەن ئامەتنى نېرى تۇر دەپ ئىتتىرىۋەتمەيدۇ ، دورغام !

— يوقسۇ ، مەن ئون ئىككى تاغنى سوراشقىمۇ ھېرىس ئەمەسمەن ، ئەل - يۇرت جەبىر - زۇلۇم كۆرمەي ئارامخۇدا ئۆتەلىسىلا ماڭا شۇ يېتىدۇ .

— ھە ، بەللى ، — دەپ چىرايلىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ئابدۇرېھىم دورغا ، — ئەل - يۇرتنىڭ جەبىر - زۇلۇم كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزلەدەك ئەرلەر كېرەك .

— دورغام ، — دېدى سالى دورغا قاپىقىنى سىلىپ ، — بۇ گەپلەرنى قويسىلا ، ئۆزلە پىچاندىن قانداق قىلىپ يېنىپ كەلدىلە ، لىۇ سىجاڭ ئۆزلەنى پىچانغا پالىغان ئەمەسمۇ ، شۇنى ئېيتسىلاچۇ .

— مانا ، مانا ، ئەمدى گەپنىڭ قىزىقىنى ئاڭلايدىغان بولدىلا ، — دېدى ئابدۇرېھىم دورغا ھاياجانلىنىپ ، — لىۇ سىجاڭ مېنى قىچقارتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى : بىز سىزنى كەچۈرۈم قىلدۇق ، بۇرۇنقىدەك دورغا بولىسىز . سالى دورغا بىلەن ئابدىنىياز مىراب باشلىق ھەممە قوزغىلاڭچىلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلىمىز . نەچچە گاختىن ئەلنىڭ دەردىگە يەتمەپتىمىز . قۇمۇلغا ۋاڭ قويغىلى بولمايدۇ ، يۇرتنى سىلەرگە ئوخشاش پۇقرالاردىن چىققان يەرلىك مۆتىۋەرلەر سورىسا بولغۇدەك ، سىز بېرىپ سالى دورغىلارغا ئېيتىڭ ، ھۆكۈمەت بىلەن ياراشسا ، ئون ئىككى تاغنى شۇلارنىڭ ئۆزى سورايدۇ ، قورالنى تاپشۇرسىلا ، بىز ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايمىز .

— ھە ، ئۆزلەزە بىزنى ئەل بولۇشقا دەگەت[①] قىلغىلى

① دەگەت — دەۋەت (قۇمۇل شېۋىسى) .

كەپتىلا ـ دە ، — دېدى سالى دورغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — مۇنداق دەيدىغان بولسىلا هازىرلا بۇ يەردىن كەتسىلە...

— كايىمىسىلا ، دورغام ، — دېدى ئابدۇرېھىم دورغا يالۋۇرغان ئاھاڭدا ، — مەن ئۇنداق ئىشقا كەلمىدىم ، بايىلا ئېيتتىمغۇ ، توقسۇن پۇگەنىنىڭ قارا يۈزلۈك قىلغىنىنى ئاڭلاپ ، ھەرقايسىلىرىدىن كۆڭۈل سورىغىلى كەلدىم . مېنىڭمۇ نىيىتىم ھەرقايسىلىرىغا ئوخشاش ، ھەممىمىز بىر سەپداش ، بولمىسا لىۋ سىجاڭ مېنى پىچانغا پالامدۇ ؟

— بىز بىلەن سەپداش بولسىلا ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ جەڭگە كىرسىلە ! — دېدى قاسىم پالۋان ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ .

— لازىم بولسا قورالنىمۇ ئېلىۋېرىمەن ، پالگان . مەن قولۇمغا خېنە يېقىۋالغىنىم يوق ، — دېدى ئابدۇرېھىم دورغا ئۆزىنى سىپايە تۇتۇشقا تىرىشىپ ، — بۇلتۇرلا قولغا قورال ئېلىپ قوزغىلايلى دېگەن ئابدۇرېھىم مەن شۇ . يولۋاس دېگەن تاز چېقىمچىلىق قىلمىغان بولسا شۇ چاغدىلا ئىشنى باشلىۋېتەتتۇق . ئەمدى بارا ـ بارا قان تۆكمەيمۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىكەن دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم . ھېلىمۇ ھەرقايسىلىرى نېمە دېسىلە ياق دېمەيمەن .

سالى دورغا بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا ، چارلاش قىسمىدىكى يىگىتلەردىن ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، شىڭشىڭشىيا تەرەپتىن ئون ھارۋىغا قورال ـ ياراغ باسقان چېرىكلەرنىڭ قۇمۇل تەرەپكە ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىلدى .

— ھارۋىلاردا قانچىلىك چېرىك بار ئىكەن ؟ — سورىدى قاسىم پالۋان .

— ھەربىر ھارۋىدا ئۈچ ـ تۆتتىن چېرىك بارلىقىنى كۆردۇق .

— خۇدا بىرىپتۇ ، — دېدى قاسىم پالۋان خۇشال بولۇپ ، — مەن هازىرلا يولغا چىقاي ، قانداق دەيدىلا ، دورغام ؟

سالى دورغا سەل ئويلىنىۋېلىپ :

— بۇغۇ ئوبدان ئولجا ئىكەن ، ھەر ھالدىزە ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىۇرلا . جىقراق ئادەم ئېلىشىۋالسىلا ، — دېدى .

قاسىم پالۋان شۇ ئاخشىمى ياخشى ئاتلارغا مىنگەن ئۈچ يىگىت بىلەن يۈرۈپ كەتتى .

ئابدۇرېھىم دورغا ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى . «قانداق قىلىش كېرەك ؟ — ئويلايتتى ئۇ ، — بۇ سېرىق ساقال تەرسا ئاسان گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس . بۇنىڭغا قارىغاندا ئابدىنىيازنى ئىندەككە كەلتۈرمەك ئوڭايراق . ئۇن ئىككى تاغقا باش بولسەن دېسەم ، ھە شۇنداق ، ئەمەل ـ مەنسەپكە كىم ئامراق ئەمەس ، ئۇ خوجىنىيازدىن قىزغىنىپ بولسىمۇ ماقۇل دەپ تاشلايدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا ۋاقىت كېرەك . ئاۋۇ ئۇزۇن ساقال قاسىم پالگاننىڭ ئون ھارۋا ياراغنى ئېلىشقا كېتىۋاتقىننى بىلىپ تۇرۇپ ، بۇ سودىدىن قۇرۇق قالسام بولماس ! ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۇگۈنكى ئۆپكە ئەۋزەل ئەمەسمۇ ، ئاگال بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشىم كېرەك . »

ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپ ، ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا : «خوش ، دورغام ، مەنمۇ شەھەرگە ياناي» دەپ سالى دورغىدىن رۇخسەت سورىدى ۋە سالى دورغىنىڭ : «بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ كەتسىلە» دېگىنىگە ئۇنىماي دەرھال يولغا چىقتى . ئۇ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، سالى دورغا بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك بولۇپ ، دەرھال ئون بەش يىگىتنى قاسىم پالۋانلارغا ياردەمگە ماڭدۇردى .

## 2

قاسىم پالۋانلار شىڭشىڭشىيا يولىدا ئىككى كۈن ئىز قوغلاپ يۈرۈپ ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە شەھەرنىڭ تەخمىنەن يىگىرمە بەش كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى قارىمۇقچى دېگەن يەردە

ھېلىقى ھارۋىلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. چېرىكلەر شىمالىي تەرىپى يۇلغۇنلۇق قۇم بارخانلىرى، جەنۇبىي تەرىپى شورتاڭلىق سازلىق بىلەن قاپلانغان بىر خارابە دەڭ ئالدىدىكى ئويمانلىقتا ئات - ھارۋىلىرىنى قېتىشتۇراتتى. بىردىنلا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. چېرىكلەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئوق يامغۇرىدا قالدى. ئۇلار ھودۇقۇپ كېتىپ، كىمگە قارىتىپ ئېتىشنى بىلمەي قارىسىغا ئوق چىقىراتتى. بەزىلىرى ئات ئېلىپ قېچىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ھارۋىلارنىڭ ئاستىدا قالدى. ئالاقزادە بولۇپ قاچقانلىرىغا تېخىمۇ ئاسان ئوق تېگەتتى. شۇنداق قىلىپ، يېرىم سائەتكە يېتەر - يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق چېرىك جېنىدىن جۇدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يارىدارلارمۇ بار ئىدى.

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، قانغا بويالغان بۇ ئويمانلىق جىمجىت بولۇپ قالدى. ئىككى يىگىت قاچقان ئات - ئۇلاغلارنى تۇتۇپ كېلىپ، غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللارنى يىغىشتۇردى. يەنە بىر يىگىت قاسىم پالۋان بىلەن جەسەتلەرنى ئارىلاپ، مىلتىقلارنى يىغىپ يۈرگەندە، يېنىكرەك يارىلىنىپ ياتقان بىر چېرىك قولىدىكى ماۋزىرنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان بەش تال ئوق ئۇ يىگىتنى يىقىتتى. قاسىم پالۋان غەزەپلىنىپ ھېچقايسىسىنى تىرىك قويماسلىق ئۈچۈن جەسەتلەر ئارىسىدىن يارىدارلارنى ئاختۇرۇپ يۈرگەندە، شەھەر تەرەپتىن يۈزدەك چېرىك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. بىردەملىك قاتتىق ئېتىشۋازلىقتىن كېيىن، يىگىرمىدەك چېرىك ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. قاسىم پالۋانمۇ ئۆزىنىڭ ئىككى يىگىتى بىلەن قازا تاپتى[1].

— ئوغرىلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى چېرىكلەرنىڭ باشلىقى قولىدىكى قىلىچنى شىلتىپ

[1] «قارىمۇقچى دېگەن يەردە خويمۇ قاتتىق جەڭ بولدى. قاسىم پالگان رەھمەتلىك چېرىكلەرگە يەم بولدى» دېگەن خەلق قوشىقى شۇ جەڭنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

تۇرۇپ .

بىر چىرىك ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان قاسىم پالۋاننىڭ مەيدىسىگە دەسسىگەن هالدا ، ئۇزۇن ساقىلىدىن تارتىپ تۇرۇپ بېشىنى شارت قىلىپ كېسىۋالدى . يىگىتلەرنىڭ بىرىنىڭ باش سۆڭىكى تىتىلىپ كەتكەنلىكتىن ، قالغان ئىككىسىنىڭ بېشى كېسىۋېلىندى ، ئاندىن چېرىكلەر شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى .

سالى دورغا تەرەپتىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ھېلىقى ئون بەش يىگىت قاسىم پالۋانلارنى ھېچ يەردىن تاپالماي يۈرگەندە ، تاپ يەيدىغان ئۇچارلىقلارنىڭ بايىقى ئويمانلىق ئۈستىدە ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلداپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىشتى ـ دە ، دەرھال شۇ يەرگە ئات سېلىشتى . ئاھ ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك مەنزىرە !...

توپ ـ توپ سارلار ، قاغا ـ قۇزغۇن ۋە سېغىزغانلار چالا كۆمۈلۈپ قالغان چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇپ ، ئۈچەي ـ بېغىرلىرىنى چۇۋۇپ ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە سۆرىشىپ يۈرەتتى . بەزىلىرى «ئولجا» تالىشىپ بىر ـ بىرىنى چوقۇيتتى ، شۇ ئارىدا ، يىگىتلەرنىڭ بىرى كۆمۈلمەستىن تاشلاپ قويۇلغان ئىككى جەسەتنىڭ پۈتىدىكى چورۇقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تونۇپ ھەمراھلىرىنى چاقىردى . ئىزدەش نەتىجىسىدە قاسىم پالۋان بىلەن يەنە بىر يىگىتنىڭمۇ باشسىز جەسىتى تېپىلدى . يىگىتلەر يىغا ـ زار بىلەن بۇ جەسەتلەرنى بىر تۈپ قېرى يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە قاتار قىلىپ كۆمۈپ قويۇشتى .

تىنچ يىللاردا ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئۆتەڭ بولغان بۇ ئويمانلىق ئەمدى بىر قەبرىستانلىققا ، توغرىسى قان پۇراپ تۇرىدىغان قۇشخانىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . ئەپسۇسكى ، قۇشخانىلاردا ئادەملەر ئادەملەرنى ئەمەس ، ماللارنى سوياتتى ؛ ماللارنى سويغاندىمۇ ، ئۇلارغا بولغان غەزەپ ، ئۆچلۈك ، ئاداۋەت

ۋە قىساس ھېرىسى بىلەن ئەمەس، پەقەت تويۇنۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن سوياتتى. بۇ يەردە بولسا ئادەملەر ماللارنى ئەمەس، بىر - بىرنى سويۇشتى. سويغاندىمۇ قورساق تويدۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئەمەس، بىر - بىرىگە بولغان غەزەپ، ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە قىساس ھېرىسى بىلەن سويۇشتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئارىسىدا مۇشۇنداق دەھشەتلىك پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ؟

باياتىن بېرى، بۇ پاجىئەگە شاھىت بولۇپ تۇرغان ئاۋۇ ئېگىز تاغلار، ماۋۇ قۇم بارخانلىرى، قېرى يۇلغۇنلار، شورتاڭلىق سازلىقتا ئەگىپ - ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرى ياكى شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئاۋۇ يالغۇز سۆگەت نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ توغرا، بۇ نەرسىلەردە ئاڭ - ئىدراك بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئويلايدۇ دېيىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، «يەر - زېمىننىڭ خەلپىسى بولغان ئىنسان»[1] بۇنداق ئەھۋاللار توغرىسىدا ئويلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ زادى بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا كىم جاۋابكار؟

ئەتىسى، لوپچىڭ شەھىرىنىڭ ئادەم كۆپ قاتنايدىغان دەرۋازىسى، يەنى غەربىي دەرۋازىسىنىڭ خىشتىن قوپۇرۇلغان ئەگمىسىگە ئۈچ كېسىك باش قاتار قىلىپ ئېسىپ قويۇلدى. ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن ساقىلىغا قان ئۇيۇپ، ئىككى كۆزى ئوچۇق پېتى قېتىپ قالغان قاسىم پالۋاننىڭ بېشى ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تاشلىغان كىشىنىڭ بەدىنى سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك شۈركۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۈچۈن بۇ دەرۋازىدىن قاتنايدىغان كىشىلەر مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. لېۇ سىجاڭنىڭ يېقىن مەھرەملىرىدىن ۋاڭ فۇگۇەننىڭ ياش ئايالى دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭغا قاراپ تاشلاپ، تۆت ئايلىق بولغان بالىسى چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ فۇگۇەننىڭ قېيىناتىسى باشلىق مۇتتەۋەر كىشىلەر كۆڭۈلگە دەھشەت سالىدىغان بۇ كېسىك

① بۇ ئىبارە «قۇرئان كەرىم» دىن ئېلىندى.

باشلارنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا ليۇ سىجاڭغا ئىلتىماس يازدى . ۋاڭ فۇگۇەن بۇ ئىلتىماسنى ليۇ سىجاڭنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن شۇ ئاخشىمىلا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا ، ئابدۇرېھىم دورغا بىلەن بوسۇغىدا ئۇچرىشىپ قالدى . ئابدۇرېھىم دورغا ۋاڭ فۇگۇەنگە ھېجىيىپ قويۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى .

ليۇ سىجاڭ ئىلتىماسنى ئوقۇپ بولغاندا ، ۋاڭ فۇگۇەن ھامىلدار ئايالىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكىنى قوشۇمچە سۆپىتىدە بايان قىلىشقا باشلىدى . ليۇ سىجاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . بىراق ، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى شۇ ئاخشىمىلا يىغىنغا ئايلاندى . بۇ يىغىننىڭ سەۋەبى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر پارچە جىددىي تېلېگراممىدا ئىدى .

## 3

بۇ كۈنلەردە قۇمۇل ۋە باركۆل تەرەپتىن غەربىي تاغلارغا ھۇجۇم قىلغان چېرىكلەرمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ، قوزغىلاڭچىلار سېپى كۈنسايىن كېڭەيمەكتە ئىدى . باركۆل تاغلىرىدىكى قازاقلارمۇ غارىپ دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئابدىنىياز مىراب بىلەن خوجىنىياز ھاجىلارغا يېقىندىن ماسلاشماقتا ئىدى . شادا قۇلۇپقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆزۈنتۈرا جىن شۇرېن ليۇ سىجاڭنىڭ ئاز كەم ئۈچ مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى بېستقتۇرالمىغىنىغا كايىپ ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ، گەنسۇدىكى كۆز - قۇلاقلىرىدىن ما جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى توغرىسىدا جىددىي خەۋەر كېلىپ قالدى . بۇ خەۋەر جىن شۇرېننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . ئۇ بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ليۇ سىجاڭنىڭ بوشاڭلىقىدىن كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇ رۇيشى دېگەننى قوماندان ھەم قۇمۇل

ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە بۇ ھەقتىكى بۇيرۇقنى ئاتايىن كېچىكتۈرۈپ، جۇ رۇيشىنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە كىرىدىغان كېچىسىگە ئۈلگۈرتۈپ، لىيۇ سىجاڭغا تېلېگراممىا ئارقىلىق ئەۋەتكەنىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، لىيۇ سىجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندا، ياش بىر مەھرەم ئەنە شۇ تېلېگراممىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. لىيۇ سىجاڭ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقۇپ ھوشىدىن كەتتى.

جۇ رۇيشى يەنى جۇ دوتەي[1] بارلىق ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇق ۋە مەنقۇلاتلار قاتارىدا ئابدۇرېھىم دورغىنىمۇ ئۆز ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ھەتتا لىيۇ سىجاڭنىڭ يەرلىكلەردىن يولۋاس بىلەن ئابدۇرېھىم دورغىدەك «سادىق ۋە يارامىلىق» كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتالىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇمۇ كونا ئىزدىن مېڭىپ، ھە دېگەندىلا چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن يېزىلغان ئېلانلارنى كوچىلارغا چاپلاتقۇزدى ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن يەنە تاغقا ئەلچى چىقاردى. ئابدۇرېھىم دورغىنى بولسا ئەلچىلەر قاتارىغا قوشماي، تاغ خەلقى ئارىسىدا «خالىس» كىشى سۈپىتىدە ئىش كۆرۈشكە ئەۋەتتى. بىراق، بىگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ قاسىم پالۋان پاجىئەسىدىكى جىنايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇ قايسى يۇرتقا بارماقچى بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدە چىققان قوشاقلار ئۆزىدىن بۇرۇنراق ئۇ يەرگە بېرىپ بولاتتى:

ئابدۇرېھىم دورغا ئېلىشەڭگۇ،
ساقال - بۇرۇتى كېلىشەڭگۇ.
بەش مىڭ سەر كۈمۈش بەرسە،
چېرىك سايان ئېگىشەڭگۇ.

---

[1] ئۇ چاغلاردا ۋىلايەت ۋالىيسى «دوتەي» دەپ ئاتىلاتتى.

بەش مىڭ سەر كۆمۈشنى يەپ ،
نەپسىڭ قاندىمۇ دورغا .
شېھىت قاننى تۆكۈپ ،
مۈڭگۈز چىقتىمۇ دورغا .

ئابدۇرېھىم دورغا پىتنىخور ،
ھەممە ئىشنى بۇلغايدۇ .
چېرىكلەرگە تىل بېرىپ ،
ئەسلى ھەرگىز تىنمايدۇ .

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، گاھ ئىسلزادە بايۋەچچە ، گاھ ھۆرمەتكە سازاۋەر يۇرت مۆتىۋەرى سۇرىتىگە كىرىۋېلىپ ، دەۋران سۈرۈپ كەلگەن ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئەمدى ئۇزۇل - كېسىل ئاشكارىلاندى . يۇقىرىدىكى قوشاقتا ئېيتىلغاندەك ، ساقال - بۇرۇتى كېلىشكەن ، ئۆزى خۇش مۇئامىلە ۋە ئېلىشەڭگۈ بۇ ئادەم ئەمدى يىرگىنچلىك بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى . ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشمايتتى ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمايتتى ، ئۇنى چىللىمايتتى . قىسقىسى ، خەلق ئۇنىڭدىن خۇددى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىدىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قول - بىلەكلىرىنىڭ گۆشىنى ئۈزۈپ يەيدىغان ، ساقال - بۇرۇتىنى يۇلۇپ چاينايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى . تالاغا چىقسا قوتۇر ئىتتەك بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۆزىنى تامغا سۈركەپ ، ئەلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىپ ماڭاتتى .

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدا سايداپ ئولتۇرغان ئىككى مويسىپىت ئۇنى شۇ ھالدا كۆرۈپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى .

— توۋا دېگۈلۈك ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى يېنىدىكى ھەمراھىغا ، — ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسى

خۇدانىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتقان غەزىپى.

— راست ئېيتتىلا، — دېدى يەنە بىرى، — ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەندىن يامانراق ئىش يوق، خۇدايىتائالا ھېچبىر بەندىسىنى بۇ ھالغا قويمىغاي، ئۇنىڭ تىرىك يۈرگىنىدىن بۇرۇنراق ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى.

نەچچە ۋاقىتتىن بىرى، ئابدۇرېھىم دورغىنى سادىق كىشى دەپ خىزمەتكە سېلىپ كەلگەن جۇ دوتەيمۇ ئۇنى ئالللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلىغانىدى. بۇ كۈنلەردە جۇ دوتەيىنىڭ بېشىدا تۈگمەن چۆرگىلەۋاتاتتى. چۈنكى، تاغقا چىقارغان ئەلچىلەر قۇرۇق ياندى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىسقا ـ قىسقا ھۇجۇملىرى كۆپىيىپ قالدى ۋە گەنسۇ تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئون بىرىنچى باب

# بالا سەركەردە

*بالىنى بالا دېمە ،*
*شىرنىڭ بالىسىمۇ بالا .*

— ئەرەب خەلق ماقالى

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ بىرىگە جايلاشقان خېجۇ[1] دېگەن قەدىمىي شەھەر سودا ـ تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى گۈللەنگەنلىكى ھەمدە مەسچىت ـ خانىقالىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ ، ئۇنى خۇيزۇلار «كىچىك مەككە» دەپ ئاتىشاتتى .

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، شۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا يېقىن يەردىكى قارىياغاچلىقتا بىر توپ بالا ئويناۋاتاتتى . يېڭىلا ئۈستىرا تەگكەن بېشىغا قارا تەقىيە ، ئۈچىسىغا ئەستەرلىك كۆك شىم ـ پەشمەت ، پۇتىغا قارا لاتا خەي كىيىۋالغان ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى قارا كۆز ، قارا قاش ، ئاق يۈزلۈك بالا ئۆزىنىڭ شوخ ۋە كەپسىزلىكى بىلەن باشقا باللاردىن ئايرىلىپ تۇراتتى . ئۇ بوينىغا ئېسىۋالغان كىتاب بوغچىسىدىن ياغاچتەك تاشلارنى بىر ـ بىردىن چىقىرىپ ، قارىياغاچ شاخلىرىدا ئولتۇرغان قاغا ـ قۇشقاچلارنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن چەنلەپ ئاتاتتىكى ، ھەربىر تال تاش بىر ئۇچار قۇشنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى . ھەر

---

① خېجۇ — ھازىرقى لىڭشا ناھىيىسى .

قېتىم بىر قاغا ياكى قۇشقاچ «پوك» قىلىپ يەرگە چۈشسە، باللار چاۋاك چېلىپ كېيىكتەك سەكرىشىپ كېتەتتى.

— ئاۋۇ سېغىزغاننى كۆردۈڭمۇ؟ ھىم، نوچىسى بولساڭ شۇنىڭغا تەگكۈزۈپ باق، — دېدى ئۇنىڭدىن چوڭراق كەلگەن سېمىزرەك بىر بالا ئۆزىگە ئۇزۇنراق كېلىپ قالغان چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپ.

— تەگكۈزۈۋالسام نېمە بېرىسەن؟

— ساڭا بەرگۇدەك نېمەم بار مېنىڭ؟!

— ئەمىسە تۆت ئاياغلىق بولۇپ، مېنى يەتتە غۇلاچ يەرگىچە كۆتۈرۈپ بارىسەن.

— تەگكۈزەلمەي قالساڭچۇ؟

— تەگكۈزەلمىسەم، سەنمۇ مېنى شۇنداق ئات قىلىپ مىنىسەن.

باللار ئەمدى ئويۇن قىزىيدىغان بولدى دېگەن ئوي بىلەن چاۋاك چېلىشىپ قۇشقاچتەك چۇرۇلدىشىپ كەتتى. باللارنىڭ كۆپچىلىكى ھېلىقى كەپسىز بالىنى چوقۇم تەگكۈزەلمەي قالىدۇ دەپ، ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرمەكچى بولاتتى. چۈنكى، سېغىزغاننىڭ بەك سەگەك قۇش ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم ئىدى.

ئويۇن باشلاندى. ھېلىقى كەپسىز بالا يىراقتىن ئايلىنىپ، سېغىزغان قونغان قارىياغاچنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە، ئۇنى چەنلەپ تۇرۇپ، ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن تاش ئاتتى. تاش سېغىزغاننىڭ قۇيرۇقىغا تېگىپ قالدى.

— تەگكۈزدى، تەگكۈزدى، — دەپ ۋارقىراشتى باللار.

— تەگكۈزگەن بىلەن سېغىزغان ئۆلمىدى، — دېدى ھېلىقى سېمىز بالا قارشىلىق بىلدۈرۈپ.

— ئۆلسە ـ ئۆلمىسە ئىشقىلىپ تەگكۈزدۈممۇ، شۇ ھېساب، — دېدى ھېلىقى كەپسىز بالا، ئاندىن باشقىلارغا قاراپ، — قانداق، توغرا ئېيتتىممۇ؟ — دەپ كۈلدى.

— توغرا ، توغرا ، — دەپ چۇرۇلداشتى باللار ئويۇن كۆرۈشكە قىزىقىپ .

ھېلىقى سېمىز بالا ئىلاجسىز تۆت ئاياغلىق بولدى . دەل شۇ چاغدا ، بىر كىشىنىڭ داد ـ پەريادى ئاڭلىنىپ قالدى . ئاق جىيەكلىك قارا قاسقان شەپكە ، قارا شىم ـ پەشمەت كىيگەن مىلتىقلىق ئىككى ساقچى يالاڭ ئاياغ بىر قېرى دېھقاننى قولىدىن باغلاپ شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە سۆرەپ ماڭماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ كەينىدە قارا شىلەپە كىيگەن كۆزەينەكلىك بىر كىشى ئاق قېچىر ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇراتتى . دېھقان ۋايداداپ ئارانلا ماڭاتتى .

باللار ئويۇنلىرىنى تاشلاپ يول ياقىسىغا يۈگۈرۈشتى . ھېلىقى كەپسىز بالا بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە ، ھەمراھلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ئۇلارغا بىرنېمىلەر دېدى . باللار ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى . ھېلىقى كەپسىز بالا ساقچىلارغا يېقىنراق كېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ تاش ئېتىۋەتتى ، ساقچىلار مىلتىقلىرىنى تاشلاپ بېشىنى تۇتقان پېتى ئاللا ـ توۋا دېيىشىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى . ھەر ئىككىسىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى . قېچىر مىنگەن ھېلىقى كۆزەينەكلىك كىشى بولسا كۆزىنى تۇتقان پېتى ئېگەرنىڭ بېشىغا ئېڭىشىپ قالغانىدى . باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، دېھقاننىڭ قولىنى بوشىتىپ قاچۇرۇۋەتتى ۋە ساقچىلارنىڭ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

شۇ ئەتراپتىكى چايخانىلاردا ئولتۇرۇشقان ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر بۇ بولۇۋاتقان ۋەقەنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى . ساقچىلار ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ، باللارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى .

ھېلىقى كەپسىز بالا شۇ شەھەردىكى ئون بىرىنچى ئاتلىق يىڭ (دىۋىزىيون ) نىڭ كوماندىرى ما باۋنىڭ ئوغلى ما جۇڭيىڭ ئىدى .

ما باۋنىڭ بوۋىسى ئۆز دەۋرىدە زو زۇڭتاڭغا كۆرسەتكەن
خىزمەتلىرى بەدىلىگە مانجۇ خانلىق قوشۇنىنىڭ تەركىبىدىكى
خۇيزۇ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بوغۇندىن - بوغۇنغا ھەربىي قوشۇن تۇتۇپ،
فېئودال ھۆكۈمرانلىق مەۋقەسىدە يۇرت سورايدىغان ئىمتىيازغا
ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان
بولۇپ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلمايتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن بايىقى ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان
ئادەم چىقمىدى. ئەكسىچە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما باۋنىڭ
ئالدىغا كېلىپ: «بۈگۈن بەگزادەم بىرئاز شوخلۇق قىلىپ
قويۇپتۇ، رۇخسەت قىلسىلا قوراللارنى ئەكەتسەم» دېدى ۋە ئىككى
تال مىلتىقنى ساق - سالامەت تاپشۇرۇۋالغىنىغا خۇشال بولۇپ،
رەھمەت - تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئوغلىنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىغا خېلىدىن
بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ما باۋ بۈگۈنكى ۋەقەدىن كېيىن:
«قىياسىم توغرا چىقىۋاتىدۇ، بۇ بالام مېنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى
مەرتىۋىگە، بوۋىسىغا ئوخشاش شان - شۆھرەتكە ئىگە بولغۇدەك»
دەپ ئويلاپ، ئۇنى چىڭخەيدىكى يۇقىرى تەبىقە پەرزەنتلىرى
ئوقۇيدىغان ھەربىي مەكتەپكە بەردى. ما جۇڭيىڭ بۇ مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپ چىققاندا، دادىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ
ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ
ئورنۇمغا يىڭجاڭ بولىسەن، سېنى تېخىمۇ چوڭ مەرتىۋە ۋە
شان - شۆھرەت كۈتۈپ تۇرىدۇ» دېدى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ
ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ياش
ئوفىتسېر پۈتۈن بىر ئاتلىق يىڭنىڭ كوماندىرى بولۇپ قالدى.

بۇ چاغلاردا، غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا
ئۆلكىلىرى، بولۇپمۇ گەنسۇ ئۆلكىسى فېڭ يۈشياڭ بىلەن يەرلىك
مىلىتارىستلارنىڭ زېمىن ۋە ھوقۇق تالىشىدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا

ئايلانغانىدى . بۇ ئۇرۇشلار ئەسلىدىن يوقسۇزلۇق ۋە قالاقلىق تۇپەيلى جاپا ـ مۇشەققەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان خەلقنى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار قىلماقتا ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە خانىۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى كۈنسايىن ئۇلغايماقتا ئىدى . ما جۇڭيىڭ ئەنە شۇنداق شارائىتتا : «ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ بايلارنى بۇلايمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بىر قىسىم سەپداشلىرى بىلەن ئىش باشلىدى . ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر كۆپەيدى . ئۇ بارا ـ بارا كۈچلىنىپ ، بىرقانچە ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ قالدى .

«مەن شۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلماقچىمەنكى ، — دەيتتى ئۇ ئۆز سەپداشلىرىغا ، — مېنىڭ قەھرىمانلىق نامىم مەڭگۈگە ئۆچمەس بولۇپ قالىدۇ . مېنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭمۇ نام ـ شۆھرىتى ھەممە يەرگە يېيىلىدۇ . »

دەرۋەقە ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋىلەرچە قاراملىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى زېرەك ۋە چېۋەرلىكى بىلەن داڭقىنى چىقىرىپ ، قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە گەنسۇ ، چىڭخەي ، نىڭشيا ئۆلكىلىرىدە «گا سىلىڭ» (يەنى كىچىك سەركەردە ياكى قوماندان ) دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلۇشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ھەققىدە :«گا سىلىڭ ئۆزى كىچىك ، گەپ ئاڭلىمايدۇ بۇ شاكىچىك» دېگەن قوشاقلارمۇ چىقىپ كەتتى .

ئۇ ئۆزىگە يۈزلەنگەن ئامەت ۋە شان ـ شۆھرەت بىلەن بارا ـ بارا يەرلىك مىلىتارىستلارغا ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ما بۇفاڭ[1] دېگەن چوڭ مىلىتارىستقا ئەجەل سايىسىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى . دوغىلاق كەلگەن ، يوغان قورساق ، گۆش يۈزلۈك ما بۇفاڭ ئاران قولغا چىقىدىغان ساقىلىنى قاتتىق

① ما بۇفاڭنىڭ بوۋىسى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بوۋىسى بىر تۇغقان قېرىنداش ئىدى .

www.uyghurkitap.com

سىقىمداپ تۇرۇپ : «بۇ هارامزادىنى كۆزدىن يوقاتمىسام ماڭا كۈن يوق» دېدى ـ دە ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇستىگە ئۈچ تەرەپتىن ئەسكەر تارتىپ ماڭدى . قاتتىق جەڭلەر بولۇپ ، هەر ئىككى تەرەپ جىق چىقىم تارتتى . سىرىق دەريا ۋادىسى قانغا بويالدى . ئاخىر نەتىجىدە ، بەخت ـ ئامەت ما جۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرۈدى . بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىرقانچە ئۆلكىگە پاتمىغان بۇ «قەهرىمان» ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى ئەنشى دېگەن كىچىك بىر ناهىيىگە قاپسىلىپ قالدى . ئەنشى بىر قاقاس ناهىيە بولۇپ ، غەرب ۋە شىمالدىن ئۇرۇپ تۇرىدىغان بوران شەهەر سېپىلىنى قاپ بېلىگىچە قۇمغا كۆمۈۋەتكەنىدى . بەزى جايلاردىكى قۇم دۆۋىلىرى سېپىل كۈنگۈرىسىگىچە يېتىپ چىققانىدى . چاقماق تېزلىكىدە كېلىۋاتقان بەخت ـ ئامەت ۋە ئىقبال شەۋكىتىدىن بىراقلا ئايرىلىپ ، يېتىم بالىدەك بوينىنى قىسىپ قالغان بۇ يىگىرمە بىر ياشلىق «قەهرىمان» هەر كۈنى دېگۈدەك شۇ سېپىلدا تۆت ئەتراپىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . تولىراق چاغلاردا ئىككى قولى بىلەن سېپىل كۈنگۈرىسىگە تايانغان هالدا غەرب تەرەپكە قاراپ ، سائەت ـ سائەتلەرنى ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتەتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇ خۇددى ئوۋچىنىڭ ئوقىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ ، چۆل ـ باياۋاندا ئاچلىقتىن ئۈچەي ـ باغرى ئۈزۈلگۈدەك هالغا كېلىپ ، بىرەر جاندارنى تىمىسقىلاپ ئولتۇرغان ئاچ بۆرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنى قوزغىلاڭچىلار نامىدىن قۇمۇلغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن شاقورمال باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنشىگە يېتىپ كەلدى . ما جۇڭيىڭ ۋەكىللەرنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوبۇل قىلىپ ، شاقورمالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاچ ئۇنى قۇچاقلاپ ، قېنى بۇرادەر ، يول باشلاڭ ، هازىرلا ماڭايلى دېگۈسى كەلدىيۇ ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ : «ئىنىنەمەل مۇئمىنۇمە ئىنقۇەتۇن» دېگەن ئايەتنى خۇيزۇچە تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇپ بولغاندىن

كېيىن ، ئۇنىڭ تۇڭچىسىغا مۇنداق دېدى : «يەنى پۈتۈن مۆمىن مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداشتۇر . شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم بېرىش مېنىڭ پەرزىم . ئەمما ، قۇمۇلغا قاچان ۋە قانداق چىقىش توغرىسىدا بىرئاز ئويلىنىۋالمىسام بولمايدۇ . ۋەكىللەر بىر ـ ئىككى كۈن ئارام ئالغاي . »

ۋەكىللەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ئىنىسى ما جۇڭجېغا قارىدى . ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش قارا كۆز ، قارا قاش ، ئاق يۈزلۈك ، زىلۋا يىگىت ئىدى . پەقەت بويىنىڭ سەل ئېگىزلىكى بىلەن ئاكىسىدىن پەرقلىنەتتى . ئۇ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان كاڭنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى دېگۈدەك ئىگىلەپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن ئۇستەلدىكى ھەربىر تېلى ئون سەرگە باراۋەر كېلىدىغان ئون تال زىخچە ئالتۇنغا قاراپ ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا ، ما جۇڭيىڭ بىردىنلا ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى . ما جۇڭجېمۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى .

— ئۇكام ، — دېدى ما جۇڭيىڭ ، — مېنىڭ كۆزۈمدىن ھېچقاچان ياش چىقىپ باقمىغانىدى . يىغلىغىنىمنى سەن كۆرگەنمىدىڭ ـ يا ! ياق ، ياق ، مەن يىغلاشنى بىلمەيتتىم . بۈگۈن يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ . خۇدا بىزنى ئۇنتۇماپتۇ . مېنىڭ بەختىمنى شەرقتىن ئېيتمىغان بىلەن ، غەربتىن ئېيتقان ئوخشايدۇ . يولتۇزۇمنى گەنسۇ ـ چىڭخەي ئاسمىنىدا ئەمەس ، شىنجاڭ ئاسمىنىدا ياراتقان ئوخشايدۇ . بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭمۇ ، مۇشۇنداق چاغدا ، قۇمۇلدا توپىلاڭ باشلانغانلىقى بىزنىڭ بەختىمىز . بۇ گەپلەرگە قارىغاندا ، ئۇ يەردىكى پۇقرالار جېنىدىن تويۇپتۇ ، بىزگە چوقۇم ئەگىشىدۇ . شىنجاڭ توغرۇلۇق بۇرۇنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىغانىدىم . ئۇ يەرنى خۇددى جەننەتكە ئوخشىشىدىغان يەر دەيدۇ . ئەنقانىڭ تۇخۇمىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلار ئىمىش .

— ئاتلىرىمۇ قالتىس ئىكەن، ۋەكىللەر ئەكەلگەن ئون ئىككى جۈپ ئاتنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، — دېدى ما جۇڭجې ئاكىسىغا كۈلۈمسىرەپ.

ما جۇڭيىڭ ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئادەملىرىنىڭ ساددىلىقىنى قارىمامدىغان تېخى. ئۇلار بىزنىڭ بۇ قاقاس شەھەرگە قاپسىلىپ قالغىنىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ بىزدىن مەدەت تىلەپ كەپتۇ. بۇنى كۈتۈلمىگەن ئامەت دېيىش كېرەك. شىنجاڭدا بىرەر يىل تۇرۇپ، قانات - قۇيرۇقىمىزنى رۇسلىۋالساق، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ كېلىپ، يوغان قورساق ما بۇفاڭدىن چوقۇم قىساس ئالىمىز. بۈگۈن ئاخشام ئوفىتسېرلارنى يىغىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرايلى. قانداق دەيسەن؟

ما جۇڭجې ئاكىسىنىڭ پىكرىگە دەرھال قوشۇلدى ۋە قومۇلغا تېزرەك مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى.

ما جۇڭيىڭ شۇ ئاخشىملا يۈزبېشى (لیەنجاڭ) دىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرىنى يىغدى. ئاچىسىنىڭ ئېرى ما خۇسەن بىلەن ئاخۇن تۇەنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق، موللام سۈپەت كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىدەك ياش يىگىتلەر ئىدى. قاتار يېقىلغان موم شاملارنىڭ يورۇقى ھېلىقى ئالتۇن - كۈمۈشلەردە ئەكس ئېتىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى ئالاھىدە يورۇتۇپ تۇراتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ جىددىي تۈسكە كىرگەن يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا تاپ ئىستەپ چىققان چىلبۆرىلەرنىڭكىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ما جۇڭيىڭ ئۈستەلنىڭ باش تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ - شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزى بايا ئىنىسى ما جۇڭجېغا ئېيتقان مەزمۇندا ئىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايىدا بۇ ياش سەركەردىگە نىسبەتەن شۇنداق بىر ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتىكى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇلارنى شارقىراپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بويىغا باشلاپ بېرىپ، بىردىنلا «ئالغا» دەپ

كوماندا بىرىدىغان بولسا ، ھەممىسى ھېچنېمىگە قارىماي ، سۇغا تەڭلا سەكرەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدىغان ئاجايىپ چوڭ ۋە باي بىر زېمىن ئىمىش . تىنچ شارائىتتا ، شىنجاڭغا ئەمەلدار بولۇپ چىققانلار قۇرۇق قول بېرىپ ، ھارۋا - ھارۋىدا ئالتۇن - كۈمۈش يۈكلەپ كېلىدىكەن . بىز بولساق چوڭ يىغىلىقتا ئۆلگۈرۈپ بارىمىز . يىغىدا ياغ ئاقىدۇ دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىڭلار قەھرىمانلىق نام چىقىرىشنى خالايسىلەر ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ مانا ئەمدى قەھرىمان جاسارەت كۆرسىتىدىغان مەيداننىڭ نەق ئۆزىگە بارىمىز . مەن سىلەرنى ئالدىن تەبرىكلەيمەن .

ئۆينىڭ ئىچىنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى قاپلاپ كەتتى . ما جۇڭيىڭ خۇددى جەڭدە كوماندا بېرىۋاتقاندەك ، كۈمۈش تەڭگىلەرنى مۇشۇ سورۇندىكىلەردىن باشلاپ ، دەرىجە بويىچە ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ، ئاددىي ئەسكەرنىڭ ھەربىرىگە ئاز بولغاندا ، بەش سەردىن بېرىلىشىنى ئاخۇن تۈەنجاڭغا تاپشۇردى ۋە : «ماۋۇ ئون زىخ ئالتۇننى ئاخۇن تۈەنجاڭدا تۇرىدۇ ، تەڭگە يېتىشمىسە بۇنىمۇ كۈمۈشكە تېگىشىپ ئىشلىتىڭ» دېدى .

ما جۇڭجې ئاكىسىنىڭ كۆزىگە يالت قىلىپ قارىدى . ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەرھال چۈشىنىپ : «بىز ئىككىمىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس . قوماندان ئۈچۈن ئەسكەرنىڭ ساداقەت ۋە پىداكارلىقىدىن ئارتۇق بايلىق يوق» دېدى . ما جۇڭيىڭ شتابىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاخۇن تۈەنجاڭ نېپىز ۋە شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، شتاب خەزىنىسىدە ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى ئېيتتى . ما جۇڭيىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— غەم قىلماڭ ، ئاخۇن تۈەنجاڭ ! بىز پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە بار يەرگە كېتىۋاتىمىز دېدىمغۇ ، ئەتە - ئۆگۈن ئالتۇن -

كۆمۈشنى يۈكلەشكە ئات ـ ئۇلاغ يېتىشمەي قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن .

دەل شۇ چاغدا ، بىر ياش مۇھاپىزەتچى كىرىپ قۇمۇل تەرەپتىن يەنە ۋەكىل كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى ئىنىسى ما جۇڭجې ۋە باش مۇشاۋىر ياڭ سەنمۇجاڭ بىلەن باشقا ئۆيدە قوبۇل قىلدى . ۋەكىللەرنىڭ بىرى ساقاللىق كەلگەن ياڭ ئاخۇن ، يەنە بىرى گۆش يۈزلۈك قاسىم پۇگەن دېگەن ئادەم ئىدى . قاسىم پۇگەن يولۋاسنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بولۇپ ، خەنزۇ تىلىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرى بىلەن يولۋاس نامىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە يىگىرمە تال زىخچە ئالتۇننى ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا قويدى . قاسىم پۇگەن قوينىدىن بىر سىرلىق لېپاپ چىقىرىپ : «يولۋاس بېگىمنىڭ ئۆزلىرىگە يازغان خېتى» دېدى . ما جۇڭيىڭ يۇڭ قەلەمدە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان بىرنەچچە ۋاراقلىق خەنزۇچە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئۇنى ھەمراھلىرىغا بەردى ۋە ۋەكىللەرگە بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ، ئاخىردا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ۋەكىللەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ما جۇڭيىڭ باش مۇشاۋىر بىلەن ئىنىسىغا قاراپ : «قانداق ، مېنىڭ گېپىم توغرىمىكەن ؟ بىز تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپلا ، شىنجاڭ سىڭنىڭ ئالتۇنلىرى خەزىنىمىزگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى» دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە ئۆزىنى كۈلكىدىن توختاتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— بۇ خەتنى ئەۋەتكەن يولۋاس بەگ دېگەن كىشى بىزگە غايىبانە ساداقەت بىلدۈرگەن قالتىس ئادەم كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ زىخچە ئالتۇنلىرىغا قارىغاندا ، خەتتە يازغان مەلۇماتلىرى تېخىمۇ قىممەتلىك .

— قاچان يولغا چىقىمىز ، ئاكا ؟ مەنچە بولغاندا ، سەپەرنى كېچىكتۈرمىسەكمىكىن ، — دېدى ما جۇڭجې تاقەتسىزلىنىپ .

— مۇنداق بولسۇن… — دەپ ئويلىغانلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى ما جۇڭيىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدا قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ .

ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، بىر ئاتلىق پەي قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلارنى شاقورمالنىڭ ئادىمى بىلەن قاسىم پۇگەن باشلاپ ماڭدى .

ئۇلاردىن ئىككى كۈن كېيىن ، ما جۇڭيىڭ ئاقساق ـ چولاق بولۇپ تۆت يۈزدەك ئادىمى بىلەن يولغا چىقتى . ئۇلارنىڭ تولىسى پىيادە بولۇپ ، مىلتىق تۇتقانلىرى يۈزدىن ئاشمايتتى . قالغانلىرى قىلىچ ـ نەيزە بىلەن قوراللانغانىدى . شاقورماللار سوۋغاتقا ئەكەلگەن يىگىرمە تۆت باركۆل ئېتى بىلەن ئۆزىدىكى بىر قىسىم ئاتلارغا مىنىپ ، ماۋزىر بىلەن قوراللانغان قىرىق كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قىسىم بۇ قوشۇننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىناتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بويلىرى قىرقىپ قويغاندەك بىر خىلدىكى ياش يىگىتلەر بولۇپ ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ما جۇڭجى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى . بىراق ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئات ـ قورال ئوخشاش بولغاچقا ، قايسىسىنىڭ ما جۇڭيىڭ ئىكەنلىكىنى ھېچكىم تونۇۋالالمايتتى .

ئەنشىدىن قۇمۇلغىچە قاقاس ـ دەشت ـ باياۋاندا خېلى كۈنلەر يول يۈرۈشكە توغرا كەلدى . يېڭى كالېندار ھېسابىدا مايىنىڭ ئاخىرى بولسىمۇ ، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنىدى . ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا ، قورال ـ ياراغ ۋە بىرقۇر يول لازىمەتلىكلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش پىيادە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن گۆر ئازابىدىنمۇ ئېغىرراق بىلىنەتتى . شۇنىڭغا قارىماي ، ما جۇڭيىڭ كۆپىنچە پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا ياياق ماڭاتتى . ئاتلىق ماڭغان چاغلىرىدا شاقورمال بىلەن ياڭ ئاخۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇلاردىن شىنجاڭ توغرىسىدا تۈرلۈك ـ تۈمەن سوئاللارنى سوراپ ماڭاتتى . قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ،

جۇغراپىيىسى، ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ سوقۇشۇش ئىقتىدارى، بولۇپمۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبلىرىدىن تارتىپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ياش قۇرامى، شەخسىي تۇرمۇشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ خۇلق - مىجەزلىرىگىچە ھەممىسىگە قىزىقاتتى.

بىر كۈنى، بىپايان چۆللۈكتە خۇددى مۆجىزىدەك ئۆسۈپ قالغان ئۈچ تۈپ سۆگەت تۈۋىدىكى كىچىككىنە بۇلاق يېنىدا قونۇشقا توغرا كەلدى. بۇلاقتىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇ پەقەت ئادەمنىڭ بىلىگىچىلىكلا بولۇپ، ئۇمۇ بىر ئېتىمچە كېلىدىغان سازلىققا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قۇرۇپ، گەپ قىلىشقىمۇ ماجالى قالمىغان كىشىلەر سۇنى كۆرۈش بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇرغاندا، ما جۇڭيىڭ بىر بۇيرۇق بىلەن ھەممىنى توختاتتى - دە، ئۆزى بۇلاق بېشىغا بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە بىر باشتىن ھەربىر كىشىگە بىر چۆچەكتىن سۇ تەقسىم قىلىشقا باشلىدى. تۆت يۈزدەك كىشىنىڭ ھەممىسى ئېغىزلىرىنى ھۆللەپ بولغاندىن كېيىن، ئات - ئۇلاغلارغا تۆت چۆچەكتىن سۇ بۆلۈپ بەردى. بۇنىڭغىچە بۇلاقنىڭ سۈيى تۈگەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ سۇ قالمىدى. ئۇ قولى بىلەن بۇلاقنى ئازراق كولاپ تۈمشۇقىنى ھۆللىۋالدى ۋە: «سەۋر قىلساق، تاڭ ئاتقۇچە يەنە سۇ يىغىلىپ قالىدۇ» دەپ كۈلدى.

— ھەي - ي، بۇ بوش تۇڭگان ئەمەسكەن! — دېدى شاقورمال ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان روزاخۇنغا، — ئۇنىڭ ياپياش تۇرۇپلا بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇپ «گا سىلىڭ» دەپ ئاتاق چىقارغىنىغا ھەيران قالمىساق بولغۇدەك. بۇ تۇڭگان ھېلىغۇ قۇمۇل ئىكەن، ئەتە - ئۆگۈن پۈتكۈل شىنجاڭ سىڭىنمۇ... ھەي، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت.

يەنە بىر كۈنى، ما جۇڭيىڭ شاقورمال بىلەن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزدىنلا:

— خوجىنىياز ھاجى ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئاز ئوقۇغان ، ئەمما كۆپ يۇرت كۆرگەن .
— قايسى يۇرتلارنى كۆرۈپتىكەن ؟
— بۇ يېقى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ، ئۇ يېقى ئورۇس يېرى بىلەن مەككە ـ مەدىنەمنى كۆرۈپتىكەن ، — دېدى شاقورمال ھاجىنىڭ كۆرگەن يۇرتلىرىنى ئەتەي كۆپرەك ئېيتىپ ، ئەمەلىيەتتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ بولمىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى .
— ئورۇس يېرىدە نېمە ئىش قىپتىكەن ؟
— ئەسكەر بوپتىكەن .
— ئەسكەر ؟ !
— ھەئە ، ئەسكەر بوپتىكەن .
ما جۇڭيىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي ، گويا كىمدۇر بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ قۇياش نۇرىدا قىزىرىپ كۆرۈنگەن قارلىق چوققىلىرىغا قاراشقا باشلىدى . قىسقا يالى بىلەن قۇيرۇقى قارامتۇل كەلگەن كۇرەڭ باركۆل ئېتى شىخىل ئارىلاش قۇملۇق يولدا چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ ، تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب

## غەزەپ

*كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ.*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

### 1

بۇ كۈنلەردە، خوجىنىياز ھاجى چوڭ يولدىكى سىم تاناپلارنى بۇزۇپ ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇلنىڭ تېلېگراف ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان ۋە يول ئۈستىدىكى ھەربىي گازارمىلارغا پارتىزان شەكلىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىغانىدى.

بىر كېچىسى، ھاجىنىڭ يىگىتلىرىدىن مىرۇل مەرگەن ئۆزىنىڭ ئۈچ ھەمراھى بىلەن يول چارلاپ يۈرگەندە، ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان يەتتە ئاتلىق چېرىكنى كۆرۈپ قالدى. چېرىكلەر يول بويىدىكى كىچىككىنە بۇلاق تۈۋىدە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئەمدىلا بىرەر يۇتۇمدىن سۇ ئىچىپ ئولتۇرغاندا، مىرۇل مەرگەنلەر خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا يەر يېرىلىپ كەلگەن يىلپىزغا ئوخشاش بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆتىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مىرۇل مەرگەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاز ئادەم بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتسا تىرىك قالىدىغانلىقىنى،

بولمىسا مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چېرىكلەر جىن شۇرىنىڭ جۇ دوتەيگە يازغان مۇھىم خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۇ خەت قېنى؟ — سورىدى مىرزۇل مەرگەن قىلىچىنى ئوينىتىپ.

ئۇلار قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر چېرىكنىڭ يېنىدىكى تېرە سومكىنى كۆرسەتتى. مىرزۇل مەرگەن سومكىنى ئاختۇرۇپ، ئاغزى پېچەتلەنگەن قىلىن بىر سېرىق لىپاپىنى تېپىۋالدى.

— يەنە نېمە ئىشلارنى بىلىسىلەر؟ — سورىدى مىرزۇل مەرگەن. ئۇلار ئاشۇ چېرىكنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— گېپىڭلار راستمۇ؟ — سورىدى مىرزۇل مەرگەن كەسكىن قىلىپ.

— ئەزىبىرايى خۇدا راست، غوجام، — دېدى قاڭشارلىق كەلگەن بۇرۇتلۇق چېرىك، — گېپىمىز يالغان بولسا، بىزنى نان ئۇرسۇن، قان قۇسۇپ ئۆلەيلى.

— بوپتۇ، قەسىمىڭلارغا ئىشىنەي، — دېدى مىرزۇل مەرگەن، — نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە كېتىڭلار، سىلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە پۇرجىمىز يوق.

— يوقسۇ، غوجام، بىزنى كەت دېمىسىلە. ئەمدى قۇمۇلغا بارساقمۇ، ئۇرۇمچىگە قايتساقمۇ بىزگە ياخشىلىق يوق، مەن ئالۋاڭنىڭ دەستىدىن يۇرتۇمدا تۇرالماي ئۇرۇمچىگە قېچىپ چىقىپ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالغان. يۇرتۇمغا ياناي دېسەم، تۇردى شاڭيودىن قورقىمەن، غوجام.

— ھوي، تولا غوجام ـ غوجام دەۋەرمىگىنە، غوجىلارنى كۆرسەم مېنىڭ بېشىم ئاغرىيدۇ. ئېتىڭ نېمە، ئۆزۈڭ نەلىكسەن؟

— خوش ، بېگىم ، ئېتىم موللاق ، ئۆزۈم ئاقسۇدىن ، بېگىم .

— ئوھوي ـ ي ، غوجام دېمە دېسەم ، بېگىم دەيسەنغۇ ئەمدى . قويە مۇنداق گەپلىرىڭنى ، ئاداش ، كەتمىسەڭلار قانداق قىلماقچىسىلەر ؟

— بىزمۇ جەبىر ـ زۇلۇم چەككەن خەقنىڭ بالىلىرى ، — دېدى يۇمىلاق يۈزلۈك كەلگەن ياشراق چېرىك ، — ئۆز خەلقىمىزگە دۈشمەن بولۇشنى خالىمايمىز . بىز ئىككىمىز قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن ، تاغقا قېچىپ بېرىپ سىلەرگە قوشۇلماقچىدۇق .

— ئۆزۈڭ نەلىكسەن ، نېمە قىلىپ چېرىك بولۇپ قالدىڭ ؟

— ئەسلىم غۇلجىدىن ، ئىككى يىل بۇرۇن ماناسقا ھارۋا ھەيدەپ كېلىپ ، چېرىكلىككە تۇتۇلۇپ قالدىم . ئېتىم ھېيتەم .

— بوپتۇ ، بىزگە قوشۇلۇشنى خالىساڭلار ، ھاجى ئاكامنىڭ قېشىغا ئاپىراي ، — دېدى مىرۇل مەرگەن ، ئاندىن قالغان ئىككى چېرىككە قاراپ : «سىلەرچۇ ، نەگە كېتىسىلەر ؟» دېدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇچۇڭلۇق دېھقان بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ، ئۈچ يىل بۇرۇن چېرىكلىككە تۇتۇلغانلىقىنى ، ئۆيىدە قېرى ئاتا ـ ئانىسى بارلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆز يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى . مىرۇل مەرگەن ئۇقالمىغان گەپلەرنى موللاق بىلەن ھېيتەم ئۆرۈپ بەردى . مىرۇل مەرگەن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رازى بولدى ۋە مىنىپ كېتىشكە بىردىن ئات بەردى . ئۇلار يەتتە تەزىم قىلىپ يولغا چىقىدىغان چاغدا مىرۇل مەرگەن مۇنداق دېدى :

— بېشىڭلاردىكى ئاۋۇ چېرىك قالپىقىنى تاشلىۋېتىڭلار ، چاپىنىڭلارنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىۋېلىڭلار ، بولمىسا ، ئۆزۈڭلارغا ئىش تاپىسىلەر !

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، مىرۇل مەرگەنلەر غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللارنى ئاتلارغا ئارتىپ ، موللاق بىلەن ھېيتەمنى ھاجىنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى .

هاجى توغۇچىغا قاراشلىق جىگدە دېگەن يېزىدا ئىدى . ئۇ مىرزۇل مەرگەنلەردىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، توغۇچىدىن دەرھال ئىمىن تۇگچى دېگەن كىشىنى تاپتۇرۇپ كەلدى . ئىمىن تۇگچى خەتنى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى ۋە دۇدۇقلاپ ئوقۇپ ئاخىر مەقسەتنى ئۇقتۇردى . جىن شۇرېن خەتنىڭ بېشىدىلا بۇ خەتنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەنىدى . شۇنىڭ ئۆزى بۇ خەتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . خەتنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ، ما جۇڭيىڭنى قومۇلغا كىرگۈزمەسلىكنىڭ چارىسىنى ئۇرۇش بىلەن قىلىشقا بولمىسا ، قورال - ياراغ ، ئات - ئېگەر ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئاغزىنى تۇۋاقلاپ ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىش ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، ما جۇڭيىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ، ما جۇڭيىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىغا داۋاملىق ئەلچى چىقىرىپ ئۇلارنى سېتىۋېلىش ، سېتىۋېلىشقا بولمىسا ئىشنى ئارقىغا سوزۇپ ، ئۇرۇمچى تەرەپتىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر يېزىلغان . «ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن سۆزلەر ئالاھىدە چوڭ قىلىپ يېزىلغان . خەتنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە مۇنداق دېيىلگەن : «گېرمانىيىدىن سېتىۋالغان قوراللىرىمىزنىڭ ئالدى يېتىپ كەلدى . مەن بۇ قوراللار بىلەن قۇدرەتلىك بىر قوشۇن جابدۇپ ئەۋەتىمەن . بۇ قوشۇننىڭ تەركىبىدە بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاق ئورۇسلارمۇ بار . رۇسىيىدىن سېتىۋالغان تۆمۈر كوڭكا (برونېۋىك) لارنىمۇ مۇشۇ قوشۇنغا بېرىمەن . بۇ قوشۇن بارغاندىن كېيىن ، ئىسيانچى ئوغرىلارغا قەتئىي رەھىم - شەپقەت قىلىنمىسۇن ، قورال تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلانسۇن . ئاشلىق ، يەم - خەشەك ، كىيىم - كېچەك ، دورا - دەرمەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىسيانچىلارغا ھېسداشلىق

قىلغانلارغىمۇ زادى رەھىم قىلىنمىسۇن. ئەگەر بۇ ئىشلاردا يۇمشاق قوللۇق قىلىدىغان بولسىڭىز، شۇ قولىڭىزنى ئۆز قولۇم بىلەن چېپىپ تاشلايمەن. ئۇ چاغدا مەندىن ئاغرىنماڭ.»

خەتنىڭ ئاخىرىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندان جىن شۇرېن دەپ ئىمزا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ شەخسىي تامغىسى بېسىلغان. «جۇڭخۇا مىنگونىڭ يىگىرمىنچى يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى» دېگەن چېسلا ئۈستىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆت بۇرجەكلىك يوغان تامغىسى بېسىلغان.

خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن تەڭلا ھاجى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ: «ھوي لومودى، يامان نىيىتىڭ ئۆزۈڭگە ھەمراھ بولغاي، سەنزە قۇمۇلنى قانغا پاتۇرماقچىكەنسەن - دە، — دېدى ۋە ئىمىن تۇڭچىغا بۇ خەتنى يازما تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن مىرزۇل مەرگەنگە قاراپ: — ماڭ، ئەل - جامائەتكە خەۋەر قىل! مېنى قىچقىرىۋاتىدۇ دېگىن، — دېدى. ئىمىن تۇڭچى خەتنى تەرجىمە قىلىپ بولغۇچە، ئەتراپ يېزىلاردىن ئىككى يۈزدەك ئادەم يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مومايلار بىلەن ياش جۇۋانلارمۇ، ھەتتا ئۇششاق بالىلارمۇ بار ئىدى. ھاجىنىڭ يىگىتلىرى قوشۇلۇپ، ئۈچ يۈزدەك ئادەم نېمە ئىش بولدىكىن دەپ قارىشىپ تۇراتتى.

ھاجى تېرەكلىك ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تونۇر بېشىغا چىقىپ، قاپاقلىرى تۈرۈكلۈك ھالدا بوم ئاۋازى بىلەن سۆز باشلىدى:

— قېرىنداشلار، نېمە ئىش بولدىكىن دەۋاتامسىلەر؟ مەن سىلەرگە ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۈڭنىڭ جۇ دوتەيگە يازغان خېتىنى ئوقۇپ بېرىمەن. بۇ لومودىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىڭلار، بۇ لومودى جەبىر - زۇلۇمغا چىدىماي كۆتۈرۈلگەن خەلقنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغۇدەك، مانا ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، بۇ خەتنى

ئىمىن توڭچى بىرىنىڭچىگە ئۆرۈپ چىقتى .
هاجى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى ، ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ ، ساقاللىرى تىترەپ كېتەتتى . خەلق توپى جىنازا نامىزى ئوقۇلۇۋاتقاندەك جىم تۇراتتى . ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ مىدىر - سىدىر قىلمايتتى .
هاجى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ : «ئاڭلىدىڭلارمۇ قېرىنداشلار ، بۇ لومودىلارنىڭ گېپىنى ! ئېيتىڭلارچۇ ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟» دېيىش بىلەن خەلق توپى دېڭىزدەك دولقۇنلاندى . غەزەپ ئاۋازلىرى بوراندەك گۈركىرەشكە باشلىدى .
هاسىسىغا تايانغان بىر ئاقساقال بوۋاي توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سۆز باشلىدى :
— قۇمۇللۇقتىن يۈرىكى يارا ، باغرى پارە بولمىغان كىم قالدى ؟ بىز بۇ هۆكۈمەتكە نېمە قىپتىمىز ؟ ئۆمرىمىز ئالۋان - ياساق دەستىدىن ئىتنىڭ كۈنىدەك ئۆتۈۋاتسا ، بۇمۇ يەتمىگەندەك ئەمدى بىزنى قىرىپ تاشلىغۇدەكمۇ ؟ خەلق دېگەن لايدىن ياساپ قويۇلغان قونچاق ئەمەس ، بىر باشتىن توقماقلاۋەرسە كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىدىغان . رەھمەتلىك تۆمۈر ئاكامنىڭ گاختىدا چيەن دارىن دېگەن چوقۇر ئاقچۇق سېپىغا بىرنەچچە هارۋىدا جادۇ بېسىپ چىققان ، بىزنى بېدە توغرىغاندەك توغراپ تاشلىغىلى . شۇ چاغدا تۆمۈر ئاكام بىز بېدە ئەمەس ، بىزنىڭ سۆڭىكىمىز خېلى قاتتىق ، ئاپىمىز بىرنى ئوغۇل دەپ تۇغقان دېگەنىدى . ئاغىنىلەر ، تۇغقانلار ، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي دېگەن گەپ بار . مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم هازىر هاجىمنىڭ پالگانلىرى ئارىسىدا تۇرۇپتۇ . بىزنىڭ ئۆيدە يەنە يەتتە جان ئادەم بار . ئوغلۇڭلار هۆكۈمەتكە قارشى قورال كۆتۈرۈپتۇ دەپ ، هەممىمىزنى قىرىپ تاشلىماقچى بولسىزە ، كۈرۈك توخۇدەك جىم ياتقۇلۇقمۇ !...
— راست ئېيتتىلا ، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان ، — بۇ گەپچىزە ، هېچقايسىمىز ئامان

www.uyghurkitap.com

قالمىغۇدەكمىز ، ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز تاغقا ئۈچ قېتىم ئاشلىق ئاپىرىپ بەرگەن . ھاجىمىنىڭ بەش ئادىمى بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇرغان . ئەمدى چېرىكلەر كەلسە ، بىز ئۆلۈغ ـ ئۇششاق ئالتە جاننىڭ ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلىغۇدەكمۇ ؟ ياق ، بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ !

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دەپ داۋام قىلدى ھېلىقى بوۋاي ، — بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ . ھەي ـ ي ... ئىسىت ، يىگىتلىك چاغلىرىم بولىدىغان بولسا ، ھاسا تۇتقان بۇ قوللىرىمغا ئاللىقاچان قىلىچ ئالغان بولاتتىم . چېرىكلەرنىڭ قولىدا ھارام ئۆلگۈچە شېھىتلىك ماقامىغا يېتەتتىم .

شۇ ئارىدا توپ ئىچىدىن بىر ئايال كىشىنىڭ : «ھاي بارات ، قېنى سەن ؟ » دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت : «مانا مەن ، ئاپا» دەپ توپ ئىچىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى . بۇ ئايال مۇسىبەتلىك بولغىنى ئۈچۈن بېشىغا ئاق چىگىۋالغانىدى . ئۇ ھېلىقى يىگىتنى قولىدىن تۇتقان پېتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا ئەكەلدى ـ دە ، مۇنداق دېدى :

— ھاجىم ، بۇ مېنىڭ ھايات قالغان يالغۇز ئوغلۇم ، دادىسىنى شامەخسۇت نومغا پالاپ ئۆلتۈرگەن . ئاكىسىنى ئالتە چېرىك بۇلتۇر كۆز ئەنە ئاۋۇ يول ئۈستىدە نەيزىلەپ ئۆلتۈردى . كېلىنىمىزنى ياردار قىلىپ بىر بالىسى بىلەن تۇل قويدى .

«راست ، راست !» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ ۋارقىراشتى كىشىلەر .

ھاجى «ئالتە چېرىك»... «نەيزىلەپ»... دېگەن گەپلەردىن بۇلتۇر كۈزدە قاسىم پالۋان سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى پاجىئە (يەنى كىتابىمىزنىڭ ئالتىنچى بابىدىكى توغۇچى ۋەقەسى) نى ئېسىگە ئېلىپ :

— ئۆزلە دۇگامەتنىڭ ئاپىسى بولامدىلا ؟ — دېدى .

— شۇنداق ، ھاجىم ، ئۇ بالىمىز چېرىكلەرنىڭ قولىدا ناھەق

ئۆلدى ، — دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى موماي ، ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — كۆز كەلسە دۇگامەتنىڭ يىلى بولىدۇ . يىلىدىن كېيىن ئىنىسى باراتنىڭ تويىنى قىلايلى دېيۋىدۇق . بىز توي قىلغۇچە بۇ چېرىكلەر بىزنىڭ بېشىمىزنى يەيدىغان ئوخشايدۇ . دۆ غېرىبنى ئۇرار ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى دەپ ، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى بىزدەك ئاجىز پۇقرالارغا كېلىۋاتىدۇ . ئۇ يەر يۇتقۇرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا ، باراتمۇ جەڭگە بارغاي ، مەن بۇ يالغۇز ئوغلۇمنى ئۆزلەگە تۇتتۇم ، — ئاندىن موماي ئوغلىغا قاراپ مۇنداق دېدى ، — ئاڭلاۋاتامسەن ، بالام ، ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن دەپ يۇرەتنىڭ ، مانا قىساس ئالىدىغان كۈنلەر كەلدى . ئاكاڭنىڭمۇ ، يۇرتىڭمۇ قىساسىنى ئال . ئاتا بالىسى بولغۇچە ، يۇرت بالىسى بول !

— توغرا ، ئاتا بالىسى بولغۇچە ، يۇرت بالىسى بول ، — دەپ تەكرارلىدى ھاجى ، ئاندىن توپقا قاراپ مۇنداق دېدى ، — قېرىنداشلار ! يۇرتىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى . خىرىس قىلىپ كەلگەن ئاچ بۆرىنى ئۆلتۈرمىسەڭ ئۇ سېنى يەپ قويىدۇ . جەز قىلغان يىلاننىڭ بېشىنى يانجىمىساڭ ، ئۇ سېنى ھامان ئۆلتۈرىدۇ . بايىقى خەتنى ئاڭلىدىڭلارغۇ ، ئەمدى ھېچقايسىمىزغا كۈن يوق . چاشقاندەك قېچىپ مۈشۈككە يەم بولغۇچە ، يولۋاستەك ئېلىشىپ ئۆلگەن ياخشى . ئاتنى بەيگىدە سىنا ، مەردنى مەيداندا دەپتىكەن .

توپ ئىچىدىن گۈرۈلدىگەن سادالار ياڭراپ كەتتى :

— ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى !

— يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم !

— توغرا ، يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم ! ئەمما ، يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس دېگەن گەپ بار ، ئون ئىككى تاغ قوزغالغان بىلەن شەھەر ۋە يېزىلار نېمىشقىكىن تېخى جىم يېتىپتۇ ، — دېدى ھاجى ، ئاندىن جىن شۇرېنىنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ ، — مانا بۇ خەتتە

نىمىلەر پۈتۈلگىنىنى پۈتۈن قومۇل خەلقى ئۇقسۇن ، ئاراڭلاردا خەت يازالايدىغان مولللار بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بار ، بار ، — دېيىشتى ئىككى مويسىپىت تەڭلا ، — مانا بىز بار . ئىمىن تۇڭچىمۇ بار .

— مېنىڭ كېلىنىممۇ خەت پۈتەلەيدۇ ، — دېدى ھېلىقى موماي قىزغىنلىق بىلەن .

— ھە ، راست ، بۇ موللا ئايالنى[1] دېمەپتىمىز ، — دەپ ئەسكەرتىش بەردى مويسىپىتلارنىڭ بىرى .

ئەتراپتىكىلەر توپنىڭ سەل چېتىدىرەك تۇرغان زىلۋا بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك ، بۇرنى خۇددى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق ، قوڭۇر چاچلىق ياش ئايالغا قاراشتى . ئايال سەل ئىزا تارتقاندەك يەرگە قارىۋالدى . ھاجىمۇ بۇ موللا ئايالغا ئىختىيارسىز ھالدا بىر قاراپ قويدى . بۇ مۇشۇ يېزىدا ئايالللار ئارىسىدىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق ، ھەتتا ھۆسنخەت ۋە نەزم يازالايدىغان ئايال بولۇپ ، قاسىم خوتەن دېگەن كىشىنىڭ قىزى خەلچىخان ئىدى . خەلچىخاننىڭ كېيىنكى چاغلاردا ھاجىنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە كۈرەش پائالىيەتلىرىدە سادىق سەپدىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ، ئۇ چاغدا ھاجىمۇ ، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى ، ئەلۋەتتە .

— ئانداق بولسا ، — دېدى ھاجى ، — بۇ خەتنى بىرنەچچە پارچە كۆچۈرۈپ ، يۇرت - يۇرتلارغا ، ھە ، ھەممىدىن ئاگال شەھەرگە ئەۋەتەيلى . ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشقا كويۇش قىلىشسىلا ، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى . قالغان گەپنى كېيىن قىلىشايلى .

شۇنىڭ بىلەن خەلق توپى ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى .

— يائاللا ، بېگىم ، — دەپ مىرۋل مەرگەنگە پىچىرلىدى موللاق چېرىك ، — سىلى ئۆزلىرى خەتنى قولغا چۈشۈرۈپ بەك

---

[1] ئايلا — خانقىز ، جۇۋان ياكى چوكان مەنىسىدە (قومۇل شېۋىسى) .

چوڭ ئىش قىپتىلا جۇمۇ ، بېگىم .
— ۋاي ئاداش ، تولا بېگىم ، بېگىم دېمىگىنە ، — دېدى مىرۋەل مەرگەن ، — يۇرۇڭلار ، مەن بېشىڭلارغا كىيگۈدەك بىر نېمە تېپىپ بېرەي ، ماۋۇ چېرىك قالپىقى بىلەن قوينىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ئۆچكىگە ئوخشىشىپ قاپسىلەر .
موللاق چېرىك بىلەن ھېيتەم كۈلۈپ قويۇپ مىرۋەل مەرگەنگە ئەگەشتى .

## 2

دەرۋەقە بۇ كۈنلەردە جۇ دوتەي ئەگەر شەھەر خەلقى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشىدىغان بولسا ، شەھەرنى توپ - زەمبىرەككە تۇتۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايمەن ، دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس ئېلان چىقىرىپ ، قاتتىق تەھدىت سالماقتا ئىدى . مۇسۇلمان شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان خۇيچېڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى جايلاشقان لوچېڭنىڭ ئارىسى بەك يېقىن بولغاچقا ، لوچېڭدىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ مۇنداق يېقىندىكى نىشانغا توغرا تەگمەسلىكىنى خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بىلمەيتتى . شۇڭا ، شەھەر خەلقى نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغانىدى . دەل شۇنداق چاغدا ، ھاجىنىڭ ھېلىقى تەدبىرى بىلەن جىن شۇرېننىڭ خېتى يىگىرمە نەچچە پارچە كۆچۈرۈلۈپ چاپارمەنلەر ئارقىلىق شەھەر ۋە يېزىلارغا يەتكۈزۈلدى . سەۋر قاچىسى ئاللىقاچان توشۇپ ، ئاران تۇرغان خەلق بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغان ھامان : «قاچانلا بولسا بىر ئۆلۈم بار ئىكەنغۇ ، يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دەپ ، خۇددى قاتتىق كەلكۈن بىلەن بىردىنلا تېشىپ كەتكەن ئەزىم دەريادەك تەۋرەپ كەتتى . ئوردا ئالدى بىردەمدە ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى . ئۇلار ئوردىدىن قورال تارقىتىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى .

www.uyghurkitap.com

ئوردىدىكى مىلتىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇلتۇر كۇزدە لىيۇ سىجاڭ ئەكەتكەن ، ئاززاق قىسمىنى نەزەر ۋاڭنىڭ ئوغلى بەشىر تىقىۋالغانىدى . ئەمدى پەقەت تەيپۇنەم زامانىسىدىن قالغان قىلىچ نەيزە ، ئايپالتا ، ئوقيا ، ئومۇت قاتارلىق ئىپتىدائىي قوراللار قالغانىدى . يۇسۇپ تەيجىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ، مانا شۇ قوراللار دەرھال خەلققە تارقىتىپ بېرىلدى . بۇنداق قوراللارغىمۇ ئېرىشەلمىگەنلەر ئورغاق ، پالتا ، ئارا ، توقماقلار بىلەن قوراللاندى . «ئەمدى بىزگە ياخشى كۇن يوق» ، «قۇش چېغىدا ئۆز ئۇۋىسىنى قوغدايدۇ ، نەگىمۇ قاچاتتۇق» ، «يېغىدىن قېچىپ يىقىلىپ ئۆلگۈچە ، مەيداندا ئېلىشىپ ئۆلگەن ياخشى» ، «بىر باشقا بىر ئۆلۈم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ھەممە يەردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

مۇشۇنداق پەيتنى كۇتۇپ تۇرغان ئابدىنىياز مىراب ، سالى دورغا ۋە خوجىنىياز ھاجىلا بىرنەچچە يۈز ئاتلىق يىگىت بىلەن دەرھال شەھەرگە يېتىپ كېلىشتى . ۋاڭنىڭ ئوردىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ شتابى بولۇپ قالدى . شۇ ئارىدا نەزەرنىڭ ئوغلى بەشىر ئۆزىنى «سىلىڭ» ، يەنى قوماندان دەپ جاكارلىدى . بۇ ئىش قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا نارازىلىق قوزغىدى .

— بۇ ئىش بولمىدى ، تەيجى بېگىم ، — دېدى ئابدىنىياز مىراب يۇسۇپ تەيجىگە ، — ئۇنىڭغا گەپ قىلمامدىلا . ئۇنداق بىرنېمە خەلققە قانداق باش بولالايدۇ ؟

— خاپا بولماڭ ، ئۇچبېگى ، — دېدى يۇسۇپ تەيجى تەمكىنلىك بىلەن ، — توخۇمۇ ئۆزى بىلگىنىنى چىللايدۇ ، ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى خوجا سانايدۇ . ئۇ ئۆزىنى مەن سىلىڭ دېسە ، دەپ تۇرامدۇ . بىز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى . ئۇنىڭغا بىرنېمە دېسەك ھازىرلا چۇجە ـ خورازدەك ھۈرپىيىپ قوپىدۇ .

— بوپتۇ ، ئۇزلىرىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن ، — دېدى ھاجى ، — ئۇ ھاراقكەش مەن «سىلىڭ» دەپ يىگىرمە — ئوتتۇز

لوكچىكى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرۈۋەرگەي ، ئەمما بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمىسۇن . مۇبادا ھەددىدىن ئاشىدىغان بولسا ، كېچىدىلا قولىدىكى كۆسۈينىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالىمەن .

شۇنداق قىلىپ ، ئاتاقتا بەشىر «سىلىڭ» ، ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ تەيجى ، ئابدىنىياز مىراب ، سالى دورغا ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىقلار قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى سۈپىتىدە بىر ياقتىن شەھەر مۇداپىئەسىگە كىرىشتى . يەنە بىر ياقتىن ، ما جوڭيىڭ يېتىپ كەلگەن ھامان لوچېڭغا ھۇجۇم باشلاش قارارىغا كېلىشتى . جو دوتەي شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ، دەرھال توپ ـ زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سالدى . بىراق ، چېرىكلەر كۈندۈزى باش چىقىرالماي ، پەقەت كېچىسى ئاتىدىغان بولغاچقا ، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ بەزىلىرى شەھەرنىڭ بىر چېتىدە چوقچىيىپ تۇرغان ۋاڭ ئوردىسىغا تەگسىمۇ ، كۆپ قىسمى شەھەر ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ سىپىل سىرتىدىكى ئېتىزلىقلارغا چۈشەتتى . جو دوتەي زەمبىرەكلىرىنىڭ كارغا كەلمەيۋاتقانلىقىغا تېرىكىپ تۇرغاندا ، ما جوڭيىڭ لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا كېلىپ قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باب

# يولدا قوشۇلغان ھەمراھ

*ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن ،*
*ئەقىدەمگە يىغلايمەن .*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ، خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرى ۋە قوراللىق يىگىتلەر بولۇپ ، ئۈچ يۈزدەك كىشى شەھەرنىڭ تەخمىنەن ئون چاقىرىم شەرقىدىكى ساقا يېزىسىنىڭ گۈزەل بىر كەنتىدە چاجاڭ تىكىپ ما جۇڭيىڭنى شۇ يەردە كۈتۈۋالدى . سەدەنشا ئاخۇنلۇغۇم بىلەن يۈسۈپ تەيجىمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ، تونۇرنىڭ يالقۇنىدەك يېلىنجاپ تۇرغان ئاپتاپتا بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىشكەندى . ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا ، كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئاددىي ، لېكىن سەمىمىي ئۆتمەكتە . ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام دەپ ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىنلا ، مېھمانلارغا داستىخان تارتىلدى . تاڭ سەھەردە ئۈزۈپ قويۇلغان مۇزدەك چىلگە - تاۋۇزلار بىلەن ئانارەدەك قىزىرىپ پىشقان توغاچ شاپتۇللار ، تېخى بايىراقلا تونۇردىن سويۇپ ئېلىنغان ئىسسىق نان - توقاچلار ، ئاياق ۋە ساپال قاچىلاردا لىغىلداپ تۇرغان مۇزدەك قېتىقلار ۋە لېگەن - تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلگەن پاقلان گۆشلىرى قاقاس چۆل - باياۋاندا ئۇزۇن يول بېسىپ ، ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ نەچچە

يۈز كىشىلىك قوشۇننىڭ رەڭگىگە قان، كۆزلىرىگە نۇر يۈگۈرتمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇ نازۇنېمەتلەرنى ھەر قېتىم ئاغزىغا سالغاندا، تىللىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ: «خاۋ، خاۋ، شىنجاڭ خاۋ» دېيىشەتتى.

— شىنجاڭ سىڭ مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدىن نەچچە ھەسسە باي، پاراۋان بىر زېمىن كۆرۈنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن توقچىلىق! — دېدى ما جۇڭيىڭ يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئىمىن تۇڭچىغا قاراپ.

ئۇنىڭغا جاۋابەن سەدەنشا ئاخۇنلۇغۇم مۇنداق دېدى:

— دەرھەقىقەت، ئاللا سۇبھانە ۋە تائالا بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزغا ئۆزىنىڭ لۇتفى - كەرەمىنى دەريغ تۇتماي، غېيىب خەزىنىسىدىن ھەددى - ھېسابسىز ئىنئاملارنى ئاتا قىلغانىكەن، ئالتەشەھەر[1] ياكى ئىلى ۋادىسىغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ قۇمۇلىمىز تېخى كىچىك ۋە كەمبەغەل دىيار ھېسابلىنىدۇ. تەقدىر ئىرادە بىلەن سىلىڭ جانابلىرى شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قالسا، تېخمۇ كۆپ ئاجايىباتلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغۇسى. ئەپسۇسكى، شۇنداق باي زېمىنىنىڭ ئىگىسى بولغان يەرلىك ئەھلى پۇقرالار قاتمۇقات زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەر تۈپەيلى بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش بىلەن تولۇپ، ھەسرەت - نادامەتتە كۈن كەچۈرىدۇ. ئومۇمەن، قۇمۇل ئەھلىنىڭ ھالى پەۋقۇلئاددە پاجىئەلىكتۇر، شۇ سەۋەبتىن، بۇ دىياردا پات - پات يېغىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى يېغىلىقمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىنشائاللا، سىلىڭ جانابلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپى ۋە ھەممىمىزنىڭ بىرلىكتە سەھى - ئىجتىھات قىلىشىمىز بىلەن بۇ قېتىم قۇمۇل ئەھلى نىجاتلىق تاپقۇسى.

ئادەتتە، ناھايىتى كەم سۆز ۋە ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق تۇتىدىغان سەدەنشا ئاخۇنلۇغۇمنىڭ بۈگۈن بۇنچىلىك قىزىپ كېتىشى ساھىبخانلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن

[1] ئۇ چاغلاردا ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭ «ئالتەشەھەر» دەپ ئاتىلاتتى.

ھەممەيلەن چاچ ـ ساقاللىرى ، ھەتتا ئۇزۇن قاش ـ كىرپىكلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بۇ كىشىنى گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي دىققەت بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى .

— ئىنشائاللا ، — دېدى ما جۇڭيىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ، — ئىننەمەل مۇئمىنۇنە ئىخۋەتۇن ، يەنى بارلىق مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداش ، مەن تاكى بىر ئەسكىرىم ، بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ھەرقايسىلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ ، قېرىنداشلىق پەرزىنى ئادا قىلىمەن . مۇبادا ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلسام ، ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولغاي .

— ئىنشائاللا ، ئىنشائاللا ، — دېيىشتى ساھىبخانىلار .

— باياتىن بېرى مېھمانلارنى ئارام ئېلىۋالغاي دەپ ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى سىلىڭغا تونۇشتۇرماپتىمىز ، — دېدى يۇسۇپ تەيجى كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ، — ھېلى بولسىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي .

ما جۇڭيىڭ بۇ گەپتىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى . يۇسۇپ تەيجى بىر باشتىن تونۇشتۇرۇشقا باشلاپ ، نۆۋەت خوجىنىياز ھاجىغا يەتكەندە ما جۇڭيىڭ ھاجىغا دىققەت بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىققان ھالدا مۇنداق دېدى :

— مەن خىيال قىلغاندىنمۇ سالاپەتلىك ، جىددىي ئادەم ئىكەنسىز . سىزنى ئورۇس ھەربىيلىرىدىن تەلىم ئالغان دەپ ئىشىتتىم ، شۇنداقمۇ ؟

— بىرنەچچە ئايلا ، — دەپ قىسقا جاۋاب بەردى ھاجى .

— ئورۇسلارنىڭ ھەربىي تەلىمى قاتتىق بولامدىكەن ؟

— بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ .

— سىزنىڭ ھەربىي تەلىم كۆرگەن كىشى بولغانلىقىڭىزدىن خۇشالمەن . ئىنشائاللا ، ئوبدان چىقىشىپ كېتىمىز ، — دېدى ما جۇڭيىڭ مۇلايىم كۈلۈپ .

نۆۋەت قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى غارىپقا كەلگەندە ،

ما جۇڭيىڭ ئۆزى دوغىلاق كەلگەن، كۆزلىرى چوڭ، ئېڭىكى شالاڭ قارا ساقال بىلەن قاپلانغان، ئۇستىگە تون، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىدىكى ئوق پوتىسىغا ماۋزېر قىستۇرۇپ، بېشىغا جىيەكلىك كىگىز قالپاق كىيىۋالغان بۇ كىشىگە ئەجەبسىنىپ بىر قارىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ سېمىز قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئوھۇي، قازاق دەپ ئاڭلىغىنىم بىلەن كۆرگىنىم يوق ئىدى. قۇمۇلدا قازاقلار بار ئىكەن ـ دە! سىلەرنى ئات ئۇستىدە ياشايدىغان مىللەت دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنداقمۇ؟

— ئەر قانىتى ئات! — دەپ كۇلۇپ قويدى غارىپ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، خۇسۇسەن بىزگە سوۋغات قىلىنغان باركۆل ئېتىغا ئوخشاش ئاتلارنى ئەرنىڭ قانىتى دېسە بولغۇدەك، — دېدى ما جۇڭيىڭ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

تونۇشتۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ما جۇڭيىڭ بىردىنلا:

— يولۋاس دارىن قايسىلىرى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇ كىشى بىزنىڭ دۇشمىنىمىز تەرەپتە، — دەپ قىسقا جاۋاب بەردى يۇسۇپ تەيجى قاپىقىنى سىلىپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ قىزىق ئىش بوپتۇ، — دېدى ما جۇڭيىڭ يېنىدا تۇرغان ئىنىسى ما جۇڭجېغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار پىچىرلىشىشقا كىرىشتى.

— ھوي، بۇ ما جۇڭيىڭ دېگەن بەكلا ياش بىرنېمە ئىكەنغۇ، مېنىڭ كىچىك ئىنىم بىلەن تەڭمۇ نېمە؟ — دەپ پىچىرلىدى مىرۇل مەرگەن يېنىدا تۇرغان ھوشۇر كانتۇغا.

— ئەمما، ئۆزىزە قالتىس كېلىشكەن نېمىكەن جۇمۇ، قىز بولۇپ قالغان بولسا كىشى كۆيۈپ قالغۇدەك، — دېدى ھوشۇر كانتۇ تىلىنى چاكىلدىتىپ.

— ھوي كانتۇ، سەنغۇ ئاغزىدا چىشى قالمىغان مومايلارغىمۇ كۆيۈپ قېلىشتىن يانمايسەن، — دېدى مىرۇل مەرگەن

كۆلۈمسىرەپ .

— ئاستا گەپ قىلىڭلار ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى مۇرىسىدىكى مىلتىقنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ، — قالتىس چېچەن بىرنېمە كۆرۈنىدۇ . قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ئولتۇرغىنىنى قارىماامسىلەر !

شۇ ئارىدا ما جۇڭيىڭ ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ نامىنى سۈرۈشتۈرۈپ قالدى ۋە «لياۋجاۋەن» دېگەن كەنتنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ قايسى مەنىدە ئىكەنلىكىگە قىزىقتى . بىر تەرەپتىن ، سودا ـ تىجارەت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپ قاتناپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مۇشۇ كەنتتە يەر ـ زېمىن تۇتقان ئىسمايىل داتۇ ناملىق سېمىز ، دوغىلاق بىر كىشى بۇ كەنتتە قاچاندۇر بىر زامانلاردا «لياۋ» فامىلىلىك بىر خەنزۇ ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . ئىسمايىل داتۇ خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە خەير ـ ساخاۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئابرۇيلۇق بايلاردىن ئىدى .

— ئانداق بولسا ، مەن ئۆزۈمنىڭ شتابىنى شۇ يەرگە قۇرىمەن ، — دېدى ما جۇڭيىڭ ، — «لياۋ» دېگەن خەت بىر كىشىنىڭ فامىلىسى بولىسمۇ ، «يەم ـ بوغۇز» دېگەن مەنىدىكى «لياۋ» بىلەن ئاھاڭداش ئىكەن . مېنىڭ فامىلەم «ما» (يەنى ئات) ، ئانداق بولغاندىن كېيىن ، ئاتنىڭ يەم ـ بوغۇز كانىدا تۇرغىنى ياخشى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۆلۈشتى .

— بۇ بوش تۇتقان ئەمەسكەن جۇمۇ ، — دەپ پىچىرلىدى سالى دورغا خوجىنىياز ھاجىغا ، — ئۇنىڭ گەپلىرىنى قارىمىدىغان ، بىز ئۇيغۇر خەق بەكلا ساددا ئىكەنمىز .

— ئاقىۋەتىمىزگە خۇدا كېپىل ، چېرىكلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرسىلا بولدى ، — دېدى ھاجى قاپىقىنى سىلىپ تۇرۇپ .

شۇنداق قىلىپ ، ما جۇڭيىڭ «لياۋجاۋەن» دە تۇرىدىغان

بولدى . بۇ كەنتتە ھەممىدىن چوڭ ۋە ئازادە جاي ئىسمايىل داتۇڭنىڭ جاڭزىسى ئىدى . ما جۇڭيىڭ ئەنە شۇ جاڭزىنى شتاب قىلىپ ، قالغان چېرىكلىرىنى ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى . بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ جەڭگە يارايدىغان قوشۇنى ئۈچ يۈز كىشىدىن ئاشمايتتى . ئۇ بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتتى . ھۇجۇم نىشانى ھۆكۈمەت چېرىكلىرى جايلاشقان لوچېڭ ۋە شىنچېڭ دېگەن ئىككى سېپىل ئىدى . ھۇجۇم قاتتىق بولدى . بۇ ئىككى سېپىل ئارىلىقىدىكى بازار رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ئاھالىسىمۇ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى . ھۆكۈمەت چېرىكلىرى تىرىك قالساق بەربىر قىرىلىپ تۈگەيمىز ، دېگەن ئەندىشە ياكى باركۆل ۋە ئۈرۈمچى تەرەپتىن ياردەم كېلىدۇ ، دېگەن ئۈمىدتە جانپىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ ، سېپىللارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى . ما جۇڭيىڭ قوشۇنى يەرلىك قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سېپىلنى ئۈزلۈكسىز ئوققا تۇتۇپ تۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ ، سېپىلغا شوتا قويۇش ، قىلىچنى ئاغزىغا چىشلىۋېلىپ ، ئىككى پىچاق بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىش ، ھەتتا لەخمە كولاپ ، سېپىلنى پارتلىتىش چارىسىنىمۇ ئىشلىتىپ باقتى . بۇلارمۇ كارغا كەلمىدى . ئاخىر ما جۇڭيىڭ مۇھاسىرىنى ئۇزارتساق ، چېرىكلەر ئاشلىق ۋە سۇدىن قىسىلىپ تەسلىم بولىدۇ ، دېگەن قاراش بىلەن ، ئازراق ئەسكىرىنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە سېپىل مۇھاسىرىسىگە قالدۇرۇپ ، باركۆلنى ئىشغال قىلىشقا ماڭماقچى بولدى . خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچى يولىنى توسۇشقا ماڭدى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، جۇ دوتەي بازار رايونىدىكى ئۇيغۇر ، خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرىدىن ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ ، ئابدىنىياز مىرابلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خۇيچېڭغا كىرگۈزدى . بۇ ئۆمەككە بازار رايونىدىكى مۆتىۋەرلەردىن كېرەم ئىمام باشلىق بولۇپ ، يولۋاسمۇ ئۆمەك تەركىبىدە ئىدى . جۇ

دوتەي بۇ ئۆمەك ئارقىلىق: «بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ جەبىر ـ زۇلمى كەلتۈرۈپ چىقارغان، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار (قوزغىلاڭنى دېمەكچى) ھەق. ئەمما، ما جۇڭيىڭنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ما جۇڭيىڭدىن ئالاقەڭلەرنى ئۈزسەڭلار، تاغ رايوننى ئابدىنىياز مىراب، خوجىچېڭنى بەشىر باشقۇرسۇن. ھۆكۈمەت ھېچقانداق ئىشىڭلارغا ئارىلاشمايدۇ» دەپ ئېيتقۇزغانىدى. يولۋاس سۆھبەت جەريانىدا ئابدىنىياز مىرابنىڭ قولىغا ھېچكىمگە سەزدۇرمەستىن كىچىككىنە بىر پارچە قەغەز تۇتقۇزۇپ قويدى. قەغەزدە: «جۇ دوتەينىڭ گەپلىرى يالغان، ئۇ ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ، سىلەرگە مايمۇن ئويۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت بۇزۇلدى. ئەلچىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. ما جۇڭيىڭ ئۆمەك تەركىبىدىكى كىشىلەردىن بىرىنى ئېتىپ تاشلاپ، قالغانلىرىنى قايتۇردى. يولۋاسنى بولسا يېڭجاڭلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يولۋاس قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

— ھەي، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ — دېدى سالى دورغا ئابدىنىياز مىرابقا، — يولۋاس دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىسام، رەھمەتلىك مەڭلىك بالىنىڭ كۆكسىدىن ئېقىۋاتقان قان بىلەن سۇپى مەرگەننىڭ قەبرىستانلىقتىكى قىياپىتى كۆزۈمگە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن ھاجى خەۋەر تاپسا نېمە دەر؟

— ھەي دورغام، مەنمۇ ھەيران، — دېدى ئابدىنىياز مىراب ئۇزۇن، قويۇق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — بۇ يولۋاس بەگدە نېمە خىسلەت باركىنتاڭ؟! «يۇسۇپ ـ ئەمەت» چۆچىكىدىكى كەمەك ھەييار ھايات بولغان بولسا، يولۋاس بەگنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئۇ كۈنى ساقىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇنى ئالاھىدە سورىغانلىقى ئەسلىبىرىدىمۇ؟ ئۇلار ئاللىقاچانلا تونۇشۇۋالغان ئوخشايدۇ، بىز ئۇخلاپ يۈرۈپتىمىز

جۇمۇ ، دورغام .

— ھەي ـ ي ، بۇ بوش تۇغۇلغان ئەمەسكەن ، قارىمامدىلا ، ھېلىتىنلا قول ـ بېشىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئۇنى قىل ، بۇنى قىل دەپ ، بىزنى ئىشقا جورۇيدىغان بولدى . تاڭلا ـ ئەتە شىللىمىزگە مىنىۋالمىغىيدى دەپ قورقىمەن ، — دېدى سالى دورغا مەيۈس قىياپەتتە .

— ئەمدى نېمە ئىلاج ، دورغام ، — دېدى ئابدىنىياز مىراب ،— ئۇنى ئۆزىمىز چىللاپ چىقتۇق . باتۇرلۇقىدا گەپ يوق ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقىدىغاندەك ئەمەس ، ئىمانىمۇ كامىل كۆرۈنىدۇ . خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن ، ھە دېسىلا بىز بىر دىن قېرىنداش دەپ تۇرىدىكەن . نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇ كۇنى ساقىدا بەرگەن ۋەدىسىگە گويا قىلسىلا بولىدىغۇ .

سالى دورغا گەپ قىلماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى .

## 2

«بالا كەلسە قوشلاپ كېلەر ، ئامەت كەلسە خوشلاپ كېلەر» دېگەندەك ، ما جۇڭيىڭ شەھەر مۇھاسىرىسىنى بىر قىسىم چېرىكى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قالدۇرۇپ ، ئۆزى ئىككى يۈزدەك ئادىمى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۇنى قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى كۆشۆتە ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا ، كۇتۇلمىگەن يەردىن «خوشلاپ كەلگەن» بىر ئامەتكە ئۇچراپ قالدى .

ئاراتۇرۇك تەرەپتە سادىق قورمال باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن يېڭىلىپ ، شەھەرگە چېكىنىپ كېلىۋاتقان ئىككى تۆەن ، يەنى تەخمىنەن ئىككى مىڭ چېرىك شۇ كۇنى ئاخشىمى كۆشۆتە ئېغىزىدا قونغانىدى . ما جۇڭيىڭ ئۆز رازۋېدكىچىلىرى ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئېدىرلىقلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى ـ دە ، شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە چېرىكلەرنىڭ بايرىقىغا ئوخشىتىپ ئون نەچچە بايراق

تەييارلىدى . تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ كاناي ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ چېرىكلەر تەرەپكە ئىلگىرىلىدى . ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان چېرىكلەر ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆل رەڭ كىيىم كىيىۋېلىپ ، گومىنداڭ بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرگەچ ، ئۇلارنى شەھەردىن ياردەمگە كەلگەنلەر دەپ ئويلاپ بەخىرامان قاراپ تۇرۇشتى . تەخمىنەن ئىككى يۈز قەدەم ئارىلىق قالغاندا ، ما جۇڭيىڭ ئىككى قولىغا ئىككى ماۋزېر تۇتقان ھالدا «شا»[1] دەپ ۋارقىرىدى . چېرىكلەر ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى چېرىكلەرنىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىپ بىرمۇنچىسىنى قىرىپ تاشلىدى . قالغان چېرىكلەر ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، بۇ تۇيۇقسىز زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى . بىر دەملىك جەڭ نەتىجىسىدە ، چېرىكلەرنىڭ بىر تۇەنجاڭى ئۆلۈپ ، بىرى ئاق بايراق چىقاردى ، مىڭدىن ئارتۇق چېرىك ئەسىرگە چۈشتى . نۇرغۇن ئوق ـ دورا ، قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىندى . ما جۇڭيىڭ ئەسىرلەرنىڭ قېرى ـ چۈرى ۋە ئاقساق ـ چولاقلىرىنى شاللاپ تاشلاپ ، كارغا كېلىدىغانلىرىنى ئۆز قىسمىغا قوشۇۋالدى . ئەسىرگە چۈشكەن ھېلىقى تۇەنجاڭ باشلىق بىرنەچچە ئوفىتسېرنى ئۆزى بىلەن بىللە باركۆلگە ئاپىرىپ شەھەرگە كىرگۈزدى . باركۆل شيەنجاڭى ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە دەرھال شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالدى . ما جۇڭيىڭ يامۇل ئامبارلىرىدىكى ھەربىي ۋە ئاشلىق زاپاسلىرىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ ، نەچچە يۈزلىگەن ئات ـ تۆگە بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇمۇلغا قايتتى . باركۆلنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا پەقەت يىگىرمىدەك كىشىنى قالدۇرۇپ قويدى .

بىر ھەپتە بۇرۇن ، تەڭدىن تولىسى ئاددىي قىلىچ ـ نەيزىلەرنى تۇتۇپ ، ئاقساق ـ چولاق ئاتلارغا مىنگەن ئىككى يۈزدەك ئادىمى بىلەن ماڭغان ما جۇڭيىڭ ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي بەشئاتار ، ئېغىر ـ

---

[1] شا — چاپ ، يەنى ئۇر ـ چاپ دېگەن مەنىدە .

يېنىك پىلىموت، ھەتتا مىناميوتلار بىلەن قوراللانغان بىر مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ سەردارى، نەچچە ئون تارتىم تۆگىگە يۈكلەنگەن زاپاس ھەربىي ئەشيالارنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە قۇمۇلغا كىرىش بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

بۇ كۈنلەردە، «گا سىلىڭ» دېگەن نام قۇمۇل خەلقى نەزىرىدە ئۈمىد ۋە نۇسرەت سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈمىد باشقا، نەتىجە باشقا بولۇپ چىقماقتا ئىدى. چۈنكى، ئابدىنىياز مىراب بىلەن سالى دورغا ما جۇڭيىڭنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورال - ياراغ جەھەتتىن بەكمۇ قىسىلىۋاتقانلىقىنى، غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللاردىن بىر قىسمىنى قوزغىلاڭچىلارغا بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ما جۇڭيىڭ خۇددى شاگىرتقا تەنبىھ بېرىۋاتقان ئۇستازدەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: — بۇ غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللار قان بەدىلىگە كەلگەن، سىلەرمۇ قولۇڭلاردىن كەلسە قورال - ياراغنى بىزگە ئوخشاش جەڭ قىلىپ ئېلىڭلار، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، — دېدى سالى دورغا ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — بىز جەڭ قىلماي مۆكۈشمەك ئويناۋاتىمىزمۇ؟ شەھەر سېپىلىنى قورشاپ تۇرۇشنى بىزگە ئۆزىڭىز تاپشۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ھەمىشە: «بىز بىر دىن قېرىنداش» دەيتتىڭىز، ئەمدىلىكتە، «بىز»، «سىلەر» دېگەن گەپنى چىقاردىڭىزغۇ؟ مۇنداقتا...

سالى دورغىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، ئابدىنىياز مىراب تۈڭچىغا قاراپ:

— بۇ گەپلەرنى سەل يۇمشىتىپراق ئۆرۈسلە، — دېدى.

— نېمىشقا يۇمشىتىپ ئۆرىدۇ، ئۆز پېتى ئۆرىۋەرسۇن، — دېدى سالى دورغا ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ.

ما جۇڭيىڭ خۇددى بىر ئەھۋالنى سەزگەندەك، «نېمە گەپ» دەپ تۈڭچىغا قارىدى. شۇ ئارىدا، ئۇنىڭ باش مۇشاۋىرى ئالدىراش كىرىپ، ئۈرۈمچىدىن چىققان چوڭ بىر قوشۇننىڭ لودۇڭغا يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ جىددىي چاپارمەن

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . ما جۇڭيىڭ ئابدىنىياز مىرابلارغا قاراپ : «گەپ بولسا كېيىن قىلىشايلى ، شەھەر مۇھاسىرىسىنى كۈچەيتىشكە يەنە بىر مىڭ ئەسكەر قوشۇپ بېرىمەن. ئۆزۈم بۈگۈن ئاخشاملا لودۇڭغا ماڭىمەن» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى .

## 3

لودۇڭ — قۇمۇلنىڭ تەخمىنەن بىر يۈز نەچچە كىلومېتىر غەربىدە قاقاس چۆللۈك ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان چوڭ بىر بېكەت بولۇپ ، ئۈرۈمچى - قۇمۇل يولىدا قاتنايدىغان ھەرقانداق كارۋان بۇ يەردە قونماي ئۆتمەيتتى . ھەربىي ۋە قاتناش جەھەتتە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولغاچقا ، بۇ يەرگە بىر كىچىك قورغانمۇ قۇرۇلغانىدى . دۆڭلۈكنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى يانباغرىدا كارىز سۈيىدىن ھاسىل بولغان كىچىكرەك بىر كۆل بار ئىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل - دەرەخ ۋە ئېتىزلىقلار چۆل - باياۋان ئوتتۇرىسىدىكى بوستاندەك ، بۇ يەرگە زىننەت بېرىپ تۇراتتى . لودۇڭنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېدىرلىقلار ئارقىلىق ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشاتتى . جىن شۇرېن چېرىكلىرى لودۇڭغا يىغىنلاشقان ھامان خوجىنىياز ھاجى بىر يۈز ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن ئەنە شۇ ئېدىرلىقلارغا چېكىنىپ ، ما جۇڭيىڭغا چاپارمەن ئەۋەتكەنىدى .

بۇ چېرىكلەر مىڭدەك ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر بىرىگادا بولۇپ ، ئۇنىڭ قوماندانى دۇ گوجى ئىدى . دۇ گوجى — كىتابخانىلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەككى ، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۈستەلدە «گاۋشىڭ ، گاۋشىڭ» ئويناپ ئولتۇرغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوق يېگەن ھېلىقى سېمىز گېنېراللىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ يەن ياۋنىيەنچىلەرنى بېسىقتۇرۇپ ، جىن شۇرېننى تەختكە چىقىرىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ، بىرنەچچە دەرىجە ئاتلاپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەن ۋە بۇ قېتىم بىرىگادا كوماندىرى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ، ئەمەلىيەتتە

بولسا ، ھەربىي ئىلىم ۋە جەڭ تەجرىبىلىرى يوق بىر بايۋەچچە ئىدى .

جىن شۈرېننىڭ ھەربىي پەرمانى بويىچە بولغاندا ، دۇ گوجى ئارقىدىن كېلىدىغان چوڭ قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭلا ، لودۇڭدىن قۇمۇل تەرەپكە ئىلگىرىلىشى لازىم ئىدى . بىراق ، ئىككى كۈنگىچە ئۇ قوشۇننىڭ قارىسى تۇرماق ، ئۇچۇرىمۇ كەلمىگەچكە ، دۇ گوجى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ ، دەرھال مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قازدۇرۇشقا كىرىشتى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن ، ئۇ قورغان ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقاندا ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ، بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك سېزىلدى . چۈنكى ، غەربتىن شەرققە قاراپ ، قۇمۇل تەرەپكە سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان ھەيۋەتلىك ئەجدىھانىڭ گەۋدىسىدەك كۆرۈنۈپ ، ئۆزى بولسا دەل شۇ ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى يېنىدا تۇرغاندەك ، مۇبادا ، بۇ ئەجدىھا قۇيرۇقىنى بىرلا سىلكىتسە ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى .

دۇ گوجى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئورىۋالغان ۋەھىمىلىك ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئاۋۋال ئاخشاملا قېلىن مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن قورشالغان چېدىرغا كىرىپ ، ئەپيۈن چىرىغىنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى ـ دە ، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بېكىتىلگەن غاڭزىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدى . ئۇ ئەتراپتىكى چېدىرلاردا شاراقلاۋاتقان شىشخال ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ، تۈن نىسپىغىچە شۇ ھالدا ئويغاق ياتاتتى . چېدىرنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىۋاتقان ئاي نۇرى ئۇنىڭ كۆزىگە پارقىراپ تۇرغان ئىنچىكە نەيزىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتەتتى .

بىردىنلا تاراسلاپ مىلتىق ئېتىلىشقا باشلاپ ، شىمال تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجى يىگىتلىرى ، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى دەھشەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى . چېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، بەزىلىرى تاۋكادىكى پۇللىرىنى يانچۇقلىرىغا تىقىپ قولىغا مىلتىق ئېلىپ بولغۇچە ،

قاتتىق ئوق يامغۇرى ئاستىدا نۇرغۇنلىرى قوناق شېخىدەك قىرىلىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۈچ چېرىك ئۈچ يەردە يېتىۋېلىپ ، پىلىموتنى ئىشقا سېلىشقا ئۈلگۈرۈپ قارشى تەرەپنى قاتتىق ئوققا تۇتتى. ھەر ئىككى قولىدىكى ماۋزىردىن تەڭ ئوق ئۈزدۈرۈپ ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ ئاق بوز ئېتى بىلەن دومىلاپ كەتتى . ئات ئۆلدى . يوتىسىنىڭ ئىككى يېرىدىن يارىلانغان ما جۇڭيىڭ ئات ئاستىدا قالدى . ئۇنىڭ چېرىكلىرى بۇنى كۆرۈپ بىردىنلا ئارقىغا چېكىندى . بىراق ، شىمال تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان تاغلىقلارنىڭ : «ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ياڭراق سادالىرى بىلەن تاراسلىتىپ ئېتىۋاتقان ئوقلىرى ما جۇڭيىڭنى ھوشىغا كەلتۈردى چېغى ، ئاتنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ قەددىنى رۇسلىدى . بۇنى كۆرگەن ئىككى چېرىكى ئۇنى دەرھال قولتۇقلاپ ، ئېگىسىز قالغان باشقا بىر ئاتقا مىندۇردى . ما جۇڭيىڭ ئىككى قولىغا يەنە ماۋزىر تۇتۇپ : «ئالغا ، ئالغا» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ چېكىنىۋاتقان چېرىكلىرىگە باشقىدىن جان كىرىپ ، ئۇلار يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى . بىراق ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرى ئاستىدا ئىلگىرىلىيەلمەي دۈم يېتىۋېلىشتى . دەل شۇ چاغدا ، خوجىنىياز ھاجى ئاتنى تاشلاپ ، يانتاقلىقلار ئارىسىدىن تېزلىك بىلەن ئۆمىلەپ كېلىپ ، ئىككى پىلىموتچىنى ماۋزىر بىلەن جىمىقتۇردى . مىرۇل مەرگەن يان تەرەپتىكى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن قاپلاندەك ئېتىلىپ چىقىپ ، ئاخىرقى پىلىموتچىنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى . خوجىنىياز ھاجى پىلىموتنىڭ ئاغزىنى دۇ گوجىنىڭ چېرىكلىرىگە قاراتتى . چېرىكلەر قول كۆتۈرۈشكە باشلىدى .

تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككى چېرىكى دۇ گوجىنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنى ئەكېلىپ ئۆز سەركەردىسىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . شۇنداق قىلىپ ، دۇ گوجى برىگادىسى تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت ئىچىدە يەر بىلەن يەكسان بولدى . برىگادىنىڭ پۈتۈن قورال - يارىغى ، جۈملىدىن توققۇز پىلىموت ، ئىككى زەمبىرەك غەنىيمەت ئېلىندى (زەمبىرەك تۇرماق ، بۇ

پىلىموتلارنىڭ ئالتىسىگە تېخى ئوقمۇ سېلىنمىغانىكەن ) . ئات ـ ئۇلاغ ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنىڭ سانىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى .

بىراق ، بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ما جۇڭيىڭ ئىگە بولۇۋالدى . خوجىنىياز ھاجىغا پەقەت ئۆزى غەنىيمەت ئالغان ئىككى پىلىموت بىلەن مىرزۇل مەرگەننىڭ قولىدىكى بىر پىلىموت ۋە يىگىتلەر غەنىيمەت ئالغان يۈز تالچە مىلتىق قالدى .

ئوڭ يوتىسى تېگىپ قويۇلغان ما جۇڭيىڭ ھېلىقى كۆل بويىدىكى دەرەخلىكتە سايىداپ يېتىپ ، ئۇدۇلىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي ، ئۆزىنىڭ تۇڭچىسىغا مۇنداق دېدى :

— ھاجىغا ئېيت ، پىلىموتنىڭ ئىككىسىنى ماڭا قالدۇرسۇن ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈز تال مىلتىق بېرەي .

— نېمىشقا؟ پىلىموت بىزگە ياراشمامدىكەن؟

— ياراشمايدۇ دېگەنلىكىم ئەمەس ، — دېدى ما جۇڭيىڭ ئاۋازىنى يۇمشىتىپ ، — بەربىر سىلەردە ئۆزىڭىزدىن باشقىلار پىلىموت ئېتىشنى بىلمەيدۇ .

— بىلمىسە ئۆگىتىمەن ، — دېدى ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاندىن ، — شۇنچە نەرسىنى ئالدىڭىز ، شۇلارمۇ يېتەر ، — دەپ مىرزۇل مەرگەننىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى .

— بۇ تۇڭگان باشقا تۇڭگان قېرىنداشلارغا ئوخشىمايدىكەن ، ئۇنىڭ نىيىتى يامان جۇمۇ ، ئاكا ، — دېدى مىرزۇل مەرگەن قارارگاھقا كەلگەندىن كېيىن .

— نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ، — دېدى ھاجى قاپىقىنى سېلىپ .

ئەتىسى ، ما جۇڭيىڭ چېرىكلەرنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى يولىنى توسۇشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى داۋالىنىش ئۈچۈن قۇمۇلغا قايتتى .

جىن شۇرېننىڭ يولدا كېلىۋاتقان چېرىكلىرى دۇ گوجىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەغلۇبىيىتىنى ئاڭلاپ لودۇڭغا كېلەلمەي گۇچۇڭ تەرەپكە كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، يەتتە قۇدۇقتىن تارتىپ شىخشىگشىياغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . كېچىككىنە يېتىم ئارالغا ئوخشىشىپ قالغان لوچېڭ شەھىرىلا ھۆكۈمەت چېرىكلىرى قولىدا قالدى . بىراق ، جىن شۇرېننىڭ توپ ـ زەمبىرەك ۋە برونېۋىكلار بىلەن قوراللانغان ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگەردى . بۇ قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن گېنېرال جاڭ پېييۈەن ، باش مۇشاۋىرى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن شىڭ شىسەي ئىدى . بۇ قوشۇننىڭ تەركىبىدىكى ئاق ئورۇس سولداتلىرىغا بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشقان گېنېرال پاپېنگۇت قوماندانلىق قىلاتتى .

قۇمۇل قوزغىلىڭى بولغاندىن بۇيان بۇ يۇرتنىڭ بېشىغا ھېچقاچان مۇنداق زور دەھشەت كېلىپ باقمىغانىدى . چۈنكى ، بۇ قېتىم كەلگەن ئالتە مىڭ بەش يۈز چېرىككە قامالدا قالغان مىڭدىن ئارتۇق چېرىكنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، ھەر ئالتە يېرىم قۇمۇللۇققا بىردىن چېرىك توغرا كېلەتتى . ئۇششاق باللار ، خوتۇن ـ قىزلار ، قېرى ـ چۈرى ۋە ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ ، ھەر ئالتە يېرىم كىشىنىڭ بېشىدا بىر چېرىك قىلىچ ئويناتسا ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەھشەت بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ، پۈتۈن ئەل ـ يۇرت خۇددى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك بىر كەلكۈنگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالدى . تېخى يېقىندىلا : «بىر چېرىكىم ، بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ، مەن سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن ۋە : «ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلسام ، ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولغاي» دەپ قەسەم ئىچكەن ما جۇڭيىڭ دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىر ئايدىڭ كېچىسىدە قۇمۇلنى تاشلاپ ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن ئۆز ماكانىغا قاراپ ئالدىراش يولغا چىقتى . ئۇ يولغا چىقىدىغان كېچىسى ، ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ

تۇرغان يولۋاسقا مۇنداق دېدى :

— سىزنىڭ مەن بىلەن بىللە كەتكىنىڭىزدىن قۇمۇلدا قالغىنىڭىز ياخشى . خوجىنىيازنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا تەمەننا قويۇپ ، مەن بىلەنمۇ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىدۇ . سىزمۇ كەتسىڭىز ، قۇمۇل ئۇنىڭغا ئوڭچە قېلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە خەق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ . مەن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كېلىمەن . شۇنىڭغىچە خوجىنىيازنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ تۇرۇشىڭىز كېرەك . كەلگۈسىدە شىنجاڭ سىڭنى ئىككىمىز سورايمىز . سىز مېنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنىم بولىسىز . ماۋۇ ئاتمىش يامبۇ ، ئىككى يۈز تاختا چاي ، ئەللىك توپ رەخت ، جاڭزىدىكى يەتمىش تۆگە سىزگە قالسۇن ، ئېھتىياجىڭىزغا ئىشلىتىڭ . قولىڭىزدىكى قورال ھازىرچە سىزگە يېتىدۇ .

يولۋاس ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيماي ، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا ۋەدە بەردى .

ئۈچ ئاي بۇرۇن ما جۇڭيىڭ بىلەن كەلگەندە ، تەڭدىن تولىسى قىلىچ ـ نەيزە بىلەن قوراللانغان ، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ، رەڭگىرويىمۇ سارغايغان تۆت يۈزدەك ئادەم ، ئەمدى سېمىز قېچىرلارغا زەمبىرەكلەرنى سۆرىتىپ ، ئويناق باركۆل ئاتلىرىغا مىنىپ ، ھارۋا ـ ھارۋىلارغا زاپاس ئوق ـ دورا ، مىلتىق ـ پىلموت ، ئاشلىق تاغارلىرى باسقان ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك چوڭ قوشۇن بولۇپ كېتىۋاتاتتى . شۇ تاپتا بۇ قوشۇن خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك ، پۈتۈن بىر كېيىكنى يۇتۇۋېلىپ ، ئۇنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ، دەرەخ تۈۋىگە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان يوغان بىر يىلانغا ئوخشايتتى .

— ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ ، دېگەن شۇ بولدى . بۇ تۈگكاننى بۇنداق گوپاسىزلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن . ئەمدى ھەر كىم ئۆز بېشىنى دالىدىغا ئالماقتىن باشقا چارە قالمىدى ، — دېدى يۈسۈپ تەيجى ئاتقا مىنۋېتىپ .

www.uyghurkitap.com

— ئۆزلە قايسى تاغقا چىقىپ كېتەي دەۋاتىدىلا ؟ — سورىدى ئابدىنىياز مىراب .

— باغداشقا .

شۇنداق قىلىپ ، شەھەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزا خەلقلىرى بۆرىدىن ئۈركۈپ كەتكەن پادىدەك ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ، تەشۋىرلەپ بولغۇسىز ھالدا ئالدىراشلىق بىلەن ھەر تەرەپكە پىتىراپ ، كۆپ قىسمى تاغلارغا ، بىر قىسمى يىراق خىلۋەت يېزىلارغا قېچىشقا باشلىدى . ئات - ئۇلىغى بارلار ئۇلاغلىق ، ئۇلىغى يوقلار ياياق مېڭىپ ، قولىغا چىققان ئازراق ئوزۇقى بىلەن بىر قۇر كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ ، بىر ئاخشامدىلا ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى . ھەتتا ، ئىت - مۈشۈكلەرمۇ ئىگىلىرىگە ئەگىشىپ ماڭدى . ئوچاقتا قازان قايناقلىق ، تەكچىدە چىنە - قاچا تىزىقلىق ، ئېتىز - ئېرىقلار يىغىقسىز ، خاماندا ئاشلىق تېپىكسىز پېتى قالدى . نەچچە مىڭلىغان كىشى ياشاپ كەلگەن خۇيچېڭ شەھىرى قانداقتۇر بىرەر سەۋەبلەر بىلەن ماڭالماي قالغان تۆت - بەش ئۆيلۈك كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، خۇددى چۆچەكلەردىكى ئادەمسىز تىلسىم شەھەرگە ئوخشىشىپ قالدى . غۇيۇلداپ چىقىۋاتقان باش كۆز شامىلىدىن باشقا ، ھېچقانداق ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى .

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا ، چېرىكلەرنىڭ بۇلاڭ - تالىڭى باشلىنىپ ، تەخمىنەن ئۈچ يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ۋاڭ ئوردىسى بىلەن پۈتۈن شەھەر تىتىپ تاشلانغان ئەسكى چاپانغا ئوخشىشىپ قالدى . ئارقىدىنلا ئوردىغا ئوت قويۇلدى . بۇ ئوت ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيۈپ ، ئۇنىڭ قويۇق ئىس - تۈتەكلىرى بىر كۈنلۈك باغداش داۋىنىغىچە كۆرۈنۈپ تۇردى[1] .

---

① «ما جۇڭيىڭ كېلىپ چۈشتى ،
داتۇ باينىڭ جاڭزىسىغا .
چېرىك كاپىر ئوت قويدى ،
گاڭ غوجامنىڭ ئوردىسىغا .»
دېگەن خەلق قوشىقى ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى ئىدى .

## ئون تۆتىنچى باب

# ئەتىكى كۈن نېمە بىلەن باشلىناركىن

*تۈن — ئىككى قات خوتۇن، نېمە تۇغاركىن،*
*زامانە ھۆكمىدىن نېمە ياغاركىن؟*

— پەھلىۋان مەھمۇد①

### 1

چېرىكلەر بىرنەچچە كۈنلۈك بۆلاڭ ـ تالاڭدا ئولجا ـ غەنىيمەت بىلەن بىرقۇر تويۇنۇپ، خۇددى شىكاردىن كېيىن تۇمشۇقىدىكى قاننى يالاپ ياتقان يىرتقۇچلارغا ئوخشاش قورساقلىرىنى تومپايتىپ يېتىشقاندا، قوماندان جاڭ پېيىۋەن ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ، تاغدىكى «ئوغرىلار» غا قاچان ۋە قانداق ھۇجۇم باشلاش مەسىلىسىنى قويدى. بۇ كېڭەشكە قۇمۇل ۋالىيسى جۇ دوتەيمۇ قاتناشتى. كۆپچىلىك دەرھال ۋە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلاش مەزمۇنىدا پىكىر بايان قىلىشقا باشلىغاندا، سۇمباتلىق كەلگەن بۆرە كۆزلۈك، قويۇق قاشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ھازىرچە ھۇجۇم قوزغىماسلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جاڭ پېيىۋەننىڭ باش مۇشاۋىرى شېڭ شىسەي ئىدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى جاڭ پېيىۋەن ھەيران قېلىپ.

— چۈنكى، — دېدى شېڭ شىسەي قويۇق بۇرۇتىنى سىلاپ

① پەھلىۋان مەھمۇد — مىلادىيە 1240 — 1326 ـ يىللىرى ياشىغان خارەزملىق مەشھۇر شائىر.

قويۇپ ، — تىلچىلىرىمىز بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ھازىر ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن يولۋاس بىرەر يۈز ئادىمى بىلەن قوراي دېگەن تاغقا بېكىنىۋاپتۇ ؛ شامەخسۇتنىڭ ۋارىسى بەشىر ئازراق ئادىمى بىلەن باغداش داۋىنىنىڭ دالدىسىدا جىم ياتارمىش ؛ ئابدىنىياز مىراب ئاراتۇرۇكتە ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قاپتۇ ؛ غارىپ بىلەن نۇرغالى باشچىلىقىدىكى قازاق ئىسيانچىلىرى باركۆل تاغلىرىغا چېكىنىپ كېتىپتىمىش ؛ پەقەت خوجىنىياز ، سالى دورغا ، سادىق قورمال قاتارلىقلار ئۇ يەر - بۇ يەردە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقۇدەك . دېمەك ، ما جۇڭيىڭنىڭ كېتىشى بىلەن ئىسيانچىلارنىڭ بېلى سۇنۇپ سېپى پارچىلىنىپ كەتتى…

— ئۇنداق بولسا ، دەل بىزنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش پەيتىمىز ئىكەنغۇ ، — دېدى جاڭ پېييۈەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

— دەرۋەقە شۇنداق ، — دەپ داۋام قىلدى شېڭ شىسەي ، — لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى ، بىز تۇزلەڭلىكتىكى دۈشمەنگە ئەمەس ، قاتمۇقات تاغلار بىلەن قورشالغان تاش قەلئە ئىچىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىمىز . بۇ تاغلارنىڭ نە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ، نە يەر تۈزۈلۈشى بىزگە مەلۇم ئەمەس . قولىمىزدا ئالىقانچىلىكمۇ تاغ خەرىتىسى يوق . بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ تاغقا قىلغان ھۇجۇملىرىدا بېشى ئامان قالغان بىر لىيەنجاڭنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئىسيانچىلار ئۆز ماكانلىرىدا خۇددى يەر ئاستى يوللىرىنى قېزىۋالغان سۇغۇرغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىكەن . ئالدىڭىزدا كۆرۈنگەننى قارىغا ئېلىپ بولغۇچە ، ئارقىڭىزدىن گەجگىڭىزگە ئاتىدىكەن . «چېرىك ئاتىدۇ تاشقا ، تاغچى ئاتىدۇ باشقا» دېگەن قوشاق بىكارغا چىقمىغان بولسا كېرەك ، بۇ بىر . ئىككىنچىسى ، ھازىر كۆز بېشى ، ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمى تېخى ئېتىزدا . بىزگە كېرەكلىك ئاشلىق ، يەم - بوغۇز ، ئات - سامانىنى پۇقرالار بولمىسا كىم يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ؟ ھالبۇكى ، ھازىر پۇقرانىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تاغلارغا قاچقان . ھۆكۈمەت ساقچىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ

قالغان . ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئاشلىق يۆتكەشتە ئون سەككىز مەنزىلنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يوللار ناھايىتى تىنچسىز . دېمەك ، ھازىرچە ئەلەم ھۇجۇمىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ ، قەلەم ھۇجۇمىنى قوزغاش ، يەنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن تەشۋىق - تەرغىباتنى كۈچەيتىپ ، قاچقان پۇقرالارنى شەھەر - يېزىلارغا قايتىشقا دەۋەت قىلىش ، قايتىپ كەلگۈچىلەرنى پەپىلەپ تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئېتىز - ئېرىقتىكى ئاشلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ، ئاندىن تاغ يوللىرىنى توسۇپ ، شەرق ، جەنۇب ۋە غەرب تەرەپتىن ئورغاق شەكلىدىكى مۇھاسىرە ھالقىسى بىلەن قىسىش لازىم ، ئۇ ھالدا ، ئىسيانچى تاغلىقلار نەگە بارىدۇ؟ شىمالدا تاشقى موڭغۇل ئۇلارنى چېگرىدىن كىرگۈزەمدۇ؟ ياق ، ياق! ئاشلىق بېرەلەمدۇ؟ ياق! چۈنكى ، تاشقى موڭغۇلنىڭ ئۆزى ئاشلىققا موھتاج . ئۈچىنچىدىن ، مۇھاسىرە جەريانىدا ، ئۆزىمىز تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرمەي ، توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن ئانچە - مۇنچە ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرىمىز . بۇ تاكتىكىمىزدىن خەۋەرسىز ئوغرىلار بىزگە ئەستايىدىل قارشىلىق كۆرسىتىدۇ . نەتىجىدە ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئوق - دورىلىرى كۈنسايىن خوراپ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ . بىزگە مەلۇمكى ، ئۇلارنىڭ ئوق - دورا ياسايدىغان ھەربىي زاۋۇتى يوق . ئۇنىڭغىچە بىز ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچىكىنى ھەل قىلىۋالىمىز ۋە تولۇق تەييارلىق بىلەن كۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپ ، بىر ياقتىن ئاشلىقتىن قىيناپ ، يەنە بىر ياقتىن پىلىموتلىرىمىزنى ئىشقا سالساق ، ئۇلارنىڭ مەرگەنلىكىمۇ ۋە ھېلىقى سۇغۇر تۆشۈكلىرىمۇ ئۆزىگە ئەسقاتماي قالىدۇ دەپ ئويلايمەن . ھى - ھى - ھى…

سورۇندىكىلەرمۇ شىڭ شىسەي بىلەن تەڭلا خىرىلداپ كۈلۈشتى . بەزىلەر : «مانا بۇ كىشىنى زامانىمىزنىڭ جۇگې لياڭى دېسەك بولىدىكەن» دېسە ، بەزىلەر : «مۇشۇنداق ئادەم قوماندانلىق قىلسا ، چوقۇم غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ» دېيىشەتتى . بىر قېرى

پولكوۋنىك كۆزەيىنىكىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— بەللى ، بەللى ، جانابىي باش مۇشاۋىرنىڭ پاراسىتىگە بارىكاللا ! ئوقۇغان ـ بىلگەن ئادەملەر شۇنداق تەپەككۇر قىلالايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ، باش مۇشاۋىر جانابلىرى ياپونىيىنىڭ ھازىرقى زامان ھەربىي ئىلمىدىن تاشقىرى بىزنىڭ قەدىمكى جەڭ كىتابلىرىمىزدىن ، مەسىلەن ، «سۇڭزى بىڭفا» نىمۇ ياخشى مۇتالىئە قىلغانىكەن . بۇ لەشكەر بېشى بولغۇچى ئۈچۈن ياخشى خىسلەت . ئەمما لېكىن ، مېنى بۇ ياۋايىلارنىڭ سۇغۇرغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغىنى يەنىلا ئەندىشىگە سالماقتا . باش مۇشاۋىرنىڭ يۇقىرىدىكى تەدبىرلىرى بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .

— پولكوۋنىك جانابلىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى سورايمەن ، — دېدى شىنڭ شېسەي ، — مەن ھېلىقى لىيەنجاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، يەرلىكلەردىن بىر ئۈچىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭدىن سۇغۇرنى قانداق ئوۋلايدىغانلىقىنى سورىدىم . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، سۇغۇر ھەم چېچەن ، ھەم گول مەخلۇق ئىكەن . ئۇ قىزىل رەڭگە ناھايىتى ئامراق ئىمىش . ئۇنى ئاتماقچى بولغان ئادەم بىر پارچە قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ ، تىكەنگە ياكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىرەر نەرسىگە ئىلىپ قويىدىكەن ، سۇغۇر ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئۇنى كۆرىدىكەن ـ دە ، مەستانە بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالىدىكەن . ئوۋچى شۇ پۇرسەتتە ئۆز ئىشىنى تۈگىتىدىكەن . مەنمۇ شۇنداق قىزىل لاتىدىن بىرنەچچىنى تېپىپ قويدۇم .

— باش مۇشاۋىرنىڭ كۆزدە تۇتقىنى نېمىكىن ، بىزمۇ ئاڭلاپ كۆرسەك بولامدۇ ؟ — سورىدى جۇ دوتەي .

— كەچۈرسىلە ، جانابلىرى ، — دېدى شىڭ شىسەي بۇرۇتىنى سىلاپ ، — بۇ ھازىرچە ھەربىي سىر ، بۇ يەردە ئېيتىشقا بولمايدۇ .

سورۇندىكىلەر جىم بولۇپ قېلىشتى . جاڭ پېييۈەن ئۆزىنىڭ بۇ دانىشمەن مۇشاۋىرغا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ قويدى .

ئەتىسىدىن باشلاپ بازار رايونىدىكى ھەر مىللەت ، ھەر ساھە مۇتىۋەرلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر بىرقانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تاغ تەرەپكە مېڭىپ كەتتى . ئۇلار شىپاڭ شىسەيىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئەمەس ، ئاددىي پۇقرالار بىلەن ئۇچراشماقتا ئىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، بىرمۇنچە كىشىلەر شەھەر ـ يېزىلارغا قايتىشقا باشلىدى .

2

شۇنداق كۈنلەردە ، ئابدىنىياز مىراب تاغنىمۇ تاشلاپ ، بالا ـ چاقىسى بىلەن گەنسۇ تەرەپكە جابدۇنماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى كەڭ ھويلىغا چۆكتۈرۈپ قويۇلغان سىمىز تۆگىلەرگە ھەدەپ يۈك ئارتىۋاتقاندا ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرت خەلقى غوۋغا كۆتۈرۈپ ، توختىنىياز دېگەن كىشىنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگۈزدى . بۇ ئادەم يىگىتلىك دەۋرىدە چېلىشچىلىق بىلەن زور ئاتالغان ، ئۆزى ھېچكىمنى بوزەك قىلمايدىغان ، ھېچكىمگىمۇ بوزەك بولمايدىغان ، كىمدەكىم بىراۋنى بوزەك قىلسا دەرھال مەيدىسىنى كېرىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ، توغرا سۆزلۈك ، قورقۇمسىز ۋە كۆپىنچە كىشىلەرنى سەنلەپ سۆزلەيدىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق قاتمال ئادەم ئىدى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، ئابدىنىياز مىراب ئۆزىنىڭ خوتۇنى نازىۋانە ئاغىچا بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ يول تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . ئۆيىنىڭ ھويلىغا قارىغان ئىشىكى ئۈلۈغ ئوچۇق تۇراتتى .

— ئابدىنىياز ! — دېدى توختىنىياز زور ئۆزرە تۇرغان پېتى ، — ئىككىمىز مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ بىللە ئۆسكەن ، سەنمۇ بىر گاخلاردا ماڭا ئوخشاش كەمبەغەل ئىدىڭ . كېيىن تەلىيىڭ ئوڭ كېلىپ باي بولدۇڭ ، ئەمەل تۇتتۇڭ ، بۇ يىغىلىقتا ئۆزۈڭ

يۇرتقا باش بولۇپ يوغان ئىشنى باشلىدىڭ. يۇرت سىنىڭ: «زالىم ھۆكۈمەتنى غۇلىتىپ، بىزمۇ ئادەم قاتارى ئەركىن كۈن كۆرەيلى» دېگەن گېپىڭ بىلەن ساڭا ئەگەشتى. نى - نى ئەرلەر ئىسسىق جانلىرىدىن كېچىپ تىزىغىچە قان كەچتى. قىزىلگۈلنىڭ توقىدەك، بەشئاتارنىڭ ئوقىدەك يىگىتلەر چۆل - باياۋانلاردا كېپەنسىز قالدى. ئەمدى يۇرتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىزنى تاشلاپ نەگە بارماقچىسەن؟ سەركە چېغىدا يامان يەرگە كېلىپ قالسا پادىنى تاشلىماي، يول تېپىپ توپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. سەن دېگەن يۇرتنىڭ سەركىسى بولغان ئادەم.

— ياق، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى ئابدىنىياز مىراب قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — خوجىنىياز ھاجى لودۇڭدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن چېرىكلەرگە تىل بېرىپتۇمىش، ئۇ مېنى تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ.

— يالغان! — دېدى توختىنىياز زور زەردە بىلەن يەرنى تېپىپ، — چېرىكلەرگە تىل بەرگەن كىشى يولۋاس تازغا ئوخشاش جىم يېتىۋالمايزە، ئۇلار بىلەن سوقۇشامدۇ؟ توغۇچى ئەتراپىدا چېرىكلەرگە تىنىم بەرمەيۋاتقان كىشى كىم، ھاجى ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ ... شۇنداق، — دېدى ئابدىنىياز مىراب سەل بوشاپ.

قاش - كۆزى جايىدا، ئەمما چىرايى سۆرۈنرەك كۆرۈنىدىغان نازىۋانە ئاغىچا قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ گەپكە ئارىلاشتى:

— ھە، بىردەمدىلا يىلى چىققان ئۆپكىدەك بوشىشىپ كەتتىلەغۇ! — دېدى ئۇ ئېرىگە قاراپ، ئاندىن ھويلىدىكى خەلق توپىنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ۋارقىراپ سۆزلىدى، — خوجىنىياز تۇتۇپ بەرمىگەندىمۇ، چېرىكلەرنىڭ قىلىچى ئۆزلەنى نەدىن بولسا تاپماي قويمايدۇ، ئۇ گاختا، ھېچكىم ئۆزلە ئۈچۈن بېشىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەرمەس!

— بولدى قىلسىلا، ئاغىچام، — دېدى توختىنىياز زور ئاچچىق بىلەن، — خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان نېمە!

— نېمىدەپ ئارىلاشمىغۇدەكمەن ، ئەر مېنىڭ ، ئۆي مېنىڭ ، چېقىن ـ چاقماقمۇ تېرەكنىڭ بېشىنى ئۇزىدۇ . ھەر بالا كەلسە يۇرتنىڭ بېشىغا كېلىدۇ ، ئۆزلەگە نېمە ؟

— يوقسۇ ، ئاغىچام ، — دېدى توختىنىياز زور ، — يىلتىز بىلەن غول ئامان بولسا ، تېرەكنىڭ بېشى يەنە ئۆسۈۋېرىدۇ . يىلتىز بىلەن غول بولمىسا ، تېرەكتە باش نېمە قىلغاي ! ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي دەپتىكەن . نېمە بولساق بىللە بولايلى !

— ئۆزلەگە گېپىم يوق ، — دېدى نازىۋانە ئاغىچا ۋارقىراپ ، — ئەر مېنىڭ دېدىمغۇ ، بولدى . بۇ مېنىڭ ئىشىم ، ئۆزلە بىزگە ئۆي تۇتۇشۇپ بەرگەنمۇ ؟

توختىنىياز زور بۇ خوتۇننىڭ بىشەملىكىنى ، ۋاقتى كەلسە ئېسىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ ئابدىنىيازغا قارىدى . ئابدىنىياز ئۇزۇن كەلگەن چىرايلىق ساقىلىنى قولىغا يۆگەپ ، بىر تېگىق يۇك ئۇستىدە جىم ئولتۇراتتى .

— سەن ئەرمۇ نېمە ؟ ئاغزىڭغا تاڭگازا چىشلىۋالدىڭمۇ يا ! — دېدى توختىنىياز ئۇنىڭغا ھومىيىپ .

ئابدىنىياز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى . سىرتتا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئۇلغايدى .

— بىزنى تاشلاپ نەگە بارغۇدەك ؟

— يۇرت بېشى بولغىنىغا لەنەت !

— نومۇس ، نومۇس !

شۇ ئارىدا ئون بەش ياشلاردىكى بىر تاز بالا (ئۆزى قىلدىمۇ ياكى باشقىلار ئۆگەتتىمۇ ) «قى ـ قى ـ قى ، خوتۇندىن قورقىدۇ ، قى ـ قى ـ قى ، خوتۇندىن قورقىدۇ» دەپ ، ئىككى قولى بىلەن يوتىسىنى شاپىلاقلاپ قېچىپ كەتتى . ئابدىنىياز مىراب ھويلىغا ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، «چۇشۇر يۇكلەرنى» دەپ خورسىنىپ ۋارقىرىدى . نازىۋانە ئاغىچا : «ياق چۇشۇرمەيسەن» دەپ تۆگىلەرنىڭ قېشىغا يۇگۇردى . ئابدىنىياز ئارقىدىن كېلىپ ئۇنى

توستى . خوتۇنى ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . خەلق توپى ئىچىدىن كۈلكە ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى . تۆگىلەردىن يۈكلەر چۈشۈرۈلدى . خەلق تارقالدى .

بىراق ، شۇ كېچىسى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئابدىنىيازنىڭ يۈك ئارتىلغان يىگىرمە ئىككى تۆگىسى يۇرت ئىچىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كەتتى . كەچقۇرۇن ئېگەرگە سىڭارىيان ئولتۇرۇۋالغان بىر كىشى مەھەللىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى :

ئابدىنىياز مىراب ئۇچېيگى
ھەممە ئىشنى باشلىدى .
ئىچىدە ئىدراكى يوق ،
قاملاشتۇرالماي تاشلىدى .

قاملاشتۇرالماي تاشلىغىنى
خوتۇنى ئۇنى باشلىغىنى .
ھەممە خەق بىلىپ قويسۇن ،
ئابدىنىيازنىڭ يۇمشاقباشلىقىنى !

بۇ ناخشا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن تاغ رايونلىرىغا تارقىلىپ كەتتى . بىراق ، بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە تەقدىرنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلارنى باشلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

## ئون بەشىنچى باب

# پىداكار مەھبۇبە

*ئايالّلار پىدائىيلىقنى چۈشىنىپلا قالماي ، ئۆزىنى پىدا قىلىشنىمۇ بىلىدۇ .*

— ئى . س . تۇرگېنېف

خوجىنىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرى ئۇرۇمچى تەرەپتىن كېلىدىغان ھەربىي كارۋانلارغا خۇددى تۇن قاراڭغۇسىدا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان چۆل قاپلىنىدەك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تىنىم بەرمەيۋاتقان كۇنلەردە ، «خوجىنىياز چېرىكلەرگە تىل بىرىپتىمىش» دېگەن گەپلەر خېلىلا ئۇلغىيىپ ، ھاجىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ قالدى ۋە بۇ گەپنىڭ ئابدىنىيازدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇ شۇنداق خاپا بولدىكى ، تارام ـ تارام چېچىلىپ كەتكەن ساقىلىنى تىترىتىپ : «ھۇ ، ئىنەڭنى پالان… لومودى» دېگەن پېتى قىسقا ساپلىق موڭغۇل قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ، بىر توپ ئادىمى بىلەن ئاراتۇرۇككە ئات سالدى . بىراق ، ئەمدىلا يۇرت ئىچىدىن چىققاندا توخنىياز زور باشلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇلار ھاجىنىڭ توپىغا قوشۇلۇش ئۇچۇن ، ئاراتۇرۇكتىن كېلىۋاتقان يىگىتلەر ئىدى . توخنىياز زور ئابدىنىيازنىڭ قانداقچە كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ : «بىز ئۇنى قوچقار دەپ يۇرۇپتىمىز ، ئۇ ئەركەك ساغلىق چىقىپ قالدى . چۇپانسىز قالغان پادىدەك تېنەپ يۇرۇپ بۆرىلەرگە يەم بولغۇچە ، سىنىڭ توپۇڭدا جەڭ قىلىپ مەردلەرچە ئۆلەيلى دەپ كەلدۇق» دېدى .

www.uyghurkitap.com

هاجى ئابدىنىيازغا كايىپ : «خەپ توختاپتۇر ، ئۆلمىسەك كۆرۈشۈپ قالارمىز» دېدى ـ دە ، توختىنىياز زورلارنى ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا باشلاپ كەلدى . بۇ قارارگاھ ئۇنىڭ يۇرتى تارانى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سايلىقتا تۇتاشقان ئۆرۈكلۈك دېگەن يەرگە جايلاشقانىدى . ئۇ يەردىن تاغ تېرەكلىرى ۋە قىرچىنتاللار بىلەن قاپلانغان سۇلۇق غول بويلاپ ، شىمالغا بىرقانچە چاقىرىم ماڭغاندا ، تاغ باغرىغا جايلاشقان ئۆرۈكلۈك باغ كۆرۈنەتتى . بۇ باغدا يېڭىدىن مېۋىگە كىرگەن ئۆرۈك كۆچەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا يۈز ياشتىن ئاشقان بىرنەچچە تۈپ قېرى ئۆرۈكمۇ كۆكىرىپ تۇراتتى . بۇ باغ ئوردا باغ دەپ ئاتىلاتتى . ھاجى ئەنە شۇ باغنىڭ يېنىدا بىر ـ بىرىگە يانداش تۇرغان تام ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ بالا ـ چاقا ۋە ئۇرۇق جەمەتى ھېلىمۇ شۇ ئۆيلەردە ياشايتتى . ھاجىنىڭ ئۆزى بولسا ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۆرۈكلۈك دېگەن يەرنى قارارگاھ قىلىپ بىر كىگىز ئۆيدە يېتىپ ـ قوپاتتى . ئۇ توختىنىياز زورلارنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرىۋالغان پېتى بىر كېچە ـ كۈندۈز سىرتقا چىقماي يېتىۋالدى . «خوجىنىياز چېرىكلەرگە تىل بېرىپتىمىش» دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىكەندەك سانجىلىۋاتاتتى . كۆز بورانلىرى ئاچ بۆرىدەك ئەنسىزلىك بىلەن ھۇۋلاپ ، كىگىز ئۆينىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىپ تۇراتتى . ھاجى بولسا خېلىدىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن ئۆسكىلەڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىغا قويۇپ ، كىگىز ئۆينىڭ يېرىم ئوچۇق تۈڭلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلۇتلۇق ئاسمان پارچىسىغا قاراپ ياتاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ ، پىكىر ـ خىيالى خۇددى كۆز بورانلىرى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن غازاڭدەك چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى . گاھ توختى سەيپۇڭ بىلەن قارا بوسۇقنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ، تۆمۈر خەلپىنىڭ شۇ چاغدىكى غەمكىن چىرايى بىلەن قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تېمىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرى ؛ گاھ شوپۇلدىكى مەسچىتتە قانغا مىلەنگەن مەڭلىك بالىنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى

بىلەن بىچارە سوپى مەرگەننىڭ قەبرىستانلىقتىكى ئىچىنىشلىق قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تاشلىغۇسى كېلەتتى؛ گاھ لودۇڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ ھېلىقى كۆل بويىدىكى دەرەخلىكتە سايىداپ يېتىپ: «پىلىموتنىڭ ئىككىسىنى ماڭا قالدۇرۇڭ» دېگەن گېپى قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ رايونىدىكى ئەينەك دېرىزىلىك ئۆيلەرگە كەتتى: مانا، تاماكا تۇرۇپكىسىنى قولىدىن چۈشۈرمەي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان تاھىربەگ؛ مانا، ناۋات رەڭ چۈچۈنچە كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، قاپقارا قوي كۆزلىرى بىلەن مۇلايىم قاراپ تۇرغان مەخسۇت مۇھىتى؛ مانا، سېرىق چېكە چاچلىرى بىلەن قىسقا بۇرۇتىغا ئاق سانجىلغان ئېگىز بويلۇق، قوڭۇر كۆزلۈك ھەيدەر ئەپەندى... كاشكى، كاشكى، شۇ دوستلار ھازىر يېنىدا بولسايۇ، ئۇلارنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ: «قاراڭلار، بىز نېمىدېگەن بەختسىز خەلق، ھەر زامان - ھەر زامان ئاغزىمىز ئاشقا تېگەر - تەگمەيلا، بېشىمىز تاشقا تېگىدۇ. بىزگە ھەمىشە يېغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن كېلىدۇ» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئىچ - قارنىنى بىردەم بوشىتىۋالسا...

شۇ ئارىدا ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاچ قورساق يېتىۋېرەمدىلا؟

ھاجى ئاچچىقىنى ئايالىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدى.

ئەپسۇسكى، ئۇنى قىيناۋاتقان بۇ مىش - مىش گەپلەرنىڭ باشقا يەردىن ئەمەس، شىڭ شىسەينىڭ نەيرەڭ ساندۇقىدىن چىققانلىقىنى، يەنى ھېلىقى ھەربىي كېڭەشتە سۇغۇرنى ئالداپ تۇرۇپ ئېتىۋېلىشنىڭ چارىسى دەپ ئېلان قىلغان «قىزىل لاتا»لارنىڭ بىرى شۇ گەپلەر ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!

— قوپسىلا! — دېدى ئايال بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئۈزۈرىنى قويۇپ.

www.uygharkitap.com

— قوپاللىقىڭنى قارا سەن تۆگىنىڭ، — دېدى ھاجى قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

— مەن قوپال بولسام يىپەكتەك سىلىق خېنىملارنى تېپىۋالۇرلا، — دېدى ئايال خورسىنغان ھالدا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئاغزىڭدىن ۋاقتى - سائەت چىقىپ كەتمىسۇن يەنە!

— چىقسا چىقۇر، مەن ئۆزلەنىڭ كۆزلىرىگە قاچان ياخشى كۆرۈنۈپ باققان، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئايال.

يۈزى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك يۇمىلاق كەلگەن بۇ ئاقپىشماق، ئېگىز بويلۇق ئايال ھاجىنىڭ تۇنجى ئايالى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ رايى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن نىكاھلانغان خوتۇنى قەمەرخان ئايلا ئىدى. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ، بىر - ئىككى بالىلىق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاجىنىڭ كۆڭلى بۇ ئايالدىن زادى سۇ ئىچمەي كېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا بۇ ئايال ئۆزى پارقىراپ تۇرغان بىلەن ئىسسىقى تەگمەيدىغان ئايغا ئوخشاش مېھرى سوغۇق تۇيۇلاتتى. قەمەرخان ئايلا بولسا ئارتۇقچە ناز - كەرەشمىنى بىلمەيدىغان، ھاجىنىڭ خۇلق - مىجەزى ۋە شۇ كۈنلەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرىغىمۇ ئانچە قىزىقمايدىغان ساددىراق ئايال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەر - خوتۇن خۇددى ئاپتاپتا ئىللىپ قالغان ئىلمان سۇدەك ئۆتۈشەتتى ۋە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن پات - پاتلا ئېيتىشىپمۇ قالاتتى.

ھاجى بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىن ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقاندا، مىرۇل مەرگەن كىرىپ، ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ توغۇچىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ھاجى ئۆزىنىڭ بۈگۈن بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مىرۇل مەرگەننى چاپسان مېڭىشقا بۇيرۇدى.

مىرۇل مەرگەن بىر توپ يىگىت بىلەن دەرھال يولغا چىقتى. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا توغۇچىغا يېتىپ كېلىپ، كۈنچىقىش تەرەپ سەل - پەل ئاقىرىشقا باشلىغاندا، ھېلىقى ھارۋىلار چۈشكۈن

قىلغان دەڭگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە ئالغان غەنىيمەتلىرىنى ئاتلارغا يۈكلەپ، تاغ تەرەپكە چېكىنىشۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ توپىغا بىر يىگىت كىلىپ قوشۇلدى. كىگىز قالپىقىنى چۆكۈرۈپ، بېلىنى پوتا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان بۇ ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق يىگىت ئۆزىنى لاپچۇقلۇق بوسۇق ساقالنىڭ ئوغلى خالىق دەپ مەلۇم قىلدى. مىرۇل مەرگەن يىگىتنىڭ نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىكى ئۈنچىدەك يالتىراق چىشلىرىغا، كىگىز قالپاق ئاستىدا يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئاق سۈزۈك يۈزىگە قاراپ، «ئەجەبمۇ ساھىبقىران يىگىت ئىكەن» دەپ ئويلىدىيۇ، ئاۋازىنىڭ ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكىلىكىگە سەل ھەيران قالدى.

— ئاتقىغۇ مىقتا ئىكەنسەن، ئۇكام، مىلتىق ئېتىپ باققانمۇ؟ — سورىدى مىرۇل مەرگەن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ.

— ياق، ئەمدى ئۆگىنىۋالارمەن، — دېدى يىگىت سەل قىزىرىپ.

— خاتىرجەم بول، ئۇكام، ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇستا مەرگەن بولۇپ قالىسەن. ھە، دېمەكچى، بىزگە قوشۇلغىنىڭغا ئاتا ـ ئاناڭ رازىمۇ؟

— ئاتا ـ ئانامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كەلدىم.

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى مىرۇل مەرگەن، ئاندىن، — ھەي ھوشۇر كانتۇ، مۇرەڭگە ئېسىۋالغان مىلتىقتىن بىرنى ماۋۇ يىگىتكە بەر، — دېدى.

ھوشۇر كانتۇ مىلتىقنى يىگىتكە بېرىپ:

— پاھ، پاھ، پاھ… قىز بولۇپ قالغان بولساڭ، ھەممىنى ئاشىقى بىقارار قىلىپ ئالۇركەنسەن جۇمۇ، ئۇكام، — دەپ ھىجايدى.

— تىلىڭنى يىغ، — دېدى مىرۇل مەرگەن ئاچچىق قىلىپ، ئاندىن يىگىتنىڭ قولىدىن مىلتىقنى ئېلىپ: «مانا مۇنداق قىلىسەن» دەپ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپلا ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئاخشىمى يىگىتلەر لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان گۈلخان ئەتراپىدا

ناخشا ئېيتىشىپ ، ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشقاندا ، ھېلىقى خالىق دېگەن يىگىت ئاستا سۇرۇلۇپ ، مىرۇل مەرگەننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە ، ئاق لاتىغا ئورالغان بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ :

— بۇنى ھاجى ئاكامغا بېرىپ قويسىلا ، — دېدى .

— بۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى مىرۇل مەرگەن .

— دادامنىڭ ھاجىمغا ئەۋەتكەن مۇھىم ئامانىتى ، — دېدى يىگىت ، ئاندىن : «ئېغىر كۆرمىسىلە ، ھازىرلا ئەكىرىپ بەرسىلە ئوبدان بولۇر ئىدى» دەپ قوشۇمچە قىلدى . ئەمما ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قولى تىترەۋاتاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، مىرۇل مەرگەن ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قارىۋېلىپ ، ھېلىقى نەرسىنى ئاستا قولىغا ئالدى . بۇ يىپەك ياغلىققا ئوراپ ، سىرتىدىن تىكىپ تاشلانغان قويۇن دەپتىرىدەك يېنىك بىر نەرسە ئىدى .

مىرۇل مەرگەن ئۆيگە كىرگەندە ، ھاجى شام يورۇقىدا ئۆزى يالغۇز قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇراتتى .

— بۇ ئۆزلەگە تېگىدىغان مۇھىم ئامانەتكەن ، — دېدى مىرۇل مەرگەن ھېلىقى نەرسىنى ھاجىغا ئۇزىتىپ .

ھاجى ياغلىقنىڭ يىپلىرىنى قەلەمتىراچ بىلەن سۆكۈپ ئاچقاندا ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قات ـ قات قەغەزگە ئورالغان بىر پارچە خەت چىقتى . بۇ خەت ئالاھىدە پەتلەنگەن قېلىن خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ يېزىلغان ، ئەمما ھېچقانداق ئىمزا قويۇلمىغان يىگىرمە نەچچە قۇر بېيىت ئىدى . ھاجى مىرۇل مەرگەنگە قاراپ قويۇپ ، دىققەت بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى :

پۈتۈلدى يۈز مۇھەببەت بىرلە نامە ،
ئەگەر ئۆلسەك ھەم تىرىلسە يادنامە .
مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىم ،
دېگەچ قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىم .
مېنى كىم سورىسا ، نىمجان تىرىكمەن ،
زامانە ئوقىدىن ياردار كېيىكمەن .

تېنىمدە شۇم رەقىبنىڭ تىغ ياراسى ،
دىلىمدا قاينىغان قىساس نىداسى .
قاچان سىزنى كۆرمەك بولدى ئىرادە ،
كۆڭۈلگە چۈشتى ئوت ئاندىن زىيادە .
بۇ ئوت دوزاخ ئوتىدىن مىڭ ياماندۇر ،
تېنىم ، جانىم شۇ ئوت ئىچرە ساماندۇر .
مېنى ئەيىب ئەتمەڭ ئەي پەھلىۋانىم ،
مېنىڭ ھېچ قالمىدى سەبرۇ قارارىم .
ئۆزۈم تۇلمەن ، كۆزۈمدە لىقمۇلىق ياش ،
خۇدا قىلسا سىزگە مېنى يولداش .
چېچىم بىرلە سۇپۇرسەم يولىڭىزنى ،
تاۋاپ قىلسام قىلچ تۇتقان قولىڭىزنى .
ئازاد ـ ئەركىن ياشاش شوئارىڭىزدۇر ،
قۇمۇل ئەھلى ھەممە ھەمكارىڭىزدۇر .
مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىم ،
ئامان قىلغاي سىز ھاجىمنى خۇدايىم[1] .

بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ بولغۇچە ، ھاجىنىڭ چىرايى نەچچە ئۆزگىرىپ ، قەغەز تۇتقان قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . مىرزۇل مەرگەن : «بۇ نېمە خەت بولغىيدى ، ئۇنى مۇنچە بىئارام قىلغۇدەك» دەپ ئويلاپ تۇرغاندا ، ھاجى ئۇنىڭدىن بۇ خەتنى كىم بەرگەنلىكىنى سوراپ قالدى . مىرزۇل مەرگەن ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلدى .

— ئۇ يىگىتنى چاپسان چاقىرىپ كىر ! — دېدى ھاجى خەتنى يەنە ئوقۇشقا باشلاپ .

مىرزۇل مەرگەن بايىقى گۈلخان يېنىدىن يىگىتنى تاپالماي

---

① بۇ بېيىتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى يازغان شائىرەنىڭ زامانىدىشى — سەكسەن ئالتە ياشلىق مەرھۇمە تەكەخان ئايلا ۋە بۇ مەرھۇمەنىڭ جىيەن قىزى — ئاتمىش بەش ياشلىق ئايىمخاننىڭ ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان .

«خالىق» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ھەتتا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقانلارغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. بۇ گۇلخاندىن ئۇنى تاپالمىغاچقا، باشقا گۇلخانلارغىمۇ بېرىپ كەلدى. ھوشۇر كانتۇنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭدىنمۇ سورىدى. شۇ ئارىدا ھاجىمۇ كىگىز ئۆيدىن چىقىپ، مىرۇل بىلەن بىللە ئۇنى ئىزدىدى. يىگىت ھېچ يەردە يوق ئىدى. ئاخىر: «بىر يەردە ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەتە بىر گەپ بولار» دېيىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، خالىق ئۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى قورام تاشنىڭ تۈۋىدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ جىم ياتاتتى. بايا ھېلىقى خەتنى ھاجىنىڭ قولىغا تەگكۈزۈشكە ئالدىرىغان ۋە: «ھاجى خەتنى ئوقۇغان ھامان مېنى قىچقارتىدۇ» دەپ كۈتۈپ تۇرغان بۇ يىگىت، ئەمدى نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن خۇددى ئوۋچىدىن قېچىپ قۇتۇلغان توشقاندەك دىر ـ دىر تىترەپ تاش تۈۋىدە توگۈلۈپ ياتاتتى. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان يېگەندەك، نېپىز لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئىچىدە: «ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا» دەيتتى. ھاجىلار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن دەس قوپۇپ كەلگەن يولى بىلەن كەتمەكچى بولدىيۇ، يەنە بىردىنلا بۇ پىكرىدىن يېنىپ جايىدا يېتىۋالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلار ئارىسىدىن گاھ يوقىلىپ، گاھ كۆرۈنۈپ، خۇددى دولقۇنلۇق دېڭىزدىكى يالغۇز يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئايغا قاراپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. تاغ شاماللىرى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەنگەن يۈزىنى ئاستا سىيپاپ پايانسىز چۆلدە كېزىپ يۈرەتتى. شالاڭلاپ قالغان بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە ئوخشاش چىمىلداپ تۇراتتى.

كىگىز ئۆيدە بولسا، قەمەرخان ئايلا ھاجىنىڭ ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرنەچچە قېتىم غودۇڭشىدى. ھاجى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، ھامان ئۆز



www.uygurkitap.com

خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى. دېمىسىمۇ بىر ئايال كىشىنىڭ تاسادىپىي هالدا مۇنداق ئوچۇق مۇھەببەت ئىزهار قىلىشى ئۇ زامانلاردا هاجىنىڭلا ئەمەس، باشقا ئەرلەرنىڭ هاياتىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغاندۇر بەلكىم! يەنە كېلىپ، بۇ ئادەتتىكى مۇھەببەتنامە ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا قارشى ئادالەت ۋە ئەركىنلىك بايرىقىنى قۇمۇل ئەھلى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىنقىلابقا پىدا قىلماقچى بولغان بىر ئايالنىڭ يالقۇنلۇق مۇراجىئەتنامىسىغۇ! ئاياللار دۇنيىاسى نامەھرەملىك پەردىسى ئىچىدە ئىنسانىي هەق - هوقۇقى ۋە ئېتىقادىدىن مەھرۇم، هەتتا ئۆزىنىڭ مەقسەت - ئىرادىسىنى يوشۇرۇن تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بىر زاماندا، بۇنداق ئەركىن پىكىر ۋە شىجائەت ساهىبى بولغان ئايال كىم بولغىيدى؟ ئۇ هاجىنىڭ بالا - چاقىلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىن - هە؟! ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلغان بولسا ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغانمىكىن؟ ياق، ياق! بۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەس، بەلكى ھەممىنى چۈشىنىدىغان، ئەل - يۇرتىنىڭ ئورتاق ئۈمىد - ئارزۇسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىيىتىنى قۇربان قىلىپ، «بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن» دەپ، شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان بىر پىداكار ئايال بولسا كېرەك.

تاڭ ئاتتى، هاجى سىرتقا چىققاندا، مىرزۇل مەرگەن ھېلىقى يىگىتنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. يىگىت هاجىنى كۆرۈش بىلەن ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ دەرهال سالام بەردى. هاجى سالامنى ئىلىك ئېلىپ بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، بۇ يىگىتنىڭ چىرايى ئۆزگە تونۇشتەك بىلىنىپ، ئۇنىڭغا قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ هامان جىن شۇرىنىنىڭ جۇ دوتەيگە يازغان ھېلىقى دەھشەتلىك خېتىنى بىرقانچە نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقىتىش ۋاقتىدا توپ ئىچىدە تۇرغان زىلۋا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك موللا ئايال، يەنى قاسىم خوتەننىڭ هۆسنخەت ۋە نەزم يازالايدىغان قىزى خەلچىخان كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك تۇيۇلدى. ئادەتتە ياشلارغا سەنلەپ

www.uyghurkitap.com

گەپ قىلىدىغان ھاجى ئىختىيارسىز ھالدا: «ئۆزلەنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ» دەپ تاشلىدى. يىگىت گەپ ـ سۆز قىلماي بېشىدىكى كىگىز قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ تورۇم ـ تورۇم قىلىپ تۈگۈۋالغان قويۇق قوڭۇر چاچلىرى ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. مىرۇل مەرگەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تېڭىرقاپ قالدى. ھاجى ئۇچۇن ئەمدى ھېچقانداق ئىزاھاتنىڭ لازىمى قالمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ «يۈرسىلە» دەپ، ئۇنى باشقا بىر كىگىز ئۆي تەرەپكە باشلىدى. مىرۇل مەرگەنمۇ ئۇن ـ تىنسىز ئۇلارغا ئەگەشتى. بۇ كىگىز ئۆي ئالدىدا بىرنەچچە ئايال كىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭچىلەرگە ئەتىگەنلىك چاي راسلاۋاتاتتى. ئۇلار قارارگاھتىكىلەرگە غىزا ـ تاماق قىلىپ بېرىش ئۇچۇن يۇقىرىقى مەھەللە، يەنى ھاجىنىڭ مەھەللىسىدىن پىدائىي بولۇپ كەلگەن ئاياللار ئىدى.

— ئۆزلە بۇ ئايلىلار بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى ھاجى خەلىچىخانغا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ھېلىقى ئاياللارغا قاراپ، — مانا سىلەرگە يەنە بىر ھەمراھ كەلدى، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

— ھاجى ئاكا، مەن ھېچنېمىنى ئۇقالمايۋاتىمەن، — دېدى مىرۇل مەرگەن ئاياللارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ. ھاجى مىرۇل مەرگەننىڭ مۇرىسىگە قولىنى تاشلاپ، بۇ ئايالنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىنى، ئەمدىلىكتە زالىملاردىن قىساس ئېلىش نىيىتىدە قوزغىلاڭچىلار سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرىش ئۇچۇن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاياللار ئىچىدىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق جۇۋان بولۇپ، بايىقى خەتنى بېيىت بىلەن يازغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئەمما، خەتتە مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

— يا، تەقسىر، ئالەم خالىي ئەمەس دېگەن راست گەپ ئىكەنغۇ، — دېدى مىرۇل مەرگەن، — مەزلۇم خەق ئىچىدە شايى[1]

---

① شايى — شېئىر (قومۇل شېۋىسى).

پۈتەلەيدىغان مۇنداق بىر مولـلا ئايالنى كۆرگىنىم مۇشۇ ، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشۇنداق مولـلا ئايالنىڭ بولغانلىقى تاماشالا ياخشى ئىش بولدى . ئەمما ، بۇ گوۋال تولۇ ئىكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى ياش ، مېھرى ئىسسىق ، كۆزگە يېقىن جۇۋان كۆرۈنىدۇ . بۇ تەرىپىنى قانداق قىلۇرمىز ؟

— مىرۇل ، سەندىن گەپ يوشۇرسام بولمايدۇ ، ئۇكام ، قېنى ئولتۇر ، — دېدى ھاجى سىپايە كۈلۈپ ، ئاندىن يانچۇقىدىن ھېلىقى خەتنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش رايىنى بىلدۈردى .

— ھۇششەرە ، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى مىرۇل مەرگەن ، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى تۈگۈچمۇ يېشىلدى . مۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇ خېنىم ئۆزلەرنىڭ قولىرىغا قول ، پۇتلىرىغا پۇت بولغۇدەك ، خۇدايىم مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي . ئەممازە ، قەمەرخان ئايلا ئاپام توقۇمنى قارىنىغا ئېلىپ قويۇرمىكىن .

— خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىنى كۆرۈرمىز ، — دېدى ھاجى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ .

قارارگاھنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتىلىك تۇرمۇشى بىر تەرەپتىن ، پارچە ـ پۇرات جەڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىككى ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا خەلىچىخاننى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ رازىلىقىنى ئېلىش ، نىكاھ ئوقۇتۇپ كۆچۈرۈپ كېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئايرىم ئۆي تىكىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى . خەلىچىخاننىڭ تەلىپى بويىچە نىكاھ رەسمىيىتىدىن بۆلەك ، ھېچقانداق توي داغدۇغىسى قىلىنمىدى . قەمەرخان ئايلا بولسا شۇ كۈنىلا ئۆز ئۆيىنى ئىككى تۆگىگە ئارتىپ ، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇقىرىقى مەھەللىگە يامانلاپ كەتتى . بۇ ئىش ھەممىنىڭ كۆڭلىنى سۇ يېغى ئىچىۋالغاندەك غەش قىلىپ تۇرغاندا ، توخنىياز زور ھاجىنىڭ يۈزىگىلا مۇنداق دېدى :

— ئابدىنىياز خوتۇنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي ئەل ـ يۇرتنى تاشلاپ كەتتى . ھەممىمىز قان كېچىۋاتقان مۇشۇنداق

كۈنلەردە ئۆزلە خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئېلىۋاتىدىلا، زادى ھېچقايسىلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، — دېدى ھاجى قاپىقىنى سېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى تاشلاپ، — «ئىسلام شەرىئىتىدە ئۇرۇش كۈنلىرى خوتۇن ئېلىش ھارام» دېگەن پەتىۋا يوق، ئاغىنە، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

— ھەي - ي، ھاجىم، ئۆزلە يوچۇنلا بىر ئادەم جۇمۇ! بەزى تەرەپلىرىنى دېمىسەم... — دېدى توختىنىياز زور ھاجىغا مەنىلىك قاراپ.

ئەتراپتىكىلەر بۇ مەسىلىدە توختىنىياز بىلەن ھاجىنىڭ قايسىسى ھەق، قايسىسى ناھەقلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىغاندەك جىم قارىشىپ تۇراتتى.

خەلىچخان بولسا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك ئۆز ئۆيىنى تۇتۇپ، ئۆي ئىشلىرىدىن بوشىغان چاغلىرىدا بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى خاتىرە قىلىپ يېزىش، ئاخشاملىرى گۈلخان تۈۋىدە ھاجى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە «شاھنامە» دىن ھېكايىلەر ئېيتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇيەر - بۇ يەردىن ھاجىنىڭ نامىغا كەلگەن خەتلەرگە جاۋاب يېزىشمۇ ئۇنىڭ ئىشى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممەيلەن ئۇنى خەلىچە خېنىم دەپ ئاتايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇ كىر يۇيىۋاتقاندا، ھوشۇر كانتۇ ئاستا كىلىپ سالام بەردى - دە، يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇرۇپ:

— مېنى ئەپۇ قىلىسىلا، خېنىم، ئاشۇ كۈنى چاقچاق قىلدىم دەپ ئۆزلەنىڭ ئالدىلىرىدا سەت ئىش قىپتىمەن. ھەي مېنىڭ بۇ تۈۋىقى يوق ئاغزىم، — دېدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كىمگە بولمىسۇن ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمىسىڭىزلا بولىدى، — دېدى خەلىچە خېنىم، ئاندىن، — پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا، دېگەن گەپ بار، — دەپ مۇلايىم كۈلۈپ قويدى.

شۇ ئاخشىمى خەلىچە خېنىم ھاجىغا قاراپ:
— ئەتە يۇقىرىقى مەھەللىگە بېرىپ، قەمەرخان ئايالىمغا سالام بېرىپ كېلەيمىكىن، — دېدى. ھاجى ئۇنىڭغا جاۋابەن:
— ئازار يەپ كېلۇرسىزمىكىن، — دەپ قويىدى.
بىراق، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈپ تاغ ـ چوققىلار ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ، قارارگاھ ئىس ـ تۇتەك ئىچىدە قالدى. ئىككى كىگىز ئۆي پاختىدەك تىتىلىپ كەتتى. ھاۋادا پۇلاڭلاپ يۈرگەن كىگىز پارچىلىرى بىلەن ياغاچ كەرگىلەر ئارىسىدا ئادەملەرنىڭ ئۈزۈپ تاشلانغان پۇت ـ قوللىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. شۇ ئارىدا ساي تەرەپتىن ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر ئۆرەدەپ كېلىشكە باشلىدى.
«كېلىڭلار، لومودىلار» دەپ ۋارقىرىدى ھاجى كۆڭلەكچان پېتى بىر قورام تاش تۈۋىدە پىلىموتنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋېتىپ.
چېچىلىپ ياتقان قوي پادىسىغا ئوخشاش تاشلارنىڭ تۈۋىدىنمۇ ئوق يامغۇرلىرى يېغىشقا باشلىدى. بىردەملىك قاتتىق ئېتىشۋازلىقتىن كېيىن چېرىكلەر بىرمۇنچە جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ھاجىمۇ (ئېھتىمال زەمبىرەكلەردىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك) قارارگاھنى دەرھال جىلغا ئىچىگە كۆچۈرۈۋالدى. چېرىكلەر ئاسمان ـ پەلەك تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بۇ ئەگرى ـ بۈگرى تار جىلغىغا كىرىشكە پېتىنالمىدى. ھاجىمۇ جىلغىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەرەپلەردە ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلانماي، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندەك بولۇۋاتاتتى.
مانا شۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردە، يەنە كۈتمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

# باش ئەگمەس تاغلار

*بۇلبۇلدۇرمەن لېكىن گۇلاختۇر جايىم ،*
*كۆكتىم كۆل ئېرۇر ، چەمەنىمدۇر ئوت ،*
*مەنزىلىم قۇيۇندۇر ، ۋەتىنىمدۇر ئوت .*
*مەن بىلەن سودىدا ئۇنتۇما بۇنى ،*
*ماتايىم تۇتۇندۇر ، دۇكىنىمدۇر ئوت !*

— سەيىدا نەسەپىي[1]

## 1

بىر كۈنى سالى دورغا تۆت يىگىتى بىلەن ھاجىنىڭ قارارگاھىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . ئۇ ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى . داستىخان ئۈستىدىكى ئۈزۈن ـ قىسقا گەپلەردىن مەلۇم بولدىكى ، چېرىكلەر ئۇنىمۇ ھاجىغا ئوخشاش تاغ ئىچىگە قاپساپ قويۇپتۇ . ھېلىتىنلا ئاشلىق ۋە ئوق ـ دورىدىن قىسىلىشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يۇسۇپ تەيجى ئۇنى باغداشقا چاقىرىپ ، غەلىتە گەپلەرنى قىپتۇ ۋە ھاجىغىمۇ خەت ئەۋەتىپتۇ .

— مانا خەت ، — دېدى سالى دورغا يانچۇقىدىن بىر لېپاپ چىقىرىپ .

ھاجى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى . خەتنىڭ ئاساسىي قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى : «ئەھۋال ئېغىر ، ئۈزۈڭنى قالماي ، ئۇنچە ـ

---

[1] سەيىدا نەسەپىي — XVII ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدىن بىرى .

مارجان تاش ئىكەن، ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن، دەيدىغان كۇنلەرگە قالىدىغان ئوخشايمىز. باغداش تەرەپكە قېچىپ چىققانلارنىڭ خېلى كۆپى ئۆز ماكانلىرىغا قايتتى. باشقا تاغلاردىمۇ شۇنداق بولۇۋېتىپتۇمىش. ھەممىدىن يامان بولغىنى ئابدىنىياز مىراب ئەلنى تاشلاپ ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا يارىماس، دەپ، يولۋاس نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپ، قورايدا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالدى، قازاقلار باركۆل تاغلىرى ئارقىلىق ئالتاي تەرەپكە كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقۇدەك؛ بىزنىڭ ئەركە ـ نايناق شاھزادىمىز بەشىر بولسا، ئېشەك ئۆلۈۋاتسا بىرنېمىسى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك، كېچە ـ كۇندۇز كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بەند. سالى دورغىنىڭ ئېيتىشىچە، پالگانلارنىڭ قولىدا تۆت ـ بەش تالدىلا ئوق قاپتىمىش، سىزنىڭ پالگانلىرىڭىزدىمۇ ئەھۋال شۇنداقتۇر دەپ ئويلاپ قالدىم. مۇنداق ئەھۋالدا، نەچچە مىڭلىغان چېرىككە قانداقمۇ تاقابىل تۇرغىلى بولسۇن، سالى دورغا بىلەن ئىككىمىزلەر مىڭ تېپىرلىغان بىلەنمۇ بىر ئىش چىقىدىغاندەك ئەمەس. ھاسىلكالام، ئۆتكەنكە سالاۋات دېيىشكە رازى بولسا، چېرىكلەر بىلەن ياراشساقمىكىن دەيمەن. بۇنىڭدىن باشقا يول يوقتەك قىلىدۇ. بىچارە قۇمۇل خەلقىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسساۋاب.»

ھاجى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، زەردە بىلەن كىگىز ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. ئەمما، ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان توخنىياز زور بىلەن مىرۇل مەرگەنگە كۆزى چۈشكەچ: «بۇ لاۋزا گەپلەرنى سىلەرمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلار» دېدى ـ دە، خەتنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى.

توخنىياز زور بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بويىچە خەلىچە خېنىم توغرىسىدا ھاجىغا بىرئاز قاتتىق گەپ قىلىپ قويغاندىن بۇيان، ئەتراپتىكىلەر: «ئەمدى بۇ ئادەم ھاجىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالمىغىيدى» دېگەن ئەندىشىلەردە

بولغانىدى . بىراق ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھاجى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى چېغى ، پات ـ پاتلا يېنىغا چاقىرتىپ كېلىپ گەپكە سالىدىغان ، غىزا ـ تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيدىغان ، ھەتتا بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈنمۇ سالى دورغىلار كەلگەندە ، توخنىياز زور ھاجىنىڭ كىگىز ئۆيىدە ئىدى . ئۇ بايىقى خەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھاجىدىن گەپ كۈتۈپ تۇرمايلا :

— بۇ بوۋاي راستىنلا تۈز سالمىغان ئۇماچتەك لاۋزا گەپلەرنى قىپتىغۇ ! دەريا ـ ئاققان قانلىرىمىز بىكار كەتكۈدەكمۇ ؟ » دەپ غودۇڭشىپ قويدى . ھاجى سالى دورغىدىن :

— ئۆزلە نېمە دېدىلە ؟ — دەپ سورىدى .

سالى دورغا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى :

— مەن نېمە دەيتتىم ، چېرىكلەر بىلەن يارىشىدىغان خىياللىرى بولسا ، ئۆزلىرى يارىشىۋەرسىلە ، ئۆزلەگە ھېچ گەپ يوق . تەيجى بەگلىك مەنسىپى قوللىرىدىن كېتىۇر ناھايىتى . ئەمما ، مەندە جاڭ جىسا بىلەن بىرەر يۈز چېرىكنىڭ خۇنى بار ، مەن خۇننى تۆلەپ بولالمايمەن ، دېدىم .

— ھۇششەرە ، — دېدى ھاجى ھاياجانلىنىپ ، — ئوغۇل بالىدەك گەپ قىپتىلا . سوپى مەرگەن بۇ بەگ ـ غوجىلاردا ئىشەنچ يوق دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن ، ھېلىتىنلا بېلى بوشىشىپ كېتىپتۇ . يۈسۈپ تەيجىدەك ئادەمنىڭ قىلغان گېپىنى قارىمامدىغان ، ئۆتكەنكە سالاۋات قىلسا ئىمىش تېخى ، بۇلارنىڭ كاللا ھارۋىسىدا توشقان تۇتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ئۇ گوۋال . ئىشەنمىسە ئۇرۇمچىگە بېرىپ تۆمۈر ئاكامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ باقسا بوپتىكەن ، ئۇ قەبرىدىن ھېلىمۇ دەريا ـ دەريا ھەسرەت ـ نادامەت ياشلىرى ئېقىپ تۇرۇپتۇ .

ھاجىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ھەممەيلەننىڭ خىيالىنى تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىگە باشلاپ كەتتى چېغى ، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى .

— خوش ، هاجىم ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ — دېدى سالى دورغا تاقەتسىزلىنىپ . شۇ تاپتا ئۇنىڭ شالاڭ كەلگەن سېرىق ساقىلى تىترەپ ، كۆكۈچ كۆزلىرى غەزەپلەنگەن مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— يىگىت سۆزىدىن ، يولۋاس ئىزىدىن يانماس ، — دېدى هاجى ، — مەن بىر تامچە قېنىم قالغۇچە سوقۇشىمەن . دۇشمەنگە ئەل بولىدىغان خوجىنىياز تېخى ئانىسىنىڭ قارنىدىن يەرگە چۈشمىدى .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى سالى دورغا ، — ئەمما ئوق بىلەن ئاشلىقنى قانداق قىلىمىز ؟ بىز ئوق - دورىدىن بەك قىسىلىپ كەتتۇق .

— هازىرچە ، بارنى تەڭ كۆرىمىز ، — دېدى هاجى ، ئاندىن مىرزۇلغا قاراپ ، — پالگانلارغا ئېيت ، هەربىرى بەش تالدىن ئوق بەرسۇن . شۇنداقتا بىرنەچچە يۈز تال ئوق چىقىپ قالىدۇ . ئاڭغىچە ، ئەزرائىلمۇ ئوق خالتىسى ئېغىر چېرىكلەردىن بىر - ئىككى يۈزنى باشلاپ كېلۇر دەيمەن ، — دېدى .

توخنىياز زور گەپ قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ساقالغا يېپىشقان چۆپتە قورساق تويماپتۇ ، ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەۋزەل . ياخشىسى روزى ئۇستىنى ئىشقا سالايلى .

— قايسى روزى ئۇستا ؟ — قىزىقىپ سورىدى هاجى .

توخنىياز زور روزى ئۇستىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى . مەلۇم بولدىكى ، بۇ ئادەم مېهرىبانۇ چىڭۋاڭ زامانىسىدە كۇچادىن قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن مىسكەر هاشىم ئۇستىنىڭ ئوغلى ئىكەن . هاشىم ئۇستا «تۆمۈر خەلپە» يىغىلىقىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن شامەخسۇت تەرىپىدىن پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن نومغا پالانغان ۋە شۇ يەردە قازا تاپقان ، كېيىن روزى ئۇستا نومدىن ئاراتۈرۈككە قايتىپ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان . بىراق ، ئابدىنىياز مىرابنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغاچقا ، باي دېگەن

يەرگە كۆچۈپ كېتىپ ، بىرياقتىن ئۇۋچىلىق قىلسا ، بىرياقتىن قارا مىلتىقنىڭ ئوق ـ پىستانلىرىنى ياساپ سېتىپ شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان . كېيىنچە ، گاڭ مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرىنىمۇ ياسيالايدىغان بولغان .

— ئۇ دېگەن ئۇن قولــى ئـون گـۈل ئـادەم ، — دەپ داۋاملاشتۇردى توخنىياز زور ، — ئاززاق مىس بىلەن قورۇق پوگەت تېپىۋالسا بولدى ، پىستاننى ئۆزى ياساپ قوغۇشۇندىن ئوق قۇيۇپ بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ . سىم تانابىنىڭ سىمى بىلەن بەشئاتار ئوقىنى ياسىغاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم .

— سىم بىلەن مىسقۇ تېپىلۇر ، — دېدى ھاجى ، — نۇرغۇن ئوق ياساشقا مىلتىق دورىسىنى نەدىن تاپۇرمىز ؟

— ئابدىنىيازنىڭ ئۆيىدە چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان نەچچە تۇڭ مىلتىق دورىسى تۇرمامدۇ ! ماقۇل دېسىلە بۇگۈنلا روزى ئۇستىنىڭ قېشىغا ماڭىمەن . ئۇ مۇنداق ئىشلارغا جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئادەم .

ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ توخنىياز زورنى شۇ كۈنىلا يولغا سالدى .

## 2

ئەتىسى ، سالى دورغا ھاجى بەرگەن ئوقلارنى ئېلىپ يولغا چىقاي دەپ تۇرغاندا ، چارلىغۇچى يىگىتلەر ئۇرۇمچى تەرەپتىن كەلگەن ئۈچ ئاتلىقنى باشلاپ كەلدى . قارا مووۇت پەلتو بىلەن زىنغىر رەڭ قېلىن شىلەپە كىيىۋالغان ئاق يۈزلۈك كىشى ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا ، ھاجى ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى . بۇ مەخسۇت مۇھىتى ئىدى . ئۇنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز كېلىپ قالغانلىقى ھاجىنى ھەيران قالدۇردى . بۇ ئىككىيلەننىڭ قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەنگەن مەڭزلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىپ كۆرۈشۈشلىرى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنــى تېخــمۇ ھەيران

قالدۇردى . مەخسۇت مۇھىتى سالى دورغا دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قۇچاقلاشتى . ئۆز نۆۋىتىدە ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ھاجىغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۇرۇپ كۆرۈشتى . ئۇلارنىڭ بىرى كونا سوكنا پالشوپكا ، بېشىغا قۇلاقچا ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىۋالغان ئورۇقراق ، چاققان بىر يىگىت بولۇپ ، يەنە بىرى مەللە چەكمەن تون ئۇستىدىن بېلىنى مەھكەم باغلىۋالغان ئېگىز بويلۇق ، سېرىق ساقال ئادەم ئىدى . كېيىن ، مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى ئۇۋچى ھەببۇل دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئۆزىنى مۇشۇ كىشىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى سوقماق يوللار بىلەن تۇرپاندىن بۇ يەرگە ئۈچ كۈندىلا يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . ھېلىقى يىگىتنى بولسا يۇسۇپ ئەپەندى دەپ تونۇشتۇردى .

شۇ كۈنى ھاجىنىڭ مېھمانخانا قىلغان كىگىز ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە چىراغ ئۆچمىدى . مىرۇل مەرگەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھەمراھلىرىنى جەڭچى يىگىتلەرنىڭ قېشىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى مېھمان كۈتۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى . ياندىكى كىگىز ئۆيدە بولسا خەلچە خېنىم قازان - قومۇچ ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى .

بىرنەچچە سائەتلىك سۆھبەت داۋامىدا ، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئورۇمچى ، تۇرپان ۋە باشقا جايلارغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ قوزغىلاڭدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدلىرى ، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بەزى چەت ئەللەردىكى مەتبۇئاتلارنىڭ بۇ قوزغىلاڭغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى . ما جۇڭيىڭ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق گەپ باشلانغاندا ، ھاجى : «مانا بۇنى ئوقۇپ باقسىلا » دەپ يۇسۇپ تەيجىنىڭ ھېلىقى خېتىنى مەخسۇت مۇھىتىغا بەردى . مەخسۇت مۇھىتى خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپ مۇنداق دېدى :

— مەن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم . جىن شۇرېن ئورۇمچىدىن چوڭ قوشۇن ماڭدۇرغاندىن كېيىن ، تاھىربەگ باشلىق ھەممىمىز قاتتىق قايغۇردۇق . ئەمما ، يەنە بىر تەرەپتىن ،

قۇمۇل خەلقىنىڭ پولاتتەك قاتتىق ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە ، جۈملىدىن ما جۇڭيىڭغا ئىشەنگەنىدۇق . ما جۇڭيىڭغا ئىشىنىپ خاتا قىلغانىكەنمىز . ئەمدى بولغۇلۇق بولدى . ھەرقايسىلىرىنىڭ يۇسۇپ تەيجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغانلىقلىرىغا تەشەككۈر! ھەربىرلىرىدەك يولباشچىلارغا ئىگە قەھرىمان قۇمۇل خەلقى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ . لېكىن ، قۇمۇلدىكى دۈشمەنلەر كۈچ جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ھازىرقى ئەھۋالدا ، چەتنىڭ ياردىمى بولمىسا بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش تەس .

ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى .

— كىمدىن ياردەم سورايمىز؟ — دېدى ھاجى مەخسۇت مۇھىتىغا جىددىي قاراپ .

— ئەگەر بۇ ئىنقىلاب ئالتاي ، چۆچەك ، ئىلى تەرەپلەردە بولغان بولسا ، — دەپ ۋەزمىن سۆزلەشكە باشلىدى مەخسۇت مۇھىتى ، — شۇرالار ئىتتىپاقىدىن[1] ياردەم سورىساق بولاتتى . شۇرالار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى لېنىن دېگەن كىشى ھايات چېغىدا دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىمىز دېگەن ۋە بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان . شۇرالار ھۆكۈمىتى لېنىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ، بۇ شوئارغا بىر خىلدا ئەمەل قىلماقتا . ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك ، قۇمۇل شۇرالار ئىتتىپاقىغا چېگرىداش ئەمەس ، ياردەم كىرىدىغان يەر يوق . قۇمۇل تاشقى موڭغۇلغا چېگرىداش ، ئۇنداق بولغانىكەن ، بىز ياردەمنى تاشقى موڭغۇلدىن ئالساق بولىدۇ .

— تاشقى موڭغۇل ياردەم بېرىشنى خالامدۇ؟ — سورىدى سالى دورغا .

— ئەلۋەتتە خالايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، موڭغۇلمۇ لېنىننىڭ يولىنى تۇتقان . موڭغۇل خەلقىمۇ بۇرۇن بىزگە ئوخشاش كۆپ ئېزىلگەن خەلق . دەردىمىزنى دەردمەن بىلۇر ، ئاغرىقنىمۇ تارتقان دەپ ، ئۇلار بىزنىڭ دەردىمىزگە يېتىدۇ ، ئۇلارنى دوست

① شۇرالار ئىتتىپاقى — سوۋېت ئىتتىپاقىنى دېمەكچى .

تۇتساق بولىدۇ.

— بۇ دېگەنلىرى توغرا. موڭغۇللار دوستلۇققا يارايدىغان خەلق. مېنىڭ موڭغۇللاردىن جان دوستلىرىم بارلىقىنىمۇ بىلىدىلا، — دېدى ھاجى، — ئەمما تاشقى موڭغۇلغا كەلسەك، ئۇلارنى دىنغا قارشى دەپ ئاڭلىدىم. بىزنىڭ دىنىمىزغىمۇ شۇنداق قىلۇرمۇ؟

مەخسۇت مۇھىتى كۈلۈپ تاشلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇ باشقا گەپ. مېنىڭ بىلىشىمچە تاشقى موڭغۇلدا ئىنقىلاب بولغاندا، بەزىلەر دىنىنى قورال قىلىپ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى شۇنداقلارنى جازالىغان. بۇنىڭ بىزنىڭ دىنىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق. ئۇنى دېسىلە، بىز بىر دىن قېرىنداش دەپ ئىسلام بايرىقىنى كوزا - كوزاڭ قىلغان ما جۇڭيىڭدىن بىزگە نېمە ۋاپا كەلدى؟

— مەخسۇتباي توغرا گەپ قىلدى، — دېدى سالى دورغا، — ھېلىقى توقسۇن پۇگەنمۇ مۇسۇلمان ئەمەسمىدى؟ ئۇ بەتبەخت مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئۆزلىگە خەنجەر ئۇرماقچى بولدىغۇ؟ بۇنى ئۇنتۇپ قالدىلامۇ، ھاجىم؟

ما جۇڭيىڭ بىلەن توقسۇن پۇگەن توغرىسىدىكى بۇ ئاچچىق خاتىرىلەر ھاجىنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تۇز سەپكەندەك تۇيۇلدى چېغى، ئۇنىڭ سالاپەتلىك چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ، دۇگىلەك كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.

— راست، — دېدى ئۇ بىرئازدىن كېيىن خىجالەتچىلىك بىلەن يەرگە قاراپ، — دىن ۋە مىللەت دېگەن سۆزلەر ياخشى - يامانلىقنىڭ قاشقىسى بولالمايدىكەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، شۇنچە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بەزىدە... ئەستاغپۇرۇللا! خەير، بۇ گەپنى قويايلى، تاشقى موڭغۇلدىن ياردەم سورىساق، قايسى يول بىلەن سورايمىز؟

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، — دەپ كۈلدى مەخسۇت مۇھىتى، — بىز ئۇرۇمچىدە ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويغان.

ئۇزۇنغا قالماي تاشقى موڭغۇلدىن ئالدىلىرىغا ۋەكىل كېلىدۇ. ئۇلار ياردەم توغرىسىدا ھەرقايسىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. شۇ چاغدا «ياق» دەپ تۇرۇۋالمىسىلا جۇمۇ!

كىگىز ئۆينى يېنىك كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. ھاجى باياتىن بېرى «موڭغۇل» دېگەن سۆزنىڭ نەچچە قېتىم تەكرارلىنىشى بىلەن بورتالادىكى موڭغۇل دوستى ئېردىنباتنى ئېسىگە ئالدى بولغاي، كىگىز ئۆينىڭ كەرگىسىگە ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى موڭغۇل قامچىسىغا قاراپ جىم بولۇپ قالدى. مەخسۇت مۇھىتى چاقچاق قىلىپ: «بۇ قامچىنى ھەر كۆرگەندە، بىچارە بۆرتە ناچىنىمۇ يادىلىرىغا كېلىدىغاندۇ» دېدى.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئاندىن، تاشقى موڭغۇل ۋەكىللىرى كېلىشتىن بۇرۇن، ھەممە تاغلارنىڭ دورغىلىرىغا، جۈملىدىن بەشىر بىلەن يولۋاسقا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ھاجىنىڭ نامىدىن سۆھبەتكە چاقىرىق يېزىپ ئەۋەتىش قارارىغا كېلىشتى. چاقىرىقنىڭ كۆپىيىسىنى مەخسۇت مۇھىتى يېزىپ چىقتى. ئەتىسى بۇ كۆپىيە خەلىچە خېنىمنىڭ قولى بىلەن بىرقانچە نۇسخا كۆچۈرۈلۈپ، چاپارمەنلەر ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپلەرگە تارقىتىلدى. چۈشلۈك غىزا ۋاقتىدا، مەخسۇت مۇھىتى موڭغۇل خەلقى خۇددى قۇمۇل خەلقىگە ئوخشاشلا، فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىدە ئۇزۇن يىللار قاتتىق ئېزىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمگە ناھايىتى قارشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ:

— مۇبادا قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بولغىنىدەك، بەزىلەر يەنە قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئورنىغا كەلتۈرىمىز دەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىغان بولسا، تاشقى موڭغۇل بىزگە ياردەم بەرمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، مۇنداق گەپلەرگە ئەمدى يول قويمايمىز، — دېدى ھاجى جىددىي قىياپەتتە، — قۇمۇل خەلقى ۋاڭلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى. ئەمدى كىمدەكىم ۋاڭلىقنى تىكلەيمەن دېسە، ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بەگ-

غوجىلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز زالىم ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىدىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولغان، شۇنداق ئەمەسمۇ، دورغام!

— شۇنداق، — دېدى سالى دورغا، — ھېلىمۇ بۇ بەگ-غوجىلاردا ئىشەنچ يوق، بەشىر دېگەن ھاراقكەشنىڭ مەيلىچە بولسا تۆپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ۋاڭ بولۇۋالغۇسى بار. لېكىن، ھاجىم ئېيتقاندەك بىز بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز.

— شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىمۇ بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە مىلىتارىستلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقلىرى باشلىنىپ، ھاجىنىڭ ئورداباغدىكى تام ئۆيلىرى سۆھبەت ئورنى قىلىپ بەلگىلەندى. باغ ئىچىگە بىرنەچچە كىگىز ئۆيمۇ تىكىپ قويۇلدى.

## 3

سۆھبەتكە چاقىرىلغانلار يىغىلىپ بولغاندا، جامىسىن دورجى باشچىلىقىدىكى تاشقى موڭغۇل ۋەكىللىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى نېرىنكىرلىق سادىق قورمال باشلاپ كەلگەنىدى. ۋەكىللەرنىڭ ئارىسىدا بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن دوغىلاق، ئوتتۇرا ياش بىر قازاق كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەخسۇت مۇھىتى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى ھاجىغا: «مېنىڭ رۇسىيىدە تونۇشقان دوستۇم قاسىم ئەپەندى، ئۇ رۇسچە ۋە موڭغۇلچىنى ئوبدان بىلىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. دەرۋەقە شۇ سائەتتىن باشلاپ قاسىم ئەپەندى تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كىرىشتى. ئۇ ئۇيغۇرچىنىمۇ ئۆز ئانا تىلىدەك سۆزلەيتتى. مېھمانلار شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتلەر

ئاياغلىشىپ، ئەتىسى سۆھبەت باشلىناي دەپ قالغۇچىلىك، يولۋاسنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقى ساھىبخانىلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇراتتى.

— زادى ئۇ تازىنىڭ نىيىتى بۇزۇق.

— كەلمىسە كەلمىگەي، توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئېتىۋېرىدۇ.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئۇ ئەتىلا تىلى بىلەن تىكەن تېرىپ، يەنە بىر تاغار پىتنە چىقىرىشتىن يانمايدۇ.

— ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن دەپ، ئۇ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرگەن بولماسمۇ! ئۇنىڭ ھاجىغا قىلغانلىرى ئازمۇ؟

كىشىلەر ئارىسىدا ئەنە شۇنداق گەپلەر بولۇۋاتقاندا، يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ بىر قانچە ئايلار بۇرۇن ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا يولۋاسنىڭ شەخسىي ۋەكىلى بولۇپ ئەنشىگە بارغان ھېلىقى قاسىم پۇگەن دېگەن ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا بەش مۇھاپىزەتچىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يولۋاس تاۋى يوق بولۇپ كېلەلمەپتىمىش. يولۋاسنىڭ ئەنە شۇنداق باھانە بىلەن ئۆزى كەلمەي ئوغلىنى ئەۋەتكەنلىكىنى كۆپچىلىك كىشىلەر قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشىنەتتى.

سۆھبەت ئەنە شۇنداق شارائىتتا باشلاندى.

تاملىرىغا گۈللۈك زەدىۋال تۇتۇلۇپ، زىلچا - گىلەملەر سېلىنغان كەڭ ۋە يورۇق مېھمانخانىنىڭ تۆر تەرىپىگە تاشقى موڭغۇلدىن كەلگەنلەر، ئىككى قاسناقتا يەرلىكلەر جايلاشتى. ھاجى ساھىبخانا سۇپىتىدە پەستىرەك ئولتۇردى. ئوتتۇرىغا سېلىنغان داستىخاندا قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە ۋە چاي چىنىلىرىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

جامىسىن دورجى قېلىن قارا سوكنا پەشمەتنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئەگرى ساپلىق غاڭزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن شالاڭ بۇرۇتىنى تاراپ ئولتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى. ئۇ ئۆز ئادىتى

بويىچە ، ھەربىر جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «ئىھىم» دېگەن بىر تاۋۇشنى قوشۇپ سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ بويىغا يارىشا بوم ناغرىدەك بوغۇلداپ چىقاتتى . ئۇ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئىناق ۋە ئۆزئارا ھەمدەملىكتە ياشاپ ، بىرمۇنچە جەھەتلەردە تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ كەلگەنلىكىنى ؛ موڭغۇل خەلقىنىڭمۇ ئۆتمۈشتە قاتمۇقات جەبىر - زۇلۇملار ئاستىدا بارلىق ئىنساني ھوقۇقلاردىن مەھرۇم بولۇپ ، تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى ؛ كېيىن سۇخا باتۇر دېگەن كىشىنىڭ يولباشچىلىقىدا ئىنقىلاب قىلىپ ، ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى :

— موڭغۇل خەلقى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ، ھەق - ئادالەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن باشلىغان كۈرىشىنى قوللاشنى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىق بۇرچى دەپ ھېسابلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز سىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى . بىز شۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدۇق . بىزنىڭ شەرتىمىز ئۈچ : بىرىنچى ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزىسىلەر ؛ ئىككىنچى ، ۋاڭلىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش دېگەن گەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرىسىلەر ؛ ئۈچىنچى ، ھازىرقى بۆلۈنۈش ھالىتىنى تۈگىتىپ ، ھەممىڭلار ئىتتىپاق بولغان ھالدا ئاراڭلاردىن بىرىنى باشلىق سايلايسىلەر ۋە شۇ كىشىگە بەيئەت قىلىسىلەر ، بىز ياردەمنى شۇ كىشى ئارقىلىق بېرىمىز .

باياتىن بېرى ، خۇددى سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردەك جىم ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئارىسىدا غودۇر - غودۇر گەپ باشلىنىپ كەتتى . تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ياپما قاپاق بەشىر يوغان گەۋدىسىنى رۇسلاپ ، يېنىدىكى بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ چېكىملىكتىن قارىداپ كەتكەن چىرايى بوزىرىپ كېتىۋاتاتتى . بويىنىنىڭ قىسقىلىقىدىن

تۇلۇمچاشقانغا ئوخشىشىپ قالغان نىيازبەگ جامسىن دورجىغا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇلتۇراتتى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى سالى دورغا تەبەسسۇم ئارىلاش، — جامسىن دورجى دەل بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتتى. بىز بۇنىڭغا قوشۇلىمىز.

— دورغام، ئالدىرىمايراق گەپ قىلسىلا، — دېدى نىيازبەگ قاپىقىنى سىلىپ، — بىز گا سىلىنىڭغا يۆلەنمەي كېمگە يۆلەنگۈدەكمىز، قۇمۇلدىكى ئالتە توكتوك بىلەن نېمە ئىش پۈتىدۇ؟

— راست، راست، — دېيىشتى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن بىر - ئىككىسى. باشقىلار نىيازبەگكە قارشى چىقىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈستىدە تەرەپ - تەرەپتىن شىكايەت باشلىدى.

— ما جۇڭيىڭ كىم؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى جامسىن دورجى، ئاندىن ئۇنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سېلىۋاتقان قارا نىيەت مىلىتارىستلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش نىيىتىنىڭ ئەسلا يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى پەقەت ئۆزىنىڭ ياۋۇز نەپسى ئۈچۈنلا بولغانلىقىنى بىرمۇنچە دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، — ئەگەر ما جۇڭيىڭدىن ئالاقەڭلەرنى ئۈزمىسەڭلار، بىز ھازىرلا قايتىپ كېتىمىز، ياردەم توغرىسىدا گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن نىيازبەگ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى جىم بولۇپ قالدى.

باشلىق سايلاش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بەزىلەر بەشىرنى، بەزىلەر يولۋاسنى، بەزىلەر ھاجىنى كۆرسەتتى. تالاش - تارتىش كۈچىيىپ كەتتى.

ئاخىر جامسىن دورجى سۆزگە ئارىلىشىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كۆرەشچانلىقى ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقى بىلەن تارىختا بىرقانچە سۇلالىلەرنى ياراتقان خەلق. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ «ئۇيۇشقان»، «بىرلەشكەن» دېگەن بولىدىكەن. سىلەر ئۇلۇغ ئىشنى باشلىغانىدىڭلار، ئەمما ئىتتىپاقىڭلار ياخشى بولماي كەپتۇ. مانا هازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، بۇنداق قىلساڭلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيسىلەر. مەن سىلەرگە بىر مەسەل ئېيتىپ بېرەي: «بىر زامانلاردا، بىر ماكاندا ياشايدىغان ئىككى يىلان بوپتىكەن. بىرىنىڭ بېشى بىر، قۇيرۇقى مىڭ ئىكەن، يەنە بىرىنىڭ بېشى مىڭ، قۇيرۇقى بىر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككى يىلان تار بىر يولغا كىرىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن شامالدەك غۇيۇلداپ بىر كوڭكا كېلىپ قاپتۇ. هېلىقى بېشى بىر، قۇيرۇقى مىڭ يىلان دەرهال ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. هېلىقى بېشى مىڭ قۇيرۇقى بىر يىلاننىڭ بىر بېشى ئارقىغا يېنىشىنى، بىر بېشى ئالىغا مېڭىشىنى، يەنە بىر بېشى يانغا چەتلەشنى... ئىشقىلىپ هەربىر بېشى ئۆز گېپىنى قىلىپ، تالاش ـ تارتىش بىلەن بىر پىكىرگە كېلەلمەي تۇرغاندا، كوڭكا كېلىپ ئۇنى بىراقلا مىجىپ تاشلاپتۇ.» سىلەرمۇ ئىتتىپاقسىزلىق نەتىجىسىدە، شۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالمىساڭلار بولاتتى.

بۇ گەپ تەسىر قىلىپ، تالاش ـ تارتىش توختاپ قالدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن هازىرچە بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەخسۇت مۇهىتى بۇ ئەهۋالغا قاراپ: «بۈگۈن دەم ئالغاچ ئويدانىراق ئويلىنىپ، سۆهبەتنى ئەتە داۋاملاشتۇرۇش» تەكلىپىنى قويدى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. لېكىن، كۆپچىلىكنىڭ، جۈملىدىن تاشقى موڭغۇل ۋەكىللىرىنىڭ هاجىغا مايىل ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالدى.

تۈن پەردىسى ئالەمنى قاپلاپ، هەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، تاراتىغا ياندىش جايلاشقان قالغايتى دېگەن يۇرتنىڭ ئەڭ چەت مەهەللىسىدىكى بىر كىگىز ئۆيدە يولۋاس ئۆزىنىڭ ئوغلى

نىيازبەگنىڭ قېشىدىن كەلگەن قاسىم پوگەن بىلەن جىددىي پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر تۆۋەن ئىدىكى، ئىشىك تۈۋىدە مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى مۇھاپىزەتچىمۇ ئۇلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىيالمايتتى. بىر هازادىن كېيىن قاسىم پوگەن ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ، تۇياقلىرىغا بىرنەچچە قات كىگىز ئورالغان ئېتىغا مىنىپ، تاراتى تەرەپكە راۋان بولدى. كۈنچىقىش تەرەپ بېلىق باغرىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا، يولۋاس مۇھاپىزەتچىلەرگە ئۆزى مىنىدىغان ئات بىلەن يەنە بەش ئاتنى سايدا چاپتۇرۇپ، قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ كېلىشىنى بۇيرۇدى.

چاشگاھ ۋاقتى بىلەن يەنە سۆھبەت باشلىنىپ، تۈنۈگۈنكى مەسىلە، يەنى كىمنى باشلىق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەمدىلا گەپ بولۇۋاتقاندا، يولۋاس بەش مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلارغا مىنىپ، سۆھبەت بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە مەلۇماتچىلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆيگە كىرىپ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى مۇلايىم كۆرۈشۈپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئازراق تۇمۇداپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، دەسلەپ ئۆزى كەلمەي ئوغلىنى ئەۋەتكەنلىكىنى، كېيىن بۇ سۆھبەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئويلاپ، كېسەللىكىگە قارىماي كېچىلەپ يول يۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، خۇددى راست ئاغرىق كىشىدەك ئاستا ئىنجىقلاپمۇ قويدى. سۆھبەت قاتناشچىلىرى يىراقتىن ئۇنىڭ كېچىلەپ يول بېسىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنى بىر ئاز ئارام ئېلىۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە سۆھبەتنى چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزىدىغان بولۇشتى.

چۈشتىن كېيىن سۆھبەت باشلىنىش بىلەن مەخسۇت مۇھىتى سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

— بىز ئۇيغۇرلاردا ئەل ـ يۇرتقا سەردار بولغان ئادەمنى سەركىگە ئوخشىتىدىغان گەپ بار. بۇ ناھايىتى جايىدا بولغان ئوخشىتىش. سەركە لاياقەتلىك بولسا، پادا خەۋپ ـ

خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ . سەركە لاياقەتسىز بولسا ئۆزىنىمۇ ، پادىنىمۇ خەۋپ ـ خەتەردە قويىدۇ . سەركىنىڭ لاياقىتى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە باغلىق ، يەنى سەركىلىكىكە يارايدىغان مال سەركە بولالايدۇ . ئۆچكە ئادەتتە سەركىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ ، بۇ بىر . يەنە بىرى ، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، يىلقىنىڭ ھەربىر ئۇيۇرىدە بىر ئايغىر بولىدىكەن . ئايغىر ئۆز ئۇيۇرىنى يىرتقۇچلاردىن قوغدايدىكەن ، ھەتتا ئۆز ئۇيۇرى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدىكەن . مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ھەببۇل ئاكا يولدا كېلىۋېتىپ ، بىر بوز ئايغىرنىڭ يېرىم كېچىدە يىلقىغا تەگكەن بىر يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى . ئەل ـ يۇرتقا سەردار بولغان ئادەم ئەنە شۇ سەركىدەك يول باشلاشقا لاياقەتلىك بولۇشى ، قېرىنداشلىرى ئۇچۇن ئاشۇ ئايغىردەك ئۆز جېنىنى پىدا قىلالىشى لازىم . ئارىمىزدا مۇشۇنداق ئادەملەر بار ، گەپ ئۇنى تاللىۋېلىشتا قالدى . مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ .

مەخسۇت مۇھتىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ، — ئاغىنىلەر ، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي ، — دېدى يولۋاس قەددىنى رۇسلاپ . ھەممىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا بۇرۇلدى . مىرۇل مەرگەن ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان توختىياز زورنىڭ قۇلىقىغا : «ئىم ، بۇ تاز ئەمدى ئىشنى بۇزىدىغان بولدى» دەپ پىچىرلىدى . سالى دورغا ھاجىنىڭ كۆزىگە ئەندىشىلىك قاراپ قويدى . يولۋاسنىڭ مۇنداق ئالدىراپ سۆزلىمەكچى بولغانلىقىغا قاراپ ، مەخسۇت مۇھتىنىڭمۇ چىرايى ئۆزگىرىپ ، يوغان قوي كۆزلىرى ھاجىغا تىكىلدى . ئەپيۇن خۇمارىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بەشىر دەرھال سەگەكلىشىپ يولۋاسقا قارىدى . ھاجى بولسا خەۋپلىك بىر نەرسىگە دۇچ كەلگەن كىشىدەك يوغان مۇشتۇملىرىنى مەھكەم تۈگۈپ ئۇنىڭغا قادىلىپ ئولتۇراتتى .

يولۋاس ياپپاڭ يۇزىگە ئانچە يارىشىپ كەتمىگەن ساقىلىنى سىلاپ ، خۇددى خوجىسى ئالدىدا سۆزلەۋاتقان خىزمەتكاردەك

يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن، — ھىم، مەن ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلىمەن، — دېدى ـ دە، مەخسۇت مۇھەتتىغا قاراپ، — ئۆزلە ناھايىتى ئوبدان دېدىلە. مەخسۇت باي، ئۆزلە دېگەن سەركىدەك يول باشلىيالايدىغان، ئۆز ئۆيۈرى ئۈچۈن جېنىنى ئايىمىغۇدەك پىدا قىلالايدىغان ئادەم بىزنىڭ ئارىمىزدا بىرلا. بۇ كىم دېسىلە، قۇمۇلدىن چىققان رۇستەم پالۋان خوجىنىياز ھاجى بولىدۇ. مەن مۇشۇ كىشىنىڭ بىزگە سەردار بولۇشىغا قېتىلىمەن. ھازىردىن باشلاپ ھاجىغا بەيئەت قىلىمەن، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. بىر ـ ئىككى سېكۇنتتەك جىمجىتلىقتىن كېيىن، «ھۇششەرە»، «ئەجەب ئوبدان ئىش بولدى»، «ئاقىل كىشى شۇنداق بولىدۇ» دېگەن گەپلەر ياڭراپ كەتتى. پەقەت بەشىرلا يولۋاسقا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئولتۇراتتى. ھاجى بولسا خۇددى قىيىن بىر تېپىشماقنى تېپىۋاتقان كىشىدەك خىيالغا چۆكۈپ قالغانىدى.

— ئەمىسە، ھەممەيلەن شۇنىڭغا كېلىشتۇقمۇ؟ — سورىدى جامسىن دورجى كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ.

— كېلىشتۇق، كېلىشتۇق! — دېدى بەشىردىن باشقىلار.

— قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەردارى خوجىنىياز ھاجىغا مۇبارەك! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «مۇبارەك، مۇبارەك!» دېيىشتى. بەشىرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ قويدى. يولۋاس ھاجىغا يېقىن كېلىپ:

— ئات ئاتلاپ، تۆگە قوملاپ، يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىمىز، بارلىق يۇرت چوڭلىرىمىز يىغىلغان مۇشۇ سورۇندا، مەن ھاجىمدىن ئەپۇ سورايمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە، مەن گۇناھكار، — دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ باش ئەگدى. ھاجى سەل تۇرۇۋېلىپ:

— خەير، ئەلنىڭ بەختىنى دەپ باشلىغان ئۇلۇغ ئىشىمىز

ئۇچۇن ئۆتكەنگە سالاۋات ، ئاللا كېرىمنىڭ ئۆزىمۇ غۇپۇررەھىمـ
ـدۇر ، — دېدى . شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى بىر پەتنۇستا ئىككى پىيالە چاي ئەكەلدى . يولۋاس بىلەن ھاجى چاي تۇتۇشۇپ ئىچىشتى .

ئىككىنچى كۈنى ، تاشقى موگخۇل ۋەكىللىرى ئۆز يۇرتىغا ئالدىراش قايتتى . پەقەت قاسىم ئەپەندىلا قالدى . سادىق قورمال ۋە ھاجىنىڭ ئىنىسى باقىنىياز باشلىق بىرقانچە كىشى تاشقى موگخۇلدىن بېرىلىدىغان قورال - ياراغ ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى يۆتكەپ كېلىش ئۇچۇن ۋەكىللەر بىلەن تەڭلا يولغا چىقتى . يولۋاس باشلىق يۇرت چوڭلىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا ۋەدە ۋە قەسەملەر بېرىپ ئۆز ماكانلىرىغا خۇشال قايتىشتى . پەقەت بەشىرلا خاپا ئىدى . بولۇپمۇ ، بۇ سۆھبەتتە ۋاڭلىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنمىغانلىقى ئۇنى ناھايىتى خاپا قىلغانىدى .

مەخسۇت مۇھىتى ھاجى بىلەن يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، «ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە ئىشىم قالمىدى ، تۇرپاننى قوزغاشقا ئالدىرىشىم كېرەك» دەپ ، تاڭ سەھەردە ئۇۋچى ھەببۇل بىلەن يولغا چىقتى .

ھاجى قاسىم ئەپەندى ۋە سالى دورغىلا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كېلىپ توپلانغان يىگىتلەردىن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە «پىدائىيلار» دېگەن نام بىلەن بىر قوشۇن تەشكىللەپ چىقتى . ھاجى قوماندان ، سالى دورغا بىلەن سادىق قورمال ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ، قاسىم ئەپەندى سىياسىي رەھبەر ، يۇسۇپ ئەپەندى مەشقاۋۇل دەپ جاكارلاندى . قوشۇنغا ھەربىي شتات بويىچە بەنجاڭ (ئونبېشى) ، پەيجاڭ (ئوتتۇزبېشى) ، ليەنجاڭ (يۈزبېشى) لار تەيىنلەندى . توختىياز زور شۇ ليەنجاڭلارنىڭ بىرى ئىدى . مىرۇل مەرگەن ھاجىنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرى باشلىقى بولدى . روزى ئۇستا بىر ئۆينى دۇكان قىلىپ ، ئۈچ شاگىرتى بىلەن ئوق ياساشقا كىرىشىپ

كەتتى . بەنجاڭلارنىڭ بىرى ھوشۇر كانتۇ ئىدى .
— ئەمدىغۇ كانتۇلۇق قىلماسسەن ، — دېدى مىرۇل مەرگەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ .
— ئەمدى كانتۇلۇق قىلسام ، تۆت پۇتلۇق جانىگەرلەرنى ئەمەس ، ئىككى پۇتلۇق جانىگەرلەرنى كانتۇلايمەن ، — دېدى ھوشۇر كانتۇ كۈلۈمسىرەپ .
— نېمە ؟ ئەمدى سەن خەقنىڭ توخۇسىنى كانتۇلىماقچىمۇ ؟
— يوقسۇ ، يوغان - يوغان جاڭجۇڭلار بىلەن دوتەيلەرنى دەۋاتىمەن . شۇلارنى يوقاتساق ، ھەممە خاپىلىق تۈگىگۈدەك .
— خېلى ئادەم بولۇپ قاپسەن جومۇ ، بولمىسا ھاجى ئاكام ساڭا بۇ بەنجاڭلىقنى بەرمەيتتى ، — دەپ كۈلدى مىرۇل مەرگەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ .
بىر كۈنى يۈسۈپ ئەپەندى پىدائىيلارغا «گېرى دۈن»[①] ، «سولا دۈن»[②] ، «ئىلەرى ئارش»[③] دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تۈركچە كوماندا بېرىۋاتقاندا ، قاسىم ئەپەندى بۇنى كۆرۈپ ، «ئاپلاھۇ ئەكبەر ، بىز تازىمۇ كېچىكىپتىمىز . تۈركلەرنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە بىزدىن بۇرۇن كېلىپ بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى . بىراق ، كېيىن يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تۈرپانلىق ئىكەنلىكىنى ، تۈركچە كوماندا بېرىشنى ئۇرۇمچىدىكى بىر كىشىدىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۆزىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى .

## 4

بۇ يىل بەختكە يارىشا قىش كېچىكىپ كەلدى . ئادەتتە ئاللىقاچان قار ئاستىدا قېلىپ ، ئاق قۇنىڭ مەيىن پەيلىرىدەك پارقىراپ كېتىدىغان دالا - قىرلار تېخىچىلا زەپىراندەك سارغىيىپ

① «گېرى دۈن» — ئارقىغا بۇرۇل .
② «سولا دۈن» — سولغا بۇرۇل .
③ «ئىلەرى ئارش» — ئالغا مارش .

ياتاتتى . قىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ نەچچە قېتىم ئۇچۇپ كەلگەن قار چېچەكلىرىمۇ يەرگە قونار ـ قونمايلا ئېرىپ كېتىۋاتاتتى . ئېگىز قارلىق چوققىلارغا تۇتاشقان يانباغىرلاردىكى سىبان ـ ساناقسىز قارىغايلار بولسا ، هامان ـ هامان يېشىل ياز مەنزىرىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى . ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، تاشقى موڭغۇلدىن زور بىر كارۋان يېتىپ كەلدى . تۆگە كولدۇرمىلىرى- نىڭ بىر خىلدا جاراڭلاشلىرى ؛ ئويناق ئاتلارنىڭ مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ، شوخلۇق بىلەن تىنىگىن سىيرىپ كىشنەشلىرى ؛ ئۇششاق باللارنىڭ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ چۇرۇلداشلىرى ؛ ئىتلارنىڭ سوكۇلداپ يۈرۈپ قاۋاپ قويۇشلىرى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ، بۇ كارۋاننى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى .

بۇ قېتىم جامسىن دورجى بىلەن كەلگەنلەر ئارىسىدا ئۇزۇن كۆل رەڭ شىنىل كىيىپ ، بېلىدىكى كەڭ تاسما بەلبېغىغا تاپانچا ئېسىۋالغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ھەربىي كىشىمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ بەش بۇرجەكلىك قىزىل يۇلتۇز قادالغان سۇر قارىقول تۇمىقى ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان سېرىق چېكە چاچلىرى بىلەن كۆلۈپ تۇرىدىغان كۆك كۆزلىرى ھاجىغا بىر زامانلاردا يەكەن ئەتراپىدىكى ھەربىي لاگېردا بىللە تۇرغان ھېلىقى خوخۇل دوستى گرىگورىنى ئەسلەتتى . جامسىن دورجى بۇ كىشىنى ۋاسىلى ئىۋانوف دەپ تونۇشتۇردى ۋە ھەرقايسى تاغلاردىكى قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە دەرھال چاقىرىق ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى .

ئۈچىنچى كۈنى ، ھەربىي ياردەم ئەشيالىرىنى تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . جامسىن دورجى سوۋغات سۈپىتىدە ھاجىغا بىر دۇربۇن ، بىر تاپانچا ، بىر خورمارەڭ خۇرۇم پالشوپكا تەقدىم قىلدى . يولۋاس بىلەن بەشىرگىمۇ بىردىن تاپانچا ، بىردىن خۇرۇم پالشوپكا بەردى . ئاندىن بەش يۈز تال سوۋېت بەشئاتارى ، يۈز ئەللىك ساندۇق ئوق ، ئىككى تونىنا قوغۇشۇن ، بەش يۈز كىشىلىك

ھەربىي كىيىم ، بەش يۈز پار پۈتۈن باشلىق بولغارى ئۆتۈك ، بەش يۈز كىشىلىك يامغۇرلۇق چاپان قاتارلىق نەرسىلەرنى تىزىم بويىچە ئۆتكۈزۈپ بەردى . ھاجى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يولۋاسقا ئوتتۇز كىشىلىك كىيىم ـ كېچەك ، يېتەرلىك ئوقى بىلەن يىگىرمە تال مىلتىق ، بەشىرگە يىگىرمە كىشىلىك كىيىم ـ كېچەك ۋە يېتەرلىك ئوقى بىلەن ئون بەش تال مىلتىق بېرىپ ، قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلار قوشۇنىغا تارقىتىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . بۇ قوشۇن ھاجىنىڭ يىگىتلىرىنى ئاساس قىلىپ ، ھەرقايسى تاغلار (جۇملىدىن يولۋاس بىلەن بەشىرنىڭ تەۋەسىدىكى جايلار )دىن يىغىلغان يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا ، بۇ تەقسىمات توغرۇلۇق ئۇ يەردە باشقىچە گەپلەرمۇ بولمىدى .

ۋەكىللەر قار چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۆز يۇرتىغا قايتىۋېلىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ كۈنى ئۇلارنى ئۇزىتىش شەرىپىگە ھاجىنىڭ ئۆيىدە تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئاخشىمى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلدى . قاسىم ئەپەندى جامىسىن دورجى بىلەن ۋاسىلى ئىۋانوفنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ـ قوشاقلارنى ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى . يولۋاس «مىجەزىم يوق» دەپ مەشرەپكە كىرمىدى . بەشىر بولسا ، زىياپەتتىن كېيىنلا ئۆز ئادەملىرى بىلەن باغداشقا كەتكەنىدى . بىراق ، نەغمە ـ ناۋا قىزىپ ، خۇشاللىق كۈلكىلىرى ياڭراۋاتقان پەيتتە ، كۈتۈلمىگەن بىر پاجىئە يۈز بەردى .

بۇ مۇنداق ۋەقە ئىدى : ۋاسىلى ئىۋانوف قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي پۇرىقى ناھايىتى قويۇق بولغان مەشرەپنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىر ئورۇندا خېلى ئۇزۇنغىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ پۇتى ئاغرىپ كەتتى بولغاي ، بىر ئاز ھەرىكەتلىنىۋېلىش ئۈچۈن شىنىلىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى . ئۇنىڭ ياش مۇھاپىزەتچىسىمۇ بىللە ماڭدى . ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي باغ ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى .

ۋاسىلى ئىۋانوف مۇزدەك ساپ ھاۋانى چاڭقاقلىق بىلەن سۇمۇرۇپ، بۇ گۈزەل كىچىلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۆرۈك دەرەخلىرى ئارىسىدا چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، مەشرەپ بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قاتىرىغا ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. خۇددى غېجەك تارلىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ، نەغمە توختاپ قالغاندەك، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. ئۆگزىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ «گۈرس ـ گۈرس» قىلىپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. مىرۇل مەرگەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ: «ھاجى ئاكا، ھاجى ئاكا، يامان بولدى، مېھماننى ئېتىپ قويدى!» دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممەيلەن ئۆرتۆپە بولۇشۇپ پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى...

ھاجى بىلەن جامسىن دورجى باشلىق كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كەلگەندە ۋاسىلى ئىۋانوف ئۆرۈك تۈۋىدە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئە ھەممىنى شۇنداق ھودۇقتۇرۇپ تاشلىدىكى، ھاجىمۇ، جامسىن دورجى ۋە باشقىلارمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي، بىر ـ ئىككى سېكۇنتقىچە تاشتەك قېتىپ قالدى. دېمىسىمۇ، تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ۋەكىلى بولۇپ كەلگەن مۇھىم بىر ئەرباب دەل قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش شتابىدا، ھېچ كۈتۈلمىگەندە، نامەلۇم قاتىل تەرىپىدىن ئېتىلغان ئوق بىلەن يەرگە يانقۇزۇپ قويۇلسا، بۇ كىچىك ئىش بولامتى؟ قاتىل كىم؟ ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق مۇھىم ئەربابنىڭ جېنىنى قەستلەيدۇ؟ يەنە كېلىپ، تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللاپ، شۇنچە ماددىي ياردەملەرنى بېرىۋاتقاندا، بۇ ياردەم ۋە قوللاشلار بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ جېنىغا جان، تومۇرىغا قان قوشۇلۇۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، نېمىشقا بۇنداق رەزىل سۇيىقەست يۈز بېرىدۇ؟

ھاجى بىلەن جامسىن دورجى تەڭلا ھوشىغا كەلگەندەك، ۋاسىلى ئىۋانوفنىڭ ئۈزۈن گەۋدىسى قېشىغا تىزلاندى. ھاجى قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تۇتتى، جامسىن دورجى قۇلىقىنى ئۇنىڭ

كۆكسىگە ياقتى ، بەختكە يارىشا ، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى سوقۇپ تۇراتتى . «چاپسان بولۇڭلار ! ئۇ تېخى هاياتا !» دەپ ۋارقىرىدى جامسىن دورجى . ياش بىر موڭغۇل يىگىتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ، تېرە سومكىسىدىن داكا چىقاردى . قاسىم ئەپەندى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ، يارىنى تېڭىشقا باشلىدى . ۋاسىلى ئىۋانوف ئۇنىڭ كۆكرىكى بىلەن سول بىلىكىدىن يارىلانغانىدى .

— ئۇ لومودىنى نەدىن بولسا تاپ ، مىرۇل ! بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن !— دەپ ۋارقىرىدى هاجى . ئۇنىڭ ئورنىدا توختىنياز زور جاۋاب بېرىپ ، مىرۇل مەرگەننىڭ بىرقانچە يىگىتلەر بىلەن قاتىللىنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى . هاجى ئۇنىڭغا : «سەنمۇ بار !» دەپ بۇيرۇق بەردى . ئۆگزىنى ئاختۇرۇشقا چىققان يىگىتلەر ئاي يورۇقىدا پارقىراپ ياتقان ئىككى تال پوكەتنى تېپىپ چۈشتى . جامسىن دورجى بۇ پوكەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ ، قاتىلنىڭ قولىدىكى قورالنىڭ يەتتە ئاتار ناگان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى .

يارا ئوبدان تېڭىلىپ ، قان توختىغاندىن كېيىن ، ۋاسىلى ئىۋانوفنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ، خاس بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى . هېلىقى موڭغۇل يىگىت ئۇنىڭغا ئوكۇل بېرىش ۋە دورا ئىچۈرۈشكە كىرىشتى . جامسىن دورجى بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، بىر موڭغۇل يىگىتكە يەرلىكلەردىن ئىككى كىشىنى قوشۇپ دوختۇر ئەكېلىش ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلغا ماڭدۇردى . هاجى باشلىق كىشىلەر قاتىلنى تېپىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى .

## 5

تاراتى ئېغىزىنى ساقلاپ تۇرغان يىگىتلەرگە بۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئاللىقاچان خەۋەر بېرىلگەچكە ، ئۇلار چارلاشنى كۈچەيتىپ ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ئات سېلىپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هوشۇر كانتۇمۇ بار ئىدى . ۋاقىت يېرىم كېچىدىن

ئۆتۈپ، بايىقى پاجىئەنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولغان تولۇن ئايمۇ قارلىق تاغلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى. ھېرىپ كەتكەن ھوشۇر كانتۇمۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر تاشقا چىرماپ قويۇپ ئۆزى يەرگە سوزۇلۇپ يېتىۋالدى. دەل شۇ چاغدا، ئاياغ تەرەپتىكى قورايلىق ئىچىدە بىرنېمىنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغان چاغلاردا مەشىق قىلغان ھۇنىرى، يەنى قۇلىقىنىڭ سەزگۈرلۈكى بۇ قېتىم ئەسقاتتى بولغاي، شەپە كەلگەن يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. بۇگۈنكى كېچىلىك بەلگە (پارول) «قارچىغا» ئىدى. قارشى تەرەپتىن سادا چىقمىغاچ، مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى قايرىپ، يەنە، «كىم سەن؟» دەپ تەكرارلىدى. بۇ قېتىممۇ قارشى تەرەپتىن سادا چىقمىدى. ھوشۇر كانتۇ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئەتراپتىكى يىگىتلەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى ۋە ھوشۇر كانتۇنىڭ گېپى بويىچە ھېلىقى قورايلىقنى قورشىۋېلىپ، بىر باشتىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسىر چۈشكەن ئاقسۆلۈق موللاق بىلەن غۇلجىلىق ھېيتەممۇ بار ئىدى. موللاق بەش قەدەمچە نېرىدا دۈم ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ، «تۇر ئورنۇڭدىن، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن!» دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ تۇيۇقسىز ئوق چىقاردى. موللاق يىقىلدى. ھېيتەم قاتىلنىڭ قولىغا تېپىۋەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ناگان يەرگە چۈشتى. قالغانلار ئولىشىپ كېلىپ قاتىلنى تۇتۇپ باغلىدى. ھوشۇر كانتۇ بىلەن ھېيتەملەر موللاقنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئۇ مۇزلاپ كېتىۋاتقان قولىنى ھوشۇر كانتۇنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ، ئاران ـ ئاران مۇنۇ گەپلەرنى ئېيتالىدى:

— ھاجى ئاكا... مىغا ئېيتىپ... قويۇڭلار... ئاقسۇ... تەرەپلەرگە... بېرىپ قالسا، قارىتال... دېگەن يېزىدا... ئاتا... ئانام... بار. موللاخۇن بالاڭلار... ھەق يولىدا... شېھىت بولدى... دەپ قويسۇن... مەن... سىلەر بىلەن...

ئۇنىڭ دىمى ئۈزۈلۈپ كۆزى يۇمۇلدى. ھوشۇر كانتۇ ئۆزىنىڭ پوتىسىدىن بىر پارچە لاتىنى يىرتىپ، مەرھۇمنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ قويدى. يىگىتلەر قاتىلنى غەزەپ بىلەن سىلكىشتۈرۈپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا باشلىدى. قاتىل بولسا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتماي غال - غال تىترەپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇلار بۇ ناتونۇش قاتىلنى ھەيدەپ ھاجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. ئىككى يىگىت مەرھۇم موللاقىنىڭ جەستى يېنىدا قالدى.

جامسىن دورجى يىگىتلەر تاپشۇرغان ناگاننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ۋاسىلى ئىۋانوفقا تەگكەن ئىككى تال ئوقنىڭ دەل شۇ ناگاندىن ئېتىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بىراق، بۇ قاتىل سورالغان سوئاللارنىڭ ھېچبىرىگە، ھەتتا، ئىسمىڭ نېمە؟ دېگەن سوئالغىمۇ جاۋاب بەرمەي، بىر كۆزى بىلەن چەكچەيگەن پېتى قاراپ تۇراتتى. سول كۆزى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇمۇق ئىدى. كۆرۈنۈشىدىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ساقال - بۇرۇتىسىز، ياداڭغۇ يۈزىدىكى قويۇق قورۇقلار ئۇنىڭ بۇ چۆرگىلەپ تۇرىدىغان پەلەك چاقى ئاستىدا كۆپ جەبىر - جاپا چەككەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ھاجى يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپ، ئاغزىنى ئاچۇرالمىغاندىن كېيىن ئاچچىقىغا پايلىماي، ھېلىقى موڭغۇل قامچىسى بىلەن بىر - ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى. ئۇ شۇنداق بىر غەلىتە قىياپەتتە چىرقىراپ تاشلىدىكى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي تىلسىز - گاچا ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى. سالى دورغا ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشنى بۇيرۇدى. مىرزۇل مەرگەن ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئەستىرىگە تىكىۋالغان يېرىدىن ئىككى تىللا، بەش سەر كۈمۈش تەڭگە تېپىۋالدى. ئۇستىگە كونا.ياماق چاپان بىلەن تېرە شالۋۇر كىيىۋالغان بۇ ئادەمدىن ئالتۇن - كۈمۈش چىققانلىقى ھەممىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. لېكىن، مۇنداق گاچىدىن قانداق قىلىپ گەپ ئاڭلاش مۇمكىن؟ ھەممەيلەننىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، توخنىياز زور ئۆزى ئېلىپ بارغان چارلاشتىن نەتىجە چىقمىغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى ۋە ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ

گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ قالدى .
— بۇنى تونۇمسەن ؟ — ئالدىراش سورىدى ھاجى .
— تونۇمايچۇ ، بۇ ھېلىقى قورايلىق ياسىن گاچىغۇ ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ ؟— دېدى توختىياز زور ، ئاندىن بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك ، — ھە راست ، مەن بۇنى ئىككى كۈن بۇرۇن يولۋاس بەگنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا كۆرگەنىدىم ، — دېدى .
— نېمە ، يولۋاسنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا ؟ !
— ھەئە ، راست شۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرگەنىدىم . ئۇ گاختا بۇ گاچا چېرىكچە كىيىم كىيىۋاپتىكەن .
ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى . ھاجىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلەنگەن بۆركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك يالت ـ يۇلت قىلىپ كەتتى . «ماڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مىرۇل مەرگەنگە ، — ھازىرلا بېرىپ ئۇ قارا يۈزنى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ھەيدەپ كەل !»
مىرۇل مەرگەن بىر توپ يىگىتى بىلەن دەرھال ئاتلاندى . بىراق ، ئۇلار يولۋاس چۇشكۈن قىلغان ھويلىدىن ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق ، سايىسىنىمۇ تاپالماي قايتىپ كېلىشتى . دېمەك ، يولۋاس قېچىپتۇ . ھاجى ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تاغ يوللىرىنى تەخمىنلەپ ، ئون ـ ئوندىن ئوتتۇز يىگىتنى دەرھال ئۈچ تەرەپكە چاپتۇردى . بىراق ، ئۇلار ئەتىسى پېشىن ۋاقتىدا مەرھۇم موللاقىنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلۇۋاتقاندا ، قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنى يۆگۈرتۈپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن دېگۈدەك قۇرۇق قايتىپ كېلىشتى . موللاق يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھاجى مىرۇل مەرگەنلەرگە : «ھوي نان قېپىلار ، شۇنچە ئادەم بېرىپ قۇرۇق كېلىشكۈچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ !» دەپ كايىشقا باشلىغاندا ، قاسىم ئەپەندى مۇنداق دېدى :
— سەۋر قىلسىلا ، ھاجى ئاكا ، بولىدىغان ئىش بولدى . دېمىسىمۇ بۇنداق قاتمۇقات تاغلار ، ئىنسان قەدىمى يېتىپ باقمىغان خىلۋەت جىرالار ، سانجاق ـ سانجاق قېلىن قارىغايلار ئارىسىدا قانچە ـ قانچە يوشۇرۇن سوقماقلار بارلىقىنى كىم بىلىپ

بولالىسۇن ! شۇنداق سوقماقلار بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان قىرى تۈلكىنى كىممۇ تۇتالىسۇن ! پەقەت ئاسمان ـ پەلەكتە پەرۋاز قىلىپ ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ھەممىنى بايقىۋالالايدىغان قىران بۈركۈتلا بۇنداق ھىيلىگەر تۈلكىنى كۆرۈۋالالىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى ، يىگىتلەر ھەرقانچە جەسۇر ، ھەرقانچە غەيۇر بولسىمۇ، ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدىغان بۈركۈت ئەمەس .

— ھەرقانداق تادان تۈلكىنىڭمۇ كىرىدىغان ئىنى بار . يولۋاسنىڭ كىرىدىغان تۆشۈكى قوراي دېگەن يۇرت . مەن بۇگۈنلا ئۇنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بارىمەن ، — دېدى ھاجى ، ئاندىن مىرۇل مەرگەنگە : «يۈز ئاتلىق يىگىت ھازىر بولسۇن !» دەپ بۇيرۇق بەردى .

قاسىم ئەپەندى مىرۇل مەرگەننى توختىتىۋېلىپ مۇنداق دېدى :

— ھاجى ئاكا ، بۇنداق قىلساق ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈپ ئۆز ئېچىمىزدىكى بۆلۈنۈش تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ .

— ياق ، — دېدى ھاجى قاسىم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — بىھۇدە قان تۆكۈلمىسۇن دېسەك ، ئاگال بىھۇدە قان تۆككۈچىلەرنى قان دەرياسىغا پاتۇرۇۋېتىش لازىم . بۆلۈنۈش بولمىسۇن دېسەك ، يولۋاسقا ئوخشاش مۇناپىقلارنى يوقىتىش كېرەك . مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى گەپلەر يادىڭىزدىمۇ ؟ تۆمۈر ئاكام توختى سەيپۇڭنى ئۆز گاختىدا جەھەننەمگە ئەۋەتىۋەتكەن بولسا ، كېيىنكى دىشۋارچىلىقلار بولمايتتى ، ئېھتىمالىم . سىز مېنى توساڭ ! — ئاندىن ئۇ مىرۇل مەرگەنگە : «نېمە قاراپ تۇرىسەن ، چاققان ماڭ !» دېدى .

قاسىم ئەپەندى مىرۇل مەرگەننى يەنە توسۇۋالدى . جامسىن دورجى قاسىم ئەپەندىدىن نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدى . قاسىم ئەپەندى ئەھۋالنى چۈشەندۈردى .

— قاسىم ئەپەندى توغرا ئېيتىپتۇ ، ھاجىم ، — دېدى جامسىن دورجى ۋەزمىنلىك بىلەن ، — ئەگەر يولۋاسنىڭ ئۇستىگە



uygurkitap.com

باستوروپ بارسڭىز ، ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى بىلەن ئېيتقاندا ، دۇشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ تۇتقان بولىسىز ، بۇ پەيلىڭىزدىن يېنىڭ .

— ياق ، مەن ئىۋانوفنىڭ قىساسى ئۇچۇن ، ئۇ تازنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىپ ، سىلەرنىڭ ھۆكۈمىتىڭلارغا ئەۋەتىپ بېرىشىم لازىم .

— ۋاسىلى ئىۋانوفنىڭ ھايات قېلىشىدا ئۈمىد چوڭ . مەن ئۆز ھۆكۈمىتىمىز نامىدىن شۇنى جاكارلايمەنكى ، ئۇنىڭ ئۇچۇن قىساس ئېلىشقا قارىغاندا ، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش مۇھىم . بولمىسا ئىنقىلاب مەغلۇپ بولىدۇ ، — دېدى جامىسىن دورجى ، ئاندىن بۇ گەپلەرنى بىرمۇنچە شەرھلەپ ، ئۆزئارا قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى قاتتىق تەكىتلىدى .

ھاجى «ئەستاغپۇرۇللا !» دەپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇ بىردىنلا مىرۇل مەرگەنگە بۇرۇلۇپ : «روزى ئۇستىنى قىچقىرىپ كەل !» دەپ ۋارقىرىدىيۇ ، دەرھال بۇ پىكرىدىن يېنىپ : «توختا ، ھېلىقى گاچىنى ئاچىق !» دېدى ۋە جامىسىن دورجى باشلىق ھەممەيلەننى «يۇرۇشسىلە» دەپ روزى ئۇستىنىڭ دۇكىنى بار يەرگە باشلاپ ماڭدى . ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ۋە شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقىمۇ پېتىنالماي جىم مېڭىشتى . ئۇستىكارلىق دۇكىنىغا كېلىش بىلەن ھاجى ھېلىقى گاچىنىڭ يېنىدىن چىققان بەش سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن ئىككى تىللانى روزى ئۇستىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ : «بۇ بىرنېمىلەرنى ئېرىتىڭ !» دېدى . روزى ئۇستا سەل ئىككىلىنىپ سالى دورغىغا قارىدى . ھاجى : «نېمە قاراپ تۇرىسىز ، قولىقىڭىز پاڭمۇ ؟» دەپ ۋارقىرىدى . روزى ئۇستا ئۇن - تىنسىز ئىشقا چۈشتى . ئۇ تىللا - تەڭگىلەرنى بۇتا[1] بىلەن ئېرىتىپ بولغۇچە ، يىگىتلەر پۇت - قولى باغلاقلىق تۇرغان ياسىن گاچىنى ھاجىنىڭ بۇيرۇقى

---

[1] بۇتا — زەرگەر ۋە مىسكەرلەر مېتال ئېرىتىدىغان قاچا .

بىلەن يەرگە ياتقۇزۇپ، باش - ئايىغىدىن بېسىپ تۇردى. هاجى روزى ئۆستىنى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزىنى قىسقۇچ بىلەن كېرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى يەنە بىر قىسقۇچ بىلەن ئوچاقتىن بۇتنى ئېلىپ، ياسىن گاچىنىڭ يېنىغا كەلدى. جامسىن دورجى بىلەن سالى دورغا باشلىق ھەممەيلەن هاجىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ ئۇنى توسۇۋالماقچى بولدى. هاجى هېچكىمگە بوي بەرمەي: «نېرى تۇرۇڭلار، بۇ لومودى ئالتۇن - كۆمۈشكە تويسۇن، سېتىلما - خائىنلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن!» دېدى - دە، ئېرىتمىنى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزى بىلەن كۆزىگە قۇيماقچى بولدى. قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆزىنى توسۇۋالدى. تەتۈر قارىۋالغان روزى ئۆستىنىڭ قىسقۇچ تۇتقان قوللىرى دىر - دىر تىترەيتتى. ياسىن گاچىنى بېسىپ ئولتۇرغان ئىككى يىگىت تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. توختىنياز زور ئوقتەك كېلىپ، هاجىنىڭ قولىدىكى قىسقۇچنى يۇلۇۋالدى - دە: «خۇدادىن قورقسىلا، هاجىم! مېنى ئارىلاشتىڭ دەپ نېمە قىلسىلا مەيلىلىرى» دېدى. هاجى ئۇنىڭغا بىر هومىيىپ، «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەن پېتى ئۆز ئۆيى تەرەپكە جۆنىدى.

كىشىلەر هاجىنى يا ئەيىبلەش، يا ماختاشنى بىلمەي، غەلىتە بىر خىل سۈكۈنات ئىچىدە قالدى. ئەمما، توختىنياز زورغا ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇشاتتى. هاجىنىڭ ئۆزىمۇ خەلىچە خېنىمنىڭ ئۆيىدە تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان قۇياش شولىسىغا قاراپ ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. پەقەت گاهى - گاهىدا ئۇنىڭ لەۋلىرى قىمىرلاپ: «ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، مەن نېمە ئىش قىلماقچى بولدۇم - هە!» دېگەن غەمكىن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

شۇ ۋەقەدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن، تاشقى موڭغۇلدىن ئېگىز بويلۇق، سېرىق ساقال، كۆك كۆز بىر دوختۇرنىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ كىشىلىك داۋالاش گۇرۇپپىسى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋاسىلى ئىۋانوفنى داۋالاشقا قان بېرىش لازىملىقىنى ئېيتتى. مىرول

مەرگەن ، يۈسۈپ ئەپەندى قاتارلىق ئون نەچچە كىشى قان بەردى . ئۈچىنچى كۈنى ، تاشقى موڭغۇل ۋەكىللىرىنى ئۇزىتىش شەرىپىگە داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئۇلارغا قىممەتلىك سوۋغاتلار تەقدىم قىلىندى . جامىسىن دورجى ھاجىنىڭ تەلىپى بويىچە بىر تۇركۇم يىگىتنى ئوقۇتۇپ ، تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپ ئەپەندىمۇ بار ئىدى (بۇ كىشىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يۈسۈپ موڭغۇل دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇ بولسا كېرەك ) .

ۋەكىللەر ۋاسىلى ئىۋانوفنى جىرغىغا ياتقۇزۇپ يولغا چىقىدىغان چاغدا ، ھاجى يۈسۈپ ئەپەندى باشلىق يىگىتلەرگە قاراپ : «يولدا مېھمانلارنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىڭلار ، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ يۇرتىغا بارغاندا ئوبدان ئوقۇپ ، يارامل‍ىق ئادەم بولۇپ كېلىڭلار ، ماۋۇ تاغ ـ داللار يامغۇرغا قانداق تەشنا بولسا ، ئەل ـ يۇرتمۇ ئوقۇغان ـ بىلگەن يىگىتلەرگە شۇنداق تەشنا» دېدى .

## 6

بۇ يىلقى قىش كېچىكىپ كەلگەن بىلەن ، بىراقلا قەھر ـ غەزىپى تۇتۇپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى . قارا يەرلەر تۇرماق ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىمۇ شىرىندەك قېتىپ قالدى . «ئەييام ئاجۇز ئاتلىق كۈن ، قەھرى كەلسە قاتتىق كۈن» دېگەندەك ، جۇدۇن ـ شىۋىرغانىنىڭ جاھاننى بېشىغا كىيىپ ، كېچە ـ كۈندۈز دەھشەت بىلەن ھۇۋلاشلىرى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى . بۇ زىمىستان دەھشىتى ، بولۇپمۇ ئىسسىق گازارمىلارغا ئۆگىنىپ قالغان چېرىكلەرگە شۇنداق ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈردىكى ، ئۇلار ھۇجۇم قىلماق تۇگۇل تۇرغان ئورۇنلىرىدا توڭ تېزەكتەك قېتىپ قېلىشقا باشلىدى . ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاپ ، بوران ـ چاپقۇنغا

كۆنۈپ قالغان تاغ باتۇرلىرى بولسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغاش بىلەن، چېرىكلەرنىڭ غەربتە باركۆل، شەرقتە شوپۇل، ئوتتۇرىدا شارلار تېغى بويىچە قۇراشتۇرۇپ چىققان ئورغاق شەكىلدىكى مۇھاسىرە ھالقىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

نۇرغۇن چېرىكلەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بۇ مۇھاسىرە ھالقىسىنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقى ھەممىدىن تولىراق شىڭ شىسەيگە ئەلەم قىلدى. ئۇنىڭ پىلانىچە بولغاندا، مۇشۇ مۇھاسىرە سىزىقىغا تايىنىپ، پات ئارىدا پۈتۈن تاغ رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇرۇمچىگە زەپەر بىلەن قايتىشى ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان شانۇشۆھرەتكە ئېرىشىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بولۇپمۇ، ھېلىقى كۆزەينەكلىك قېرى پولكوۋنىكقا ئوخشاش رەقىبلىرىنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ، بەزى كىنايە گەپلەرنى قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىشى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەلەم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، بىر يەردە تىنچ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى ۋە ھەركۈنى دېگۈدەك شەھەر سېپىلى ئۈستىگە چىقىپ، شىمال تەرەپتىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىغا قارىغىنىچە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ تولكە جۇۋىسىغا ئورىلىۋېلىپ، ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاشۇ تاغلارغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى ـ دە، خۇددى مۇھىم بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، سېپىلدىن ئالدىراش چۈشۈپ، ياتىقىدىكى ئۈستەل ئالدىغا كەلدى ۋە قىلىن خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ، يوڭ قەلەمنى قولىغا ئالدى:

«25 ـ فېۋرال، دۈشەنبە، — دەپ باشلىدى ئۇ، — بۈگۈنمۇ بەزى كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن خېلىدىن بېرى، يەنى شىنجاڭ سىڭغا قەدەم قويغاندىن بۇيان

يېزىشقا باشلىغان بۇ خاتىرەمنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يازماقچىمەن . قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن ئوي ـ پىكىرلەر ھېچقاچان قەلەم تۇتقۇچىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس ، باشقىلار ئۇچۇن ، توغرىسى ، كېيىنكىلەر ئۇچۇن يېزىلىدۇ . خۇددى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ بىرنەچچە جىلدتىن تەركىب تاپقان «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»نى بىزگە يېزىپ قالدۇرغىنىغا ئوخشاش .

ئەتىگەندىن بېرى ، سىپىل ئۈستىدە تاغ تەرەپكە خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردۇم . شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇزدەك شامال يۈز ـ كۆزۈمگە نەشتەردەك سانجىلماقتا . ياق ، يۈز ـ كۆزۈمگە ئەمەس ، يۈرىكىمگە سانجىلماقتا ! ھەي ، جېنىمغا تۆرەلگەن سوغۇق شاماللار ، ھەي ، شۇ شاماللارنىڭ ئۇۋىسى بولغان بۇ لەنتى تاغلار كۆزۈمگە نېمىلەرچە كۆرۈنىدۇ ! تارىختا غەربىي دىيارنىڭ بۇ شەرقىي دەرۋازىسىغا تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆزىگە بۇ تاغلار نېمە كۆرۈنگەن بولغىيدى ، بۇ ماڭا نەمەلۇم . ئەمما ، بۇ كاساپەت تاغلار مېنىڭ كۆزۈمگە خۇددى سوزۇلۇپ ياتقان يوغان بىر ئاق ئەجدىھاغا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە . بۇ تاغلارنىڭ ئاسمان ـ پەلەككە تۇتاشقان ئاپئاق چوققىلىرى خۇددى شۇ ئەجدىھانىڭ مۈڭگۈزلىرىگە ئوخشىشىدۇ . قارايمەن ـ قارايمەن ، قارىغانسېرى يۈرىكىم ئەلەم ـ ھەسرەت بىلەن تولۇپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ . چۈنكى ، گېرمانىيىدە ياسالغان يېڭى تىپتىكى زامانىۋى قورااللار ، ھەتتا تۆمۈر كوڭكىلار بىلەن قوراللانغان ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قۇمۇل دىيارىغا قەدەم قويغىنىمغا بۈگۈن تۆت ئايدىن ئاشتى . ھەربىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا ، بۇ ئاز كۈچ ئەمەس ، ئاز ۋاقىت ئەمەس . بۇ كۈچ بىلەن تۆت ئاي ئىچىدە بۇ تاغلارنى تۈرماق، پۈتۈن تەڭرىتاغنى بويسۇندۇرۇپ بولۇش مۇمكىن ئىدى . ئەپسۇس ، ئەپسۇس ، بۇ تاغلارنى ھازىرغىچە باش ئەگدۈرەلمىدۇق . بۇنىڭ سىرى نېمە ؟ بۇ تاغلارنىڭ باش ئەگمەسلىكىدە زادى نېمە كارامەت بار ؟ ئادەتتە ئېگىلمەس ، قەيسەر ئادەملەر قاتتىق سۆڭەكلىكلەر دەپ

تەرىپلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرمۇ شۇنداق قاتتىق سۆڭەكلىكلەردىن ئوخشامدۇ؟ ياپونىيىدىكى چېغىمدا، تاكتىكا ئوقۇتقۇچىمىز قىلىچ ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان دۈشمەن يوق، گەپ شۇ قىلىچنى تۇتقان قولغا باغلىق، دەپ تەلىم بەرگەنىدى. بۇ سۆز رەھىمدىللىق قىلماسلىق كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز رەھىمدىللىق قىلىپ قويدۇقمۇيا؟ ياق، ياق! نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ۋاڭ ئوردىسىنى پۈتۈن بىر شەھەر بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇغىنىمىز، ھە دېگەندە دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇششاق نارەسىدىلىرىگىچە بىرنەچچە يۈز جاننى قىلىچتىن ئۆتكۈزگىنىمىز، تالان ـ تاراج بىلەن پۈتۈن بىر يۇرتنى خانىۋەيران قىلغانلىقىمىز رەھىمدىللىق بولامدۇ؟ تېخى يېقىندىلا ئەسىرگە چۈشكەن بەش ئوغرىنى سوراق قىلىۋېتىپ، ئاغزىنى ئاچتۇرالمىغاندىن كېيىن تىلىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ، كاللىسىنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئاسقىنىمىزمۇ رەھىمدىللىقمۇ؟ قىلىچ ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان دۈشمەن بولمىسا، بۇ تاغلىق ئوغرىلار نېمىشقا باش ئەگمەيدۇ؟ تاشقى موڭغۇلىنىڭ ياردىمى ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدىمۇيا؟ بىراق ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ ياردەمگە ئېرىشمەستىن ئىلگىرىمۇ، ئۇلارنىڭ بىزدىن بۇرۇنقىلارنى شۇنچە زور تالاپەتكە ئۇچراتقىنىنى نېمىدەپ چۈشىنىش لازىم؟ ئاڭلىشىمچە، سالى دورغا دېگەن ئوغرى ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۇلارنىڭ قولىدا بىر تالمۇ مىلتىق يوق ئىكەنمىش. مەن پەلسەپىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئۆگەنگەن. شەيئىلەر تەرەققىياتىدا ئىچكى ئامىل بىرىنچى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، تاشقى ئامىل ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا، ما جۇڭيىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يېتىم قالغان ئوغرىلار ئاللىقاچان باش ئەگكەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭ قاچقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. دېمەك، ئىچكى ئامىل ھامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.



uyghurkitap.com

بۇنى «ئىرادە قەتئىيلىكى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. خۇددى قەدىمكىلەرنىڭ «ئىرادىلىك كىشى چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش.

بىراق، «ئىرادە قەتئىيلىكى» مەندىمۇ بار ئەمەسمىدى! بۇ ئىسيانىي ئۇزۇل - كېسىل باستۇرۇپ، شانۇشۆھرەت قازىنىش بەدىلىگە شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىنى ئۆز قولۇمدا چۆرگىلىتىشكە ئىرادە باغلىغان ئەمەسمىدىم؟ مەنتىق بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلاردا بار ئىرادە قەتئىيلىكى مەندىمۇ بار دېگەن سۆز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئوغرىلارنى زادى نېمىشقا باش ئەگدۈرەلمىدىم؟ ئەي ئاسمان خۇداسى، مېنىڭ كۆڭلۈمنى يورۇق، پىكرىمنى ئوچۇق قىلىپ بۇ سىرنى ئېچىشقا مەدەت بەر! بۇ ياۋايىلارنى باش ئەگدۈرەلمىسەم، پۈتۈن پىلانىم بۇزۇلۇپ ئارزۇ - ئارمانلىرىم يوققا چىقىدۇ، رەقىبلىرىم مەندىن كۈلىدۇ.»

ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە يازغان يەنە بىر خاتىرىسى مۇنداق ئىدى: «بۈگۈن تەقدىرىمگە ئالاقىدار ئىككى مۇھىم خەۋەر ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، ئۇزۇندىن بېرى جاڭ پېيىۋەنگە گۇمان بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان جىن شۇرېن بۈگۈن ئۇنىڭ ئورنىغا چۆچەك ۋالىيسى لى خەيرۇنى قوماندان قىلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ ياخشى ئىش بولدى. جاڭ پېيىۋەن تەجرىبىلىك ھەربىي ئەرباب بولغان بىلەن، قۇمۇلغا كېلىپلا بىر تيەنجىنلىك قىزغا ئۆيلەندى - دە، قىش بويى ئۇنىڭ قوينىدىن چىقمىدى. ھەممىدىن يامىنى يا ئۆزى قوماندانلىقنى تۇزۇك قىلماي، يا ھوقۇقىنى ماڭا بەرمەي پۈت - قولۇمنى چۈشەپ قويغانىدى. لى خەيرۇ شتابقا كىرە - كىرمەيلا «ھازىردىن باشلاپ ئەمەلىي قوماندانلىقنى سىز قىلىسىز، مەن بولسام مۇلكىي ئادەم» دەپ راست گېپىنى ئېيتتى ۋە بايىراق پۈتۈن ئوفىتسېرلارنىڭ ئالدىدا جىن شۇرېننىڭ مېنى شتاب باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا بەلگىلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. ھەتتا مېنىڭ ياپونىيىدە مەخسۇس تەلىم ئالغان ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىمنى يۇزتۇرا ئېتىراپ

قىلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش بولدى. لى خەيرۇ ئەمدى قانداقلا قىلغان بىلەن مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقمايدۇ ۋە چىقالمايدۇ. ھەربىي ھوقۇق كىمنىڭ قولىغا ئۆتسە، ئىقبال يۇلتۇزى شۇنىڭغا باقىدۇ. تارىختىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كېلەچەكتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم خەۋەر شۇكى، تاغدىكى تىلچىمىزنىڭ گېپىگە قارىغاندا، خوجىنىياز ئۆزىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك رەقىبى يولۋاسنى خائىنلىقتا ئەيىبلەپ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن خۇپىيانە يول بىلەن تۇتقۇن قىلغان. ئەمما، يولۋاس ئۇنىڭ قولىدىن ئۇستىلىق بىلەن قۇتۇلۇپ كەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئۇلار ئەمدى خۇددى ئىت بىلەن مۈشۈكتەك ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىگە يېتىپتۇ. بۇ بىزنىڭ بەختىمىز، بولۇپمۇ مېنىڭ بەختىم. بىراق، ئىككى ئىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن. بىرى، يولۋاس گەنسۇغا بېرىپ ما جۇڭيىڭنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن. ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدىن گەنسۇغا قېچىپ بېرىپلا، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقانمىش. جياڭ جيېشى ئۆز رەقىبلىرىگە قارشى كۈرەشتە، ما جۇڭيىڭدىن پايدىلىنىش غەرىزىدە ئۇنى ئەتىۋارلاپ، دۆلەت ئارمىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈش كويىدا بولۇۋاتقۇدەك، ئۇنداق بولغاندا، ما جۇڭيىڭ مەركەز تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان رەسمىي ئارمىيە قوماندانى بولۇپ قالىدۇ ۋە قانۇنىي ھالدا ئۆز قوشۇنىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ ـ دە، بۇ بەڭباش، تەۋەككۈلچى مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ شىنجاڭغا يەنە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئىككىنچى ئىش شۇكى، باھار كېلىپ تەبىئىي شارائىت بىزگە ئوڭۇشلۇق بولغاندا، ھەربىي ئەسلىھە ۋە قوشۇنىنىڭ سانى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىز بىلەن خوجىنىيازنى ئالدىرىتىپ قويۇشىمىز تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا، خوجىنىيازمۇ ئۆزىنىڭ يامان كۆرىدىغان كىشىسى ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزگە قارشى بىرلىك سەپ تۈزۈپ

قالسا ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ . مۇشۇلارنى ئويلىسام كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ . قەدىمكى ۋە هازىرقــى زامان پەيلاسوپلىرى ئېيتقاندەك ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن غەم ـ قايغۇ قوشكېزەك ئىكەن . ئەمدىلا سۆيۈنۈپ تۇرغىنىمىزدا ، مېنى يەنە غەم باستى . بىراق ، ئىرادىلىك كىشى چوقۇم مەقسەتكە يېتىدۇ . مەن ئىرادەمدىن يانمايمەن . نېمە بولسا بولسۇن ، ئاۋۋال تاغدىكــى ئوغرىلارنى باش ئەگدۇرۇشۇم لازىم . ياپونىيىلىك ئوقۇتقۇچۇمنىڭ گېپى راست ، قىلىچ ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان دۈشمەن يوق !

ئاڭلىشىمچە ، خوجىنىيازنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتــى باتۇرلۇق ، قارام ـ قەيسەرلىك ۋە مەرگەنلىكتە پەۋقۇلئاددە ماھىر بولغانلىقى ئىمىش . مۇھىم جەڭلەرگە ئۆزى قاتنىشىپ ، جەڭنىڭ مۇھىم پەيتلىرىدە ئۆزى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەر ئىمىش . بۇ خۇسۇسىيەت ما جۇڭيىڭدىمۇ بار ئىدى . بىراق ، ئالتە مىڭ بەش يۈز ئەسكەر بىلەن كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ ، ما جۇڭيىڭدەك قەيسەر سەركەردىمۇ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى . هالبۇكى ، ئۇنىڭ قوشۇنى خوجىنىيازنىڭ تاغ ـ دالا ۋە يېزا ـ سەھرالىرىدىن توپلانغان ئادەملىرىگە قارىغاندا ، هەم كۆپ ، هەم مۇنتىزىم ئىدى . شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن زادى نېمىدىن ئەنسىرەيمەن ؟ ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى ، مەن ئۇچۇن خوجىنىيازنىڭ ئۆزى ئەمەس ، ئۇنىڭ : «مىللىي ئازادلىق ۋە تەڭلىك ـ ئادالەت ئۇچۇن كۈرەش !» دېگەن شوئارى بەك قورقۇنچلۇقتۇر . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ بۇ شوئارى مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى مۇمكىن . بۇ خۇددى مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىنىڭ ئۆزى غۇۋا كۆرۈنۈپ ، قولىدىكى مەشئەلنىڭ يورۇقى هەممە كىشىنــى ئۆزىگە جەلپ قىلغانغا ئوخشايدۇ . چۈنكى ، بىــرنەچچە يۈز يــــىلدىن بېرى ، شىنجاڭنى مانجۇ ۋە خەنزۇلار سوراپ كەلمەكتە . ئۇلار هاكىم مىللەت سۈپىتىدە هەممە هوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى . يەرلىك مىللەتلەر هېچقانداق هوقۇق ۋە باراۋەرلىككە ئىگە ئەمەس . بۇنى بىر تارىخىي تراگېدىيە دېيىشكە بولىدۇ . شۇنداق شارائىــتتا ،

خوجىنىيازنىڭ ئاشۇنداق شوئار بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئىسيان قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خوجىنىيازنى ئاشۇ شوئارى بىلەن بىللە تېزرەك يۇجۇقتۇرۇپ تاشلىشىم كېرەك. ئەمدىلىكتىكى گەپ يەنە شۇ ياپونىيىلىك ئۇستازىمىنىڭ ئېيتقىنىدەك، قىلىچنى قانداق تۇتۇشتا قالدى.

ئەي ئۇستاز، بۇ ئالەمدە بولسىڭىز، مەندىن خۇش خەۋەر كۈتۈڭ. ئۇ ئالەمگە كەتكەن بولسىڭىز، روھىڭىز ئەمىن بولسۇن. مەن سىزنىڭ شاگىرتىڭىز بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلىمەن.»

## 7

دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ يازغانلىرىغا بىنائەن يېڭى بىر تاكتىكىلىق پىلان تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلان بويىچە، بىرىنچىدىن، پۈتۈن چېرىكلەرنىڭ ئىچىدىن ئۈچ مىڭ نەچچە يۈزىنى تاللاپ، قورال ـ ياراغلىرىنى باشقىدىن خىللاپ، ئۇلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدى. بىر قىسمىنى شوپۇل تەرەپكە، يەنە بىر قىسمىنى باركۆل ئارقىلىق نېرىنكىرگە، ئۈچىنچى قىسمىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش شتابى جايلاشقان ئاراتى تەرەپكە تەقسىم قىلىپ، ئۆزى مۇشۇ قىسىمغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلماقچى بولدى. ئىككىنچىدىن، بىرنەچچە يۈز تۆگىنى ھەربىي تەمىنات كارۋىنى قىلىپ، ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق ئوزۇق ۋە ئوق ـ دورىنى بىللە ماڭدۇرماقچى ۋە ھەربىر قىسىمغا بىردىن سىمسىز رادىئو بەرمەكچى بولدى. ئۈچىنچىدىن، مەلۇم ساندىكى چېرىكنى شەھەردە زاپاس قالدۇرۇپ، ھارغان ـ چارچىغان ياكى ئۆلگەن ـ يارىلانغانلارنىڭ ئورنىغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سەپلەپ تۇرۇش ۋە لازىم تېپىلغاندا، قىسىم بويىچە شەھەرگە قايتىپ، بىرەر ھەپتە ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە جەڭگە ئاتلىنىشنى بەلگىلىدى.

قىش كېتىپ باھار كىرىش بىلەن تەڭلا، چېرىكلەر شۇ پىلان بويىچە ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۆزىنىڭ بارماي، بەشىر باغداشنى

تاشلاپ ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملىرى بىلەن نوم تەرەپكە قاچتى. يۈسۈپ تەيجىمۇ شۇ قاتاردا ئىدى. يولۋاس قورايدىن ئىچكەركى تاغلارغا چېكىنىپ بىر مەزگىل قارشىلىق كۆرسەتكەچ بىر تۈركۈم كىشى بىلەن ئەنشىگە، يەنى ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. قالغانلار بولسا ھاجى بىلەن سالى دورغا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا گاھ بۆلۈنۈپ، گاھ توپلىنىپ، گاھ قېچىپ، گاھ قوغلاپ دېگەندەك كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىر - بىرىگە زەنجىر كەبى چېتىلىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى چوقچىيىپ تۇرغان قاتمۇقات تاغلار، چۆچەكلەردىكى كۈھىقاپلارنىڭ دەرۋازىلىرىدەك سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان غارلار، يىلپىز ئۈۋىلىرىدەك يوشۇرۇن ئۆڭكۈرلەر، ئايغىر ئاتنىڭ يالىدەك قېلىن ئورمانلىقلار، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك قويۇق چاتقاللىق - توقايلىقلار، قوينىڭ ئۈچەيدەك تولغىماچ تار جىغىلار، گاھ ئىككى پۈتلۈق بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئېيىقتا، گاھ ئېتىلىشقا تەييارلىنىپ خىرىس قىلىپ ياتقان يولۋاسقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قورام تاشلار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن باشپاناھ، چېرىكلەر ئۈچۈن قەبرىگاھ ئىدى.

بەختكە قارشى، قىش كىرەر - كىرمەيلا ئۆتكەن يىلنىڭ ئەكسىچە، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان قەھرىتان سوغۇق باشلىنىپ كەتتى. قار شۇنداق قېلىن چۈشتىكى، بەزى يەرلەردە ئاتنىڭ قارنى قارغا تېگىپ قالاتتى. چېرىكلەر ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، مىلتىق تۇتقان كىشىلەر نەگە بارسا، شۇلار بىلەن بىللە كۆچۈپ يۈرگەن بالا - چاقىلار ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان ئايدالىلاردا گاھ سوغۇقتىن، گاھ ئاچلىقتىن قاتتىق قىينىلىشقا باشلىدى. قورسىقى توق، بويى پۈتۈن چېرىكلەر بولسا قوماندانلىق شتابىنىڭ مەخسۇس بۇيرۇقى بويىچە، ئاتايىن شۇنداق ئۇششاق بالىلار ۋە قېرى - چۈرىلەر كۆپرەك قىسىملارنى تاللاپ تۇرۇپ، خۇددى پادىغا تەگكەن بۆرىدەك شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. يىگىتلەر بىر ياقتىن بالا - چاقىلارنى

قوغداپ ، بىر ياقتىن دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى . ئۇلار بۇنداق چاغلاردا تاشلىغىلى بولمايدىغان يۈكنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ ، يىرتقۇچ بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقان بىر ئەپسانىۋى پالۋانغا ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلارنىڭ ئوق خالتىلىرى قۇرۇپ قېلىۋاتاتتى . ئوق ياسايدىغان روزى ئۇستا بولسا ئۆزىنىڭ ئەسۋاب ـ سايمانلىرى بىلەن بىللە زەمبىرەك ئوقىدا پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەنىدى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، سادىق قورمال تاشقى موڭغۇلدىن يەنە ياردەم سوراش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھاجى بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ ، سادىق قورمال بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنىسى باقىنىياز ۋە قاسىم ئەپەندى باشلىق كىشىلەرنى تۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ، يىگىرمە جۈپ باركۆل ئېتى ، بىرمۇنچە تۈلكە ، بۆرە ، سۈلەيسۈن تېرىلىرى ، بۇغا ـ بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق قىممەتلىك سوۋغاتلار بىلەن تاشقى موڭغۇلغا ماڭدۇردى . ئۇلار بىر ھەپتىگە قالماي ، باشلىرى ساڭگىلىغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى ياردەم بېرىشتىن باش تارتقانمىش ، سەۋەبى ، يولۋاس باشلىق كىشىلەر قۇمۇل خەلقى نامىدىن ما جۇڭيىڭنى قايتىدىن شىنجاڭغا تەكلىپ قىلغان ، ھازىر ما جۇڭيىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغانمىش ، ھازىردىن باشلاپلا ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم چېرىكى قۇمۇل تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇمىش . «سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بولمىسا كېرەك ، — دەپتۇ جامىسىن دورجى ، — ھازىر جياڭ جيېشى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى ئاتالمىش دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى دىۋىزىيىسىگە ئۆزگەرتىپ ، ئۇنى شۇ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يېقىندا ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالدى . ئەمدى شىنجاڭغىمۇ تاجاۋۇز قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ ، ما جۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئۆز جاسۇسلىرىنى

كىرگۈزۈپتۇ. مۇستاپا كامال تەرىپىدىن تۈركىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە بولۇپ، ئاخىر تېگىشلىك جازاسىنى تارتقان ئەنۋەر پاشانىڭ بەزى قاچقۇن ئوفىتسېرلىرى، مەسىلەن، كامال كازىم ھازىر ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىدا ئىكەن. دېمەك، ما جۇڭيىڭدەك ئەكسىيەتچى يەنە سىلەرنىڭ سېپىڭلارغا قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان شارائىتتا، ھازىرچە سىلەرگە ياردەم بەرگىلى بولمايدۇ.»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سورۇندىكىلەرنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— سىز گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ قاسىم ئەپەندىگە كايىشقا باشلىدى ھاجى، — ما جۇڭيىڭ دېگەن لومودى بىلەن مېنىڭ پىيىزىم پىشمايدىغانلىقىنى بىلەتتىڭىزغۇ.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن ۋە بىلگىنىم ئۈچۈن بىرمۇنچە ئىزاھاتلارنىمۇ بەردىم، — دېدى قاسىم ئەپەندى كىچىككىنە قايرىلما بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — بىراق مەسىلە بىز ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەس ئىكەن، ھاجى ئاكا. جامىسىن دورجى ئېيتقاندەك، ھەم جياڭ جيېشى بىلەن، ھەم چەت ئەل جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ما جۇڭيىڭ بۇ ئىنقىلابقا سۇقۇنۇپ كىرىۋاتسا، تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى بىزگە ياردەم بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتىگە دۈشمەن.

— ئۇلار دۈشمەن بولسا مېنىڭ نېمە كارىم؟ — دېدى ھاجى تېخىمۇ چېچىلىپ، — ياردەم بەرسە ماڭا بېرىدۇ، ما جۇڭيىڭغا بېرەمتى! ئۇنداق ئادەم باشتا ياردەم بېرىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىمىسا بولمامدۇ؟ بۇ قالماقلاردىنمۇ گوپا كەلمىگۈدەك.

— ئۇنداق دېگىلى بولماس، ھاجى ئاكا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاسىم ئەپەندى، ئاندىن ئەھۋالنى يەنە تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بولدى، بولدى، ئەپەندىم، — دېدى ھاجى قوپاللىق بىلەن

ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بەرمەسنىڭ ئىشى پۇشماس دەپ، باھانە دېگەن جىق نېمە. بىزگە ياردەم بەرسە بىكارغا بېرەمدۇ؟ يەنە ئالتۇن ـ كۈمۈش لازىم بولسا بۈگۈن بېرەلمىسەك ئەتە ـ ئۆگۈن بەرمەيمىزمۇ؟ ما جۇڭيىڭ دۈشمەن بولسا، موڭغۇل دېگەن يوغان ھۆكۈمەت، ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسسا بولمامدۇ؟

قاسىم ئەپەندى ئۇنداق قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەنى تاشقى موڭغۇل ما جۇڭيىڭغا قارشى شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزسە، خەلقئارا قانۇنغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ھاجى بۇ گەپلەرگىمۇ ئانچە پىسەنت قىلمىغاندەك، قاسىم ئەپەندىگە تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى.

— تاشقى موڭغۇل ياردەم بەرمىسە، ئۆزىمىزنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى سادىق قورمال مەيۈس قىياپەتتە.

— قانداق قىلۇرمىز دېگەنلىرى نېمىسى! — دېدى سالى دورغا شالاڭ كەلگەن سېرىق ساقىلىنى تىترىتىپ، — بىز باشتا ھېچكىمدىن بىر تال ئوق سورىمايمۇ ئىشنى باشلاۋەرگەن. ھېلىمۇ بۇ قالماقلار ياردەم بەرمىسە ئۆلۈپ قالماسمىز. كەچ قويغان خۇدا ئاچ قويماس.

— دورغام راست ئېيتتىلا، — دېدى ھاجى بىردىنلا جانلىنىپ، — بوپتۇ، ئاغىنىلەر، ئۇلار ياردەم بەرمىسە بەرمىسۇن. ياراتقان خۇدا بىزنى مۇشۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانلىرىمىزدىن، مۇشۇ تاغۇتاش، مۇشۇ دالا ـ قىرلاردىن ئايرىمىسىلا بولغىنى! يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ مەيدانغا چىقتۇقمۇ، بولدى، ئاخىرغىچە ئېلىشىپ كۆرىمىز. بىز يالغۇز ئەمەس. مەخسۇت باينىڭ گېپىگە قارىغاندا، تۇرپانلىق قېرىنداشلارمۇ جىم ياتماپتۇ.

ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ قاسىم ئەپەندىگە ئۇزاتتى ۋە، «قېنى ئوقۇڭ، ھەممەيلەن ئاڭلىسۇن»

دېدى . بۇ خەتلەرنىڭ بىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ، يەنە بىرى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خېتى بولۇپ ، بۇ خەتلەرنى ئىككى كۈن بۇرۇن ھېلىقى تۇرپانلىق ئۇۋچى ھەبىبۇل ئەكەلگەنىدى . مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خېتىدە قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قەھرىمانە كۈرەشلىرىدىن ئىلھاملىنىپ ، تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلىغانلىقى ؛ ئىلى ، ئالتاي تەرەپلەردىمۇ ھۆكۈمەتكە خەۋپ يېتىۋاتقانلىقى ؛ جىن شۇرېننىڭ قېشىدا ھېچقانچە چېرىك قالمىغانلىقتىن ، ئۈرۈمچىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈزۈنغا قالماي قۇمۇلدىن چېرىك يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى ؛ مۇشۇنداق پايدىلىق ئەھۋالدا ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىرنەچچە ئاي چىداشلىق بېرىدىغان بولسا ، غەلىبىنى چوقۇم كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان . شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خېتىدە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا يالقۇنلۇق سالام ۋە مەدھىيىلەردىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن : «بۈگۈنكى قۇمۇل تاغلىرى ، بۇ تاغلاردا تىنز بىلەن تەڭ قار كېچىپ ، دۈشمەن ئوقىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ئارسلاندەك كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوغلانلىرى شىنجاڭدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئۈمىد مەشئىلى بولۇپ قالدى . ئىلاھىم بۇ مەشئەل تېخىمۇ يورۇغاي ، ئۇنىڭ يالقۇنى بىلەن ئازادلىق تاڭلىرى ئېتىپ ، باراۋەرلىك ـ ئەركىنلىك باھارى باشلانغاي ، بىزنىڭ كۆزىمىز سىلەردە ، قەلبىمىز سىلەردە ! قانىتىم بولسا شۇ تاغلار تامان ئۇچۇپ بارسام ، شۇ باتۇر ئوغلانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ لاچىندەك پەرۋاز قىلسام ، ھېچبولمىسا باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭ تۇلپارىغا قارايدىغان ئات باقارى بولسام كاشكى ! ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى ، ئۇيقۇلۇق ئىدىقۇتمۇ ئويغانماقتا . ئويغانماقتىلا ئەمەس ، كۆزىنى ئېچىپ ئالەمگە بېقىپ قولىدىكى كويزا ، پۇتىدىكى كىشەننى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن سىلكىنمەكتە . قوزغىلىشقا ئىنتىلمەكتە . يېقىن ئارىدا قۇمۇل تاغلىرىدىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ جەڭ سادالىرى

ياڭرايدۇ .

جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى ، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت ،
ئۆلمىسەم غازى ، ئەگەر ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب .
كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك ،
ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇرماق ، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب .

دەپ ئۆزۈمنى شۇ جەڭگە ئاللىقاچان ئاتاپ قويغانمەن . ئىلاھىم ، پات ئارىدا دىدار كۆرۈشۈپ ، بىرلىكتە جەڭ قىلىشنى نېسىپ قىلغاي ، ئامىن ! »

— ھۇششەرە ، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى سالى دورغا ھاياجىنىنى باسالماي ، — تۇرپانلىق قېرىنداشلارغا بارىكاللا ، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىپتۇ ! ئىش ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەكلا بولسا نۇسرەت چوقۇم بىزنىڭ بولغۇدەك . قېنى ، ھاجىم ، گەپ قىلسىلا ، پەرمانلىرىنى بەرسىلە ، بىز قانداق قىلساق بولۇر ؟

ھاجى ھەممىگە بىرقۇر قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى :

— ئەمدى ئىش شۇ يەرگە يەتتى . پىدائىيلارغا گەپنىڭ راستىنى قىلايلى . ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلار مىلتىقنى قويۇپ ئۆز يولىغا كەتسۇن ، ئۇلارنى زورلىمايمەن . بىز بىر يەرگە توپلىشىۋالماي تارقىلايلى ، توپلىشىۋالغان جەرەنگە ئوق ئاسان تېگىدۇ . سالى دورغا كۇنچىقىشتا ، سادىق قورمال نېرىنكىر بىلەن ئاراتۇرۇكتە تۇرغاي ، مەن مۇشۇ تەرەپلەردە تۇراي . شۇنداق قىلساق ، دۈشمەننىڭ كۈچىمۇ چېچىلىدۇ . بالا - چاقىلارنىمۇ ئوقتىن ساقلىغىلى بولىدۇ . مېنىڭ گېپىم شۇ .

بۇنىڭغا ھەممەيلەن قوشۇلدى . ھاجى شۇ كۈنى ئاخشىمى يوغان گۈلخان ئەتراپىغا توپلانغان پىدائىيلارغىمۇ شۇ مەزمۇندا سۆز قىلدى . ئۇنىڭ قوپالراق كەلگەن بوم ئاۋازى ئۆرۈك ۋە قارىغاي ئوتتۇننىڭ يالقۇنىدا چىرايلىرى چوغدەك قىزىرىپ ، كۆزلىرى چولپاندەك پارقىراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ باشلىرىدىن ھالقىپ

ئۆتۈپ ، ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بىر پۈتۈن جىلغىدا ياڭراۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى . ئۇنىڭ : «ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغا رۇخسەت ، مىلتىقنى قويۇپ ئۆز يولىغا كەتسۇن !» دېگەن گېپىگە جاۋابەن تەرەپ - تەرەپتىن : «ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى !» «قاچان بولسا بىر ئۆلۈم !» «بىزنى ئاپىمىز ئوغۇل دەپ تۇغقان !» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار گۈلدۈرمامىدەك گۈرۈلدەپ ، ھاۋادا پۇلاڭلىغان مىلتىق - قىلىچلار چاقماقتەك چاقناپ كەتتى .

شادا پاچاق ھوشۇر كانتۇ چېرىكلەردىن غەنىيمەت ئالغان يۇزى كەڭ ، ئۆزى قىسقا قىلىچىنى پۇلاڭلىتىۋاتقاندا ، مىرۇل مەرگەن ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ :

— بويۇڭ چەنزىدەك ئۇزۇن بولغان بىلەن قىلىچىڭ پاتمىخوتۇنىڭ قىڭرىقىدەك قىسقا ئىكەن ، — دەپ چاقچاق قىلدى .

— قىلىچىم قىسقا بولغان بىلەن قولۇم ئۇزۇن ، ئۇ كۈنكى جەڭدە ئۆزلەنى تېگىگە بېسىۋالغان ھېلىقى پىلدەك يوغان چېرىكنىڭ بوينىنى ئۈزگەن قىلىچ مۇشۇ ، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى ھوشۇر كانتۇ .

توخنىياز زور گەپكە ئارىلاشتى :

— سەنزە خېلى ئادەم بولۇپ قالدىڭ جۇمۇ . ئەمدىغۇ كانتۇلۇق قىلماسسەن ؟

— ئەمدى كانتۇلۇق قىلسام ، شېڭ زىخۇينى[1] كانتۇلاپ كېلىمەن ، — دەپ يەنە كۈلۈپ قويدى ئۇ .

ئۇنىڭ شېڭ زىخۇي دېگىنى شېڭ شىسەي ئىدى . شېڭ شىسەي بولسا قوزغىلاڭچىلارنى ئىز قوغلاپ يوقىتىش پىلانى بويىچە بىرنەچچە ئايدىن بېرى ، خۇددى بىر چوڭ پادىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالغان ، ئەمما چۈپانلارنىڭ تايىقىدىن قورقۇپ ، بىراقلا تېگىش قىلالماي يۈرگەن ئاچ بۆرىگە ئوخشاش سوكۇلداپ يۈرەتتى . ھاجىنىڭ ھېلىقى تەشەببۇسى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرقانچە

---

[1] زىخۇي — قوماندان .

قىسىملارغا بۆلۈنۈپ ، تارقاق تۇرماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭغا ياغدەك يېقىشى مۇمكىن ئىدى . سالى دورغا سەل كېچىكىپ بولسىمۇ بۇنى ھېس قىلىپ ھاجىغا ئۆز پىكرىنى ئېيتتى . ھاجى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى . ئەكسىچە ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن خۇشلاشماقچى بولغاندەك : «ئۆزلەنى خۇدايىمغا ئامانەت ، پات ـ پات چاپارمەن ئەۋەتىپ تۇرسىلا» دېدى . سالى دورغا مەيۈس قىياپەتتە : «خەير ، نەدە بولساق ئامان بولايلى» دەپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ھاجى مۇنداق دېدى :

— سوپى مەرگەننى مېنىڭ يېنىمدا قالسىلا دېسەم ، ئاينىساخان قىزىمدىن ئايرىلالمايمەن ، ئۇنىڭغا ئېجىل بولۇپ قاپتىمەن ، ئۇنى ھەر كۆرسەم ، رەھمەتلىك مەڭلىك بالام تىرىلىپ كەلگەندەك بولۇپ قالىدۇ ، دەپ ئۇنىمىدى . ئۇنى بىرىنچىدىن خۇداغا ، ئاندىن قالسا ئۆزلەگە تاپشۇردۇم . ئۇ گوۋالنى يانلىرىدىن ئايرىمىسىلا ، ھە ئېيتماقچى ، يەنە بىر گەپ ، قىز بالا دېگەن خام گۆشكە ئوخشاش نېمە ، يېغىلىق يىللىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . بېشىنى ۋاقتىدا ئوڭلاپ قويغانلىرى ياخشى .

— رەھمەت ، ھاجىم ، كۆڭۈللىرىدىكىنى ئۇقتۇم . مېنىڭ غېمىممۇ شۇ ، — دېدى سالى دورغا كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — رەھمەتلىك مەڭلىك نىياز ئوبدان ئوغۇل ئىدى . مەندىن سەۋەنلىك ئۆتۈپ كەتتى . خۇدانىڭ ئۆزى گۇناھىمدىن ئۆتەر . ھېلى بولسىمۇ كېچىكتۇرمەي…

سالى دورغا گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ ئۆز ئېلى بىلەن شەرق تەرەپكە كۆچۈپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جىن شۇرېن شىڭ شىسەي بىلەن لى خەيرۇغا : «خوجىنىيازنى يوقاتساڭلار قۇمۇل تەۋەسىدە غەنىيمەت ئېلىنغان پۈتۈن بايلىق سىلەرنىڭ تەسەررۇپىڭلاردا بولسۇن» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتتى . «قۇمۇل تەۋەسىدە غەنىيمەت ئېلىنغان پۈتۈن بايلىق» ، بۇ ئاز گەپ ئەمەس ئىدى . نەچچە يۈز يىلدىن بېرى يۈز مىڭلىغان

ئەمگەكچىلەرنىڭ پېشانە تەرلىرى بىلەن كۆز ياشلىرى بەدىلىگە جۇغلانغان ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خەزىنىسى، يەنى گۇزەللەرنىڭ چىشىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان بەدەخشان ياقۇتلىرى، باققالنىڭ دۇكىنىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان قوغۇن - تاۋۇزدەك دۆۋە - دۆۋە يامبۇلار، خۇمداندىكى خىشقا ئوخشاش تىزىپ قويۇلغان كىسەك ئالتۇنلار، يانجىپ قويۇلغان كۆممىقوناق دانلىرىدەك دۆۋىلىنىپ ياتقان كېپەك ئالتۇنلار، ئىستانوكتىن قۇيۇلۇپ چىققان تۇگمىگە ئوخشاش دۆۋە - دۆۋە تىللالار، سۆكسۆك ئوتۇندەك قىرلاپ قويۇلغان بۇغا - بۆكەن مۇڭگۈزلىرى، قاتار - قاتار ئېسىپ قويۇلغان تۈلكە، بۆرە، سۇلەيسۇن تېرىلىرى تالان - تاراج قىلىنىپ، هارۋا - هارۋىلاردا ئۇرۇمچىگە ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، بۇ خەزىنىنىڭ خېلى بىر قىسمى قۇمۇل يامۇلىدا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغلاردا نەچچە يۈز مىڭلىغان قوي، نەچچە ئون مىڭلىغان يىلقا، كالا، تۆگە ئوتلىماقتا. مانا ئەمدى شۇ بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى، هېچبولمىغاندا، يېرىمى شىڭ شىسەينىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتىدۇ ياكى ئۆتتى. بۇنىڭ هەممىسى خوجىنىياز باشلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ خۇنى ئۈچۈن تۆلەنگەن هەق ئىدى. دۇنيادا مۇنداق ئامەتلىك جاللاتلارمۇ بولىدىكەن! ئۇنى ئاز دەپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، دوملانغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان قار توپىغا ئوخشاش كۈنسايىن زورىيىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار توپىنىڭ بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى شىڭ شىسەي ئۈچۈن ئامەت ئۈستىگە ئامەت بولدى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەن بۇ قوش ئامەتتىن قاتتىق سۆيۈنگەن هالدا، پۈتۈن كۈچىنى هەممىدىن خەتەرلىك بولغان خوجىنىياز هاجىنىڭ قىسمىغا قاراتتى ۋە ئاخىر ئۇنى پۈتۆتى دىگەن تاغنىڭ قاپتىلىدىكى تۆيۈق جىلغىغا قاپساپ قويدى. پۈتۆتى جىلغىسى ئۆز نامىغا لايىق ئالدى تەرىپى ئاسمان - پەلەك قارلىق تاغ، ئىككى قاسنىقى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشالغان پۈتەي جىلغا بولغاچقا،

ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شېڭ شىسەي ئېگىز چوققىدا دۇربۇن بىلەن بۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆزەتكەچ ، جىلغىنى تىنىماي توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغان جىلغىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چېدىرغا قايتىپ كىرىپ ، تۆۋەندىكى قۇرلارنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ قويدى :

«بۈگۈن خوجىنىياز بىلەن ئون يەتتىنچى قېتىم ئۇرۇشۇۋاتىمەن . بىرنەچچە ئايغا سوزۇلغان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاخىر بۇ يىرتقۇچ يىلپىزنى خالتا كوچىغا سولىۋالدىم . قانتى بولسىمۇ بۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ . ئۇنىڭ پەيمانى ئەمدى توشقان ئوخشايدۇ . ئۇ ئەمدى زەمبىرەك ئوقلىرىدا كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ، جۇدۇن - چاپقۇن سوقۇپ تۇرغان بۇ ئەجەل جىلغىسىدا پۈتۈن قوۋمى بىلەن مۇزلاپ ئۆلىدۇ يا بولمىسا قول كۆتۈرۈپ ئەل بولىدۇ . ئەي ئاسمان خۇداسى ، ئەمدى بەس ! خوجىنىياز بىلەن ئون سەككىزىنچى قېتىم ئۇچراشقىنىمدا ، يا ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ، يا شۇ باشنىڭ ئالدىمدا ئېگىلىپ تۇرغىنىنى كۆرەي ، چۈنكى بۇ ئۇرۇش يەنە سوزۇلسا ، قالغان چېرىكلىرىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن .»

شېڭ شىسەينىڭ دۇئاسى ناھايىتى تېز ئىجابەت بولدى ، ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ چاشگاھ ۋاقتىدا ، ھاجىنىڭ قارارگاھى تەرەپتىن ئاق بايراق كۆتۈرگەن ئاتلىقلار كۆرۈندى . شېڭ شىسەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىر دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قاراشقا باشلىدى . ئۇ ئۆز قىياسىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان بولسا كېرەك ، قويۇق بۇرۇتىنى پات - پات سىلاپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى ، بىرەر سائەتتىن كېيىن توخنىياز زور باشلىق ئۈچ ئاتلىق كىشى قورال - ياراغ ئارتىلغان ئاتلارنى يېتىلەپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەللىك سەككىز تال مىلتىق بىلەن بىر پىلىموتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ

جىم قاراپ تۇرۇشتى.
— ھەممىسى شۇمۇ؟ — سورىدى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تۇگچىسى ئارقىلىق.
— قالغىنىنى ئەتە مۇشۇ گاختا تاپشۇرىمىز،— دېدى توخنىياز جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرىگە قونغان قار چېچەكلىرىنى ئاستا قېقىشتۇرۇپ.
— بوپتۇ، مەن كەڭچىلىك قىلاي، ئەمما خوجىنىيازغا ئېيتىپ قويۇڭلار، بۇ قېتىم مېنىڭ بۇرۇتۇمغا چالما تىزىمەن دەپ ئويلىمىسۇن. قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئۇ مەندىن ياخشى چۈشىنىدۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
شىڭ شىسەي شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، بىگىز قولىنى شىلتىپ قويدى.
توخنىياز زور ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىغا پىسەنت قىلمىغاندەك: «خوپ، ئەتە مۇشۇ گاختا كۆرۈشەيلى» دەپ كۇلۇپ قويدى.
شۇ كېچىسى ھاجىنىڭ قارارگاھىدىكى گۇلخانلار ئادەتتىكىدىن زىيادىرەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. شىڭ شىسەي بۇنى ئايالىدا تۇنەشكە مەجبۇر بولغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ سوغۇقتىن دالدىلىنىشقا قىلىۋاتقان چارىسى دەپ چۈشەندى. دەرۋەقە، توپ - توپ ئۇششاق بالىلار بىلەن قېرى - چۆرىلەر شۇ گۇلخانلارغا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپتا ئاستا ئۇچۇپ يۇرگەن قار ئۇچقۇنلىرى گۇلخان يورۇقىدا خۇددى شامالدا تۆكۈلۈۋاتقان شاپتۇل چېچەكلىرىگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. قالغان ئادەملەر قانداقتۇر ئىشلار بىلەن، جۇملىدىن ئالدىراپ يۈرۈپ كىگىز ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. پەقەت بىرلا كىگىز ئۆيدە ھاجى بىلەن قاسىم ئەپەندى خەلىچە خېنىمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. خەلىچە خېنىم بولسا، قارا چىراغ يورۇقىدا يوڭ قەلەمنى قارا سىياھقا پات - پات چىلاپ، ھاجىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى گاھ ئۆز پېتى، گاھ ئانچە - مۇنچە تۈزىتىپ، بىرەر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق خەسىگە يېزىۋاتاتتى.

# 8

تاڭ ئېتىپ قارلىق چوققىلاردىن چىچىلغان قۇياش نۇرلىرى ئاق شايىگە بېسىلغان زەردەك يالتىراشقا باشلىغاندا، پۈتۈن جىلغىسى خۇددى ئۇزاق يىللار ئۇيقۇغا بەند قىلىنغان تىلسىماتتەك جىمجىت ياتاتتى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ۋە بىرنەچچە مىڭ چارپايغا ئاشىيانە، تىنماي ئېتىلىپ تۇرغان توپ ـ زەمبىرەكلەرگە نىشانە بولغان بۇ جىلغىدا ئەمدى ئادەم تۇرماق، ئىت ـ مۈشۈكنىڭمۇ ئەسىرى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يوغان قاپاق تېرەكنىڭ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر پارچە ئاق خەسە قاردىن كېيىنكى ئىزغىرىن شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇ ئاخشام چىراغ يورۇقىدا خەلىچە خېنىمنىڭ قولى بىلەن ئۈستىگە خەت يېزىلغان ھېلىقى خەسە ئىدى.

شېڭ شىسەي قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تامدەك قېتىپ قالدى ۋە دەرھال ھوشىنى يىغىپ: «بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس!» دەپ بىر چوققىغا چىقىپ دۇربۇن بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاق پەلەي كىيگەن قوللىرى تىترەپ، قويۇق بۇرۇتى قىمىرلاپ كەتتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپلا، دەرھال چارلاپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى.

چارلىغۇچى قىسىملار قايتىپ كېلىپ ھېلىقى خەسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— ئوقۇ! — دېدى شېڭ شىسەي تۇڭچىسىغا ۋارقىراپ.

تۇڭچى خەسىنى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قۇرمۇقۇر ئوقۇپ تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى:

«شېڭ زىخۇي جانابلىرى، بىزنى ۋەدىسىدە تۇرماي قېچىپ كېتىپتۇ دەپ كايىمىغاي، ۋەدە دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىش. سىز بۆرە، بىز قوي، ئاچ بۆرىگە

پالانى كۈننىڭ پالانى سائىتىدە ئالدىڭىزغا بارىمىز ، بىزنى شۇ چاغدا يەڭ دەپ ۋەدە بەرگىلى بولامدۇ ؟ سىلەرنىڭ ئۆتكەنگە سالاۋات ، ئەل بولساڭلار ئەپۇ قىلىنىسىلەر دېگەن گېپىڭلار يالغان بولغانغا ئوخشاشلا ، بىزنىڭمۇ قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولىمىز دېگەن گېپىمىز يالغان . بۇنىڭ ۋەجى شۇلدۇركى ، بۆرە بىلەن قوينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز راست گەپ بولمايدۇ . شېڭ زىخۇي ئېيتىپ باقسۇن ، ئۆتكەنگە سالاۋات ، ئەپۇ قىلىمىز دېگەن نېمە گەپ ؟ بۇ گەپچە بولغاندا بىز گۇناھلىق ئوخشىمايمىزمۇ ؟ بىز زادى نېمە گۇناھ قىلدۇق ؟ شۇنچە يىللاردىن بۇيان پۇت - قولىمىزنى چۈشەپ ، شىللىمىزگە مىنىپ ، قۇل قىلىپ كەلگىنىڭلارنى ئاز دەپ دىنىمىزنى ، ئۆرپ - ئادىتىمىزنى دەپسەندە قىلىپ ، ھەتتا خوتۇن - قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىشكە باشلىغىنىڭلاردا ، بۇنىڭغا چىدىماستىن داد دېگىنىمىزمۇ گۇناھ بولامدۇ ؟ قوتاندىكى قويغا تەگكەن بۆرە گۇناھلىقمۇ ياكى بۆرىگە ئوق چىقارغان چۇپان گۇناھلىقمۇ ؟ زادى كىم كىمدىن ئەپۇ سورىشى كېرەك ؟ مۇبادا قورال تاپشۇرۇپ ياراشساق ، سىلەر راستىنلا ئۆتكەنگە سالاۋات دەمسىلەر ؟ شېڭ زىخۇينىڭمۇ ياڭ جاڭجۇڭغا ئوخشاش كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ ؟ رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىسسىق قېنى ھېلىمۇ بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرۇپتۇ . بىزدە ، ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىملا پىشىدۇ ، دېگەن ماقال بار . بۇنى ئاڭلاپ قويۇڭ . ئەمدى ئادەم بويى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ ، ھەممە يېرىدە بىگىزدەك ئۇچلۇق خادا تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان پۇتۆتى داۋىنىدىن قانداق ئېشىپ كەتكىنىمىزگە كەلسەك ، بۇ ئەسرارنى ئۆزىمىز ئېچىپ بەرمىگۈچە ، شېڭ زىخۇي تاكى روزا مەھشەرگىچە بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ . شېڭ زىخۇي ئاگاھ بولغايكى ، بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز مۇشۇ زېمىنغا تۆكۈلگەن ، مۇشۇ زېمىننىڭ سۇلىرى ئانىمىزنىڭ ئوغۇز سۈتى بىلەن تومۇرىمىزغا كىرىپ بىزگە ھاياتلىق بەرگەن . خۇلاسە كالام ، بۇ زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز . ئانىنىڭ قوچىقى ئۆز پەرزەنتى

ئۇچۇن ھەر زامان ئوچۇق . ئاسماندا سارىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان توخۇ چىغىدا ئۆز چۇجىلىرىنى قانىتى ئاستىغا يوشۇرىدۇ . ئەمما ، بۇ زېمىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۇشەپ ، قېنىنى ئىچمەكچى بولغانلارنى قانىتى ئاستىغا ئەمەس ، قەھر ـ غەزىپىگە ئالىدۇ . ئۇنداقلارغا قاراڭغۇ گۆر بولىدۇ . مۇبادا شىڭ زىخۇي بۇ گەپلىرىمىزگە ئىشەنمىسە ، بىز ئاشقان پۇتۆتى داۋىنىدىن ئېشىپ باققاي ! »

تۇڭچى «تۇگىدى» دەپ يەرگە قاراپ تۇردى . شىڭ شىسەي ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ ، يەردە ياتقان خەسنى دەسسەپ تېپىپ : «كۆيدۈرۈۋېتىڭلار ، ھازىرلا كۆيدۈرۈۋېتىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدىيۇ ، بۇ پىكرىدىن دەرھال يېنىپ : «ياق ، ئوبدان ساقلاپ قويۇڭلار ، كېيىن خوجىنىيازدىن ھېسابىنى ئالىمەن» دېدى ۋە شۇئان بىرەر يۈز كىشى بىلەن پۇتۆتى جىلغىسىغا ئات سالدى ، ئۇ جىلغا ئارىلاپ ئالدىراش كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى ئاسمان ـ پەلەك داۋاندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى . ئاخىر داۋان تۈۋىگە كېلىپ بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە ، شتاب باشلىقىنى ھاجىنىڭ بۇ داۋاندىن قانداق چارە بىلەن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ يازما مەلۇمات يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى شۇ يەرگە چېدىر ـ بارگاھ تىكتۈردى . شتاب باشلىقى بىر ئاق ئورۇس ئىنژېنېر بىلەن ئوتتۇزدەك چېرىكنى باشلاپ ، پۇتۆتى داۋىنىغا ياماشتى ۋە شۇ ئاخشىمى شىڭ شىسەيگە بىر پارچە يازما مەلۇمات تاپشۇردى . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى :

«ئىسيانچى ئوغرىلارنىڭ بۇ داۋاندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزە بوپتۇ . بىزنىڭ مۆلچەرلىشىمىزچە ، بۇ داۋاننىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىرەر مىڭ مېتىر كېلىدىكەن . ئوغرىلارنىڭ ئىزىغا قارىغاندا ، ئۇلار داۋاننىڭ يانباغرى بىلەن مېڭىپتۇ . داۋاننىڭ يانباغرى بولسا ئۇچلۇق مۇنارلاردەك دىڭگىيىپ تۇرغان سانجاق ـ سانجاق خادا تاشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، خۇددى بىلىق سىرتىغا ئوخشاش

سىلىق يەر ئىكەن . بۇ يەرنى قاپلاپ تۇرغان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر ـ ئىككى چى كېلىدىكەن . ئېھتىمال بۇ يەرلەرگە ئادەم بالىسى ھېچقاچان ئاياغ بېسىپ باقمىغان بولسا كېرەك . قار ئۈستىدىكى ئىزلار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى ، بۇ ئوغرىلار ئالدى بىلەن ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن مال ـ ۋارانلىرىنى ھەيدەپ ماڭدۇرغان . قەدەم قويغىلى بولمايدىغان ئازگاللىقلارنى تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن مال ـ ۋارانلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تىندۇرۇپ ، بەزى يەرلەرگە شاخ ـ شۇمبىلارنى ياتقۇزۇپ ، ئۈستىگە كىگىز ـ گىلەم ، يوتقان ـ كۆرپە ۋە تېرە ـ پالاس قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىپ يول ھاسىل قىلغان ، ئۆزلىرى ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن بۇ يولنى ئۇدۇللۇق بۇزۇپ ماڭغان . قار ـ مۇز ئارىلاش چارپاي ئۆلۈكلىرى بىلەن تىندۇرۇلغان بۇ يولنىڭ پەقەت ئازغىنا قىسمىنى تەكشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق . ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى . تەكشۈرۈش جەريانىدا ، ئۈچ كىشىمىز غۇلاپ كېتىپ قار ئاستىدا قالدى . »

شېڭ شىسەي بۇ مەلۇماتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ، تار چېدىرنىڭ ئىچىدە خۇددى ھايۋانات باغچىسىدىكى تۆمۈر قەپەسكە چۈشۈپ قالغان بۆرىگە ئوخشاش ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى . بىر ھازادىن كېيىن : «ئارقىسىدىن قوغلاش زادى مۇمكىن ئەمەسمۇ» دەپ ، شتاب باشلىقىنىڭ قارشىسىدا توختىدى . شتاب باشلىقى يەنە بىرمۇنچە دەلىللەرنى كۆرسىتىپ ، قوغلاشنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى . شېڭ شىسەي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۆزىنى يىغما كارىۋاتقا تاشلىدى . قالغانلار چېدىردىن چىقىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا جىن شۇرىنىنىڭ ھەرىگە ئوخشاش غوڭۇلدىغان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى :

«خوجىنىيازنى يوقاتساڭلار ، قۇمۇل تەۋەسىدە غەنىيمەت

ئېلىنغان ھەممە بايلىق سىلەرنىڭ تەسەررۇپىڭلاردا بولسۇن ! »

يەنە بىر ياقتىن ، ھېلىقى قېرى پولكوۋنىكقا ئوخشاش رەقىبلىرىنىڭ تېرىسى كۈلگەن بىلەن گۆشى كۈلمەيدىغان مەسخىرىلىك چىرايىدىكى كىنايىلىك ئىپادىلەر كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقاندەك سېزىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى .

«خەپ خوجىنىياز ! سەن مېنى مال ـ دۇنيادىنمۇ مەھرۇم قىلدىڭ ، رەقىبلىرىمگە كۈلكىمۇ قىلىپ بەردىڭ . توختاپ تۇر ، زامان ئۇزۇن تېخى ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنى مۇشۇ قارلىق تاغلىرىڭ بىلەن بىللە باش ئەگدۈرۈپ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ! »

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، جىن شۇرېندىن : «تۇرپان قوزغىلىپ كەتتى ، قۇمۇلنى تاشلاپ دەرھال تۇرپانغا لەشكەر تارتىڭ ! » دېگەن مەزمۇندا جىددىي بۇيرۇق كېلىپ قالدى . شېڭ شىسەي خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ ، ھاجىنىڭ خۇنى بەدىلىگە ۋەدە قىلىنغان ھېلىقى بايلىقنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ياكى ئۆزىنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك ، يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن قۇمۇلدا يېتىۋالدى . باش قوماندان لى خەيرۇ بۇنى سەزگەچكە ، نۇرغۇنلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنى ئالدىغا قويۇپ ، ئۇنىڭ تېزرەك يولغا چىقىشىنى ئۆتۈندى .

شۇنداق قىلىپ ، 1933 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شېڭ شىسەينىڭ بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قانلىق قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرپان تەرەپكە ئاتلاندى . نېپىز ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان دەشت ـ باياۋاندا خۇددى يوغان بىر قارا يىلاندەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ قۇيرۇقى تەرىپىدە ئېگىز كۆرپە تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كۆك كۆز ، سېرىق ساقال رۇس سولداتلىرى ئولجا ـ غەنىيمەت بىلەن تومپايغان قويۇنلىرىنى پات ـ پات سىلاپ قويۇپ ، ئويناق ئاتلارنىڭ

ئۇستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇشاتتى. شىڭ شىسەي بولسا ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ماشىنا بىلەن بىر قاتاردا كېتىۋاتقان يۇك ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا سېرىق بۇدۇر چاچلىق شوپۇر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ، ئوڭ قول تەرەپتە قېلىۋاتقان ئېگىز قارلىق تاغلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيال سۈرەتتى.

## 9

شىڭ شىسەي ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ كەتكەندىن كېيىن باش قوماندان لى خەيرۇ: «ئەمدى قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ» دېگەن ئەندىشىدە، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئون مىڭ جىڭ ئۇن، مىڭ سەر پۇل ۋە يەنە بىرمۇنچە سوۋغاتلار بىلەن تاغقا ئەلچى چىقىرىپ، يارىشىپ قېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بىرەر يىلدىن بۇيان، گاھ تىركىشىپ، گاھ قېچىپ، بولۇپمۇ ئاشلىقتىن قاتتىق قىسىلىپ ھېچ ھالى قالمىغان قوزغىلاڭچىلارغا بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدىكى كېڭەش ۋاقتىدا سالى دورغا باشلىق كىشىلەر: «ئەمدى لى دارىن بىزنى سېتىۋالماقچى بوپتۇمۇ؟ بىزنىڭ خۇنىمىز شۇنداق ئەرزان-مىكەن؟» دەپ يارىشىشقا زادى قوشۇلمىدى. بىراق، ھاجى ھېچ كۇتمىگەن يەردىن چىقىپ يارىشىش تەرەپدارى بولدى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى؟— دېدى سالى دورغا ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلىپ.

ھاجى: «ئەل ـ يۇرت بەك تاسقىلىپ كەتتى، يىگىتلەرنىڭمۇ جېنى تۆمۈر ئەمەس. پالتا چۇشكۇچە كۆتەك دەم ئاپتۇ دەپ، بىزگىمۇ بىرئاز ئارام كېرەك. لى دارىننىڭ نىيىتىنىمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن سالى دورغىلارنى قايىل قىلدى ۋە چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان كونا مىلتىقلاردىن يىگىرمە تالنى ياراشقانلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ ئەلچىلەرگە

تاپشۇردى ـ دە : «لى دارىنغا ئېيتىڭلار ، بىزدە مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ ، دېگەن گەپ بار» دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى . لى خەيرۇ هازىرچە شەھەرگە هۇجۇم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىغا شۇكۇر قىلىپ ، تاغ يوللىرىدىكى چېرىكلىرىنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كەلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ مىلتىق ئاۋازلىرىمۇ توختاپ جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى .

شۇ ئارىدا ئىنقىلاب بورانلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ ، ئالتاي تاغلىرىدىكى قازاق ئاۋۇللىرىدىمۇ گۈرۈلدەشكە باشلىدى . بوران ئاۋازىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان جىن شۇرېن قۇمۇلدىن ۋاز كېچىپ ، ئۈرۈمچىنى شىمالدىن كېلىدىغان خەۋپتىن مۇداپىئە قىلىش نىيىتىدە ، لى خەيرۇنى گۇچۇڭغا يۆتكەپ كەتتى . قوزغىلاڭچىلار شەھەردە ئانچە كۆپ چېرىك قالمىغانلىقىنى بىلىپ دەرھال هۇجۇم باشلىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن قۇمۇل دىيارى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . تىرىك قالغان چېرىكلەر قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ، ئەسىر سۈپىتىدە لۈچېڭ شەھىرىگە قامىلىپ يېتىۋەردى . بازار رايونىغا جايلاشقان خەنزۇ پۇقرالار : «ئەمدى چەنتۇلار بىزنى قىرىپ تاشلايدىغان بولدى» دېگەن ئەندىشىدە قالغانىدى . دەرۋەقە ، قان تۆكۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ ، ئۇيەر ـ بۇيەردە خەنزۇ پۇقرالارنى بوزەك ئېتىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى .

شۇنداق پەيتتە ، هاجىنىڭ نامىدىن : «هېچكىم تىنچ ياتقان پۇقراغا چېقىلمىسۇن . كىمدەكىم بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا قاتتىق جازالىنىدۇ !» دېگەن مەزمۇندا دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا ئېلانلار چاپلاندى . هەتتا ، كوچا ـ كويلارغا چارلىغۇچىلار قويۇلدى . شۇنداق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي يەنىلا بەزى هادىسىلەر تۇغۇلماقتا ئىدى .

بىر كۈنى ئەلياتار چاغدا ، هوشۇر كانتۇ ئۆز يىگىتلىرىدىن هېيتەم باشلىق بەش كىشى بىلەن كوچا چارلاپ يۈرۈپ ، لۈچېڭ شەھىرىنىڭ غەرب دەرۋازىسى ئالدىدىكى دوقمۇشقا كەلگەندە ، غۇۋا

چىراغ يېنىپ تۇرغان مەيخانىدىن قىيا ـ چىيا ئارىلاش يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى . يىگىتلەر قەدەملىرىنى تېزلىتىپ كېلىپ ، دۇكاننىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن قارىدى : پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن تاسما بەلباغ باغلىۋالغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئات يۈزلۈك بىر ئادەم پۈتىغا ئېسىلىۋالغان موماي بىلەن بوۋايغا تاپانچا تەڭلەپ ، ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقماقچى بولۇۋاتاتتى . موماي بىلەن بوۋاي بولسا بىرنېمىلەرنى دەپ نالە ـ پەرياد قىلىشىۋاتاتتى . هوشۇر كانتۇ بىر قاراپلا ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدى . بۇ بەشىرنىڭ لۈكچەكلىرىدىن ئىمىن سوزۇق ئىدى . هوشۇر كانتۇ يىگىتلىرى بىلەن دەرهال دۇكانغا باستۇرۇپ كىرىپ جېدەلنى باستى ۋە ئىمىن سوزۇقتىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدى . ئىمىن سوزۇق جاۋاب بېرىش ئورنىغا قېچىشقا ئۇرۇندى . يىگىتلەر توسقاندا ، ئۇ : «نېرى تۇرۇش ، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن» دەپ ئۇلارغا تاپانچا تەڭلىدى . هېيتەم ئۇنىڭ قولىغا چاققانلىق بىلەن بىرنى تېپىپ تاپانچىسىنى يەرگە چۈشۈرىۋەتتى ۋە هايت ـ هۇيت دېگۈچە يىگىتلەر ئۇنى باغلىۋالدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ هاراق پۇراپ تۇراتتى . هېيتەمنىڭ ئانچە ـ مۇنچە خەنزۇچە بىلىدىغانلىقى ئەسقاتتى . ئۇ هېلىقى بوۋايدىن گەپ سوراپ ئەهۋالنى ئېنىقلىدى . مەلۇم بولدىكى ، ئىمىن سوزۇق باياتىن بېرى هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قىزىغا يامان كۆزى بىلەن قاراشقا باشلاپتۇ . قىز ئۇنىڭدىن قېچىپ ، دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ . بىرئازدىن كېيىن ئىمىن سوزۇق : «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ ، ئازراق ئارام ئېلىۋالاي» دەپ ياتاق ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە ، قىزغا زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ . قىزنىڭ ئەسلىدە يۈرەك ئاغرىقى بار ئىكەن ، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن هوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ ۋە شۇ هامان جان ئۈزۈپتۇ . ئىمىن سوزۇق بۇنى كۆرۈپ قاچماقچى بولۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بۇلار كىرىپ قاپتۇ .

يىگىتلەر دەرهال چىراغ كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى .

دەرۋەقە ، ئۇن يەتتە ـ ئۇن سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز كاڭدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ھوشۇر كانتۇ ئۇي ئىگىلىرىگە : «خاتىرجەم بولۇڭلار ، بۇ لۇكچەك چوقۇم ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ » دەپ قويۇپ ، ئىمىن سوزۇقنى ھاجىنىڭ شتابىغا ھەيدەپ كېلىپ ، مىرزۇل مەرگەنگە تاپشۇردى . مىرزۇل مەرگەن ئەھۋالنى ھاجىغا مەلۇم قىلدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ھاجى بىر تۇركۇم ئادەملىرى بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى (يىگىتلەر ئىمىن سوزۇقنىمۇ قولىدىن باغلاپ ھەيدەپ كەلگەنىدى ) . مەيخانا ئالدىغا بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كەتتى . ھاجى ئۆز تۆگچىسى ئارقىلىق ھېلىقى بوۋاي بىلەن مومايدىن بىر قۇر گەپ سوراپ ، قىزنىڭ جەسىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاچ ، ئىمىن سوزۇقنى شۇ مەيخانىنىڭ ئالدىدىلا ھەممىگە قارىتىپ تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى ، ئاندىن يىگىتلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ ، مەيخانىدىكى ھەممە ھاراق تۈگلىرىنى چاقتۇرۇۋەتتى . باشقا مەيخانىلارنىمۇ تاقاشقا بۇيرۇق بېرىپ شتابقا قايتىپ كەتتى . بۇ ۋەقە بىردەمدە پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپ كەتتى .

بەشىر بولسا كېچىچە ئۇيىنىغان مەشرەپنىڭ ھاردۇقى بىلەن تېخى ئۇخلاۋاتاتتى . قولچۇماقلىرى ئۇنى ئويغىتىشقا پېتىنالمىدى . چۈشكە يېقىن ئويغۇدىن باش كۆتۈرگەن بەشىر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسى ئىمىن سوزۇقنىڭ ھاجى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ، ئۇندەك قورالىق ئادىمى بىلەن ھاجىنىڭ شتابىغا ئات سالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاپاقلىرى مۇشتتەك ئىششىپ ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ، چىرايى بولسا شامالدا قېتىشىپ كەتكەن جىگەردەك بوزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ھاجىنى ھويلىدا ئۇچرىتىپ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا :

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ مېنىڭ ئادىمىمنى مەندىن بىسوراق ئېتىپ تاشلايدىغان ھوقۇقنى ئۆزلەگە كىم بەردى ؟ — دېدى . ھاجى ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ :

— ھە... مۇنداق دېسىلە! ئۇ خوتۇن تالاق ئۆزلەنىڭ ئادەملىرىمىدى؟ ۋاي ئىسىت، بۇنى بىلگەن بولسام ئۆزلەنى چىلىلىتىپ كېلىپ، كۆزلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېتىۋېتەر ئىدىم، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، — دەپ ئاتتىن چۈشتى بەشىر، ئاندىن ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بىر خىتاي قىزى ئۈچۈن بىر مۆمىن مۇسۇلماننى، يەنە كېلىپ قولىغا قورال ئالغان پۈتۈن باشلىق بىر يىگىتنى ئېتىۋېتىش قايسى كىتابتا بار؟— دېدى.

— مېنىڭ كىتابىمدا بار، — دېدى ھاجى بىر قەدەم ئالغا مېڭىپ، — ئۇ خوتۇن تالاق مۇسۇلمانمىكەن تېخى! مۇسۇلمان بولسا ھاراق ئىچىۋېلىپ خەقنىڭ قىزىغا زورلۇق قىلامدۇ؟ يىگىت ئىمىش تېخى؟ يىگىت بولسىزە، ئۆزىنى جەڭدە كۆرسەتمەي، قولىدا بىر تال كۆسۈيمۇ يوق تىنچ ياتقان پۇقراغا ئۆكتەملىك قىلامدۇ؟ بىز نېمىدەپ ئىنقىلاب قىلغان؟

بەشىر قىزىرىپ - تاترىپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى ۋە: «ياق، مەن خۇنغا خۇن ئالماي قويمايمەن» دەپ قولىنى بېلىدىكى تاپانچىسىغا ئۇزاتتى. بىراق، ھاجىنىڭ: «تۇت بۇ لومودىنى!» دەپ بۇيرۇق بېرىشى بىلەن يىگىتلەر ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بەشىرنى باغلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنىمۇ قورالسىزلاندۇردى. ئارقىدىنلا ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەشىرنىڭ قارارگاھى قورشىۋېلىنىپ، پۈتۈن قورال - ياراغلار تارتىۋېلىندى. كەچقۇرۇن سالى دورغا ۋە قاسىم ئەپەندىلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن باغلاقتىن بوشىتىلغان بەشىر تالاپ تاشلانغان ئىتتەك سالپىيىپ ئاستا ئۆز ماكانىغا ماڭدى.

شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ھەممە خەق دېگۈدەك ھاجىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ: «يۇرتنى مۇشۇ ئادەم سورىسا تىنچلىق بولغۇدەك» دەپ تۇرغاندا، ئۇ يۈسۈپ تەيجىنىڭ قېشىغا كەلدى. يۈسۈپ تەيجىنىڭ شەھەردىكى ئوردىسىمۇ ئاللىقاچان كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىردىنبىر ساق قالغان

باغچىسىغا جايلاشقانىدى . قېرى تەيجى ئۆرۈك ئوتۇنى قىزارتىپ تۇرغان نەقىشلىك مورىنىڭ ئالدىدا ھاجى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ، ئىمىن سوزۇق بىلەن بەشىرگە كۆرۈلگەن چارىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە :

— ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ ، يۇرت ئۆز قولىمىزغا ئۆتتى ، ئەمدى يۇرتنى ئوبدان سوراپ ، ئەھلى پۇقراغا ئاسايىشلىق يەتكۈزۈشىڭىزگە ئىمانىم كامىل ،— دېدى .

ھاجى يوغان ئالىقانلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— مەن تەيجىبەگ غوجامنىڭ ئالدىلىرىغا مۇشۇ گەپ ئۈچۈن كەلگەن . ئىنشائاللا ، يۇرت ئۆز قولىمىزغا ئۆتتى . ئەمدى بۇ يۇرتقا ئۆزلە ئاتا بولمىسىلا بولمايدۇ .

— سىزچۇ ، سىزدەك باھادىر غازى ، غالىب سەركەردە تۇرغان يەردە ، بىزدەك قېرىلارغا نېمە ئىش بار ؟— دېدى يۈسۈپ تەيجى مۇلايىملىق بىلەن .

— يوقسۇ ، تەيجىبەگ غوجام ،— دېدى ھاجى ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ ،— مەن جەڭ قىلىشنىلا بىلىمەن ، يۇرت سوراش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپانلىق قېرىنداشلارمۇ قوزغىلىپ كېتىپتۇ . مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقمىسام بولمايدۇ . ئۆزلە يۇرتقا ئاتا بولمىسىلا ، يولۋاس ئەتىلا ئەنشىدىن يېنىپ چىقىپ ، بەشىر بىلەن ئىككىسى قۇمۇلنى بېشىغا كىيىۋالۇرمىكىن !

— ئۇنى شۇ گاختا كۆرۈرمىز ،— دېدى يۈسۈپ تەيجى مەيۇس ھالدا ،— ئەمما مېنىڭ يۇرت سورىغۇچىلىكىم يوق ، بۇنداق ئىشلاردىن كۆڭلۈم قاپتۇ . زامان تېزرەك تىنچىسا ھەرەمگە سەپەر قىلىپ ، ئۇلۇغ يەرلەرنى تاۋاپ قىلىشقا باراي دەۋاتىمەن .

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى . ھاجى غەمكىن خوشلىشىپ قايتتى . ئەتىسى يەنە ھاجىنىڭ نامىدىن : «ئون ئىككى تاغ ۋە بەش

شەھەرنى بۈرۈنقى دورغىلار سورايدۇ . دەۋا ـ دەستەك ئىشلىرى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن بولىدۇ . خەنزۇ پۇقرالارنى ئۆز ئىچىدىن تەيىنلەنگەن بازار بەگلىرى بىلەن شياڭزۇڭلار باشقۇرىدۇ » دېگەن مەزمۇندا كوچىلارغا ئېلان چاپلاندى . ھاجىنىڭ ئۆزى بولسا سالى دورغا باشلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ بىر مەنزىل غەربىگە جايلاشقان ئاستانە دېگەن يۇرتنى قارارگاھ قىلىپ ، قوشۇننى رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ شەخسىي مۈلكى بولغان قوشتىكەن كارىزى شتاب ئۆيى قىلىندى . يالىڭاچلىنىپ قالغان سۇۋادان تېرەكلىرى ئارىسىدىكى بۇ كەڭ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا نەچچە ئونلىغان كىگىز ئۆي ۋە چېدىرلار تىكىلىپ كەتتى . ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۈرۈمچى يولىغا قاراۋۇللار قويۇلغانىدى . ئۇلار كۈندۈزلىرى ئېگىز دۆڭ ۋە تۇرالارغا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتسە ، كېچىلىرى ئاتلىق يۈرۈپ چارلاش ئېلىپ باراتتى .

بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە ، نېپىز قار بىلەن قاپلانغان دالىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن ، يەنى ئۈرۈمچى تەرەپتىن توپتوغرا ئاستانىگە قاراپ ئالدىراش كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى . ئۇلار چېرىكلەرگە ئوخشىمايتتى . بىراق ، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە مىلتىق ئېسىقلىق تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . توخنىياز زور ئۇلارنىڭ نىمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ، دەرھال بىر توپ يىگىت بىلەن دالا تەرەپكە ئات سالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون يەتتىنچى باب

# يالقۇنتاغ ئېتىكىدە بوران

*ئۇچقۇندىن يانار يالقۇن .*

— ئا .س . پۇشكىن

## 1

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بىر تاغ بار . ئۇ خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغىنىدەك ، قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن ھاردۇق ئېلىپ يانپاشلاپ ياتقان مىس تەنلىك ، دىۋە قامەت بىر ئەپسانىۋى پالۋانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

قەدىمكى زامانلاردا بۇ يەرگە كەلگەن سەيياھلار بۇ تاغنىڭ خۇددى خۇمداندىن يېڭىلا چىققان خىشقا ئوخشاش قىزغۇچلۇقىغا ۋە جەزىرىمە ئاپتاپتا ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغانلىقىغا قاراپ ، ئۇنى يالقۇنتاغ دەپ ئاتاشقان . بىراق ، بۇ سەيياھلار ئۇنىڭ ياز كۈنلىرى شۇنداق قىزىپ كەتكەن بىلەن قىش كۈنلىرى ئۆزىدىن مۇزدەك شامال چىقىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالمىغان ياكى ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى يۇرتلاردا قىشلاپ كۆرمىگەن بولسا كېرەك . ئەنە شۇ يۇرتلارنىڭ بىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ بىر مەنزىل غەربىگە جايلاشقان ئاستانە بىلەن ھەم ئاھاڭداش ، ھەم مەنىداش بولغان ئاستانە[1] يېزىسى بولۇپ ، بۇ يۇرتلارنىڭ ھەر ئىككىسى قەدىمكى

---

① ئاستانە — ئوردا ، بوسۇغا ، ئەرەپە (ھارپا) .

زامانلاردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يەرلەر ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى ئاستانە — «تۇرپان - ئاستانە» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. تۇرپان شەھىرى بىلەن پىچان ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ھارۋا يولىمۇ شۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتەتتى.

يالقۇنتاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان قىش بورىنى يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى لىڭشىتىپ، ئازگاللارغا تىقىلىپ قالغان غازاڭلارنى پەرىشان ئۇچۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شيەن يامۇلىنىڭ ئالا بالداق تاياق كۆتۈرگەن ئۈچ ياساۋۇلى كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ئون نەچچە ئادەمنى ئارغامچا بىلەن قوللىرىدىن بىر - بىرىگە چېتىپ شەھەر تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىق چېرىك بىرنېمىلەرنى دەپ پات - پاتلا ۋارقىرىشىپ قوياتتى. چېرىكلەر ۋارقىرىغانسېرى ياساۋۇللار ھېلىقى ئادەملەرنى تاياقلىرى بىلەن ئۇرۇپ، تۈرتۈپ، چاپسان مېڭىشقا ئالدىرىتاتتى. ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدە يۈزدىن ئوشۇق ئادەم ئۇلارنى نالە - پەرياد بىلەن ئۇزىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھاسا تۇتقان بوۋايلار، ئاق لېچەكلىك مومايلار ۋە ياش خوتۇن - قىزلار بىلەن ئۇششاق باللار ئىدى.

قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا بارغان چېرىكلەرنى ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تۇرپان، توقسۇن ۋە پىچان خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلارنى نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەگ - شاڭيولار يۇرت خەلقىدىن بۇ سېلىقلارنى يەنە بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ يىغىۋالاتتى. بۇنى ئاز دەپ يۇرتتىن يىغىپ ئېلىنغان ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكنى قۇمۇلغا توشۇپ بېرىشمۇ دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى دەشت - باياۋانغا سوزۇلغان ئون نەچچە كۈنلۈك يولدا ھارۋا ۋە ئات - ئۇلاغلار خۇددى

ھېسسىتەك تىقىلىپ كەتكەنىدى . بولۇپمۇ ، سەنجاپاك (خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا «سەنجاپا» ) دېگەن شامال ئېغىزىدا يۈزلىگەن ئادەم ۋە مىڭلىغان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ جەسەتلىرى قېلىن قۇملار ئاستىدا قالماقتا ئىدى .

بايىقى قوللىرى باغلاقلىق كىشىلەر بولسا ، ئەنە شۇنداق باج ـ سېلىقلارنى تۆلىيەلمىگەن ياكى قۇمۇل يولىدا ئات ـ ئۇلاغلاردىن ئايرىلىپ ، يالغۇز بېشى بىلەن قېچىپ كەلگەن ئاستانىلىكلەر بولۇپ ، ئەمدى شۇ گۇناھى ئۈچۈن شيەن يامۇلىنىڭ سولاقخانىسىغا ھەيدىلىپ كېتىۋاتقان «مەھبۇسلار» ئىدى . ئۇلار شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، ئارقىسىدىن ئىككى ئاتلىق كىشى ئالدىراش كېلىپ توپنىڭ ئالدىدا توختىدى . ئۇلارنىڭ بىرى ، بۇلتۇر كەچ كۈزدە مەخسۇت مۇھىتىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارغان ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ، سېرىق ساقال ھەبىبۇل ئۇۋچى ئىدى . ئۇ ھېلىمۇ مەللە چەكمەن تونى ئۈستىدىن قارا پوتا بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ ، قامچىسىنىڭ سېپىنى ئېگەرگە تىرەپ ، چىلان تورۇق ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى . يەنە بىرى ، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى ئاق سېرىق كەلگەن ، ئېگىز بويلۇق ، سۇمباتلىق يىگىت بولۇپ ، ئاستانىلىكلەر بۇ قارا ئاتلىق يىگىتنى ئوغلاقچى مەنسۇر دەپ ئاتايتتى . ياساۋۇللار بىلەن چېرىكلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچبىر تەپ تارتماستىن توپنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى . ھېلىقى «مەھبۇسلار» بىلەن خەلق توپى بولسا ، بۇ ئۆزگە تونۇش كىشىلەرنىڭ مۇنداق تۇغۇشلۇق ھەرىكىتىدىن بىر نېمىنى سەزگەندەك ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قارىشاتتى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى چېرىكلەرگە ئۈن ـ تىنسىز يېقىنلاشتى . چېرىكلەر بۇ ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشماقتا ئىدى . شۇ ئارىدا ھەبىبۇل ئۇۋچى قەددىنى رۇسلاپ :

— ھەي قېرىنداشلار ، ئاڭلىمىدىڭلارمۇ ؟ خوجىنىياز ھاجى پىچانغا چىقتى . چېرىكلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىپ ئانا ـ مانىسىنى

كۆزىگە كۆرسىتىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ئوغلاقچى مەنسۇر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دېدى :

— ۋاق يەتتى ، بويىنىمىزدىن باغلاپ ھەيدەپ ماڭسا ، قوينىڭ قوزىسىدەك جىم تۇرامدۇق !

نېمە گەپ بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ قالغان چېرىكلەرنىڭ بىرى ھېلىقى ياساۋۇللارغا قاراپ : «بۇلار نېمە دەۋاتىدۇ ؟» دېدى . ياساۋۇللار ئاغزىنى ئاچقۇچە ، ئوغلاقچى مەنسۇر : «نېمە قاراپ تۇرىسىلەر ؟» دېدى - دە ، يېنىدىكى چېرىكنى بويىنىدىن قىسقان پېتى ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ ، قولىدىكى مىلتىقنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ مىلتىقى بىلەن ئۆزىنى جايلىۋەتتى . ھەببۇل ئوۋچى بولسا ، ئىككىنچى چېرىكنى قامچىلاشقا باشلىغانىدى . باش - كۆزى يېرىلغان چېرىك قېچىپ يۈرۈپ بويىنىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ ئۈلگۈرگۈچە ، ئوغلاقچى مەنسۇر بايىقى چېرىكتىن تارتىۋالغان مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى . بۇ چېرىكمۇ ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى . ئاران - ئاران تۇرغان خەلق توپى خۇددى بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت ئېلىپ كەتكەن بېنزىن تۇڭىدەك پارتلاپ كەتتى . قوللىرى باغلاقتىن بوشىتىلغان «مەھبۇسلار»مۇ «ئۇر - سوق» دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان توپقا قوشۇلۇپ مەيدانغا ئېتىلدى . ھېلىقى ئۈچ ياساۋۇل چېپىپ كېلىۋاتقان بىر توپ يىلقىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قالغان پاقىدەك مىجىلىپ كەتتى .

بۇ ۋەقە بولۇۋاتاندا ، ئىشىك - پەنجىرىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى . شۇ ئارىدا چاچلىرى مۈرىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ، بېشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل كۇلاھ كىيىپ ، قولىغا ھاسا تۇتقان بىر قارا ساقال كىشى توپنىڭ ئالدىغا دىڭگۇكلاپ كېلىپ : «ھەي خالايىق ، ماڭا قاراڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى . خەلق توپى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ توكۇر ئىشانغا قارىدى . ئۇ : «ھەي خالايىق ، خالايىق ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار !» دېگەن پېتى بىر سۇپىغا چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— مەن هازىرلا تۇيۇق غوجامدىن كەلدىم ، تۇيۇق غوجامدىن ! غوجام بىزگە ئىسلام ئېچىڭلار دەپ بېشارەت بەردى ، بېشارەت ! ئاڭلاۋاتامسىلەر ! مانا بۇگۇندىن باشلاپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ ئىسلام ئاچىمىز ، غازات باشلايمىز . يۇرۇڭلار ، مېنىڭ ئارقامغا كىرگەنلەر ئىككى دۇنيالىقنى تاپىدۇ . بۇ دۇنيادا باي بولىدۇ ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتتى بولىدۇ ، جەننەتتى !— دېدى ـ دە ، هاسىسىنى توكۇلدىتىپ مەهەللىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ماڭدى . توپنىڭ بىر قىسمى قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى . مەهەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇزۇندىن بېرى شۇ يەرگە ماكانلىشىپ قالغان بىرنەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ پۇقرالار بار ئىدى . گۆرۈكەش ۋاڭ بىلەن جازانىخور ياڭنى هېسابقا ئالمىغاندا ، قالغانلىرى هۈنەرۋەن ـ كاسىپ ۋە تېرىمچى ئىدى . هەبىبۇل ئوۋچى بىلەن ئوغلاقچى مەنسۇر توكۇر ئىشاننىڭ ئىشنى بۇزىدىغانلىقىنى پەملەپ ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى . بىراق ، توكۇر ئىشان خۇددى بۇغىرىسىغا كىرگەن تەلۋە تۆگىدەك ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ ، ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى دېگەن پېتى ئۇلارغا بوي بەرمەستىن ئىلگىرىلەۋەردى . بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ، ئوۋچى هەبىبۇل بىلەن ئوغلاقچى مەنسۇرغا ياندى . ئاخىر بۇ ئىككىيلەن ئىلاجسىز قېلىپ ، ئەهۋالنى يۇرت چوڭلىرىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى مەخسۇت مۇهىتىنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى . مەخسۇت مۇهىتى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ : «سەل ئالدىراپ كېتىپسىلەر ، خوجىنىياز هاجىنىڭ پىچانغا كىرگەنلىكىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ، ئاندىن باشلىساقمۇ بوپتىكەندۇق . خەير ، بولار ئىش بوپتۇ» دېدى ـ دە ، دەرهال ئۆزىنىڭ ئىنىسى مەهمۇت مۇهىتى باشلىق كىشىلەر بىلەن ۋەقە بولغان يەرگە ئات سالدى . ئۇلار يېتىپ كەلگەندە ، گۆرۈكەش ۋاڭ بىلەن جازانىخور ياڭنىڭ قارا سىرلانغان دۇكانلىرىغا ئوت قويۇلۇپ[1] ، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى تاياق ـ توقماق زەربىسىدىن يېرىم جان بولۇپ ياتاتتى . بالا ـ

[1] ئاستانىلىكلەر بۇ دۇكانلارنى «قارا پۇزۇل» دەپ ئاتىشاتتى .

چاقىلىرى بولسا تەرەپ ـ تەرەپلەردە قېچىپ يۈرەتتى . توكۇر ئىشان باشلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى جازانىخور ياڭنىڭ دۇكىنىدىن تېپىلغان داڭزا (دەپتەر)لارنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى . بەزىلىرى بۇلىۋالغان كىيىم ـ كېچەك ۋە رەخت ـ پۇچەكلەرنى قويۇنلىرىغا تىقىشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى . توكۇر ئىشاننىڭ ئۆزى بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ ، قالغان خەنزۇلارنى ئۇر ـ سوق قىلىپ يۈرەتتى . پۈتۈن ئەتراپنى ئىس ـ تۈتەك ۋە قىيا ـ چىيا قاپلاپ كەتكەنىدى .

ئوۋچى ھەببۇل مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى . ئالامان دەرھال توختىدى . مەخسۇت مۇھىتى ئېتىنى توكۇر ئىشاننىڭ ئالدىغا دېۋىتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى :

— ھەي ئىشان ، نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟

— ئىسلام ئېچىۋاتىمىز .

— تۇرپاندا ئىسلام ئېچىلىپ بولغىلى نەچچە يۈز يىل بولۇپ كەتتى ، ئەمدى يەنە نېمە قىلماقچىسىز ؟ بۇ قىلىۋاتقىنىڭلار يولسىزلىق ئەمەسمۇ ؟

— قانداقچە يولسىزلىق بولىدىكەن ؟ — دېدى قاتمالراق كەلگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم مەخسۇت مۇھىتىغا ھومىيىپ ، — جازانىخور بىلەن گۆرۈكەشنىڭ ئەدىپىنى بەرگىنىمىز يامان بوپتۇمۇ ؟ بۇ خىتايلارنىڭ بىزگە قىلغىنى ئازمۇ ؟

— جازانىخورلۇق بىلەن گۆرۈكەشلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال شۇنداق ئىشلارغا يول قويۇۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى يوقىتىش كېرەك ! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ۋارقىراپ تۇرۇپ ، ئاندىن ئېتىنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا دېۋىتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى ، — ماقۇل ، ئاۋۇلارنىغۇ جازانىخور ، گۆرۈكەش دەپ ئۇرۇپسىلەر ، ماۋۇ تۆمۈرچى ئۇستىنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر ؟ ئۇ نېمە يامانلىق قىلدى ؟ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ بىزگە كەتمەن ـ

گۆرجەك ، ئورغاق ـ پالتا سوقۇپ بېرىپ يامان قىلدىمۇ؟ ئۇمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ ، ئاران ـ ئاران ئۆتۈۋاتقان ئاجىز پۇقرا ئەمەسمۇ؟ قولۇڭلاردىن كەلسە ، پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان زالىم ھۆكۈمەتنى يوقىتىڭلار! قولىدا قورالى يوق نىنچ پۇقراغا تەگمەڭلار! ئاۋۇ ئىشانغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار!

ئاندىن مەخسۇت مۇھىتى: «ھە، ئىشانەم قېنى سىز؟» دەپ ئارقىغا قارىدى. بىراق، توكۇر ئىشاننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ھېلىقى جازانىخور بىلەن گۆرۈكەشنىڭ بۇلاپ كېتىلگەن ئات ـ ھارۋىلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى: «بالا ـ چاقاڭلار بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كېتىڭلار» دېدى. ئاندىن ئۆزى قاراپ تۇرۇپ، تۆمۈرچى ئۇستا سۇڭ چىسەن باشلىق تۆت ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدى[1] ۋە ئەتىسى خوجىنىياز ھاجىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كىشىسى بىلەن پىچانغا يۈرۈپ كەتتى.

بىراق، ھاجىنىڭ پىچانغا چىققانلىقى يالغان ئىدى. پىچاننى مالىماتاڭ قىلىۋاتقانلارمۇ ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇقلىرىدىن ما شىمىڭ باشلىق يىگىرمە نەچچە ئادەم ئىدى. ما شىمىڭ باشتا: «بىز پىچانغا تېگىش قىلىش بىلەن خەلق قوزغىلىدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇلارغا ئەگەشمەي، نەتىجىدە، ئۆزىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۆپ بولغان چېرىكلەرگە تەڭ كېلەلمەي، لۈكچۈننىڭ دىغاي دېگەن يېزىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەنىدى. دەل شۇنداق پەيتتە، مەخسۇت مۇھىتىلار پىچان تەۋەسىگە كېلىپ ما شىمىڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى ۋە: «قانداق

---

① يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مەخسۇت مۇھىتى سۇڭ چىسەن باشلىق كىشىلەرنىڭ يارىلىرىنى ئەملەپ، ئۆزلىرىنى شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا ھارۋا بىلەن ئاپارغۇزۇپ قويغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، سۇڭ چىسەن ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان.

قىلىش كېرەك؟ پىچان خەلقىنى قوزغاش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتتا، ما شىمىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىش باشقا چىقمايدۇ. ئۇنى ئاستانىگە باشلاپ چىقاي دېسە، قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق، باشلىماي دېسە، ئۇۋچى ھەبىبۇل بىلەن ئوغلاقچى مەنسۇر باش بولۇپ، ئاستانىلىكلەر ئىشىنى قوزغاپ قويىدى. ئەمدى تۇرپاندىكى چېرىكلەر چوقۇم ئۆچ ئېلىشقا كېلىدۇ» دەپ بىرمۇنچە باش قاتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ما شىمىڭنى ئاستانىگە چاقىرغۇزدى. بۇ تەكلىپ ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى.

دېگەندەكلا، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، تۇرپاندىكى چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ما لۇيجاڭ ئاستانىگە يۈز نەچچە كىشىلىك جازا ئەترىتى ئەۋەتتى. غەزەپلەنگەن ئاستانە خەلقى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇر كالتەك»، «سوق كالتەك» قىلىپ، بۇ چېرىكلەرنى بىرنەچچە سائەتتىلا پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇۋەتتى ۋە بىرمۇنچە مىلتىق غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلىبىدىن روھلانغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ، يارامىلىق يىگىتلەرنى ئاستانىگە ئەۋەتتى. مۇھىتىلارنىڭ ھويلىسى قوزغىلاڭ شتابى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىنقىلاب بورانلىرى كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنى قاپلاپ كەتتى. شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن تۇرپان شەھىرىدىكى چېرىكلەر تەسلىم بولدى. گۇچۇڭ ۋە ئۇرۇمچى تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن چېرىكلەرنى بولسا بۇ شىددەتلىك بوران خۇددى قامغاقتەك ئۇچۇرۇپ ئەجەل ئازگاللىرىغا تىقىۋەتكەنىدى.

غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قازىنىپ ئارسلاندەك غەيرەتكە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا 1933 - يىلى يانۋاردا پىچانغا يۈرۈش باشلىدى. بىراق، پىچان مۇداپىئەسى ناھايىتى چىڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىچاندا زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئاق ئورۇس سولداتلىرىمۇ بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئون ئىككى كېچە - كۈندۈز شىددەت بىلەن ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

قىلىپمۇ بۇ شەھەرنى ئالالمىدى . دەل شۇ چاغدا شىيك شىسەي بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قۇمۇلدىن كېلىپ ، قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى . دۈشمەن تەرەپنىڭ توپ ـ زەمبىرەك ، برونېۋىك (تۆمۈر كوۋكا ) ۋە ھەتتا ئايروپىلان بىلەن قىلغان بۇ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قوزغىلاڭچىلار پىچاندىن چېكىندى ، ھەتتا تۇرپاننىمۇ قولدىن بېرىپ توقسۇنغا كەتتى .

تۇرپان شەھىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى . ئەجەل قۇيۇنلىرى خۇددى بىر توپ غالجىر قاۋاندەك ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ، دەسسەپ ـ يانجىپ ، كوچا ـ كويلارنى قانغا بوياشقا باشلىدى . قىلىن تۇلكە جۇۋىغا ئورىلىۋالغان شىيك شىسەي شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز مۇنار ئۈستىدە بۇرۇتىنى پات ـ پات سىلاپ قويۇپ ، بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ ئەتراپىنى كۆزەتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ بۆرە كۆزلىرى بىردىنلا يالقۇنتاغقا چۈشتى . ئۇ بۇلتۇر قىش ئاشۇ تۇلكە جۇۋىسى بىلەن قۇمۇلدىكى لوچېڭ سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ شىمالغا قارىغاندا ، ئېگىز قارلىق تاغلار ئۇنىڭ كۆزىگە ھەيۋەتلىك ئاق ئەجدىھا بولۇپ كۆرۈنگەن بولسا ، ئەمدى يالقۇنتاغ تىزمىلىرى قايتۇرما ھۇجۇم پەيتىنى كۈتۈپ يەر بېغىرلاپ ياتقان ئارسلاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ـ دە ، ئۇنىڭ بەدىنى سوغۇق سۇ تەگكەندەك شۈركۈنۈپ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى . «ياق ، ياق ، بۇ غەلىبە بىلەن گوللىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە — تۇرپانلىقلار ئىچىدىنمۇ خوجىنىيازلار چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ . ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك . ئاۋۋال شەھەردىكى گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى تازىلاش ، ئاندىن توقسۇنغا يۈرۈش قىلىش لازىم . ئىسيانچىلار توقسۇنغا توپلىنىپ نېمىلەرنى قىلىۋاتىدىكىن ؟ توختا ، بۇنى بىلمەي بولمايدۇ .»

دەرۋەقە ، توقسۇنغا چېكىنگەن قوزغىلاڭچىلار ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا ئىدى . ئۇلار ئاخىر

هازىرچە قاراشەھەر تەرەپكە يۈتكىلىپ تۇرۇپ، قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجىلارنى باشلاپ چىقىش كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدى. شۇ قارارغا بىنائەن، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ما شىمىڭ قوشۇننى قاراشەھەرگە باشلاپ كەتتى. مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر توپ كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا سوقماق يوللار بىلەن قۇمۇل تەرەپكە ئاتلاندى.

ئالدىنقى بابنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خوجىنىياز ھاجىلار قارارگاھ قىلغان يەرگە، يەنى قۇمۇل ئاستانىگە كۈنپېتىش تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان ھېلىقى ئاتلىقلار مەخسۇت مۇھىتىلار ئىدى.

## 2

— چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن مېكىياننىڭ ئەمچىكى يوق، دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئەمدىزە تۇرپانلىق، قۇمۇللۇق دېگەن گەپلەرنى چىقاردىڭلارمۇ؟ شېڭ زىخۇي دېگەن بىرنېمە قۇمۇللۇقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قىلىچىنى تۇرپانلىقلارنىڭ بېشىدا ئوينىتىۋاتسا، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىراپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ چېرىكلەرنى قۇمۇلغا يەنە كەلمەيدۇ دەمسىلەر؟ قوتانغا تەگكەن بۆرىنى ئىككىنچى يولاتمايمىز دېسەك، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ پوستىغا سامان تىقساق بولىدۇ. بۇ بۆرىلەرنى يوقاتمىغۇچە، مەيلى قۇمۇل، مەيلى ئالتەشەھەردە ھېچكىمگە ئارام بولمايدۇ، ئۆزلەچۇ دورغام، تۇرپانغا چىققۇلىرى كەلمىسە، تىللىرىدا تىكەن تېرىپ يۇرمەي ئۆيلىرىگە كېتىۋەرسىلە، قالغانلارمۇ شۇنداق، تۇرپانغا چىقمايمىز دېگەنلەرگە رۇخسەت. مەن ھېچكىمنى روزلىمايمەن. گەپ شۇ!

خوجىنىياز ھاجى شتاب ھويلىسىغا يىغىلغان بىر توپ قوراللىق كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى ئارىلاش مۇزدەك سوغۇق شامالنىڭ نەشتەردەك سانجىپ تۇرۇشىغا قارىماي،

تۈلكە قۇلاقچىسىنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، سول قولىنى قىلىچنىڭ دەستىسىگە قويغان هالدا، ئوڭ قولىنى يۇلاڭلىتىپ ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ، بېلىدىكى ئوق پوتىسىنى پات ـ پاتلا سىلاپ قوياتتى. بايا ئۇ «ئۆزلەچۇ، دورغام» دەپ خىتاب قىلغان قىزىل يۈزلۈك، قارا ساقال، قاۋۇل ئادەم خۇددى گۇناهكارلاردەك قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— گەپ شۇ، دورغام، — دەپ تەكرارلىدى هاجىم ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قاراپ، ئاندىن، — ئۆزلەگە يول ئوچۇق، ئۆيلىرىگە بېرىپ ئايلا خېنىمنىڭ ئوسمىسىنى سىقىپ بىرەملا، بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ ئولتۇراملا، ئىختىيارلىرى. ئەمما لېكىن، بىزگە كاشىلا قىلمىسىلا، — دېدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. هېلىقى ئادەممۇ گەپ ـ سۆز قىلماي دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلدى. بايىقى قوراللىق كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

مەخسۇت مۇهىتىلار كەلگەندىن بېرى، بىرقانچە قېتىم كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىر هاجى بىلەن سالى دورغا باشلىق كىشىلەر تۇرپانغا چىقىش قارارىغا كەلگەن ۋە بۇ قارار قوشۇنغا جاكارلىنىپ، يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقىسى بىلەن خوشلىشىۋېلىشىغا ئون كۈنلۈك مۆهلەت بېرىلگەنىدى. شۇ ئارىدا بەزىلەر: «بولدى ئەمدى، قومۇلدىن چېرىكلەرنى هەيدەپ تاشلىدۇق، تۇرپانلىقلار بىلەن نېمە ئىشىمىز» دېگەنگە ئوخشاش خىياللارغا چۆشۈپ، بايىقىدەك تۇرپانغا چىقماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاستى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئون ئىككى تاغ ۋە شەهەر ـ يېزىلاردىن نەچچە هەسسە كۆپ يېڭى كۈچلەر كېلىپ سەپكە قوشۇلدى. ئاخىر هاجى بىلەن سالى دورغىلار ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن سەككىز يۈز يىگىتنى تالللىۋېلىپ، شۇ يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرى مەخسۇت مۇهىتىلار باشلىغان يول بىلەن تۇرپانغا قاراپ ماڭدى.

قوشۇن سەپەر تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتقان كۈنلەردە، مەخسۇت مۇھىتى بوش چاغلىرىنى قاسىم ئەپەندى بىلەن شاھمات ئويناپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بىر كۈنى شاھمات ئۈستىدە قاسىم ئەپەندىدىن ھاجى توغرۇلۇق گەپ سوراپ قالدى:

— ئېيتىڭا، ئەپەندىم، ھاجىم قانداقراق ئادەم ئىكەن، ئۇبدان چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟

قاسىم ئەپەندى ھاجى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىشقا مەخسۇت مۇھىتىدەك بىر سىرداش ئۇلپەتنىڭ تېپىلغىنىدىن خۇشال بولغان بولسا كېرەك، شاھمات ئۇرۇقىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ دەرھال گەپكە كىرىشتى:

— ھاجى ئاكام تولىمۇ ئاجايىپ ئادەم ئىكەن. ئادەتتە ئۆمۈر بويى شەھەر يۈزىنى كۆرۈپ باقمىغان سەھرا كىشىسىگە، ھەتتا كىچىك بالىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، ساددا كۆرۈنىدۇ. نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەيدۇ، داستىخانغا نېمە كەلسە شۇنى يەيدۇ، بىرەر يېرىم ئېغىز گەپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ كۆڭلىگە ئالمايدۇ ياكى ئاڭلىماسقا سالىدۇ. بىراق، ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا، خۇدا ساقلىسۇن، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ، ھېچكىمنى ئايىمايدۇ، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، خۇددى بىر پارچە ئوت بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، — دېدى قاسىم ئەپەندى، ئاندىن تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋاسىلى ئىۋانوفقا قەست قىلغان ھېلىقى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزىغا تەڭگە ـ تىللارنى ئېرىتىپ ئۆز قولى بىلەن قۇيىماقچى بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— ئەمما، — دېدى قاسىم ئەپەندى، — بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى شۇنداق قاتتىقمىكىن دېسەم، ئۇنداقمۇ ئەمەسكەن. بۇلتۇر كۈز كۈنلىرىدىكى بىر جەڭدە ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈپ مىنىدىغان كۆك بوز ئېتىنىڭ ئالدى پۇتلىرى زەمبىرەك ئوقىدا ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئات

ئورنىدىن تۇرالماي خارقىراپ ياتاتتى . ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ، قۇلاقلىرى قىيغان قەلەمدەك ، پۇتلىرى كىيىكنىڭكىدەك ئىنچىكە ئات ئىدى . ھاجى تىپىرلاپ ياتقان ئاتقا بىردەم قاراپ تۇرۇپ : «بوغۇزلاپ تاشلاڭلار !» دەپ بۇيرۇق قىلدى . بىراق ، يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پىچاق سۇركەشكە جۈرئەت قىلالمىدى . ھاجى ئۇلارغا كايىپ ئاغزىنى بۇزدى ـ دە ، بىر يىگىتنىڭ قولىدىن پىچاقنى تارتىۋېلىپ ، ئاتنىڭ گېلىغا سۇركىمەكچى بولدى . كۆك بوز ئاتنىڭ خۇددى بوتاچاقنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى . ھاجىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى ۋە ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ مەڭزىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى .

قاسىم ئەپەندى شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقاندەك جىمىپ قالدى .

— ئاندىنچۇ ؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى .

— ئاندىن كېيىن ، — دېدى قاسىم ئەپەندى ، — ئۇ قولىدىكى پىچاقنى تاشلىۋېتىپ : «ئۆزىڭىز بىرنىمە قىلىڭ» دەپ ماڭا قارىدى . مەنمۇ بوغۇزلاشقا قىيماي تەتۈر قاراپ تۇرۇپ ، ئاتنىڭ بويىنىغا ئىككى پاي تاپانچا ئېتىۋەتتىم .

بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى مۇنداق دېدى :

— شۇنداق ، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى گۆشتىن پۈتكەن . ئەگەر ئادەمنى ئادەم ئېزىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم مەجبۇر قىلمىغان بولسا ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكمىگەن بولاتتى . مەسىلەن ، بۆرىنى ئالايلۇق ، بۆرە قانخور مەخلۇق بولغان بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ قارنىنى يېرىشمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلاردا ئېزىش ـ ئېزىلىش يوق . ئادەملەر ئارىسىدىكى قان تۆكۈلۈشكە نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم جاۋابكار .

— توغرا ئېيتتىڭىز ، — دېدى قاسىم ئەپەندى ، — ھاجىم

ئوقۇمىغان ئادەم بولغان بىلەن بۇ مەسىلىدە خۇددى بىر دانىشمەندەك پىكىر قىلىدىكەن. ئۇ بىر جەڭدە ئەپلىك بىر جايغا يېتىۋېلىپ، پىلىموت بىلەن ئوتتۇزدەك چېرىكنى قىرىۋەتتى. جەڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «كۆك بوز ئاتنى بوغۇزلىيالماي تىترىگەن قوللىرى ئادەملەرنى قىرىشقا تىترىمەيدىكەن ـ ھە!» دېدىم. «قىزىق ئىكەنسىز ئەپەندىم، — دېدى ھاجى، — مەن ئۇلارنى قىرمىسام، ئۇلار بىزنى قىرىپ تاشلايدۇ. قىرىلماسلىق ئۈچۈن قىرغۇچىلارنى قىرىپ تاشلاش كېرەك. ئاشۇ چاغدىمۇ ئېيتتىمغۇ، قان تۆكۈلمىسۇن دېسەك، قان تۆككۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى قانغا پاتۇرۇۋېتىش لازىم دەپ!» دەرۋەقە، بۇ گەپنى ھاجىنىڭ ئاغزىدىن بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم.

مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ھاجىنى جەڭ مەيدانىدا ناھايىتى قارام دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— قارام، باتۇرلۇقىغا قىل سىغمايدۇ. جەڭگە كىرگەندە، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدىغان پەرۋانىگە ئوخشىشىپ قالىدىكەن. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ: «ھاجى ئاكا، ئۆزلىرى دېگەن قوشۇننىڭ بېشى، بەك ئالدىغا ئۆتۈۋالمىسىلا!» دېسەم، «قىزىق ئىكەنسىز، ئەپەندىم، ھەر نېمىنىڭ بېشى ئالدىدا بولمايزە، ئارقىدا بولغۇدەكمۇ؟» دەپ كۈلدى. مەن ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ، «خەقلەر ئۆزلەنى ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ دەيدۇ، راست ئۆلۈمدىن قورقمامدىلا؟» دېدىم. «ھەي ئەخمەق ئەپەندى، — دېدى ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا، — ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىم بار؟ ماڭمۇ جان تاتلىق. ئەمما، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يېتىپ بولماس دېگەن گەپ بار. يا جانغا تۇرغۇلۇق، يا جانانغا!»

ئۆلپەتلەر يېنىككىنە كۈلۈشۈۋالدى.

— قىزىق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — بىزنىڭ يۇرتلاردا «خوجىنىياز ھاجىمغا ئوق ئۆتمەس ئىمىش، جەڭدىن قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كىلىپ پوتىسىنى يەشسە ، قوينىدىن توروكلاپ ئوق چۈشەرمىش» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش . چۈنكى ، ھاجىم «شاھنامە»دىكى روينتەن[①] ئەمەس ـ دە ، ئەمما مېنىڭچە ، بۇ گەپلەر خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان قەھرىمانلارغا بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچ ياكى چوقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى قاسىم ئەپەندى ، — ھاجىم توغرىسىدىكى بۇ گەپلەر قۇمۇلدىمۇ بار ، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ چىقىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس . بىرىنچىدىن ، سىز ئېيتقاندەك ، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشىدىن بولغان بولسا ، ئىككىنچىدىن ، بۇلتۇر بولغان بىر ۋەقە بۇنىڭغا سەۋەب بولغان .

— قېنى ئېيتىڭا ، ئۇ قانداق ۋەقە ئىدى ؟ — قىزىقىپ سورىدى مەخسۇت مۇھىتى .

قاسىم ئەپەندى مۇنداق دېدى :

— بۇلتۇر ئەتىيازدا چېرىكلەر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى . بۇ ھۇجۇم ناھايىتى قاتتىق بولدى . بىز بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتۇق ۋە بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتۇق . مەن ھاجىمنىڭ قىسمىدا ئىدىم . بۇ قىسىمدا ئىككى يۈزدەك ئادەم بولۇپ ، كۆپچىلىكى بالا ـ چاقا ۋە قېرى ـ چۈرىلەر ئىدى . بىز بىر ياقتىن سوقۇشۇپ ، بىر ياقتىن چېكىنىپ ، بىر جىلغىغا كىرىپ قالدۇق ، چېرىكلەر جىلغىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . جىلغىنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى يېڭىلا تاشلاپ كەتكەن تام ئۆيلەر بار ئىكەن . بىز ئۇششاق باللار بىلەن قېرى ـ چۈرىلەرنى ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن دالدىلىنىپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ، شۇ ئۆيلەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ بىر كېچىنى ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزدۇق . ئەتىسى كۈن چىقىش بىلەن يەنە

---

① روينتەن — چويۇن تەنلىك باھادىر . «شاھنامە»دە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئىسپەندىيار ناملىق بىر قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدى بىرقانچە خىل مېتالدىن پۈتۈلگەچكە ، ئۇنىڭغا ئوق ياكى تىغ كار قىلماس ئىمىش ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن «روينتەن» ئاتالغانمىش .

ئىچكىرىلەپ ماڭاىلى دەپ تۇرغىنىمىزدا، چېرىكلەر تۇيۇقسىز
هۇجۇم باشلاپ قالدى. ئۇلار بىزنىڭ مىلتىق تۇتقان
كىشىلىرىمىزدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە كۆپ ئىدى. بىز يەنە نەچچە
كۇندىكىدەك بىر ياقتىن سوقۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىدىغان
بولساق، كۆپ چىقىمغا ئۇچراپ كېتەتتۇق. ھاجىم شۇ ئەھۋالنى
بايقىدى چېغى: «چېرىكلەرنى مەن توسۇپ تۇرىمەن. سىز توپنى
باشلاپ كېتىۋېرىڭ، مېنىڭ يېنىمدا مىرۇل مەرگەن قالسىلا
بولدى» دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزى بىر قول پىلىموتنى ئېلىپ،
مىرۇل مەرگەن بىلەن چېرىكلەر تەرەپكە ئات سالدى. ئۇنىڭ
مىجەزىنى بىلگەچكە، مەن قارشىلىق قىلماي، توپنى باشلاپ
كېتىۋېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئارقىمىزدىن بىرەر سائەتكىچە
قويۇق مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. مەن بىر ياقتىن
ھاجىمدىن ئەنسىرىسەممۇ، يەنە بىر ياقتىن، ئۇنىڭ ئامان - ئېسەن
قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنەتتىم. دېگەندەكلا، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ
بىزگە يېتىشىۋالدى. بىراق، ئېتىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر ئاتقا
مىنىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يىگىرمە نەچچە تال مىلتىقنى بىر
ئاتقا ئارتىپ يېتىلەپ كەپتۇ. ئامەت دېگەن شۇنداق نېمىكەن،
قارىماسىز، پەقەت ئىككىلا كىشى شۇنچە چېرىكنىڭ ئالدىنى
توسۇپ چېكىندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، ھاجىم
يېشىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ
قالدۇق. بىراق، بۇ ئوقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا كار
قىلماپتۇ. بىر تال ئوق ئۇنىڭ بېلىدىكى ئوق خالتىسىغا تېگىپ
شۇ يەردە توختاپ قاپتۇ. يەنە بىرى جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىكى
سائەتكە قادىلىپ قاپتۇ. بۇ ئىشلارنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆردى،
مەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىياز
ھاجىغا ئوق ئۆتمەيدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى،
ھەتتا، — دەپ داۋام قىلدى قاسىم ئەپەندى، — خەلق ئىچىدە
ھاجىم غەيىپنى بىلگۈدەك، دېگەن گەپلەرمۇ تارقىلىپ يۈرىدۇ.
— مانا - مانا، بۇ تېخىمۇ قىزىق گەپ ئىكەن. قېنى

سۆزلەڭ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ھاجايانلىنىپ كېتىپ.

— ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە، تاغلىقلار ئارىسىدا مىلتىق سودىسى ئەۋج ئالدى، بىر بەشئاتارغا ياخشى بىر ئات بېرەتتى. بىز تۇزگەن ھەربىي ئىنتىزام بويىچە بولغاندا، يىگىتلەر چېرىكلەردىن غەنىيمەت ئالغان مىلتىقلارنى شتابقا تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. بىراق، بەزىلەر بۇ ئىنتىزامغا رىئايە قىلماي، قولىغا چۇشكەن مىلتىقنى ئاتقا تېگىشەتتى ياكى كۇمۇش تەڭگىگە ساتاتتى. بۇ ئىشنى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن چەكلىيەلمەي يۇرەتتۇق. بىر كۇنى باغداشلىق يەدىگا كەمشۇك دېگەن كىشى غەنىيمەت ئېلىنغان مىلتىقلارنى شتابقا ئەكېلىۋېتىپ، ئىككى تال بەشئاتارنى بىر ئۆڭكۈرگە تىقىپ قويۇپتۇ، بۇنى ھەمراھلىرىدىن بىرى كۆرۈپ قېلىپ مىرۇل مەرگەنگە ئېيتىپتۇ. مىرۇل مەرگەن ھاجىمغا مەلۇم قىلدى. ھاجىم ماڭا قاراپ كۇلۇپ قويدى ـ دە، يەدىگا كەمشۇكنى چاقىرىپ كەلدى. بۇ سورۇندا ئۇندەك كىشى بار ئىدى. ھاجىم قاپىقىنى سىلىپ: «ھەي يەدىگا، ماڭ، ئېتىڭغا مىنىپ بېرىپ، ئۆڭكۈردىكى ھېلىقى ئىككى تال بەشئاتارنى، راست، بىرىنىڭ تاسمىسى ئۇزۇك، دەرھال ئەكەل!» دېدى. يەدىگا تامدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىش تۇرماق، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ھاجىم مەسخىرە بىلەن كۇلۇپ: «بوپتۇ، ماڭغۇدەك ھالىڭ بولمىسا، باشقىلار ئەكەلسۇن» دەپ ئىككى يىگىتنى بۇيرۇدى. ئۇلار ھاجىم ئېيتىپ بەرگەن بەلگىلەر بويىچە بېرىپ مىلتىقلارنى تېپىپ كەلدى. ھاجىم قىسقا ساپلىق موڭغۇل قامچىسى بىلەن يەدىگانى ساۋاشقا باشلىدى. بىز ئارىغا چۇشۇپ ئاران ئاجرىتىۋالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن: «خوجىنىياز ھاجى غېيىپنى بىلىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. يىگىتلەرمۇ غەنىيمەت ئالغان مىلتىقلارغا خىيانەت قىلمايدىغان بولدى.

مەخسۇت مۇھىتى كۇلكىسىدىن ياشلانغان كۆزلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋاتقاندا، قاسىم ئەپەندى ھاجىغا دائىر يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى ئېيتىپ كېلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ

پىكىرلىرىنى يەكۈنلىگەندەك :
— بۇ ئادەم يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئېيىتقا ئوخشاش قوپال بولغان بىلەن جەڭدە يولۋاستەك قارام، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، يىلپىزدەك چاققان، سېغىزغاندەك سەگەك، لېكىن ئائىلە مەسىلىسىدە تولىمۇ بىپەرۋا، — دېدى .
— مەسىلەن؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى .
— مەسىلەن، يېقىندا بولغان بىر ئىشنى ئېيتسام، — دېدى قاسىم ئەپەندى، — تۇرپانغا مېڭىش ئالدىدا بالا - چاقىلار بىلەن خوشلىشىۋېلىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن ھاجىم ھەر ئىككى خوتۇنى بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلاشماقچى بولۇپ، ئۇلارنى ئەكېلىش ئۈچۈن مىرزۇل مەرگەننى تاغقا ماڭدۇردى . چوڭ خوتۇنى قەمەرخان ئايلا كۈنداشلىقى تۇتۇپ : «مېنىڭ ئۇ خوتەنلىك گادايىنىڭ قىزى بىلەن بىللە ماڭىدىغان پۇتۇم يوق» دەپ ئاستانىگە كېلىشكە ئۇنىماپتۇ . كىچىك خوتۇنى خەلىچە خېنىم : «قەمەرخان ئايلا نېمىلا بولسا مەندىن چوڭ، خوش ئېيتىپ چىقاي» دەپ مىرزۇل مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . قەمەرخان ئايلا ياغ داغلاۋاتقانىكەن، ئۆز كۈندىشىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قازانغا يېرىم ساپلىق سۇنى قۇيۇۋېتىپ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋاپتۇ . خەلىچە خېنىم سۇ مايىنىڭ ئاچچىق بۇسىغا چىدىيالماي، مىرزۇل مەرگەن بىلەن ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ - دە، بوسۇغا تۈۋىدە تۇرۇپلا :

«قايىنىمغان قازانلارنىڭ ھورىغا پىشتىم،
ئىندىمىگەن تورغايلارنىڭ تورىغا چۈشتۇم .»

دېگەن بېيىتنى ئېيتىپ كەينىگە يېنىپتۇ . قەمەرخان ئايلا ئارقىسىدىن چىقىپ مىرزۇل مەرگەنگە ۋارقىراپتۇ : «ھەي مىرزۇل، ھاجى ئاكاڭغا ئېيت، مېنىڭ خېتىمنى بېرىپ كەتسۇن !»
مىرزۇل مەرگەن بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، مەنمۇ شۇ سورۇندا بار ئىدىم . ئەمدى ھاجىم نېمە دەركىن دەپ تۇرسام،

www.uyghurkitap.com

قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپ : «ئۇ قېرى تۆگە خېتىنى ئالىمەن دېسە ئارقامدىن تۇرپانغا چىقسۇن» دەپ قويدى ، خالاس . لېكىن ، هازىرقى كۈندە خۇددى سىز ئۆتكەن يىلدىكى تاراتى يىغىنىدا ئېيتقاندەك ، پادىنى باشلىيالايدىغان سەركە ۋە ئۆز ئۆيۈرىنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىيالايدىغان ئايغىر بولۇشقا هاجىدىن مۇۋاپىقراق كىشى يوق دەپ ئويلايمەن .

— مەن هېلىمۇ شۇ قاراشتا ، — دېدى مەخسۇت مۇهىتى سەمىمىي بىر ئاهاڭدا ، — ئىلاهىم بۇ كىشىگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن .

## 3

خوجىنىياز هاجى مەخسۇت مۇهىتىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ، پىچان تەۋەسىگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا ، تۇرپان ، توقسۇن ۋە پىچان خەلقىنىڭ هەر ساهە ۋەكىللىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ داغدۇغىلىق قارشى ئالدى . بۇ ۋەكىللەر ئارىسىدا تۇرپانىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى ۋە تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مۇهىم يولباشچىلىرىدىن هەمدۇللا ئەئلەم دېگەن مويسىپىت كىشىمۇ بار ئىدى .

شېڭ شىسەي هاجىلارنىڭ پىچان تەۋەسىگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭ شتاب باشلىقىغا مۇنداق دېدى :

— ياخشى خەۋەر ئىكەن . ئەمدى بۇ تاغ قاپلىنىنىڭ كارامىتىنى كۆرىمىز . ئۇ ئىگىز قارلىق تاغلار ئارىسىدا بىزنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئويناتقان بىلەن بۇ تۈزلەڭلىكتە ئوۋچىسىغا ئۇچراپ قالغان توشقانغا ئوخشىشىپ قالىدۇ . مۇبادا ئۇنى ئالداپ شەهەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالساق ، قەپەسكە چۈشكەن يىرتقۇچنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدۇ تېخى . شۇنىڭ ئۈچۈن پىچاندىكى چېرىكلەرگە دەرهال تېلېگرامما بېرىڭ ، مەن يېتىپ بارغۇچە ئۇنى قاچۇرۇپ قويماي شۇ ئەتراپتا چۆرگىلىتىپ تۇرسۇن ، بىز ئەتىلا

پۈتۈن قوشۇن بىلەن پىچانغا ماڭىمىز .
بۇ كۈنلەردە ، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ما شىمىڭ قاراشەھەردە ئىدى . مەخسۇت مۇھىتى پىچانغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا ، ئۇلارنى تېزلىكتە بۇ يەرگە كېلىشكە چاقىرىپ چاپارمەن ماڭدۇرغانىدى . ئۇلار كېلىپ ، قۇمۇل ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولغۇچە ھاجىنىڭ قوشۇنى پىچاندىكى چېرىكلەر بىلەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشىپ باقتى . بىراق ، كۈچ نىسبىتى تەڭ بولمىغاچقا ، لۈكچۈن تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ، ئۇلار شۇ يەردە قاراشەھەردىن كېلىدىغان قوشۇننى كۈتۈپ تۇرماقچى ۋە ئۇلار كەلگەندە ، ئاندىن بىرلىشىپ تۇرۇپ پىچانغا ھۇجۇم قىلماقچىدى .
— گېپىمىزنى ئىلىك ئېلىپ ، بۇ يۇرتلارغىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلدىلا ، ئەمدى بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ بېرىپ ، بىر پىيالە ھاردۇق چېيى ئىچىپ ئۆتسىلە ، ھاجىم ، — دېدى كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ، ئاق يۈزلۈك ، خۇش پىچىم بىر ئادەم . بۇ لۈكچۈن ۋاڭى سايىت ۋاڭ بولۇپ ، مەخسۇت مۇھىتلار بىلەن قۇمۇلغا بىللە بارغانىدى . ئۇ يۇقىرىدىكى تەكلىپنى بېرىش بىلەن بىللە ، ئۆزىنىڭ لۈكچۈندىكى ئوردىسىدا ساقلىنىپ تۇرغان بىرئاز مىلتىق بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى .
— سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالساق قانداق بولىدۇركى؟ مەن تاغ ـ داللاردا جەڭ قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ، — دېدى ھاجى سەل ئىككىلىنىپ . بىراق ، مەخسۇت مۇھىتىمۇ سايىت ۋاڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ، قاراشەھەردىكى قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە لۈكچۈندە تۇرۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . ھاجى سېپىل ئىچىگە كىرىۋالماسلىق دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرالمىدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى ، ئەلۋەتتە .
ئۇلار لۈكچۈن شەھىرىگە كىرىپ ئىككىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە لۈكچۈن شەھىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى . شىڭ شىسەينىڭ ئاق

www.uyghurkitap.com

ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان توپچى قىسىملىرى كىچىككىنە شەھەرنى قارىغا ئېتىپ ئويىنىغاندەك ئوققا تۇتماقتا، لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ شەھەر ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئوردىسى بىلەن مەسچىت مۇنارلىرى گۇمبۇرلەپ ئۆرۈلمەكتە، ئېغىر پىلىموت ئوقلىرى سېپىل كۇنگۇرىلىرىگە مۆلدۈردەك ياغماقتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلار باش كۆتۈرەلمەي پەقەت سېپىل تۆشۈكلىرىدىنلا ئېتىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قاتتىق چىداشلىق بېرىپ دۈشمەن تەرەپنى كۆپ چىقىمدار قىلدى. بىراق، بۇ جەرياندا نى - نى يىگىتلەر جېنىدىن جۇدا بولۇپ لۇكچۇن سېپىلى قانغا بويالدى. ياشلىقىدا ئانچە - مۇنچە ئوۋچىلىق قىلىپ مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەنگەن ھەمدۇللا ئەئلەم بېشىدىكى يوغان سەللىسىنى چۇۋۇۋېتىپ، ھاجى بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ ئېتىشىۋاتقان يېرىدە پېشانىسىگە تەگكەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسى بىلەن قازا تاپتى. ئۇنىڭ ئاپئاق ساقىلىغا ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى تۇنجى باھار قۇياشىنىڭ نۇرىدا ئانار دانىلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىتلەرنىڭ ئوقدانلىرى قۇرۇپ قېلىشقا، ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن لەۋلىرى يېرىلىشقا باشلىدى. چېرىكلەر سېپىلغا شوتا قويۇپ يامىشىپ چىقىشقا كىرىشتى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشتىن باشقا زادى ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق پەيتتە، ھاجىمنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى - دە، قوشۇننى يالغاندىن شىمال دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغاندەك قىلىپ كۆرۈنۈشكە، ئەمەلىيەتتە بولسا جەنۇب دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. قوزغىلاڭچىلار چېرىكلەرنىڭ دىققىتى شىمال دەرۋازىغا بۇرالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇب تەرەپتىكى دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. بىراق، بۇ تەرەپتىمۇ دەرھال ئوق يامغۇرلىرى يېغىشقا باشلىدى. دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ چىققان مىرزۇل مەرگەن بىلەن ھاجى قول پىلىموتلىرى بىلەن مۇھاسىرىنى يېرىپ يول ئېچىپ ماڭماقتا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىققانلارمۇ بىرياقتىن ئېتىپ، بىرياقتىن قىيقاس - چۇقان بىلەن

ئىلگىرىلىمەكتە، ئىگىسىز قالغان ئاتلار چۇلۋۇرلىرىنى سۆرەپ، ھەر تەرەپكە قاچماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تورۇق ئېتى كۆكرىكىگە تەگكەن ئوقنىڭ زەربىسىدىن دومىلاپ كەتتى. ئاتنىڭ تېگىدە قالغان مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئارقا - ئارقىدىن تەگكەن ئىككى تال قوغۇشۇن دانىسى بىلەن ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن قېلىن چاڭ - توزان ئىچىدە يوغان قوي كۆزلىرى ئوچۇق قالغان پېتى ئېگەرگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى كۆرمىدى ياكى كۆرگەن بولسىمۇ ھەركىم ئۆز بېشى بىلەن بولۇپ كەتتى بولغاي، ئاخىر بۇ ئادەمنىڭ جەستىمۇ نەچچە ئونلىغان جەسەتلەر قاتارىدا ئاشۇ توپىلىق يولدا قېلىۋەردى.

شەھەرنىڭ شىمال دەرۋازىسى تەرەپتىكى ئېگىز دۆڭدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان شىڭ شىسەي قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەنۇب دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇلارنى قوغلاشقا بۇيرۇق بەردى ۋە ئۆزىمۇ شۇ تەرەپكە ئات سالدى. بىراق، قۇم بارخانلىرى بىلەن چاتقاللىقلارغا يوشۇرۇنۇپ ئۈلگۈرگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىغا دۇچ كېلىپ، نۇرغۇن چېرىكىدىن ئايرىلغاچ، قەپەستىن چىقىپ كەتكەن بۇ قاپلانلارنى بىرنېمە قىلىشقا كۆزى يەتمەي ئارقىغا ياندى ۋە مۇداپىئەسىز قالغان لۈكچۈن شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاچچىقىنى پۇقرادىن ئېلىشقا باشلىدى. كىچىككىنە لۈكچۈن شەھىرى ئوت ئىچىدە قېلىپ، كوچا - كويلار قىپقىزىل قانغا بويالدى.

شۇ ئارىدا ئېڭەكلىرى قويۇق قارا ساقال بىلەن قاپلانغان ئېگىز بويلۇق، ئورا كۆز بىر ئادەم جەنۇب دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ياتقان ئۆلۈكلەر ئارىسىدا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەستى بارلىقىنى شىڭ شىسەيگە مەلۇم قىلدى. بۇ كىشى تۇرپان شيەن يامۇل ئاشلىق سېڭنىڭ دەپتەرچىسى ئىدى. ئۇ توقۇمدەك بولۇپ كەتكەن دەپتىرىنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، لەڭ قۇيغىلى كەلگەن دېھقانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن، خەلق ئۇنى ساڭ مولىسى ياكى روزى موللا دەپ

ئاتايتتى . بۇ يەردىكى «موللا» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئەھلى ئىلمى بولغانلىقىغا ئەمەس ، خەلقنى قاقشىتىشتىكى «موللا»لىقىغا قارىتىلغان .

شىڭ شىسەي قۇمۇلدىن كېلىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، كوچا - كوچىلارغا ئارقا - ئارقىدىن بىرمۇنچە ئېلانلارنى چاپلاتقۇزغاندى . ئۇيغۇر - خەنزۇ تىللىرىدا يېزىلغان شۇ ئېلانلارنىڭ بىرىدە : «قولىغا قورال ئالغان ئوغرىلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ بەرگۈچىگە يۈز سەر ، بار يېرىنى مەلۇم قىلغۇچىغا ئەللىك سەر تەڭگە مۇكاپات بېرىلىدۇ . قورال تۇتمىغان بولسىمۇ ، ئوغرىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى مەلۇم قىلغۇچىلارغا مەلۇملىغان ھەربىر كىشىسى ئۈچۈن يىگىرمە سەردىن تەڭگە بېرىلىدۇ» دېگەن گەپلەر بار ئىدى . روزى موللا بۇ ئېلاننى ئوقۇغان ھامان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئېسىگە ئالدى . چۈنكى ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روزى موللىنىڭ ساڭغا ئاشلىق قۇيغىلى كەلگەن دېھقانلارغا قىلغان جەبىر - زۇلۇم ۋە ئىشلەتكەن ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ يۈزىگىلا :

«يولىنىڭ چېتى چاتقاللىق ،
روزى موللا ساقاللىق .
قىيامەتتە سوراق بار ،
ئەلگە قىلماڭ ئۇۋاللىق .»

دەپ قوشاق ئېيتقان ۋە ئۇنى :

«چاشقان يەيدۇ پۇرلىمەي ،
ئىسسىق - سوغنى ئىلغىماي .
چاشقاندىنمۇ يامانراق ،
موللام يەيدۇ كۆرلىمەي .»

دەپ ھەجۋىي قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ روزى موللىغا «ساڭ چاشقىنى» دېگەن لەقەممۇ قويۇلۇپ قالغانىدى. روزى موللا ئەنە شۇلارنى ئويلاپ: «مانا ئۆچ ئېلىشقىمۇ، پۇل تېپىشقىمۇ پۇرسەت كەلدى» دېدى ـ دە، قېلىن بىر پارچە خوتەن قەغىزىگە شائىر توغرۇلۇق چېقىم يېزىپ، شېڭ شىسەينىڭ تۆگچىسىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭدا شائىرنى قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم تەشكىلاتچىسى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ بىرى دەپ، ئىسپات ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە ناخشا بولۇپ تارقالغان «ئاچىل» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنىڭ تولۇق تېكىستى نەقىل قىلىنغانىدى. شېڭ شىسەي شۇ ماتېرىيالغا ئاساسەن شائىرنى قارا تىزىمدىكىلەرنىڭ بىرىنچىسىگە يېزىپ قولغا ئالدى ۋە روزى موللىغا ۋەدە قىلىنغان كۈمۈش تەڭگىلەرنى ساناپ بېرىپ، يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىم لوكچۇنگە مېڭىش ۋاقتىدىمۇ، ئۇنى يول باشلىغۇچىلار قاتارىدا بىللە ئەكەلگەنىدى. بۇ ئادەم بۇگۈنمۇ شېڭ شىسەيگە ساداقەت بىلدۈرۈپ: «تۇرپاندىكى ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ۋە خوجىنىيازنى باشلاپ چىققان ئادەم مۇشۇ» دەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدى. شېڭ شىسەي مەرھۇمنىڭ جەسىتىگە بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، «خوجىنىيازنىمۇ شۇ ھالەتتە كۆرسەم قانداق ياخشى بولاتتى» دېدى. ئاندىن سازايى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىشقا بۇيرۇق بەردى، بىر چېرىك بۇيرۇقنى دەرھال ئورۇندىدى. باشسىز جەسەتنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ موۋۇت پەلتوسى بىلەن خورۇم ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋالدى. شېرىس پەشمىتىنىڭ يانچۇقىدىن تېپىلغان ئالتۇن سائەتنى شېڭ شىسەيگە ئۇزاتتى. شېڭ شىسەي سائەتكە قاراپ: «كونا رۇس ماركىسى ئىكەن» دەپ كۈلۈپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا، قوزغىلاڭچىلارمۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شېھىت بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ھاجى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ: «ۋاي مەخسۇت، ۋاي مەخسۇت، سەن ئۆلگۈچە مەن

ئۆلسەم بولماسمىدى !» دەپ خۇددى بوتىسىدىن ئايرىلغان تۆگىدەك بوزلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۈتۈن قوشۇن قان ـ قان يىغلاپ هازا ئېچىشتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى: «ئىسىت، قېرىنداشلىرىمىز، مۇشۇ لەنەت تەگكۈر شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ پۈت ـ قولىمىزنى چۈشەپ قويمىغان بولساق، مۇنچە دىشۋارچىلىققا قالماس ئىدۇق» دەپ تاشلىدى. سايىت ۋاڭ نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بەختىگە ئاق ساقال بىر كىشى قىرائەت باشلىۋەتتى. ھاجىمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتە ـ سۈرتە توپنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ بېشىنى ئەگدى. قىرائەتنىڭ چۆللۈكنى قاپلىغان مۇڭلۇق رىتىمىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى: «تەقدىر... تەقدىر... ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

## 4

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئاسمان گۈمبىزى خۇددى كەمبەغەل مالچىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن كىگىز ئۆيىدەك بوزىرىۋالدى. ئاسمانغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز غەش بولاتتى. ھەر يىلى بۇ چاغلاردا ئاللىقاچان ئىللىق باھار باشلىنىپ كېتىدىغان شەھەر كوچىلىرىدا نېمىشقىدۇر ھېلىغىچە ئاچچىق سوغۇق شامال گۈركىرەپ، كۆڭۈلگە ئەنسىزچىلىك سالاتتى. بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە يانغىن ۋاقتىدا خارابىلىككە ئايلانغان بەزى ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن ھېلىمۇ شەيخسىز قالغان تاشلاندۇق كونا مازارغا ئوخشاش شامال ئۇچۇپ تۇراتتى. لاغايلاپ يۈرگەن تەييارتاپلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كوچا ـ كويلاردا ئادەمزات سايىسى سىرەك كۆرۈنەتتى. سودا دۇكانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاقاقلىق ئىدى. تىرىكچىلىك غېمىدە بازارغا كىرگەنلەرمۇ ئۆز ئىشىنى ھاپىلا ـ شاپىلا تۈگىتىپ كېتىشكە

ئالدىرايتتى.

چاشگاھ ۋاقتى بىلەن لوچىڭ (تۇرپان كونىشەھەر) تەرەپتىن سوزۇپ - سوزۇپ سوقۇلغان جاڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئوتتۇزدەك چېرىك قوللىرى ئارقىسىغا باغلىنىپ، پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ئون نەچچە ئادەمنى ئارىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ گەجگىسىدە يۇڭ قەلەم بىلەن «توپىلاڭچىلار زىيىۋازى»① دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، ئۈستىگە قىزىل سىياھ بىلەن «×» بەلگىسى ئۇرۇلغان ئۇزۇن تاختاي قىستۇرۇقلۇق ئىدى. ئۇلارغا سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق چېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناسۋال رەڭ پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، قاسقانلىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان شىڭ شىسەي يوغان تورۇق ئات ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئارقا - ئارقىدىن سوقۇلۇۋاتقان جاڭ ئاۋازلىرىغا تۆمۈر كىشەنلەرنىڭ شاراق - شۇرۇقلىرى قوشۇلۇپ پۈتۈن شەھەرگە ۋەھىمە سېلىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى چۆلدەرەپ تۇرغان كوچىلار بىردەمدە ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئادەملەر توپى چاڭ - توزان توزدۇرۇپ چېرىكلەرنىڭ ئىككى يېنىدا سەلدەك ئاقاتتى. ئادەتتە جاھاننى سۇ بېسىپ كەتسە ئۆردەككە ئوخشاش غېمىدە يوق يۈرىدىغان بىپەرۋا كىشىلەرمۇ بۇگۈن چەتتە قالماي توپقا قوشۇلغانىدى. نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەردىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈپ، داد - پەريادلار پەلەككە يەتمەكتە، نەچچە يۈزلىگەن قوللار گويا بىر مۆجىزە بىلەن بۇ مەھبۇسلارنى جاللات قىلىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا قادىردەك ھاۋادا پۇلاڭلىماقتا ئىدى. مەھبۇسلاردىن ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز بويلۇق، ئېگىز بولغاندىمۇ ھەرقانداق كىشىدىن ئېگىزرەك ۋە قاتاڭغۇر كەلگەن كەكە ساقال، ئورا كۆز ئادەم بولۇپ، بۇ ھەممىگە تونۇش بولغان تۆمۈر جىسا دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ يامۇلنىڭ جىساسى بولۇشغا

① زىيىۋازى — ئوغرى.

قارىماي ، ئۆمۈر بويى پۇقرالار تەرىپىدە تۇرۇپ ، بەگ ـ دارىنلار بىلەن ئېيتىشىپ ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئاتاق چىقارغان ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى . ئۇ ھېلىمۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ ئىلاج بار چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاشقا تىرىشاتتى . يەنە بىرى ، قەددى ـ قامىتى تولىمۇ كېلىشكەن ، يۇمىلاق يۈزلۈك ، چىرايلىق يىگىت بولۇپ ، ئۇنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇراتتى . ئۇ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدى . ئۇ ھەربىر قەدەمدە دېگۈدەك تۇمشۇقىنى مۈرىسىگە سۈركەپ ، ئاغزىدىكى لاتىنى چىقىرىۋېتىشكە ، ئېھتىمال بىرەر نېمىدەپ ۋارقىراشقا تىرىشاتتى .

بىر دوقمۇشقا كەلگەندە ، شېڭ شىسەي ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئەسەبىيلىك بىلەن بىرنېمىلەر دەپ ۋارقىرىدى . پۇت ـ قوللىرى ياچېپۋەكىنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان رەزگى تۈگچى بوينىنى سوزۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۆرۈدى : «ھاي خالايىق ! زىخۇي جانابلىرى مۇنداق دەيدۇ : سىلەرنى بۇ توپىلاڭچى زىيۋازىلارنىڭ قېنىدىن ئىبرەت ئالسۇن دەيدۇ ، كىمدەكىم ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ قىلسا مۇشۇ زىيۋازىلاردەك بولىدۇ ، دەيدۇ» دېدى . تۈگچىنىڭ ئاغزى بېسىلىش بىلەن تەڭلا ، شېڭ شىسەي ئاق پەلەي كىيگەن قولىنىڭ بىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاچچىق بىلەن پەسكە چۈشۈردى . بەستلىك كەلگەن ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىپ ، تۆمۈر جىسانى مۈرىسىدىن بېسىپ يەرگە يۈكۈندۈردى . ئۈچىنچى چېرىك سېپىدە شەلپەر لاتا پۇلاڭلاپ تۇرغان كەڭ قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، تۆمۈر جىسانى چاپماقچى بولدى . بىراق ، تۆمۈر جىسا ئورنىدىن دەس قوپۇپ ، خۇددى چامباشچىلاردەك ئىككى پۇتىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ ، بىر پەشۋا بىلەن ھېلىقى جاللاتنى پومزەكتەك دومىلىتىۋەتتى . خالايىق ئىچىدە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى . شۇ ئارىدا يەنە بىر جاللات ئارقا تەرەپتىن كېلىپ تۆمۈر جىسانىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرۇۋەتتى . تۆمۈر جىسا بىرنەچچە قەدەم دەلدەڭلەپ بېرىپ يىقىلدى . جاللاتلار ئۇنى نەچچە پارە قىلىۋەتتى . ئارقىدىنلا ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئاق بۆك كىيگەن چوڭ ياشلىق بىر كىشى بىلەن قىزىل يۈزلۈك بىر يىگىتنى چىپىۋەتتى . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى يەرلىك خۇيزۇلار ئىدى . يەنە بىر دوقمۇشقا كەلگەندە بەش كىشى چىپىپ تاشلاندى . شۇ يوسۇندا مۇسۇلمانلار زىچ جايلاشقان يېڭىشەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا كەلگۈچە يەنە بىرنەچچە ئادەم جىنىدىن جۇدا قىلىنىپ ، يالغۇز شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلا قالدى . ئۇ ئاغزىدىكى لاتىنى بىر ئىلاج قىلىپ تۈكۈرۈپ تاشلىدى ـ دە ، شېڭ شىسەيگە قاراپ خەنزۇ تىلىدا ۋارقىرىدى :

— ھەي ئىستىبداتنىڭ ھامىيسى بولغان يالماۋۇز جاللات ! ئىنقىلاب يالقۇنىنى سەن قان بىلەن ئۆچۈرەلمەيسەن . تەڭلىك ، ئازادلىق يولىدا تۆكۈلگەن بۇ قۇتلۇق قانلار دېڭىزىدا چوقۇم ھالاك بولىسەن ، چوقۇم ! يوقالسۇن ئىستىبدات !

— چاپ !— ۋارقىرىدى شېڭ شىسەي .

بىرىنچى قىلىچ شائىرنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە تەگدى .

— ياشىسۇن ئازادلىق !

ئىككىنچى قىلىچ سول قۇلاقنى كېسىپ بىرىپ ، گەجگىسىگە توختىدى .

— ياشى...سۇن... ئىنقىلاب !... خوش ، قېرىنداشلار !...

ئۈچىنچى قىلىچ بىلەن شائىرنىڭ باشسىز قالغان گەۋدىسى يوغان تېرەككە يۆلىنىپ قالدى .

توۋا ، ئادەم دېگەننىڭ قېنى شۇنداقمۇ جىق ، شۇنداقمۇ قىزىل بولىدىكەن ، خۇددى تاغ باغرىدا ئېچىلغان لالىنىڭ ئۆزى . ئېگىز پەشتاقلىق مەسچىت بىلەن ھەيۋەتلىك بۇتخانا[1] ئارىلىقىدىكى مەيدان گويا بوران سوقۇۋەتكەن گۈلشەندىكى قىزىلگۈل چېچەكلىرى بىلەن قاپلانغاندەك بولۇپ كەتتى . مەيدان ئەتراپىغا توپلانغان قېرىلار تۇرماق ، ياش يىگىتلەر ، خوتۇن ـ قىزلار ۋە ئۇششاق بالىلارنىڭمۇ كۆزلىرى يىغىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، شېڭ شىسەي ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ

① تۇرپان يېڭىشەھەر بازىرىدىكى بۇتخانا .

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇمچى تەرەپكە ئالدىراش مېڭىپ كەتتى. چۈنكى، شائىرنى قەتل قىلىشتىن تۆت سائەت بۇرۇن جىن شۇرېننىڭ ئۆزىدىن: «دەرھال ئۇرۇمچىگە قايتىــــڭ» دېگەن مەزمۇندا جىـــــددىي تېلېگرامما كەلگەنىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ھاجى بىـــلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرپاننــى ساقلاپ قالغان چېرىكلەرمۇ ئۇرۇمچى تەرەپكە قېچىشتى. تۇرپان شەھىرى يەنە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

— مىرزۇل، — دېدى ھاجى تۇرپانغا كېلىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، — سەن بۇگۈنلا بىرنەچچە ئادەم بىلەن لۈكچۈنگە ماڭ. شېھىتلەرنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ باشقىدىن يەرلىككە قويۇڭلار. مەرھۇم مەخسۇتباينىڭ جەســـتـــنـــى، ھەي - ي - ي، تونۇيالۇرسەنمۇ؟ ھە توختاپتۇر، ئىچىگە يوللۇق شايى كۆڭلەك كىيىۋالغان تۇرغان، شۇنىڭغا قاراپ جەسەتنى تاپقاندىن كېيىن ئاستانىگە يۆتكەپ كەل. بېشىنى بىر ئىلاج قىلىپ تاپۇرمىز. مەرھۇم ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردە ياتسۇن.

سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن نېپىز ئاق كــــگــــز قالپاق كىيىۋالغان، شالاڭ قوڭۇر ساقاللىق، گەۋدىلىك بــــر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ماقۇل كۆرسىلە، لۈكچۈنگە مەنمۇ باراي» دېدى. ئۇنىڭ ئەستەرلىك قارا چىبەرقۇت پەشمەت ئۈستىــدىن مەھكەم باغلىۋالغان كەڭ تاسما پوتىسى ۋە ئوڭ يېڭىدىكى ماۋزىرى بىلەن سول يېڭىدىكى ئۇزۇن رۇس قىلىچى ئۇنى ئالايــتــەنلا ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن سالاپەتلىك چىرايىدا خۇددى كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە بىلەن ئەڭ يېقىن كىشىسىدىن جۇدا بولۇپ، چوڭقۇر غەم - قايغۇغا چۆمگەن كىشىنىڭ چىرايىدىكىدەك ئاچچىق ھەسرەت ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھاجى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىقىنىنى ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسىگە قويدى - دە، خۇددى تەسەللى بېرىۋاتقاندەك يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن: «بوپتۇ، ئۇكام، ئۆزلە بارسىلا تېخىمۇ ئوبدان بولغۇدەك» دېدى. بۇ كىشى

مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى ئىدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ، مەھمۇت مۇھىتى ئوغلاقچىسى مەنسۇر باشلىق بەش يىگىتنى ئېلىپ ، مىرۇل مەرگەن بىلەن لۇكچۇنگە يۈرۈپ كەتتى . ئەتىسى ، ھاجى شۇ كۈنكى پېشىن نامىزىنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىنغان مەيداندىكى مەسچىتتە ئوقۇدى . بۇ مەسچىت بىنا بولغاندىن بۇيان ، ھەتتا جۇمە ۋە ھېيت نامازلىرىغىمۇ بۇگۈنكىدەك كۆپ ئادەم يىغىلىپ باقمىغانىدى . ئۇلارنىڭ تولىسى ھاجىنىڭ يۈزىنى ۋە بۇ يەردە بولىدىغان ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرۈشكە قىزىقىپ كەلگەنىدى . دەرۋەقە ، نامازدىن كېيىن يۇرت چوڭلىرى بىللە بىللە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بۇتخانىنىڭ پەلەمپىيىدىن ئورۇن ئالغان ھاجىغا نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەر تىكىلىپ پىچىرلاشلار باشلاندى :
— تازىمۇ سالاپەتلىك ئادەم ئىكەن .
— ساقىلىغا قارىغىنا ، چېچىلىپ تۇرىدىكەن .
— بويى ئانچە ئېگىز ئەمەسكەنغۇ .
— كۆزىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىكەن .
— تازا ئاچچىقى كەلگەن ئوخشايدۇ . قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان قولىغا قارىغىنا ، تومۇرلىرى كۆپچۈپ كېتىپتۇ .
شۇ ئارىدا ھاجى ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى :
— قېنى ئۇ لومودى ؟
يىگىتلەر چەمبەرچاس باغلانغان روزى موللىنى دۆشكەلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىشتى . روزى موللا خۇددى كەلكۈن ئېقىتىپ كېلىپ قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن ئىتتەك لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى .
— بۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى ھاجى يانچۇقىدىن بىر پارچە خوتەن قەغىزىنى چىقىرىپ . روزى موللا قەغەزنى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ تىترەپ ئۆرە تۇرالماي قالدى . يىگىتلەر ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋېلىشتى .
— بۇنى خالايىققا ئۆزۈڭ ئوقۇپ بەر ! — دېدى ھاجى ھېلىقى قەغەزنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ . ئۇ روزى موللىنىڭ شائىر

ئابدۇخالىق ئۇستىدىن شىلىڭ شىسىيگە يازغان چىقىم قەغىزى بولۇپ، ئاخشام يىگىتلەر بۇنى شىلىڭ شىسىنىڭ شىتابىدىكى تاشلاندۇق قەغەزلەر ئارىسىدىن تېپىۋالغانىدى. روزى موللا خەت ئوقۇش تۇرماق، كۆزى ئوچۇق ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغانىدى.

— ئوقۇسىلا، ئاخۇنۇم، ئۇنلۇك ئوقۇسىلا، — دېدى ھاجى ھېلىقى قەغەزنى يېنىدا تۇرغان سەللىلىك كىشىگە ئۇزىتىپ.

خەت ئوقۇلۇپ تۈگەر - تۈگىمەي، خەلق توپى دېڭىزدەك چايقىلىپ، تۈگۈلگەن مۇشتلار ھاۋادا پۇلاڭلاپ، غەزەپ - نەپرەت سادالىرى گۈلدۈرماممىدەك ياڭراپ كەتتى.

— بۇ مەلئۇننى نېمە قىلىش كېرەك؟! — دېدى ھاجى ۋارقىراپ.

— چالما - كېسەك قىلىمىز!

— كۆزىنى ئويۇپ، تىلىنى كېسىمىز!

— تېنىنى پارچە - پارچە قىلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز!

روزى موللا زوۋانغا كېلىپ ھاجىنىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

— ھاجىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن ئۆتسىلە، مەن توۋا قىلدىم.

— ياق، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرگەن ساڭا ئوخشاش خائىنلارنى تىرىك قويماق ئەل - يۇرتنى دوزاخقا سالماق بولىدۇ. ساڭا بىر تال ئوقمۇ زايا، — دېدى ھاجى، ئاندىن يىگىتلەرگە قاراپ، — قېنى سەن ھوشۇر، بۇ لومودىنىڭ ئاگال تىلىنى كەس، ئاندىن كۆزىنى ئوي، ئاندىن... — دېدى. ھاجىنىڭ گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا ھوشۇر كانتۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، قونچىدىن پىچىقىنى چىقاردى. قاسىم ئەپەندى ھوشۇر كانتۇنى توسۇۋېلىپ، ھاجىغا پەس ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ھاجى ئاكا! بۇ مەلئۇننى ھەر نېمە قىلساق ئاز. ئەمما، ئۆزلە دېگەن ئەلنىڭ بېشى. ئەل بېشىنىڭ ھەربىر قىلغان ئىشى باشقىلارغا ئەنداز بولۇپ قالىدۇ. كېيىنكىلەر بۇ ئىشنى دوراپ يۈرمىسۇن يەنە.



www.uygurkitap.com

سالى دورغىمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى .

— ئەمىسە ، نېمە قىل دەيسىلەر مېنى ؟ !— دېدى ھاجى ئاچچىق بىلەن .

— بۇنى قىلىچ ياكى مىلتىق بىلەن جەھەننەمگە ئۇزاتساقمۇ بولۇر ، — دېدى سالى دورغا مۇلايىملىق بىلەن .

ھاجى سەل ئويلىنىۋېلىپ :

— ئەمىسە ئۆز قولۇم بىلەن ئاتىمەن ، نېرى تۇرۇڭلار ، — دېدى . خەلق توپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ يول بوشاتتى . روزى موللا چوشقىدەك چىرقىراپ ، ئارقىسىغا شوخشۇغان پېتى ھېلىقى كۇنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يىقىلىپ قالغان تېرەككە يۆلىنىپ قالدى . ھاجى قولىدىكى ماۋزېرنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى . ئادەملەر توپى قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنى دەسسەپ - چەيلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى .

مەھمۇت مۇھىتىلار لۈكچۈندىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ باشسىز جەسىتىنى ئاستانىگە يۆتكەپ كەلگۈچە ، مەرھۇمنىڭ سىپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلغان بېشىمۇ تېپىلغانىدى . ھاجى بۇ باش بىلەن تەننى بىر قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويدى . دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ يۇرتىدا توقسان يەتتە شېھىتنىڭ روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈلدى . ئاندىن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن قوشۇننى رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . قوشۇن يېڭىدىن قوشۇلغان يېزا ياشلىرى ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ھېسابىغا كۈنسايىن تولۇقلىنىپ ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە چوڭ - كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىلدى ۋە ئۇلارغا باشلىقلار تەيىنلەندى . پۈتۈن قوشۇنغا مەھمۇت مۇھىتى سىجاڭ ، سالى دورغا بىلەن پازىل دورغىلار لۇيجاڭ بولدى . تۇرپان - پىچان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بەزى باشلىقلىرى ئۆز قىسىملىرى بويىچە تۇەنجاڭلىققا تەيىنلەندى . جۈملىدىن ، توختىياز زور بىلەن ھەببۇل ئوۋچى لىيەنجاڭلار قاتارىغا ، ئوغلاقچى مەنسۇر بىلەن ھوشۇر كانتۇ ۋە غۇلجىلىق ھېيتەم پەيجاڭلار قاتارىغا ئۆتتى .

بىراق ، قوشۇن تەركىبىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئادەتتىكى پۇقراچە كىيىم ۋە ھەر كىم ئۆزى تاپقان ئات ـ ئۇلاغ بىلەن بولۇپ ، قورال ـ ياراغ جەھەتتە قول پىلىموتى ۋە بەشئاتاردىن تارتىپ ، قارا مىلتىق ، ھەتتا قىلىچ ـ نەيزىلەر بولغاچقا ، ئۇلار پارتىزان ئەترەتلىرىگە ئوخشىشاتتى .

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۈرۈمچى يولىغا قويۇلغان ئالدىنقى قاراۋۇلدىكى يىگىتلەر تۇرپان تەرەپكە كېلىۋاتقان بەش ئاتلىق چېرىكنىڭ ئالدىنى توستى . ئۇلاردىن بىرىنىڭ قولىدا تۇمارچە شەكىلدىكى ئاق بايراق بار ئىدى . چېرىكلەر دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قوراللىرىنى يەرگە قويۇشتى . ئورۇقراق كەلگەن ئېگىز بويلۇق بىر چېرىك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن خوجىنىياز ھاجىمغا مۇھىم خەت ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى . يىگىتلەر چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنى ھاجىنىڭ شتابىغا ئەكېلىشتى .

بۇ كۈنى قوزغىلاڭ باشلىقلىرى شتابقا توپلىنىپ ، كەلگۈسى ئىشلار توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . بۇ كېڭەشكە بۇرۇنقى باشلىقلاردىن تاشقىرى ، يېڭى تەيىنلەنگەن تۇەنجاڭدىن يۇقىرى كىشىلەرمۇ قاتناشقانىدى . چېرىكلەرنى باشلاپ كەلگەن يىگىتلەر ئۇلارنى ھويلىدا مىرۇل مەرگەنگە تاپشۇردى . مىرۇل مەرگەن ھېلىقى ئېگىز بويلۇق چېرىكتىن گەپ سوراپ ئەھۋالنى ئۇقتى . ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەلۇم بولدىكى ، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇ ۋە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شتاب باشلىقىنى ھاجىمغا مەخسۇس خەت ۋە سوۋغاتلار بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ . بۇ چېرىكنىڭ ئۆزى بولسا شۇ ئەلچىگە تۇڭچى بولۇپ كەپتۇ .

— ئەلچى مۇشۇ كىشى بولىدۇ ، — دېدى تۇڭچى ماش رەڭ پەلتو كىيگەن كۆزەينەكلىك چېرىكنى كۆرسىتىپ .

مىرۇل مەرگەن سالقىنغىنا كۈلۈپ قويۇپ : «تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دېدى ـ دە ، كېڭەش بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى .



www.uyghurkitap.com

ھاجى ئەھۋالنى ئۇقۇپ : «ياق ، مەن ئۇ لومودىنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى . بىراق ، مەھمۇت مۇھىتى ، سالى دورغا ۋە قاسىم ئەپەندىلەرنىڭ سالا - سۇلھىسى بىلەن ئاخىر ئەلچىنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولدى .

ئەلچى ئۆزىنىڭ تۆگچىسى بىلەن ھاجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرگەچ ، قارا خۇرۇم سومكىسىدىن يوغان بىر لېپاپنى چىقىرىپ ھاجىغا سۇندى ۋە ئۆزى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر ياغاچ ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى .

ھاجى قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى . «زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قەھرىمان سەردارى خوجىنىياز ھاجىم كەرەملىرىگە !» دەپ باشلانغان بۇ خەت ئوبدان پەتلەنگەن خوتەن قەغىزىگە ئۇيغۇر كاتىپنىڭ قومۇش قەلىمى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئوچۇق قىلىپ خەتنى پارسىي شەكلىدە يېزىلغانىدى . ھاجى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ : «بۇ لومودىنىڭ گەپلىرىنى قارىمامدىغان ، ئۇنىڭ يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمدىنىمۇ قېلىن ئىكەن . ئۇنلۇك ئوقۇسىلا ، ھەممەيلەن ئاڭلىغاي» دەپ مەھمۇت مۇھىتىغا ئۇزاتتى .

خەتنىڭ ئاساسىي قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى : «ھاسىلكالام ، ھاجىم جانابلىرىنىڭ جەبىر - زۇلۇم چەككەن پۇقراغا باش بولۇپ ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلىشى ھەق ئىش ئىدى . بۇنىڭ بائىزى شۇلدۇركى ، ئۇل ھۆكۈمەت زۇلۇم - جاھالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان باتىل ھۆكۈمەت ئىدى . كەمىنىلىرىگە كەلسەك ، جانابىي ھاجىم بىلەن جەڭ قىلماقلىق مېنىڭ خاھىشىم ئەمەس ھەمدە بۇنىڭغا ھەددىم يوق ئىدى . ئەمما لېكىن ، ئۆزۈم ۋەزىپە كىشىسى ، خۇسۇسەن ھەربىي ئادەم بولغانلىقىم ۋەجىدىن ئەمر - پەرمانغا ئىتائەت قىلماسلىققا ئىلاجىم بولمىدى . ئەلھال خەيرلىك پۇرسەت تېپىپ ، بۇل زالىم ھۆكۈمەتنى ئۆرۈپ تاشلاپ ، پۇقراپەرۋەر ، ئادىل - ئادالەتلىك

هەمدە مىللەتلەر ئارا هۆرىيەت ۋە يەنە باراۋەرلىكنى ئەمەلگە قويادۇرغان يېڭى هۆكۈمەت تەسىس قىلدىم . جانابىي هاجىمنىڭمۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى شۇل ئىدىكىم ، ئەمدى ئىككىمىز ئارىسىدا قان تۆكۈلۈشكە هېچبىر ۋەج ـ سەۋەب قالمىدى . جانابلىرى ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلەر ، شىنجاڭ سىڭنى ئىككىمىز بىرلىكتە سورىغايمىز . مېنىڭ بۇل تەكلىپىمگە رازىمەنلىك بىلدۈرسىلەر ، جانابلىرىنىڭ هۇزۇرلىرىغا هەربىي ـ مۈلكىي ئەمەلدارلار ۋە هەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىدىن تاللاپ مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىبەرتىمەن . هەر نېچۈك شەرت ۋە مەتلۇپلىرى بولسا ، شۇل چاغدا ئوتتۇرىغا قويغايلا ، هازىرەنلىككە لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئازراق سوۋغات ئىبەردىم ، ئىلتىپاتلىرىنى دەرىغ تۇتماي مەقبۇل كۆرۈرلەر . »

خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن ئۆينىڭ ئىچىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ كەتتى .

— هەي يالغانچى كاززاپ ، هاجىم بىلەن جەڭ قىلغۇسى يوق ئىكەنمىش تېخى !

— پۇقراپەرۋەر بولۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان ، قومۇل خەلقىگە قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن ؟ !

— تۇرپاننى قانغا بويىغان كىم ؟

— شۇنى دېمەمدىغان ، شېهىتلەرنىڭ قېنى تېخى سوۋۇمىدى !

— مەخسۇتباينىڭ بېشىنى كېسىپ قوۋۇقتا ئاسقان كىم ؟

— تۆمۈر جىسا بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاپقان كىم ؟

— تۇنۇگۇنكى بۆرە بۈگۈن بىر دومىلىنىپلا تۈلكە بولۇۋاپتۇ .

— تۈلكىنىڭ هارامزادىلىكى بۆرىنىڭ قانخورلۇقىدىنمۇ يامان .

— ئۇ ئىگىسىنى ئالدىغان قۇش ئىكەنغۇ ، تۇز بەرگەن غوجىسىغا گويا قىلمىغان نېمىزە بىزگە گويا قىلامدۇ !

— يېڭى هۆكۈمەت ، ئادىل ـ ئادالەت ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئىمىش تېخى !

— شىنجاڭ سىڭنى ھاجىم بىلەن بىرلىكتە سورىغۇدەكمىش تېخى، خى - خى - خى.

تۇگچى بۇ گەپلەرنى ئەلچىگە ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ھاجى بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرغان ئەلچى بەزگەكتەك تىترەپ ئولتۇراتتى.

شۇ ئارىدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۆز بەستىگە يارىشا ھەيۋەتلىك بوم ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھاجى ئاكا، بۇ مەلئۇننىڭ يېڭى ھۆكۈمەت قۇردۇق دېگىنى نېمە گەپ، ئاڭلاپ باقساقمىكىن؟

— بولىدۇ، — دېدى ھاجى، ئاندىن تۇگچىغا قاراپ، — ئاۋۇ بىرنېمەڭگە ئېيت، سىجاڭنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرسۇن، — دېدى.

ئەلچى سەل ئېسىگە كېلىپ ئاستا سۆزگە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خوجىنىياز ھاجىلار قۇمۇلدىن تۇرپان تەرەپكە كېلىپ، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى قوزغىلاڭ بورانلىرى شىددەت بىلەن سوقۇشقا باشلىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى تىنچسىزلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان. شۇڭا، جىن شۇرېن ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەينى پۈتۈن قوشۇنى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بىراق، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى جاڭ شىڭ، چېڭ دېلى، چېن جۇڭ، تاۋ مىنيۆ قاتارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلار بۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرغاندىلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش مۇمكىن، دېگەن ئوي بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان ۋە ئۆزىنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ بولمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىكى ئاق ئورۇسلارنىڭ چوڭلىرىغا: «جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ياردەم بەرسەڭلار، سىلەرنى بىرمۇنچە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىمىز» دەپ مۇراجىئەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككى

يۈزدەك ئاق ئورۇس ئەسكىرى دەرھال ئاتلىنىپ ، جىن شۇرېننىڭ يامۇلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىغان . جىن شۇرېن بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەر سىرتىدىكى قىزىلتاغقا قېچىپ چىققان ۋە ئۇرۇمچىنىڭ غەربىي تەرىپىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان چېرىكلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن . شەھەردىكى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي قېچىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپ قالغان . بۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي گۇچۇڭ تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپكە قارشى مۇداپىئەدە ئىدى . ئۇ سىياسىي ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، جىن شۇرېننى قوغداش ئۈچۈن دەرھال ئۇرۇمچىگە كېلىپ ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىغا جايلاشقان ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارنى بېسىقتۇرماقچى بولغان . دەل شۇ چاغدا ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن جاڭ شىڭ ، چېڭ دىلى ، چېن جۇڭ قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا بېرىپ : «جىن شۇرېننى قوغلاپ تاشلاشقا ياردەم بەرسىڭىز ، سىزنى شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى قىلىمىز » دەپ ۋەدە بەرگەن . شېڭ شىسەي مۇنداق تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ماقۇل بولغان ، بىراق ئۇنىڭ قولىدىكى چېرىكلەر ئەسلىدە جىن شۇرېننىڭ چېرىكلىرى بولغاچقا ، ئۇلارغا ئانچە ئىشىنەلمەي سەل ئىككىلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ بەختىگە 1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلەرگە قىلغان تاجاۋۇزىدىن كېيىن سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ ، بۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ باشلىقى بىلەن شېڭ شىسەي بىر يۇرتلۇق بولغاچقا ، ئۇ شۇ كىشىدىن بىر قىسىم چېرىك سورىۋېلىپ دەرھال ھەرىكەت باشلىغان . نەتىجىدە ، جىن شۇرېننىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان چېرىكلىرى مەغلۇپ بولغان . جىن شۇرېن چۆچەككە قېچىپ بېرىپ ، سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق تيەنجىنگە كەتكەن .

شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ بىر يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇ ئىش «ئون ئىككىنچى ئاپرېل» ئۆزگىرىشى دەپ ئاتىلىپ قالغان. سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار ئۆز ۋەدىسى بويىچە، شېڭ شىسەيىنى دۇبەن، سابىق مائارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلغان.

— دۇبەن دېگىنىڭ نېمىسى، بايا ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى دېگەن گەپنى قىلىۋىدىڭغۇ؟— سورىدى مەھمۇت مۇھىتى.

— ھە راست، بۇنىڭغا ئىزاھات بەرمەپتىمەن، — دەپ داۋام قىلدى ئەلچى، — ئۇلار سىز ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇڭ دېگەندە، شېڭ زىخۇي جانابلىرى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىدە ھوقۇقنىڭ چېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بولسام دۇبەن بولىمەن، بولمىسا بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماي ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىمەن، دەپ تېرە تاراقلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شېڭ زىخۇينىڭ دۇبەن بولۇشىغا ماقۇل كەلدى. دۇبەن دېگەن مەنسەپ مەنچىڭ خانلىقى زامانىسىدىن قالغان. دۇبەن بولغان كىشى ئۆزى تۇرغان زېمىندىكى ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلار بويىچە ئەڭ ئالىي ھوقۇقدار بولىدۇ.

شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى: «بۇ ھارامزادىنى قارا، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا ئەجەب ئۇستا ئىكەن، ئۆزى نەلىك نېمە؟ نەدە ئوقۇپتىكەن؟» دېدى.

— دۇبەن جانابلىرى، — دېدى ئەلچى، — ئەسلىي شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن بولۇپ، دەسلەپتە قېيناتىسىنىڭ، كېيىن جياڭ ۋېيپۇەنجاڭنىڭ[1] ياردىمى بىلەن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇغان.

— ھارامزادىلىكنى شۇ يەردە ئۆگىنىپتىكەن ـ دە.

— ......

① جياڭ جيېشىنى دېمەكچى.

— ئاندىنچۇ ؟

— ئاندىن كېيىن جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ بەلگىلىشى بىلەن نەنجىڭدە ھەربىي خىزمەتتە بولغان . جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن دۇبەن جانابلىرىنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ خىزمەتكە قويغان ، قۇمۇل قوزغىلىڭى بولغاندا زىخۇي قىلىپ ئەۋەتكەن . ئاندىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىلىرىگە مەلۇم .

«ئاندىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىلىرىگە مەلۇم» دېگەن گەپ سورۇندىكىلەرنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ ، سان - ساناقسىز ئاچچىق خاتىرىلەرنى — كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر ، ئىس - تۈتەك باسقان مەھەللىلەر ، كېسىلىۋاتقان باشلار ، دەريا - دەريا ئاققان قانلارنى يادىغا سالدى بولغاي ، ئۆينىڭ ئىچى غەلىتە بىر خىل سۈكۈناتقا چۆمدى . ئەلچى بۇ سۈكۈتنى ماقۇللۇق ئالامىتى دەپ چۈشەندى چېغى ، بىرئاز جانلىنىپ يەنە گەپكە كىرىشتى :

— دۇبەن جانابلىرى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە قويۇش ئۈچۈن ، — دېدى ئۇ ، — ئۇيغۇرلاردىن قۇمۇل ۋاڭى نەزەرنى ، تاتارلاردىن خۇسەيىنباي چانىشېف ، ئۆزبېكلەردىن مەنسۇرجانباي ، قازاق مۆتىۋەرلىرىدىن بايمۇللا دېگەن كىشىنى ، خۇيزۇلاردىن ما خۇڭشياڭ بىلەن ماگوجۇننى ، موڭغۇل چوڭلىرىدىن دامدىن چادنى ، شىبە مۆتىۋەرلىرىدىن تۇڭباۋ بىلەن گۇاڭلۇنى بىرقانچە خەنزۇ مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى تەركىبىگە كىرگۈزدى . دۇبەن جانابلىرى يەنە…

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ، ھاجى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ كايىشقا باشلىدى .

— نىمە دەۋاتىسەن ھەي لومودى ، ھۇ… سېنىڭ شۇ دۇبىنىڭنى ، ئۇنىڭ كالا هارۋىسىدا توشقان تۇتماقچى بولغىنىنى كىم بىلمەيدۇ . ياڭ جاڭجۇڭ دېگەن قېرى تۈلكىمۇ رەھمەتلىك تۆمۈر ئاكام بىلەن مۆيدىن خەلپىگە يىڭجاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەن . دۈشمەننىڭ شېرىن - سۇخەنلىرىگە ئالدىنىش تۆمۈر ئاكام بىلەن

كەتسۇن . سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كىرىپ قاپقانغا دەسسەيدىغان خوجىنىياز تېخى تۇرەلمىدى . ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېمەيدىغان بولسام ، بېشىڭنى ئۈزۈپ قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ قويۇر ئىدىم . ماڭ ، كۆزۈمدىن يوقال ، دۇبەن دېگەن لومودىغا بېرىپ ئېيت ، ئۇنى ئاپىسى ئوغۇل دەپ تۇغقان بولسا ، خوتۇن كىشىدەك يۈزىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرۇپ ، قاش ـ كۆزىنى ئويناتماي ، جەڭ مەيدانىغا چىقسۇن . مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خۇنىنى تۆلىسۇن . مەن قىساس ئالماي توختىمايمەن !

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى . ئەلچى ئۆزىنىڭ تۆگىسى بىلەن ئۆيدىن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . سوۋغاتلارمۇ قوبۇل قىلىنمىدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن هاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قۇمۇل ـ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ، شىڭ شىسەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى . ما شىمىڭ هاجىلاردىن ئاللىقاچان بۆلۈنۈپ كېتىپ ، ئۆز ئالدىغا هەرىكەت قىلىۋاتاتتى .

ئۈچ ـ ئۈچتىن بولۇپ ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇننى شەهەر دەرۋازىسىدىن خېلى يەرگىچە مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان خەلق توپى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ، ئۇنلۈك دۇئا ـ تەكبىرلەر بىلەن ئۇزاتماقتا ئىدى . ئاق چاچلىق موماي‌لار بۇدرۇق بوۋاقلارنىڭ مەڭزىدەك قىزارغان نان ـ توقاچلار بىلەن خالتا ـ خالتا تالقان ۋە يېشىل ياقۇتتەك پارقىراپ تۇرغان قۇرۇق ئۈزۈم ، هەتتا ئالاهىدە پىشۇرۇپ سوۋۇتۇپ قويۇلغان سېمىز پاقلان گۆشلىرىنى ؛ قىز ـ جۇۋانلار بولسا كەشتىلەنگەن قولياغلىقلىرى بىلەن گۈللۈك تۇرپان دوپپىلىرىنى يىگىتلەرگە يوللۇق تۇتاتتى . ئوق خالتىلىرىنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ، ئۇزۇن ـ قىسقا چاپانلىرى ئۈستىدىن قارا پوتا ياكى تاسما بەلباغ بىلەن بەللىرىنى مەهكەم باغلاپ ، قىلىچ ـ

مىلتىقلىرىنى ئەپلىك قىلىپ ئېسىۋالغان يىگىتلەر خۇددى توي مەرىكىسىگە كېتىۋاتقاندەك ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. بىراق، يىگىتلەر ئارىسىدا قاش ـ قاپىقى سىيلىنىپ، رەڭگىروپى خۇددى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، خاپا كېتىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنداقلارنىڭ بىرى يەمشىلىك سەيپۇل دېگەن ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ ھوشۇر كانتۇ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتاتتى.

— تازىمۇ چىدىماس نېمىسكەنسەن، ئۆيۈڭدىن ئايرىلغۇڭ كەلمىسە، ماڭ ھازىرلا كەت، — دېدى ھوشۇر كانتۇ ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ.

— ياق، ھوشۇر ئاكا، — دېدى سەيپۇل، — گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، مېنىڭ دەردىم باشقا.

— قېنى ئېيتقىنا، نېمە دەردىڭ بار ئەمىسە؟

سەيپۇل مۈرىسىدىن مىلتىقنى ئېلىپ، ھوشۇر كانتۇغا كۆرسەتتى. بۇ قارا مىلتىق ئىدى.

— قاراڭا، ئاكا، بۇ كۆسەي بىلەن نېمە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنچە دەپمۇ سىلەردىن بىر تال بەشئاتار ئالالمىدىم، — دېدى سەيپۇل كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، قارا مىلتىقمۇ مىلتىق. بەزىلەرنىڭ قارا مىلتىقىمۇ يوق، ئۆزى سوقۇۋالغان قىلىچ بىلەن كېتىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزچۇ··· قارا، دەسلەپتە تاياق ـ توقماق بىلەن ئىش باشلىغان. تەلىيىڭ بولسا بىرىنچى جەڭدىلا بەشئاتارغا تېگىشىۋالارسەن. يېشىڭنى سۈرت! ئوغۇل بالىمۇ يىغلامدۇ، — دەپ كۈلدى ھوشۇر كانتۇ يىگىتنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ.

سەيپۇل قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ مۇلايىم كۈلۈپ قويدى.

قوشۇن ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، پىچاننىڭ شىمالىدىكى كۆكيار ئېغىزى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي

ئېتىكىگە ئۆتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئېغىر كېلىۋاتقان چاپان - چاربىلار تېخىچە شالاڭ قار پارچىلىرى ئاستىدا ياتقان بۇ شىمال دالاسىنىڭ مۇزدەك باھار شامىلىغا دالدا بولالماي قېلىۋاتاتتى. تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن خۇددى قىش كۈنلىرىدەك ئاپئاق قويۇق ھور پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى. قوشۇن چۇشكۈن قىلغان يەرلەردە يىگىتلەر گۈلخان ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن يول ھاردۇقىنى چىقىرىشاتتى.

بىر ئاخشىمى، ھوشۇر كانتۇ يۇلغۇندىن راسلانغان زىخقا كاۋاپ ئۈچۈن توغرالغان گۆش پارچىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، مىرۇل مەرگەنگە گەپ تاشلىدى:

— لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ دەپ، ئۆزلە راستتىنلا ئېيىقتا ئوخشىشىدىغان ئادەم جۇمۇ، سەۋزىنىڭ بېشىغا تۇرماي كۆكىگە تۇرىدىكەنلا. ئۆزلەگە بەرگەن يىڭجاڭلىقنى ماڭا بەرسە بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتۇر ئىدىم.

— مېنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشۇم ئېيىقتا ئوخشىغان بىلەن ئىچىم ئېرىق[①]، — دېدى مىرۇل مەرگەن بىپەرۋا كۈلۈپ، — دادام ماڭا ھاجىمنىڭ يېنىدىن بىر غېرىچمۇ داجىماي خىزمىتىنى قىل دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ھېلىغۇ يىڭجاڭلىق ئىكەن، تۇەنجاڭلىقنى بەرسىمۇ ھاجى ئاكامنىڭ يېنىدىن كەتمەيمەن. بولمىسا ساڭا ئوخشاش كانتۇلار ھاجى ئاكامنى ئوغرىلاپ كەتمەمدۇ!

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈۋەتتى. ھوشۇر كانتۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچى ئاغزىنى رۇسلاپ تۇرغاندا، يېقىنلا يەردىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرالدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھېيتەمنىڭ چارلىغۇچى يىگىتلىرى ئاتلىرىنى يورغىلاتقان پېتى گۈلخان تۇۋىگە كېلىپ توختىدى.

---

① ئېرىق — پاكىز، تازا، پاك (قۇمۇل شېۋىسى).

— مىرۇل ئاكام بۇ يەردىمۇ؟— سورىدى ھېيتەم .

— ھەئە ، مانا مەن ، — دېدى مىرۇل مەرگەن ئورنىدىن دەس قوپۇپ .

— چوڭلارغا مەلۇم قىلسىلا ، بىز يېتىپ كەلدۇق .

مىرۇل مەرگەن باشقىلارنى قالدۇرۇپ ، يالغۇز ھېيتەمنى ئۇن قەدەم نېرىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان چېدىر تەرەپكە باشلاپ ماڭدى . بۇ چېدىردا ھاجى ئۆز سەپداشلىرى بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى . ھېيتەم خېلى يىراقلارغىچە چارلاپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ : «يۇقىرالاردىن ئۇقۇشۇمچە ، بۇ ئەتراپتىكى چېرىكلەر بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ ، مورىغا قېچىپ كېتىپتۇ . بۇ يەر بىلەن مورىنىڭ ئارىلىقى ئاتلىق ئادەمگە ئىككى كۈنلۈك يول ئىكەن» دېدى . ھاجى ھەمراھلىرىغا قاراپ : «خۇدا بۇيرۇسا ، ئىشنى مورىدىن باشلىساق بولغۇدەك» دەپ قويدى . بىراق ، ھاجىلارمۇ مورىغا يېتىپ بارغۇچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر شۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردىكى ، بۇنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى . كېيىن بەزى تارىخچىلار بۇ كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ : «تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى . بۇ شۇنداقمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟ ھۆرمەتلىك كىتابخانلار كېيىنكى بابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بىرنېمە دەر .



www.uyghurkitap.com

ئون سەككىزىنچى باب

# كۆتۈلمىگەن ئاقىۋەت

*دۇنيادا تاسادىپىيلىقلار نۇرغۇن ، لېكىن*
*ھەرقانداق تاسادىپىيلىقنىڭمۇ تەبىئىيلىكى بار .*

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

## 1

«ئىز» رومانىنىڭ خاتىمىسىدە بايان قىلىنغاندەك ، 1933 ـ يىلى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، تاقىرلىشىپ قالغان تۈلكە قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، بوينىغا دۇربۇن ئېسىۋالغان سالاپەتلىك بىر كىشى زور بىر قوشۇننى باشلاپ ، شەرق تەرەپتىن مورى داللىرىغا كىرىپ كەلدى . بۇ خوجىنىياز ھاجى ئىدى . ئۇ مىلتىق ئاۋازىدىن قۇلاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن يوغان چىلان تورۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھەممە ئەتراپقا تەكشى قاراپ ماڭاتتى . بىردىنلا تاغ باغرىدىن ئوتتۇن يۇدۇپ چۈشۈۋاتقان بىر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى . يوغان جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن قىل ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان بۇ قەددى ـ قامەتلىك ، قارا ساقال كىشىنىڭ سول پۇتى خېلىلا ئاقسايتتى . ئۇ چاڭ ـ توزانلار بىلەن قاپلانغان دالىدا چوڭقۇر ـ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆتۈۋاتقان ئاتلىق قوشۇننىڭ كىيىم ـ كېچىكى ، چىراي ـ شەكلى ، بولۇپمۇ دۇشالقىلىق مىلتىقلىرىغا قاراپ ھەيران بولغاندەك يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ قالدى . ھاجى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، چىلان تورۇقنىڭ

تىزگىنىنى تارتتى ـ دە، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئاقساق ئوتۇنچىمۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھاجىغا قاراپ قالدى. ھاجىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق ـ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى ۋە قارشىسىدا تۇرغان قارا ساقاللىق ئوتۇنچىنى كۆزىدىن تونۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «مەن سىنى تونۇۋاتىمەنغۇ، سەن...» دەپ تاشلىدى. ئوتۇنچى ھاجىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى ـ دە، دۈمبىسىدىكى ئوتۇننى تاشلاپ، «ئاكا، مەن...» دېگىنىچە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاقساقلاپ يۈگۈردى. ھاجىمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى باغرىغا باستى. ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتقان قوللارنىڭ بىر ـ بىرىنى قاتتىق قىسىشلىرى، يېنىپ ـ يېنىپ قۇچاقلىشىشلار، كۆز ياشلىرى بىلەن نەملىشىپ كەتكەن مەڭزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كېتىشلىرىگە قاراپ، ھەيران بولغان مەھمۇت مۇھىتى باشلىق چوڭلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بىر ھازادىن كېيىن ھاجى ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتە ـ سۈرتە ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ: «توۋا، تاغ — تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم — ئادەمگە قوۋۇشۇر دەپ، كىشى ئالەمدە ھايات بولسىلا كۆرۈشىدىكەن. بىز ئىككىمىز يىگىرمە يىل بۇرۇن تۆمۈر ئاكامنىڭ قوشۇنىدا بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلغان سەپداشلار ئىدۇق» دېدى. ھەممەيلەن ئاقساق ئوتۇنچىغا ئاجايىپ بىر خىل ئىختىراس بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

بۇ تۆمۈر خەلپە قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، ياڭ جاڭجۈڭنىڭ «كەڭچىلىكى» بىلەن ئاتمىش ئاتلىق چېرىكنىڭ مۇھاپىزىتىدىن قۇمۇلغا قايتۇرۇلغان ئىككى يۈزدەك يىگىت گوچۇڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئۆلائۈسۇ جىلغىسىغا كىرگەن كېچىسى يۈز بەرگەن ھېلىقى دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ بىردىنبىر تىرىك قالغان شاھىتى — ئەنسارى ئىدى. شۇ پاجىئە كېچىسى ئۆتۈپ، ئەتىسى جاھان تىنچىغاندا، يۈز ـ كۆزلىرىگە توپا ئارىلاش قان ئۇيۇپ

قالغان ئەنسارى ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ جەستىدىن ھاسىل بولغان قان ئارىلاش توپا دۆڭنىڭ بىر چېتىدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئوق تەگكەن سول پۇتىنى سۆرىگەن پېتى ئۇدۇلدىكى قارىغاي تۈۋىگە ئۆمىلەپ كېلىپ شۇ يەردە يېتىپ قالدى. كۈن پېتىۋاتقان چاغدا، مال - ۋارانلىرىنى ئوتلىتا - ئوتلىتا ئۆز ئاۋۇلىغا قايتىۋاتقان ئوراز بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە يېنىغا كېلىپ ھال - ئەھۋال سورىدى. ئەنسارى شالاڭ ساقال - بۇرۇتى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇرغان بۇ قازاق بوۋاينىڭ مۆلايىم كۆزلىرىدىكى سەمىمىيلىككە ئىشەندى بولغاي، ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى راستى بىلەن ئېيتىپ تۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى. بوۋايمۇ كۆز يېشى قىلىپ: «خۇدا ئامان قويغاننى مەن ئاسرىمىسام بولماس، يۈر، ئوغلۇم، مەن سېنى ئەكېتەي، ياماق - يىرتىق بولسىمۇ شامالغا دالدا بولغۇدەك كىگىز ئۆيۈم بار» دېدى - دە، ئۇنى توكۇر بايتىلىغا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە كەمپىرى بىلەن ئىككىسى ئۆزى بىلگەن ئۇسۇللار بىلەن ئەملەشكە باشلىدى. ئەنسارى بىرەر ئاي ئىچىدە يەر دەسسەپ ماڭغۇدەك بولۇپ قالدى. ئوراز بوۋاي قىشلاققا كۆچۈش ۋاقتىدا ئەنسارىغا: «ماڭا قارا، بالام، خۇدا بىزگە ئوغۇل بەرمىدى. ئىككى قىزىم يىراق ئەلگە ياتلىق قىلىنىپ كەتكەن، خالىساڭ بىزگە ئوغۇل بولۇپ قال، بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ يۇرتۇڭ تۇرپان؛ ئېتىڭ راخمان بولسۇن» دېدى. ئەنسارى بۇ تەكلىپنى جان دەپ قوبۇل قىلدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۆينىڭ ئوغلى بولۇپ قالدى. ئايلار، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ئوراز بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ كەمپىرىمۇ «راخمان»نى يالغۇز قالدۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ قىزلىرى كۈيئوغۇللىرى بىلەن كېلىپ، بوۋاي بىلەن مومايدىن قالغان ھەممە نەرسىنى بۆلۈشۈپ كەتتى. يالغۇز تىكەندەك قالغان تۇرپانلىق «راخمان» گاھ مالچى، گاھ مەدىكارلىق بىلەن ئۆز رىزقىنى تېپىپ يەپ شۇ كۈنگە كەلدى. بىر زامانلاردا بوراندەك ئۇچقۇر جەدە قاشقىسى ئۈستىدە قىلىچ

ئوينىتىپ، جەڭگە كىرىپ كېتىۋېتىپمۇ ئويۇن ـ چاقچىقىنى تاشلىمايدىغان بۇ قىزىل يۈزلۈك، قارام، قورقماس يىگىت ئەمدى ئېڭەكلىرىنى ساقال، ماڭلىيىنى قورۇق باسقان، جىمغۇر ۋە خۇددى ئۆركۈپ كەتكەن كېيىكتەك چۆچۈپ تۇرىدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. پەقەت ئۆزى يالغۇز مال بېقىپ ياكى قارىغاي كېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا، قۇمۇل ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، «ئاھ خۇدا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەرنى يېنىپ كۆرىدىغان كۈنلەر بولۇرمۇ؟» دەپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋالاتتى. بىراق، بەزى كىشلەرنىڭ ئۆزئارا گەپلىرىدىن ياكى جاڭجۇڭ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، قۇمۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ: «بۇ قوزغىلاڭمۇ ئاخىر «تۆمۈر خەلپە يىغىلىقى»غا ئوخشاش قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىلا توزۇپ كېتەرمىكىن» دەپ ئويلايتتى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى خوجىنىياز پالگان ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بايا ھاجى بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، بىرھازاغىچە تىلى گەپكە كەلمىدى. ناھايەت ھاجىنىڭ كۆزىگە قاراپ:

— ئاكا، مەن راستىنلا ئۆزلەنى كۆرۈۋاتىمەنمۇ، بۇ ئىشلار ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا چۈشۈڭ بولغۇدەك، بۇ كارامەتنى كۆرمەيۋاتامسەن، — دەپ قوشۇننى كۆرسەتتى ھاجى، ئاندىن، — ھەي مىرزۇل، قېنى سەن، ئەنسارىغا ئات ـ قورال بەر، بۈگۈندىن باشلاپ بۇمۇ بىزنىڭ سىپىمىزدە بولسۇن، — دېدى.

— مىڭ جېنىم بىلەن، ئاكا، ئۆزلە نەدە بولسىلا… — دېدى ئەنسارى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن بىردىنلا جانلىنىپ كېتىپ، ئەمما ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلاردىن سەل ھېيىققاندەك يەرگە قاراپ جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، گېپىڭنى تۈگەتمەيلا جىم بولۇپ

قالدىڭغۇ ؟ — سورىدى ھاجى .

— ھېچنېمە ، ئاكا ، — دېدى ئەنسارى ئۆزىنى تۈزىتىپ ، — ئۆزلە نەدە بولسىلا مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن . ئاگال مېنىڭ مۇساپىرخانامغا كىرىپ بىر پىيالىدىن قىزىق چاي ئىچىشىپ ئۆتسىلە ، ئاۋۇ دۆڭنىڭ باغرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كەپە شۇ .

— بالا - چاقاڭ بارمۇ ؟

— يوق ، بوردالغان ئۈچ ئەركىكىم بار ، شۇنى سويمىسام بولمايدۇ .

— ئۈچ ئەركىكىڭ چىشىمىزنىڭ ئاراشلىرىدا قالۇرمىكىن ، ئۇكام . بوپتۇ ، بىزنىڭ قوي - قوتازلىرىمىز يېتىپ كەلگۈچە سېنىڭكىنى يەپ تۇرايلى ، — دەپ سەمىمىي كۈلدى ھاجى . ئاندىن ئۇ چوڭلار بىلەن بىرلىكتە ئەنسارىنىڭ كەپىسىگە كىتىۋېتىپ كەڭ دالىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە «بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئاتلىرىمىزنىڭ تەرىنى قۇرۇتۇۋالايلىمۇ - يا ! ؟» دېدى . مەھمۇت مۇھتى باشلىق چوڭلار بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى .

بۇ ئاخشام خۇددى ئاسماندىكى قۇياش پارچىلىنىپ كېتىپ زېمىنغا چېچىلىپ كەتكەندەك ، پۈتۈن دالىنى لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخانلار قاپلاپ كەتتى . قوي - قوتازلار سويۇلۇپ ، نەچچە ئونلىغان مىس قازانلار قايناشقا ، ئۇزۇن - ئۇزۇن زىخلاردا كاۋاپلار پىژىلداشقا باشلىدى . بەزى گۈلخانلارنىڭ چۆرىسىدە قومۇل غېجەكى ئاڭلانسا ، بەزىلىرىدە تۇرپان مۇقامى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ياغاق جۇۋىسىنى تاشلاپ ، ئەپچىلگىنە كىيىنىۋالغان ئەنسارى بېلىدىكى ئوق پوتىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، يېڭى تونۇشقان سەپداشلىرىغا ئۇلانئۇسۇ جىلغىسىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى پاجىئەنىڭ ئۆتمۈشىنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى . گۈلخان ئارىلىقلىرىدا ئالدىنقى ئاياغلىرى چۇشەپ قويۇلغان توپ - توپ جەڭ ئاتلىرى بېشىدىكى توۋرىلىرىنى سىلكىپ - سىلكىپ ، تاراسلىتىپ بوغۇز چايىنىشىپ تۇراتتى . قوشۇن باشلىقلىرى بولسا يوغان بىر چېدىردا ئەتە مورىنى قانداق ئېلىش توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى .

بىردىنلا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر-ئىككى مىنۇتتىن كېيىن مىرۇل مەرگەن كىرىپ، قۇمۇل يولىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەردىن سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە قاراشتى. چېدىرنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. چۈنكى، ئۇزاقى يىلى كۆزدە ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن ئىچكىرىسىگە قېچىپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇنىڭ نامى خالايىقنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ قالغانلىقىدىن ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تۇرماق، ئۈرۈمچىدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرغان شېڭ شىسەيىنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ما جۇڭيىڭ بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن، ئەنشى قاتارلىق جايلىرىدا ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن رەتلەپ ۋە تولۇقلاپ، بۇ كۈنلەردە شىنجاڭ زېمىنىغا ئىككىنچى قېتىم بېسىپ كىرىش بىلەن قۇمۇل، باركۆل تەرەپلەرنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولۇپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش باشلىغانىدى ۋە ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىش نىيىتىدە، قۇمۇل بىلەن تۇرپان ئارىسىدىكى يەتتەقۇدۇق دېگەن يەردىن باشلاپ، شىمالىي يول بىلەن مورىغا كېلىۋاتقاندا، ھاجىلارنىڭمۇ تۇرپان تەرەپتىن مورىغا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەلۇم مەقسەت بىلەن دەرھال ئەلچى ئەۋەتكەنىدى.

ھاجىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك غەزەپلىك ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ئەكىر، ئۇ لومودىنىڭ ئەلچىسىنى!

مەھمۇت مۇھىتى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن: «ھاجى ئاكا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ئەمەسمۇ» دېدى. سالى دورغا بىلەن قاسىم ئەپەندى باشلىق چوڭلار: «سىجاڭ توغرا ئېيتىدۇ» دەپ مەھمۇت مۇھىتىنى ياقلىدى. شۇ ئارىدا مىرۇل

مەرگەن ئىككى كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇلاردىن جىۋەكرەك كەلگەن كۆك كۆز، سېرىق بۇرۇت، ئوتتۇرا ياشلىق بىرى چېدىرغا كىرىش بىلەنلا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەردى ۋە كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇرۇپ، دۇئادىن كېيىن، مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تاتار تىلىدا ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقا باشلىدى. بۇ سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا رۇسىيىدىن خاربىنغا قېچىپ كېلىپ، شۇ يەردە توختاپ قالغان ۋە كېيىن گەنسۇغا كېلىپ ما جۇڭيىڭنىڭ شتابىغا سەنمۇلۇق① خىزمىتىگە كىرگەن زاكىر پولاتوف دېگەن كىشى ئىدى. يەنە بىرى، قىزىل يۈزلۈك يىگىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كۆل رەڭ رەختتىن ھەربىي فورما كىيگەن، بەللىرىدە كەڭ تاسما بەلباغ پارقىراپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشىدىن، قائىدە بويىچە يان قورال ۋە تاشقى كىيىملىرىنى سىرتتا قالدۇرغان بولسا كېرەك.

ھاجى سوغۇققىنا ھالدا:

— ھارمىغايسىلەر، گا سىلىڭ تىنچمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

زاكىر پولاتوف كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنى بويىچە ياكى تۆردە ئولتۇرۇپ، بىرىنچى گەپنى شۇ كىشىنىڭ سورىغىنىغا قاراپ ھاجىنى تونۇدى چېغى، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ: — رەھمەت، ھاجىم، گا سىلىڭ جانابلىرىغا كۆپ سالاملار ئېيتتى، مەخسۇس مەكتۇپ ئەۋەتتى» دېدى ـ دە، يانچۇقىدىن بىر لېپاپ چىقىرىپ ئىككى قوللاپ سۇندى، مىرزۇل مەرگەن يوغان موم شامنى ھاجىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى. ھاجى چاقماق قەغەزگە سۈسۈن سىياھ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئالدىراش يېزىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان قۇرلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ساقىلىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى ھەممىگە سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەھمۇت مۇھىتىغا ئۇزاتتى ۋە «ئۈنلۈك ئوقۇسىلا» دەپ تەتۈر قارىۋالدى.

---

① سەنمۇ — ھەربىي شتابتا خىزمەت قىلىدىغان ئوفىتسېر.

خەت بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن باشلىنىپ ، ئاساسىي مەقسەت قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى :

«··· سىز ئاتا ، مەن بالا ، بالىدىن ئۆتكەن ئەدەپسىزلىكنى ئاتا ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ . ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىپ ، مېنى يەنە ئۆز ئوغلىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن . بۇرۇن قىلالمىغان خىزمىتىمنى ئەمدى بەجا قىلاي دەپ كەلدىم . سىز نەيزىنىڭ دەستىسى ، مەن ئۇچى بولاي ، نەگە شىلتىسىڭىز شۇ يەرگە سانجىلاي ، ئىككىمىز بىرلىكتە تۇرۇپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئالايلى . مەن يەتتە قۇدۇققا كېلىپ ، سىزنىڭ گۇچۇڭغا لەشكەر تارتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم . ئىككى يىلدىن بېرى ، كاپىرلارغا قارشى غازات قىلىپ كۆپ چارچىدىڭىز ، مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بولسا خېلىدىن بېرى جەڭ قىلماي تەييار لەڭنى يەپ ، پەقەت مەشىق قىلىپلا ياتتى . قىلىچلىرىمىز داتلىشىپ قېلىۋاتىدۇ ، ئاتلىرىمىز دىغراپ كەتتى ، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز ، مورى بىلەن گۇچۇڭنى ئېلىپ سىزگە يول ئېچىپ بېرەي ، بۇ ئىلتىماسىمنى رەت قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن . ئۆز ئورنۇمدا زاكىر سەنمۇ ما يۈگەننى ئالدىن خەۋەر بېرىشكە ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتتىم . ئۆزۈممۇ تېزلىكتە يېتىپ بارىمەن··· »

خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن چېدىرنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى . ھەممەيلەن دېگۇدەك ھاجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ھاجى بولسا بىر تىزىنى قۇچاقلاپ ، چېدىرنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە ئاسمان پارچىسىدىكى يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتقانىدى .

— يولۋاس بىلەن ئابدىنىياز مىراب نەدە قالدى ؟— سورىدى ھاجى زاكىر سەنمۇغا قارىماي ئولتۇرۇپ .

زاكىر سەنمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ھەر ئىككىسىگە قورال بېرىپ ، ئۇلارنى قومۇلنى ساقلاشقا قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى . ھاجى زاكىر سەنمۇغا يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ، مەھمۇت مۇھىتى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان مىرۇل مەرگەنگە قاراپ :

— مېھمانلار ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندۇ ، ئوبدانراق شورپىلىنىپ ئارام ئالسۇن ، — دېدى .

ئۇلار چىقىپ كېتىش بىلەن چېدىردا غۇدۇڭ ـ غۇدۇڭ باشلىنىپ ، بارا ـ بارا تالاش ـ تارتىشقا ئايلاندى .

— بۇ شەيتان يوچۇنلا گەپلەرنى قىپتىغۇ . جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دەپ ، بىزنى يەنە داغدا قويماقچىمۇ ؟

— ھەي ، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇر ، سىلەرگە شەھەر ئېلىشىپ بېرەي دەپتىغۇ . بۇنىڭ نېمە يامىنى بار ؟

— بىر بالاسى بولمىسا ، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا ، دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا .

— ئۇنداق دېگەنبىلەن ئۇ مۇسۇلمان ئەمەسمۇ !

— بولدى ، ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئالدانمايمىز .

— توغرا ، ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرماي ، ئەتە تاڭ سەھەر بىلەنلا مورىغا تېگىش كېرەك .

ھاجى قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى ساقىلىنى ئويناپ جىم ئولتۇراتتى . قاسىم ئەپەندى ھاجىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ ھەدەپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتاتتى .

— قېنى ، ھاجى ئاكا ، ئۆزلىرى بىرنېمە دېسىلە ، — دېدى شۇنىڭغىچە ھېچنېمە دېمەي جىم ئولتۇرغان مەھمۇت مۇھتى ھاجىغا قاراپ .

ھاجى ئاران تۇرغاندەك بىردىنلا قايناپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى گاھ بوزاندەك گۈركىرەيتتى ، گاھ خىرقىراپ بوغۇلۇپ چىقاتتى .

— بىز مولىلا بوزەكىمىدۇق ، ئۇ لومىودىغا ئانىي بولىۋەر. گىلى ، — دېدى ئۇ ،— مورى بىلەن گۇچۇڭنى ئېلىپ ، يول ئېچىپ بەرگۈدەك تېخى ! ئۇنىڭ ئۆز قورسىقىدا نېمە سەنپەن سوقۇۋاتقىنىنى كىم بىلمەيدۇ . موماينىڭ كۆزى غوزىدا ، چاشقاننىڭ كۆزى كوزىدا دەپ ، ئۇنىڭ مەقسىتى مورى بىلەن گۇچۇڭدىكى قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇش . بولمىسىزە ، بىزگە

شەھەر ئېلىشىپ بىرەمدۇ ئۇ شەيتان بىز تىزىمىزغىچە قان كېچىپ جەڭ قىلىپ يۈرگىنىمىزدە، ئۇ نەدە قاپتىكەن؟ ئەمدىزە، تەييارغا ھەييار بولماقچىمۇ؟ قىزىغان تونۇرغا تەييار ناننى ياتىمخوتۇنمۇ ياقالايدۇ. كەلسە كېلىۋەرسۇن، مەن ئۇنى چىللاپ چىقمىدىم. ئەتە چاشگاھ بىلەن مورىغا تېگىش قىلىمىز، بىز قولىمىزغا خېنە يېقىۋالمىدۇق.

سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى «توغرا، توغرا» دەپ ۋارقىراشتى. مەھمۇت مۇھىتى كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ مۇنداق دېدى:

— توغرا، ھاجى ئاكا، بىز ئۇنىڭسىزمۇ شۇنچە ئىشلارنى قىلدۇق، يەنە قىلالايمىز. توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئېتىۋېرىدۇ. ئەمما لېكىن، مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئارازلىشىپ قالماي، ئىتتىپاق ئۆتكىنىمىز ياخشىمىكىن.

— ئۆزلە نېمە دېمەكچى، ئىنتىماقلىق دېگەن ئىككى تەرەپتىن تەڭ بولسا بولىدىغان نېمە، — دېدى ھاجى تاقەتسىزلىنىپ.

— مېنىڭچە بولغاندا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — بىرەر كۈن سەۋر قىلايلى، ئۇمۇ كېلىپ باقسۇن، يۈزتۇرا بىرنېمە دېيىشمەيمىزمۇ؟ ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بىر بولغاندىن كېيىن مورىنى مەن ئاگال ئالاي دېسە، گۇچۇڭ بىزگە قالىدۇ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە بىللە تېگىش قىلۇرمىز.

قاسىم ئەپەندى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

— سىزگە نېمە بولدى، ئەپەندى؟ — دېدى ھاجى نارازىلىق بىلەن، — ما جۇڭيىڭنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىرنېمىسى دەۋاتاتتىڭىزغۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا پەش تارتىپ قاپسىزغۇ؟

— يوقسۇ، ھاجى ئاكا، — دېدى قاسىم ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇنى ياقلاۋاتقىنىم يوق، ئۇنى ھېلىمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىرنېمىسى ئەمەس دەپ ئېيتالمايمەن. بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز خۇددى مەھمۇت سىجاڭ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە ھەممىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى شىڭ شىسەي ! ما جۇڭيىڭنىڭ ئەلچىسى بىر كۈن كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ كاشكى ، بىز مورىغا تېگىشۋېرەتتۇق . ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ مورىغا تېگىش قويساق ، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالۇرمىكىن دەيمەن . مۇبادا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىككىلىرىنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ قالسا ، ئۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئوشۇقى ئالچۇ قوپىدۇ .

— ئۇ چاغدا ،— دەپ گەپ قىستۇردى مەھمۇت مۇھىتى ، — بىر دۈشمەن ئازلىق قىلىۋاتقاندەك ئىككى دۈشمەن ئارىسىدا قالىمىز .

مەھمۇت مۇھىتى بىلەن قاسىم ئەپەندىنىڭ گەپلىرى تەسىر قىلدى بولغاي ، ھاجىمۇ ، باشقىلارمۇ جىمجىت بولۇپ قالدى ۋە ئاخىر ئۇنى دەپ ـ بۇنى دەپ ما جۇڭيىڭنى كۈتۈپ تۇرۇش قارارىغا كېلىشتى .

## 2

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ كۈن قايرىلغان چاغدا ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلدى . بۇ ئەمدى بىر يېرىم يىل بۇرۇن قۇمۇلدا ھاجىلار كۆرگەن ھېلىقى تېرىلمە قوشۇن ئەمەس ئىدى . پىيادىلىرى «سەنبا» ياكى «ياپونكا» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئۈزۈن مىلتىق ، قول بومبا ۋە يېنىك قىلىچلار بىلەن ، ئاتلىقلىرى قىسقا بەشئاتار ۋە يۇزى كەڭ قىلىچلار بىلەن قوراللىنىپ ، ماش رەڭ رەختتىن بىرخىلدا ھەربىي فورما كىيگەن ، پاچاقلىرىغا بىر خىلدا گوجەي يۆگەپ ، ئوق پوتىلىرىنى لىق تولدۇرۇپ مۈرىسىگە ئاسقان بۇ قوشۇن تولىمۇ مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى . بولۇپمۇ ، قۇيرۇقى كېسىك ، يالى قىرقىلغان ئاتلارنىڭ ئىبقى ئاق ، قارىسى قارا ، تورۇقى تورۇق ، جەدىسى جەدە بويىچە ئۆز رەڭگى بىلەن خىللىنىپ ، توپ ـ توپلارغا بۆلۈنگەنلىكى ، يوغان ـ يوغان

قىچىرلارغا سۆرەتكەن زەمبىرەكلەر بىلەن ئاتلارغا ئارتىلغان ئېغىر پىلىموتلار بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تۇراتتى.

قوشۇننىڭ ئالدىدا: «مەركەزگە قاراشلىق ئوتتۇز ئالتىنچى دىۋىزىيە» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق گومىنداڭ بايرىقى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئاتلىقتىن كېيىن، كەڭ قاسقانلىق شەپكە كىيىپ بويىنىغا دۇربۇن ئاسقان ما جۇڭيىڭ كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنىپ، بېلىگە ئىككىدىن ماۋزىر ئاسقان بىر توپ بوز ئاتلىق يىگىتلىرى ئارىسىدا كېلىۋاتاتتى. غولنىڭ نېرقى قېتىدىكى دالىدا ھاجىنىڭ چېدىر - بارگاھى كۆرۈنگەن ھامان، ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ كانايچىلىرى ئارقىلىق قوشۇنغا ئۆز جايىدا توختاپ چۈشكۈن قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى ۋە ئۆزى بىرنەچچە كىشىسى بىلەن ھاجىنىڭ چېدىر - بارگاھى تەرەپكە ئات سالدى، ئۇنىڭغىچە زاكىر سەنمۇ بىلەن ما يۈگەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئادا بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. مەھمۇت مۇھىتى باشلىق كىشىلەرنىڭ سالا - سۇلھىسى بىلەن ھاجىمۇ بىرەر يۈز قەدەم ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ما جۇڭيىڭ ھاجىنى قۇچاقلاپ، زاكىر سەنمۇنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئېسەنلىك سوراشقا باشلىدى. پاتىھە دۇئاسىدىن كېيىن داستىخان ئۈستىدە ھاجى مۇنداق دېدى:

— بىز ئۇيغۇرلاردا ئالتە ياشلىق كەلسە، ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ، دېگەن گەپ بار ئىدى. بىز پاتىھەگە بارغۇچە ئۆزىڭىز كەپسىز.

— سىز ئاتا، مەن بالا. بىزنىڭ قائىدىمىزدە چوڭلار كىچىكلەرنىڭ ئالدىغا چىقمايدۇ، — دېدى ما جۇڭيىڭ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆتكەنكە سالاۋات دەپ، مېنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىز، خۇسۇسەن بۇ قېتىم ئىلتىماسىمنى رەت قىلماي مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. يەنە تەكرار ئېيتىمەنكى، سىز نەيزىنىڭ سىپى، مەن ئۇچى بولاي، قايسى تەرەپكە شىلتىسىڭىز شۇ يەرگە بېرىپ

سانجىلاي ، — دېدى .

ما جۇڭيىڭ ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تېتىك ، روھلۇق ، چاققان ۋە خۇش چىراي ئىدى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ شۇ تاپتا نازۇك تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن نېپىز لەۋلىرى ھەرقانداق كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى . ئەمما ، دىققەت بىلەن قارىغان كىشى بۇ چىرايلىق كۆزلەرنىڭ ئارقىسىدا چەكسىز ھېرىس ئوتى بىلەن يېنىپ پۈتۈن دۇنيانى يۇتۇۋالسىمۇ يەنە تويمايدىغان ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ، ھېچكىمنى ئاياپ قويمايدىغان ئاۋانتيۇرىستلارغا[1] خاس يەنە بىر جۈپ تويماس كۆزنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرەلىگەن بولاتتى .

مەھمۇت مۇھىتى ئېھتىمال شۇنى ھېس قىلدى بولغاي ، قاسىم ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا : «خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ، بۇ مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدىنمۇ خەتەرلىكرەك ئادەم كۆرۈنىدۇ» دەپ پىچىرلىدى . قاسىم ئەپەندى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەۋرىنىپ قويدى .

— شۇنداق ، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولۇپ ، قايسى تەرەپكە شىلتىسىڭىز شۇ يەرگە بېرىپ سانجىلاي ، — تەكرارلىدى ما جۇڭيىڭ ، — ئەمما ھازىرەنلىككە مېنىڭ رايىم بويىچە ، ئاۋۋال مورى بىلەن گۇچۇڭنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىڭ .

— نەيزىنىڭ ئۇچى بولۇپ ، قاياققا شىلتىسام شۇ يەرگە سانجىلىدىغان كىشى مېنىڭ رايىمغا باقماي ، ئۆزىڭىزنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىمەن دېگىنىڭىز يوچۇنلا گەپ بولدى ، — دېدى ھاجى سوغۇققىنا كۈلۈپ .

— بۇ مېنىڭ ئىلتىماسىم ، — دېدى ما جۇڭيىڭ قەتئىي قىلىپ .

ھاجى يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ، مەھمۇت مۇھىتى دەرھال گەپ قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى :

---

[1] ئاۋانتيۇرىست — ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەپ تەۋەككۇلچىلىك قىلغۇچى ئادەم .

— بىز خەق مېھماننى بەك ئۇلۇغلايمىز ئەمەسمۇ، ھاجى ئاكا، گا سىلىنىڭ ئۆزىمىز چىللاپ كەلگەن مېھمان، مېھماننىڭ رايىغا باققىنىمىز ياخشى.

ما جۇڭيىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەھمۇت مۇھىتىغا يالت قىلىپ قارىدى ۋە:

— بۇ پالۋان سۈپەت ئاكىمىز كىم بولىدىكىن؟ — دېدى. ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنى:

— تۇرپان پىدائىيلىرىنىڭ سەركەردىسى، مېنىڭ ئەڭ يېقىن يادەمچىم، — دەپ تونۇشتۇردى ۋە مۇسۇل ھاجىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ما جۇڭيىڭ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن باشقىدىن كۆرۈشۈپ:

— نامىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن دىدارىڭىزنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن. ئاكىڭىزنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىغا ياردەم سوراش ئۈچۈن نەنجىڭغا ماڭدۇرغانىكەنسىلەر، مەن ئاۋارە بولماڭلار، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بەربىر سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، مەنمۇ نەنجىڭغا قاراشلىق ئوتتۇز ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى، ياردەمنى سىلەرگە ئۆزۈم بېرىمەن دەپ يولدىن توسۇپ قويدۇم، — دېدى، ئاندىن ھاجىغا قاراپ، — مەن ھەر قايسىلىرىغا مۇھىم سوۋغات ئەكەلدىم، — دېدى ـ دە، ياش بىر مەھرەمگە قارىدى. مەھرەم خۇرۇم سومكىسىدىن نەچچە قاتلانغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى. بۇ تەخمىنەن بىر كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى قېلىن قەغەزگە بېسىلىپ، ئاق خەسە بىلەن ئەستەرلەنگەن شىنجاڭ خەرىتىسى ئىدى. ئۇنىڭدىكى مۇھىم تاغ ـ دەريالار، شەھەر ـ كەنتلەرنىڭ ناملىرى خەنزۇچە خەتلەر بىلەن قېنىق قارا سىياھتا بېسىلغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ يېنىدا قىزىل سىياھ بىلەن ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان ئۇيغۇرچە سۆزلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەممەيلەن خەرىتە ئۈستىگە ئېگىلىشتى.

— بۇ خەرىتىنى، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ما

جۇڭيىڭ، — مېنىڭ ياپونىيىلىك مۇشاۋىرىم داشجۇڭ ئەپەندى توكيودىن ئالغاچ كەلگەن. مەن ھاجىمغا لازىم بولىدۇ دەپ، ھەر بىر سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىمۇ يازدۇردۇم. ئۇيغۇرچىسىنى تۈركىيىلىك مۇشاۋىرىم كامال ئەپەندى يازدى. مانا قۇمۇل، مانا مورى، مانا گۇچۇڭ، مانا ئۈرۈمچى، ھەممىسى بار. مەن ئەتە ماۋۇ يول بىلەن مورىغا تېگىمەن. ئاندىن گۇچۇڭغا، ھاجىم ماۋۇ تەرەپتىن جىمسارغا تەگسە ئۈرۈمچى يولىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز. مانا جىمسار، بۇ ناھايىتى مۇھىم يەر. ئاللا بۇيرۇسا، پات ئارىدا ئۈرۈمچى، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭ بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ، ئىنشائاللا! قانداق دەيسىز؟

هاجىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن دەرھال بىرنېمىدەپ تاشلاپ، چوڭ كۆڭۈلسىزلىك تۇغدۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن مەھمۇت مۇھىتى ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ۋەزمىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىلىنىڭ بىزگە راستىنىلا ياخشى سوۋغات كەلتۈرۈپتۇ. بۇ قەغەزگە قارىساق، پۈتۈن شىنجاڭ ئالىقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇيغۇرچىسىنى يازدۇرۇپ تېخىمۇ ئوبدان قىپتۇ. قالغان ئىشلار ئاللانىڭ بۇيرۇغىنىچە بولار.

— ئەمما، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ھاجى، — گا سىلىنىڭ نېمىشقا مورى بىلەن گۇچۇڭنى بىزدىن قىزغىنىدۇ؟ مەن گا سىلىگىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، بۇ كەمگىچە مورىنى ئېلىپ بولۇر ئىدىم.

— ھاجىم ئۇنداق ئويلىمىغاي، بۇ قىزغانغانلىقىم ئەمەس، — دېدى ما جۇڭيىڭ، ئاندىن ھاجىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — سىز ئىككى يىلدىن بېرى قاتتىق جەڭ قىلىپ ھاردىڭىز، مېنىڭ چېرىكلىرىم بىكار يېتىپ، قىلىچلىرىمىز داتلىشىپ قالغۇدەك ھالغا يەتتى. مەن ئالدىڭىزدا يول ئېچىپ ماڭسام، بۇنىڭ نېمىسى يامان، — دېدى-دە: «ئەمىسە شۇنداق بولسۇن» دەپ چېدىردىن ئالدىراپ چىقىپ ئېتىغا مىندى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ مۇتتەھەمنى قارا ، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولاي دەپ تۇرۇپ ، بىزگە جۇرۇقچىلىق[1] قىلىۋاتقىنىنى ! — دېدى ھاجى قاتتىق چىچىلغان ھالدا ، ئاندىن مەھمۇت مۇھتىغا ھومىيىپ ، — ئۆزلە نېمە ئۇنداق قىلىدىلا ، تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ دەپ ، بۇ تۇڭگانىنىڭ ھېلىتىنلا بىزنىڭ شىلىلىمىزگە مىنمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامدىلا ، — دەپ كايىپ كەتتى . سالى دورغا بىلەن پازىل دورغىلارمۇ ھاجىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ : «مەھەم··· بۇ نېمىدېگەن گەپ ، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ؟ » دېيىشىپ غۇدۇڭشىشقا باشلىدى .

مەھمۇت مۇھتى بىلەن قاسىم ئەپەندىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىمۇ ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ ، ھازىرقى پەيتتە ئۇنىڭغا يول قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇنداق قىلمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىش چوقۇملۇقى ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلەپ ، ھاجىنى مىڭ تەستە قايىل قىلدى .

تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى مورىغا يۈرۈش باشلىدى . ئۇ شەھەرنى ئىككى سائەت ئىچىدىلا ئىشغال قىلىپ ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن بىللە بىرمۇنچە چېرىكلەرنى ئەسىر ئېلىپ ئۆز سېپىگە قوشۇۋالدى ۋە ئەتىسى گۇچۇڭ تەرەپكە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى . شۇ كۈنى ھاجىمۇ ناھايىتى خاپا ھالدا قوشۇننى تاغ يولى بىلەن جىمسار تەرەپكە باشلاپ ماڭدى .

## 3

جىمسار مۇداپىئەسىدىكى چېرىكلەر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بىر كۈنمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى . گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغاندا ، سېپىل دەرۋازىلىرى ئۈستىدە ئاق بايراق

---

① بۇيرۇقچىلىق قىلماق ، بىرەر ئىشقا بۇيرۇماق (قومۇل شېۋىسى ) .

كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا كۈنپېتىش تەرەپتىكى دەرۋازا يوغان ئېچىلىپ، قوللىرىغا پەتنۇس كۆتۈرگەن ئۈچ چېرىك چىقىپ كەلدى. كۆرۈنۈشىدىن ئۈچىلىسى ئوفىتسېر بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكىنىڭ پەتنۇستا شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى، قالغان ئىككىسىنىڭ قولىدىكى پەتنۇستا زىخچە ئالتۇنلار بىلەن تىللا ـ تەڭگىلەر تۇراتتى. دەرۋازىدىن ئىككى يۈز قەدەمچە يەردە قوراللىق يىگىتلەر ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ، شۇ يەرگە يېقىن قارىياغاچلىقتا تىكىلگەن شتاب چېدىرىغا باشلاپ كىردى. ھاجى باشلىق چوڭلارنىڭ بىر قىسمى موم شاملار بىلەن يورۇتۇلغان شۇ چېدىرغا يىغىلغانىدى. چېرىكلەر ئەكەلگەن نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئۇلاردىن بىرى يېرىم ـ يارتا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، جىمسار چېرىكلىرىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى، قورال ـ ياراغلارنى بولسا، ئەتە ئەتىگەندە تاپشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— باشلىقىڭلار كىم؟ — سورىدى ھاجى قاپىقىنى سىلىپ.

— ما لۇيجاڭ.

— ئەل بولغان ئادەم ئۆزى نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

چېرىك دۇدۇقلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەتە مىلتىق ـ ئوقلارنى ئۆزۈم بېرىدۇ دەيدۇ.

— نېمىشقا ئەتە؟ — ۋارقىرىدى ھاجى.

— بۈگۈن قاراڭغۇ ـ كەچ بولدى دەيدۇ.

— سىلەر نېمە ئادەم؟

— مەن تۇرپانلىق، — دېدى ھېلىقى چېرىك، ئاندىن يېشى چوڭراق بىرىنى ما لۇيجاڭنىڭ سەنمۇجاڭى، يەنە بىرىنى تۇەنجاڭ دەپ تونۇشتۇردى. ھاجى كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قورال ـ ياراغلارنى ئەتە تاپشۇرۇۋېلىشقا رازى بولدى. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن قاسىم ئەپەندىمۇ ھاجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. سالى دورغا باشلىق بىرنەچچەيلەن: «كەچ بولسا بولسۇەرمەمدۇ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىمىز ياخشى» دەپ، ھازىرلا شەھەرگە كىرىشنى

تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ھاجى: «ئۇلاغلار يېرىم كېچىدە نەگە قېچىپ كېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتلەر توختىماي يول يۈرۈپ، كۆپ بويى جەڭ قىلىپ ھاردى. سېپىل ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇپ قويساق بولار» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە سەنمۇجاڭ دېگىنى بىلەن تۆەنجاڭ دېگىننى تۇتۇپ قېلىپ، ھېلىقى ئۇيغۇرچە بىلىدىغان چېرىكنىڭ ئۆزىنى يالغۇز قويۇپ بەردى.

ئايسىز كېچە ناھايىتى تىنچ ئۆتمەكتە ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق ئۈن - تاۋۇش ئاڭلانمايتتى. ئۈچىنچى توخۇغىچە ئاتتىن چۈشمەي سېپىل ئەتراپىنى چارلاپ يۈرگەن ئاتلىق يىگىتنىڭ بەزىلىرى ئەسنەشكە باشلىدى ۋە ئۇلاردىن بىرى: «ئۆلۈكتەك قېتىپ ئۇخلاپ ياتقان چېرىكلەرنى بىز ساقلىمىساق ئوغرى ئېلىپ قاچارمىدى. بىردەم ئارام ئالايلى» دېدى، قالغانلارمۇ ئاران تۇرغاندەك بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرلىرىنى تۇتقان پېتى قارىياغاچلارنىڭ تۈۋىگە قىيسايدى ۋە كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا بىردىن - ئىككىدىن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىشتى ۋە تاڭ بىلەن تەڭ ئارقا - ئارقىدىن ئويغىنىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. شەھەر يەنىلا تېپتىنچ ئىدى، كۆپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە يۈزدەك يىگىت مىرۇل مەرگەننىڭ باشچىلىقىدا قورال - ياراغلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن كۆنپېتىش تەرەپتىكى دەرۋازىدىن سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئالدىراش قايتىپ چىقتى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېچىسى كېلىپ، پۈتۈن قورال - ياراغلارنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپتىمىش!

ھاجى باشلىق ھەممە چوڭلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان بەش يۈزدەك يىگىت بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە ئات چاپتۇرۇپ كىردى. دەرۋەقە، كوچا ۋە مەشىق مەيدانىدا رەڭگىرويى تاتىرىپ كەتكەن قورالسىز چېرىكلەر قاتارغا تىزىلىپ شۈمشىيىشىپ تۇراتتى. يىگىتلەر بۇيرۇق بويىچە، گازارما ۋە ئامبارلارنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. شتاب دەرۋازىسى ئالدىدا بىرنەچچە قورالسىز كىشى

باشلىرىنى ئەگكەن هالدا هاجىلارنى كۈتۈۋالدى . هېلىقى ئۇيغۇرچە بىلىدىغان تۇرپانلىق چېرىكمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى .

— ما لۇيجاڭ دېگەن لومودى قېنى ؟ — سورىدى هاجى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ .

تۇرپانلىق چېرىك يېنىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق ، تاز چىراي ئادەمنى كۆرسىتىپ : «مۇشۇ ئادەم شۇ» دېدى . ما لۇيجاڭ هاجىغا دەرهال ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— سورا بۇ لومودىدىن ، بىزگە تاپشۇرىدىغان قورال ـ ياراغلار قېنى ؟

ما لۇيجاڭ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ، ما جۇڭيىڭنىڭ كىشىلىرى كېلىپ ، قورال ـ ياراغلار بىلەن ئوق ـ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ ئەكەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ياڭ تۇەنجاڭ دېگەن كىشىنىڭ ما جۇڭيىڭ نامىدىن ھۆججەت يېزىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ ، يانچۇقىدىن تۇجاڭزا بېسىلغان بىر پارچە قەغەز چىقاردى . مەلۇم بولدىكى ، جەمئىي بىر مىڭ بەش يۈز تال مىلتىق ، ئىككى يۈز ساندۇق ئوق ئەكېتىلگەن .

— ھەممىسىنى ئەكەتتىمۇ ؟ — ۋارقىرىدى هاجى .

— ھەممىسىنى ، بىزدە بىر تالمۇ قورال قالمىدى .

هاجى ئاچچىقىغا پايلىماي ، ما لۇيجاڭنى قامچىلاپ تاشلىدى . قىسقا ساپلىق موڭغۇل قامچىسى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى قانىتىۋەتتى . ئۇنىڭغىچە مىرزۇل مەرگەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، هېچ يەردىن قورال تېپىلمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى .

هاجى ما لۇيجاڭغا يەنە ۋارقىرىدى .

— سەن كىمگە ئەل بولغان ؟

— سىزگە .

— قورالنى كىمگە بېرىشىڭ كېرەك ؟

— سىزگە .

— ئەمدى نېمە دەيسەن ؟

— ئىلاجىم بولمىدى .

— راستىڭنى ئېيت ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئاراڭلاردا نېمە ئويۇن بار ؟

ما لۇيجاڭ جاۋاب بەرمىدى . ھاجى تەكرار سورىدى . ما لۇيجاڭ ھېچنېمە دېمەي بېزىرىپ تۇرىۋەردى . ھاجى تاقەتسىزلىنىپ : «ئۇنداق بولسا ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە» دېدى - دە ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى . يىگىتلەرنىڭ نۇرغۇن قانلىرى بەدىلىگە غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلارنىڭ زادى قانداق قىلىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سىرىمۇ ما لۇيجاڭ بىلەن بىللە يەرگە كۆمۈلۈپ كەتتى . يىگىتلەر ئاچچىقىنى قورالسىز چېرىكلەردىن ئالماقچى بولغاندەك ، ئۇلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىشقا باشلىغاندا ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ : «توختا ، يىقىلغاننى تەپمەك يوق ، ھەممىڭ قايتىش !» دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى .

ھاجى تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقمىغان گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، چېدىرغا قايتقاندىن كېيىن كىرپىنىڭ تىكىنىدەك چىچىلىپ كەتكەن ساقىلىنى تۇتاملىغان ھالدا ھەدەپ ئۆزىگە كايىشقا باشلىدى ۋە مىرۇل مەرگەننى تۇنۇگۇن كېچىدىكى قاراۋۇللۇقتا بىخودلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ئالتە يىگىتنىڭ قوللىرىنى يەشتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى . مەھمۇت مۇھىتى بىلەن قاسىم ئەپەندى بولسا ئاخشام سالى دورغىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، سالى دورغىلاردىن بىر - بىرلەپ كەچۈرۈم سورىدى .

سالى دورغا : «ھەر نېمە بولسا ئەمگىكىمىز زايە كەتمىدى ، قۇرۇق بولسىمۇ بىر شەھەرگە ئىگە بولدۇق» دەپ كىنايە بىلەن كۈلۈپ قويدى . قاسىم ئەپەندى : «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار ، دۈشمەن ئۇخلىماس ، دەريا بويىدا ئون يىل ياشىساڭمۇ تىمساھ بىلەن دوست بولالمايسەن ، دېگەن ماقاللارنى ئاڭلىغانىدىم ، بۈگۈن بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېدى .

ئادەتتە ناھايىتى كەم سۆز ، ئۇن گەپكە بىر جاۋاب بېرىدىغان پازىل دورغا كىچىككىنە كەكە ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ :
— ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە بولىدىغان . گا سىلىڭنىڭ ئالىسى پېسىنىڭ ئېقىدەك مانا مەن دەپ تۇرسىمۇ بىز ئۇنى كۆرمەسكە سالدۇق . شۇنداق ئەمەسمۇ ، ھاجى ئاكا !— دېدى .
بۇ گەپ بىلەن ھاجىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ :
— بولدى ، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ تۇڭگاندىن قولۇمنى جەينىكىمگىچە يۇيۇۋەتتىم ، — دەپ تاشلىدى .
ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قارشى چىقمىدى . چۈنكى ، بۇنىڭسىزمۇ چوڭلاردىن تارتىپ ئاددىي يىگىتلەرگىچە ھەممە كىشى ما جۇڭيىڭنىڭ نىيىتىنى ئەمدى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىپ يەتكەنىدى . بىراق : «بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك ، بىر ياقتىن شىڭ شىسەي بىلەن جەڭ قىلىپ ، يەنە بىرياقتىن ما جۇڭيىڭ بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىش كېرەكمۇ» دېگەن مەسىلە ھەممىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇشقا باشلىدى .
ئىككىنچى كۈنى ، بېلىگە قارىلىق (ئاق) باغلىغان زاكىر سەنمۇ ئۈچ چېرىك بىلەن ھاجىنىڭ قارارگاھىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . چېرىكلەرمۇ خۇيزۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە قارىلىق تۇتۇپ شەپكىلىرىگە ئاق تىكىۋالغانىدى .
زاكىر سەنمۇ دۇئا ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجېنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ھاجىغا خەۋەر قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى .
ھاجى باشقا گەپ قىلماستىنلا : «ئۇلار قانداقراق ئۇرۇشتى ؟» دېدى . زاكىر سەنمۇ جەڭنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولغانلىقىنى ، جەڭ تازا قىزىپ كەتكەندە ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجېنىڭ بىر توپ كىشى بىلەن قىلىچىنى ئاغزىغا چىشلىۋېلىپ ئىككى قولىدىكى پىچاق بىلەن سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ، ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاستا ھېكايە قىلىپ بەردى ۋە : «ھازىر پۈتۈن

قوشۇن قارىلىق تۇتماقتا» دېدى .

ھاجى يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق، چىرايلىق يىگىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ :

— ئوغۇل بالىكەن، — دەپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا، — شەھەرنى ئالدىڭلارمۇ ؟ — دېدى .

— كۆپ چىقىملار بەدىلىگە ئالدۇق، — دېدى زاكىر سەنمۇ، ئاندىن گۇچۇڭ چېرىكلىرىدىن بىرنەچچە مىڭ كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ باش قوماندانى لى خەيرۇنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، بەش مىڭ تالدىن ئارتۇق مىلتىق، ئون نەچچە زەمبىرەك، ئەللىككە يېقىن ئېغىر - يېنىك پىلىموت، سان - ساناقسىز ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىنغانلىقىنى قىزغىن سۆزلەپ بەردى .

— ئۇنداق بولسا گا سىلىڭغا بىرىپ ئېيتىڭ، جىمسادىن ئوغرىلاپ كەتكەن قورال - ياراغلارنى قايتۇرۇپ بەرگەي، — دېدى ھاجى كەسكىن قىلىپ .

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، — دېدى زاكىر سەنمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن كىشىدەك دولىسىنى چىقىرىپ .

— نېمىشقا خەۋىرىڭ يوق، سەن ئۇنىڭ سەنمۇسى ئەمەسمىدىڭ ؟ — ھاجى بىردىنلا چىچىلىپ ئۇنىڭغا ھومايدى .

— مەن پەقەت مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە كەلدىم . گا سىلىڭ جانابلىرى بۇ دۇنيالىقتا ئىككىلا قېرىنداش ئىدۇق . ئەمدى تىكەندەك يالغۇز قالدىم . ھاجى ئاتامغا خەۋەر قىل، ئۇ كىشى ماڭا ئاتا يوللۇق ئادەم دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى زاكىر سەنمۇ يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرۇپ .

ھاجى :

— ئاتا يوللۇق ئىمىشمەن تېخى ! — دەپ تەتۈر قارىۋالدى . چېدىرنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى .

— ھاجى ئاكا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى تەمكىنلىك بىلەن، — مۇسىبەت ئەمەسمۇ ؟ مۇسۇلمانلار مۇسىبەت كۈنلىرى ئاداۋەت تۇتمايدۇ . خالىس قۇرئان ئوقۇپ قايتساق ساۋابى بولىدۇ .

ئاندىن مۇشۇ باھانىدە ھېلىقى قورالللار توغرۇلۇق يۈزمۇ يۈز گەپ قىلىشقا بولۇر دەيمەن .

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلدى چېغى ، ھاجى ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىشقا رازى بولۇپ بىر توپ كىشى بىلەن يولغا چىقتى...

مېھمانلار تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلىرىنى شتاب ھويلىسىدا قالدۇرۇپ ، زاكىر سەنمۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن كەڭ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ، ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى . ھاجىمۇ خۇددى ئارىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى . ما جۇڭيىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھازا ئېچىشىپ تۇرغانلار ئارىسىدا ، كىچىككىنە قىسقا بۇرۇتىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق ، قاڭشارلىق ۋە قاتمال كەلگەن بىر ئادەم ھاجىغا سالام بېرىپ : «خۇش كېلىدىگىز ، ھاجى ئەپەندىم» دېدى . بۇ ما جۇڭيىڭنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مۇشاۋىرى — تۈركىيىلىك ھەربىي مۇتەخەسسىس كامال كازىم ئىدى . نېرىراقتا ھېچكىمگە گەپ قىلماي ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان پاكار بويلۇق ، قالماق چىراي كىشى ياپونىيىلىك ھەربىي مۇتەخەسسىس داشجۇڭ (خەنزۇچە ئىسمى يۇ خاتىڭ ) ئەپەندى ئىدى .

مېھمانلار كەڭ - ئازادە ئۆيگە جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يوغان - يالپا كەلگەن قىزىل يۈزلۈك بىر كىشى ئاستا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ ، ساتارنىڭ بوم تارىدەك مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن قىرائەت باشلىدى . بۇ تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا قولىغا قورال ئېلىپ سەپكە قوشۇلغان ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئىسلام ئەھكاملىرىنى ياخشى بىلگەنلىكى ، ھەتتا شېئىرىيەتتىن خەۋەردارلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان نەمەت خەلپىتىم دېگەن كىشى بولۇپ ، بۇ كۈنلەردە ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ئىدى . دۇئادىن كېيىن مېھمانلار

«ئەلھۆكمىلىللا» دېيىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى. ما جۇڭيىڭ ئىشىك ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ پەقەت «رەھمەت» دېگەن سۆز بىلەنلا ئۇلارنى ئۇزاتماقچى بولاتتى. ھاجى ئۈچ - تۆت قەدەم مېڭىپ بولۇپ، بىردىنلا ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە زاكىر سەنمۇغا قاراپ:

— ئارىلىق خېلى يىراق، يەنە كېلىپ - كەتمىكىمىز تەس، گا سىلىڭدىن سوراڭ، جىمسارىدىن ئەكېلىنغان قورال - ياراغلارنى قانداق قىلماقچى؟ ئۇ قوراللار بىزگە تەۋە! — دېدى.

— توغرا، ئۇ قوراللار ھاجىغا تەۋە، ئەمما ھازىر ماڭا لازىم، — دېدى ما جۇڭيىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قىلىچ - نەيزە بىلەنلا جەڭ قىلىۋاتىدۇ. گۇچۇڭدىمۇ جىق قورالغا ئىگە بوپتۇ. شۇ يەتمەمدۇ؟

— يەتمەيدۇ، مەن تېخى جىق ئەسكەر ئالىمەن. ئەسكىرىمنى بەش يۈز مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئاۋۋال پۈتۈن جۇڭگونى، ئاندىن رۇسىيىنى ئېلىپ چېگرامنى ھەرەمگە تۇتاشتۇرىمەن. بۇ مۇقەددەس غازاتتا ھاجى ئاتام ماڭا ياردەم قىلسا بولىدۇ.

ھاجىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دۈگىلەك كۆزلىرىگە قان تولۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار ما جۇڭيىڭنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران بولۇپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك بىر - بىرىگە جىددىي قاراشتى.

— ھەي زاكىر، گا سىلىڭغا ئېيت، — دەپ ۋارقىرىدى ھاجى، — مەن ئۇنىڭ تېخى بۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن. ئۇ زە شىنجاڭدىن بەش يۈزمىڭ ئەسكەر توپلاپ ئىچكىرىنىمۇ، ئورۇس يېرىنىمۇ ئېلىپ ھەرەمگىچە بارماقچىمۇ؟ توۋا! بۇ گەپچە شىنجاڭ خەلقى ئۆمۈرۋايەت قان تۆكۈلۈشتىن قۇتۇلماي ناھەق ئۆلۈپ تۈگەشكۈدەكقۇ! بىز خەلقنى جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىمىز، قان ئىچكۈرلەردىن قۇتۇلدۇرىمىز

دەپ ئىنقىلاب قىلغان . ئەمدىزە گا سىلىڭنىڭ ئارقىسىدا كەربالانىڭ ئىتىدەك سوكۇلداپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭغا قان يالىشىپ بەرگۈدەكمەن ـ دە ، نەيزىنىڭ ئۇچى بولسا شۇنداق بولامدۇ ؟ بولدى ، بۈگۈندىن باشلاپ ھەرقايسىڭىز ئۆز يولىڭىزغا ماڭايلى !

ھودۇقۇپ كەتكەن زاكىر سەنمۇ بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغۇچە ، ھاجى ئىتىغا قامچا ئۇرۇپ شتاب دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى .

بايلىقى مول ۋە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن داڭقى چىققان گۈچۈڭ شەھىرى بۇ كۈنلەردە خۇددى دەھشەتلىك يانغىندا چاچلىرى قۇيقىلىنىپ ، يۈز ـ كۆزى چاۋارغان ، ئۇستىبېشى كۆيۈپ ئۆزى يېرىم جان بولۇپ قالغان بىر مومايغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . شەھەرنىڭ چاڭ ـ توزان باسقان ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلىرىدىن ھېلىمۇ مىلتىق دورىسى بىلەن كۆمۈلمەي قالغان جەسەتلەرنىڭ سېسىق ھىدلىرى پۇراپ تۇراتتى.. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنماي قالغان پۇت ـ قولى تېگىق ، باش ـ كۆزى يېرىق مەجرۇھ ئەسىرلەر قىش كۈنلىرى ئىشسىز قالغان مەدىكارلارغا ئوخشاش دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا شۇمشىيىپ تۇراتتى . چىرايى ئۆلۈكنىڭ-كىدەك تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قېرى ـ چۆرىلەر ئۇششاق باللىرىنى گاھ يېتىلەپ ، گاھ كۆتۈرۈپ ، خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈپ چېچىلىپ كەتكەن پادىدەك كوچا ـ كويلاردا تەمتىرەپ يۈرۈشەتتى . ما جۇڭيىڭنىڭ چېرىكلىرى بولسا تېخىچىلا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئولجا ئېلىشماقتا ئىدى . ئۇلاردىن ئون نەچچىسى شەھەرنىڭ جەنۇب دەرۋازىسى ئالدىدا ئاخىرقى ئولجىلىرىنى بۆلۈشەلمەي جاڭجاللىشىپ تۇرغاندا ، بايراقتىلا جىمسار تەرەپتىن كېلىپ ، ئاتلىرىنىڭ تەرىنىمۇ قۇرۇتماستىن شەھەردىن ئالدىراش چىققان يېتى يەنە جىمسارغا قايتىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ، ئۇلارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قېلىشتى . بۇرۇن قۇمۇلدا ھاجىنى كۆرگەن ئىككى قېرى چېرىك ئۇنى بۇ ئاتلىقلار

ئارىسىدا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، قانداقتۇر بىر يامانلىقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بىر - بىرىگە ئەندىشىلىك قارىشىپ قويىدى.

ھاجىلار جىمسارغا قايتىپ كېلىپ، شۇ كېچىسىلا پۈتۈن قوشۇنغا جەڭگىۋار تەييارلىقتا تۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلدى. چۈنكى، مەھمۇت مۇھىتى باشلىق چوڭلار ئەمدى ما جۇڭيىڭ ھاجىنىڭ بايىقى گەپلىرىگە چىدىيالماي، بىر ئىش تۇغدۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئويلايتتى. ھاجىنىڭ ئۆزىمۇ: «بولغۇلۇق بولدى، بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرىمەن» دەپ توقۇمنى قارىنىغا ئالغانىدى. بىراق، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە ھېچكىمنىڭ كۆڭلىدە تېخى تەييار جاۋاب يوق ئىدى. شۇڭا، ئەتىسى ئەتىگەندە چاي ۋاقتىدا، مۇشۇ توغرۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، نەمەت خەلپەت مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى. مەھمۇت مۇھىتى «ياخشى گەپ ئىكەن» دېدى - دە، نەمەت خەلپەتنىڭ ما جۇڭيىڭ توغرىسىدا بىر نەزم يازغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. نەمەت خەلپەت يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ بويىغا ياراشقان بوم ئاۋازدا ھەربىر سۆزنى دانە - دانە قىلىپ شۇنداق ھاياجانلىق ئوقۇشقا باشلىدىكى، چېدىرنىڭ ئىچى چوڭقۇر سۇكۇناتقا چۆمۈپ كەتتى. «يارەب» («يا ئىگەم ئاللا») دېگەن رەدىپ غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىر مۇنداق ئىدى:

تولا غاپىل ئىكەنمىز ھەي، بۇنى بىلمەپتىمىز يارەب،
قوتانغا بۆرىنى كەل دەپ، خاتا چىللاپتىمىز يارەب.
مۇسۇلمان دېسە بۇ شەيتان، كالامىنى بىلىپ ھەق - راست،
دۇئا - تەكبىر بىلەن باشتا ئۇنى يادلاپتىمىز يارەب.
«ئىشەنگەن تاغدا ياتمايدۇ كېيىك» دەپ بىر ماقال تۇرسا،

ئاتالار سۆزگە چىندىل ئەمەل قىلماپتىمىز يارەب .
تىلى شەكەر ، دىلى زەھەر ئىكەن ھەي ، بىز چۈشەنمەستىن ،
ئەجەب ئاسان ، قېرىنداش دەپ ئۈمىد باغلاپتىمىز يارەب .
ئۇ مەككار ھەر قەدەمدە ھېسابلاپ قۇم ساناپ يۈرسە ،
گۆدەكتەك گول بولۇپ بىز ھەي ، تاش ساناپتىمىز يارەب .
بۈگۈن ئۇقساق تېخى بىزنى جەھەننەم سارى باشلارمىش ،
ئېچىپ كەڭرى قويۇنى بىز يىلان ئاسراپتىمىز يارەب .
ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا دۇنيانى ،
بۇنىڭدەك زور گۇناھ بولماس ، خاتا چاغلاپتىمىز يارەب .
«ئاتاڭغا بەرمىگىن بىلگەن يولۇڭنى» دەر ئىدى دانا ،
نادامەت ئوتىدا ، ئەپسۇس ، جىگەر داغلاپتىمىز يارەب .
گېھى تۇلپارمۇ تۈز يولدا مۇدۇرۇلۇپ كېتىدۇ دەيدۇ ،
سىراتىل مۇستەقىم[1] بەرگىن ، خاتا ئويلاپتىمىز يارەب .
كەمى[2] نەمەت يېزىپ ئەشئار ، سۇخەندانلىق قىلىپ قويدى ،
كەچۈرگەي مېنى دوست ـ يارلار ، بۇرۇن بىلمەپتىمىز
يارەب .

بۇ شېئىر سورۇندىكىلەرگە شۇنداق تەسىر قىلدىكى ، نەمەت خەلپەت «تۈگىدى» دېمىگۈچە ، ئۇلار شېئىرنىڭ ئوقۇلۇپ بولغىنىغا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ جىم ئولتۇراتتى . بىردىنلا ھاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— يەنە ئوقۇڭ ، ئۇكام .

شېئىر ئىككىنچى قېتىم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھاجى مۇنداق دېدى :

— ھۇششەرە ، ئۇكام ، بۇ نەزمىگە مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلەرنى پۈتۈپسىز ، يۈرىكىمنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ ، لازىدەك

① سىراتىل مۇستەقىم — توغرا يول .
② كەمى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى .

ئېچىشتۇرۇۋاتقان ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپسىز ، مەن بۇ گەپلەرنى ھەرگىز مۇنچىلىك ئېيتالماس ئىدىم . خوش ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ، ئاغىنىلەر ، گەپ قىلىڭلار . گا سىلىڭ دېگەن لومودىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى كۆردۈڭلار ، نىيىتىنى ئاڭلىدىڭلار . ئۇنىڭ ئالدىدىن يەش قىلىشىپ چىققىنىم خاتا بولدىمۇ ـ يا ؟

— نېمىشقا خاتا بولغۇدەك ! ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان ، — دېدى سالى دورغا ، — ھېلىمۇ بىز كالىدەك سەۋرلىك ، قويدەك ياۋاش ، كىچىك بالىدەك گول خەق ئىكەنمىز ، ھەممىگە چىداپ كەلدۇق خەير ، ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇشىمىزنى ئويلىشىپ كۆرەيلى .

سالى دورغا خۇددى گەپنى باشلاپ بەرگەندەك ، ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى . بەزىلەر ما جۇڭيىڭغا قارىماي ئۇرۇمچىگە تېگىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى . بەزىلەر : «گۇچۇڭ بىلەن جىمسارىدىكى قورال ـ ياراغلار ما جۇڭيىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . ئادەملىرىمىز كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ ، قورال ـ ياراغدىن قىسىلىۋاتقان شارائىتتا ئۇرۇمچىگە تەگكىلى بولمايدۇ . تۇرپان ئارقىلىق ئالتەشەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەك ، تېخىمۇ نۇرغۇن خەلق بىزگە قوشۇلىدۇ ، ئىشنى شۇ يەردىن باشلاش كېرەك» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھەتتا بەزىلەر : «ما جۇڭيىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ھېلىقى قورال ـ ياراغلارنى قايتىق تەلەپ قىلىش ، بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ ئېلىش لازىم» دېگەن گەپلەرنىمۇ ئېيتتى .

ھاجى شۇنىڭغىچە ئاشكارا بىرنېمە دېمەي ، قاسىم ئەپەندى بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇرغان مەھمۇت مۇھىتىغا قارىدى . مەھمۇت مۇھىتى يۇقىرىدىكى پىكىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئەگەر ھاجىم لايىق تاپسا ، ھازىرچە مۇشۇ ئەتراپتا مەلۇم زامان تۇرۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى .

— مەنمۇ مۇشۇنداق ئويلايمەن ، — دېدى ھاجى ، — ھازىر يەر ـ جاھان ئويدانلا ئىللىپ تاغ ـ قىرلار كۆكىرىپ قالدى . بىز

مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ما جۇڭيىڭنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ باقايلى. قېنى ئۇ لومودى ئۆزى يالغۇز شىلىڭ دۇبەن بىلەن قانداق سوقۇشىدىكىن. مۇبادا بىزگە مۇشت ئاتىدىغان بولسا شۇ گاختا كۆرىمىز. ئۆلگۈسى كەلگەن بولسا تاغقا چىقسۇن. بىلىققا سۇ، يىلقىغا يايلاق، قاپلانغا تاغ ياخشى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاجىنىڭ قوشۇنى تەسلىم بولغان جىمسار چېرىكلىرىنىڭ ھەممە ئات - ئۇلاغ ۋە چېدىرلىرىنى، ساڭلاردىكى ھەممە ئاشلىق ۋە يەم - بوغۇزنى بىراقلا تارتىۋېلىپ تاغ تەرەپكە جۆنىدى.

ما جۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاچ، جىمسار چېرىكلىرىنى دەرھال گۇچۇڭغا پىيادە ھەيدىتىپ كەتتى ۋە گۇچۇڭدا ئەسىر چۈشكەن چېرىكلەرگە ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭمۇ ئاقساق - چولاق ۋە قېرى - چۈرىلىرىنى شاللىۋېتىپ تىمەنلىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاز كۈن ئىچىدىلا بەش مىڭ كىشىلىك خىللانغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى بولۇپ قالدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. شۇ يىللاردا شەرقىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى كېزىپ يۈرگەن شۋېتسىيىلىك سەيياھ سۋېن ھېدىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ چەكسىز ياۋۇز نىيەتلىك تەۋەككۇلچى سەركەردە ئۆز خىيالىچە: «گېرمانىيە، رۇسىيە ۋە تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش پىلانى» نى شۇ يەردىن باشلىماقچى بولدى[1].

ھاجى بولسا بىرياقتىن، ئۆزى ئۈچۈن غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان كەلگۈسىنىڭ غەم - ئەندىشىسى، يەنە بىرياقتىن، بۇ تەلۋە - تەتەك سەركەردىنىڭ شىلىڭ شىسەي بىلەن قانداق ئۇرۇشىدىغانلىقىنى تاماشا قىلىش ئارزۇسىدا جىمسار - فۇكاڭ تاغلىرىدا خاتىرجەم ياتاتتى.

---

① سۋېن ھېدىن: «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ» 19 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com

# 4

بىر كۈنى ھاجى ئۆز سەپداشلىرى بىلەن قىلىن قارىغايلىق ئارىسىغا تىكىلگەن چېدىر ئالدىدا گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، مىرزۇل مەرگەن: «ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ» دەپ ئىككى ئاتلىق كىشىنى باشلاپ كەلدى: ئۇلارنىڭ بىرى، چىرايىدىن چېكىملىكنى كۆپ چەككەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق، ئورۇق ئادەم بولۇپ، خەنزۇچە شۆتاڭدا ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئەكبەر پۇگەن دېگەن كىشى ئىدى. يەنە بىرى، پاكارراق كەلگەن، كەكە ساقال، سېمىز ۋە قورسىقى تومپىيىپ تۇرغان كىشى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرىدىن مەھمۇت خوجا ئىدى. سالام ـ سەھەت ۋە ھاردۇق چېيىدىن كېيىن، ئەكبەر پۇگەن ئۆزىنىڭ شېڭ دۇبەن نامىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە شېڭ دۇبەننىڭ ھاجىمدىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھاجى قاپىقىنى سېلىپ تەتۈر قارىۋالدى. قالغانلارمۇ ئەكبەر پۇگەنگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى. مەھمۇت خوجا ئۆزبېكچىنى مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تاتار، خەنزۇ، خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرىدىن تاھىربەگ، ئەخمەتجان دارىن، ھەيدەر ئەپەندى، مەنسۇرجانباي، خۇسەيىن چانشىپ قاتارلىق بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ناملىرىنى دەرھال تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ شۇ كىشىلەر بىلەن سوۋېت كونسۇلى نامىدىن ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە: «ھەممىسى كۆپ سالام ئېيتتى» دېدى.

— سالامەت بولسۇن، — دېدى ھاجى سەل ئېچىلىپ، ئاندىن ئۆزى تونۇيدىغانلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى.

مەھمۇت خوجا گەپ ئارىسىدا ھاجىدىن كەچۈرۈم سوراپ: «خاتىرەمنىڭ پەرىشانلىقىنى قارىسىلا، تاھىربەگنىڭ جانابلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى ئۇنتۇغىنىمنى» دەپ يانچۇقىدىن بىر لېپاپ

چىقىرىپ ھاجىغا ئۇزاتتى، تاھىربەگنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان بۇ خەتتە ئۆزىنىڭ يېقىنغىچە نەزەربەندتە تۇرغانلىقى تۈپەيلى ھاجىنىڭ خىزمىتىگە كېلەلمىگەنلىكى، ئەلھال ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقى بايان قىلىنىپ، ئاخىردا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بۇرادىرىمىز مەھمۇت خوجا ئۇرۇمچى جامائەتچىلىكىنىڭ، جۈملىدىن ھەيدەر ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەكلىپ ـ مەسلىھەتلىرىنى جانابلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا كەتتى. مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى ھايات بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ جانابلىرىغا بېرىدىغان مەسلىھەتىمۇ چوقۇم شۇنداق بولۇر ئىدى. بۇرادىرىمىز مەھمۇت خوجىنىڭ دەرگاھلىرىدا بايان قىلغۇسى پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە دىققەت ـ ئېتىبارلىرىنى دەرىغ تۇتماسلىقلىرىنى سورايمەن.»

ھاجى بۇ خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپ مەھمۇت مۇھىتىغا ئۇزاتتى. مەھمۇت مۇھىتى خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بولغاندا، ھاجى مەھمۇت خوجىغا قاراپ: «قېنى ئېيتىڭ، نېمە گەپ ئىدى؟» دېدى.

مەھمۇت خوجا ئۇستا ناتىقلارغا خاس تەسىرلىك تەلەپپۇز بىلەن گەپنى ئۆزۈندىن باشلاپ، ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىستىبدات جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئادىل ـ ئادالەت ۋە خەلقچىللىق بىلەن مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىگە تىنچ ۋە ئىناق تۇرمۇش يارىتىپ بېرىش يولىدا قەتئىي تىرىشىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ياردەملەرنى ئايىمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتۈپ مۇنداق دېدى:

— ھاجىم جانابلىرى باشلىق سەركەردىلەرنىڭ قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنى باشلاپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش

www.uyghurkitap.com

يولىدا كۆرسەتكەن شىجائەت ۋە پىداكارلىقلىرى شاراپىتىدىن ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ھاياتقا مۇيەسسەر بولۇش ئەرەپىسىدە تۇرماقتالەر. ئەمما، باسقۇنچى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تارمار كەلتۈرۈلمىگۈچە، بۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ما جۇڭيىڭ دېگەن بەچچىغەر ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قورچاق «مانجۇگو»غا ئوخشاش، يۇرتىمىز شىنجاڭدا قانداقتۇر بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، بۇ زېمىننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىستىھكام قىلماقچى. بۇنىڭغا جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھەم سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەم مۇتلەق يول قويمايدىلەر.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، چېدىرنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرمەكتە، ھاجىمنىڭ كۆز ئالدىدا ئالدىنقى يىلى تاراتى تېغىدىكى چاغدا، تاشقى موڭغۇلدىن كەلگەن جامسىن دورجىنىڭ قىياپىتى گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ ما جۇڭيىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرى قايتىدىن ئاڭلانغاندەك سېزىلمەكتە ۋە تېخى بىرنەچچە كۈنلەر بۇرۇنلا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان ھېلىقى سۆزلەر، يەنى: «ئاۋۋال جۇڭگونى، ئاندىن رۇسىيىنى ئېلىپ چېگرامنى ھەرەمگە تۇتاشتۇرىمەن» دېگەن سەپسەتىلەر يادىغا چۈشمەكتە ئىدى.

— شۇ تۇپەيلى، — دەپ داۋام قىلدى مەھمۇت خوجا، — سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شىڭ دۇبەننىڭ ما جۇڭيىڭنى يوقىتىشىغا بارلىق يوللار بىلەن ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. ئەمدى كىمكى ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولسا، ئۇ كىشى سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭمۇ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ. سوۋېت كونسۇلى جانابلىرىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن قول ئۈزگەنلىكلىرىنى ئاقىلانە تەدبىر دەپ بىلىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جانابلىرىنى تەبرىكلەيدۇ. مەن كونسۇل نامىدىن ئەنە شۇ قارارنى جانابلىرىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا كەلدىم. مېنىڭ گەپلىرىمدە بەزى قوپاللىقلار سادىر بولغان بولسا، لۇتفى كەرەملىرىنى دەرىغ تۇتماي، ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئىلتىجا

قىلىمەن .

— ما جۇڭيىڭدىن ئايرىلغىنىم ئايرىلغان ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر يولدا ماڭمايمەن ، — دېدى ھاجى كەسكىن قىلىپ ، — شۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ئورۇسلار ماڭىمۇ بۇرۇنقىدەك ياردەم بېرىشى كېرەك .

— جانابلىرىغا ياردەم بەرسە كىم بىلەن سوقۇشىدىلا ؟ — سورىدى مەھمۇت خوجا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ .

— كىم بىلەن دېگىنىڭىز قانداق گەپ ؟ شېڭ دۇبەن دېگەن لومودىدىن قىساس ئالماي توختىمايمەن . ئۇ قانچىلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىنى يېدى بىلەمسىز ؟

— بۇ راست ، ئەمما شېڭ دۇبەن بىلەن سوقۇشىمەن دېسىلە سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى جانابلىرىغا ياردەم بەرمەيدۇ . ئەكسىچە...

— ھە ، نېمە ئەكسىچە ؟ شېڭ دۇبەننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئورۇسلار بىلمەمدىكەن ؟

— بىلىدۇ ، — دېدى مەھمۇت خوجا يەنە كۈلۈمسىرەپ ، — ئەمما ھازىر ۋەزىيەت ئۆزگەردى . سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى شېڭ دۇبەنگە ئىشەندى ۋە ئۇنى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ بىردىنبىر ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلدى . شېڭ دۇبەننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە كەلسەك ، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى . ئۆتكەنگە سالاۋات دېگەن سۆز ئۇيغۇرلاردا ھەم بار . گەپنىڭ قىسقىسى ، سوۋېت كونسۇلى جانابلىرىغا شېڭ دۇبەن بىلەن بىرلىشىش تەكلىپىنى بېرىدۇ .

— نېمە ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق بىرلەشكۈدەكمەن ؟

— بۇنىڭدىن باشقا يول يوق . بولمىسا ، جانابلىرى بىرياقتىن ما جۇڭيىڭ بىلەن ، يەنە بىر ياقتىن شېڭ دۇبەن بىلەن دۈشمەنلىشىپ قانداق قىلالايدىلا ؟ ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ما جۇڭيىڭمۇ چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىماقچى بولغان . بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ، جانابلىرى شېڭ دۇبەن بىلەن بىرلەشسىلە

سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى جانابلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا قوللاپ ياردەم بېرىدۇ .

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە ، مەھمۇت مۇھىتى «مېھمانلار ھېرىپ كەتكەندۇ ، ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئارام ئالسۇن ، قالغان گەپلەرنى ئەتە قىلىشارمىز » دېدى . مىرۇل مەرگەن مېھمانلارنى خاس بىر چېدىرغا باشلاپ كەتتى . قوشۇنىنىڭ ھەممە باشلىقلىرى ھاجىنىڭ كەڭ چېدىرىغا توپلىشىپ يېرىم كېچىگىچە كېڭەش ئۆتكۈزدى . قاسىم ئەپەندى ئۆز نۆۋىتىدە مەھمۇت خوجىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى تولىدىن تولا شەرھلەپ ئۆتتى .

بىراق ، كېڭەش ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشنى ئۇنىڭغا ئەل بولۇش دەپ چۈشىنىدىغان بولغاچقا ، تالاش - تارتىش كۈچىيىپ كەتتى . ھاجى بولسا تاھىربەگنىڭ خېتىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ : «مەرھۇم مەخسۇت مۇھىتى ھايات بولغان بولسا ، ئۇنىڭ پىكرى - تەكلىپىمۇ چوقۇم شۇنداق بولار ئىدى » دېگەن قۇرلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي جىددىي خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى .

شۇ ئارىدا ، نەمەت خەلپەتنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— قەدىمكى دانىشمەنلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل - دانىشلىرىدىن كېيىنكىلەرگە ئاجايىپ ھېكمەت دۇردانىلىرىنى مىراس قالدۇرغان . «مۈشۈك بىلەن چاشقان » دېگەن ھېكمەت ئەنە شۇنداق ھېكمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر . ھاجىم ئىجازەت بەرسە ، شۇ ھېكايەتنى مەجلىس ئەھلىگە سۆزلەپ بەرسەم پايدىسى بولار دەيمەن .

بەزىلەر بۇ ئادەمنىڭ مۈشۈنداق چاغدا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي دېگىنىگە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى . ھەتتا بەزىلەر نارازى بولۇپ غۇدۇڭشىدى . ھاجى ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا يازغان ھېلىقى نەزمىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر گەپ چىقىدۇ دەپ ئويلىدى چېغى : «قېنى ، خەلپىتىم ، ھېكايىڭىزنى ئاڭلايلى » دېدى .

— بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر چاشقان بوپتىكەن ، — دەپ

باشلىدى نەمەت خەلپەت ، — بۇ چاشقان ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى ۋە تەدبىر - چارىلىرىگە ئۇستاتلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن جېنىنى ئاسراپ ، بىر جاڭگالدا ئۇزۇن يىللار تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ، ئۇ جاڭگاللىقتا بىر ئوۋچى كېلىپ تۇزاق قۇرۇپ قويۇپتۇ . شۇ ئەسنادا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئاچ مۇشۇك تۇزاقتىكى گۆش پارچىسىنى يەيمەن دەپ تورغا چۈشۈپ قاپتۇ . شۇ كۈنى ھېلىقى چاشقانمۇ قورساق غېمىدە تۆشۈكتىن چىقىپ ئۇنى - بۇنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ مۇشۇكنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ . مۇشۇك توردا ياتقىنىغا قارىماي چاشقانغا ئېتىلماقچى بوپتۇ . ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن چاشقان دەرھال ئۆزىنىڭ تۆشۈكى تەرەپكە قاچماقچى بولۇپ قارىسا ، ئۇ يەردە يوغان بىر ئاغمىخان ئۇنى ماراپ ياتقۇدەك ، چەتكە قاچاي دېسە تېرەك بېشىدا يوغان بىر قاغا قانىتىنى رۇسلاپ قاراپ تۇرغۇدەك . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چاشقان : «ئالدىمغا ماڭسام مۇشۇك ، ئارقامغا يانسام ئاغمىخان ، مىدىرلىسام قاغا ئالىدۇ . بۇ غېمىمنى كىمگە ئېيتۇرمەن ، بۇ داۋاسى يوق دەردىمنىڭ دەرمانىنى كىمدىن سورارمەن» دەپ غەم - دەرياسىغا غەرق بوپتۇ ۋە شۇ ئارىدا بىر شائىرنىڭ :

«پەلەك راھىتىگە بولما خۇررەم ، رەنجىدىن ھەم يېمە غەم ،
كى جاھان رەسمى گېھى ئانداق ، گېھى مۇنداق ئېرۇر .»

دېگەن مىسرالىرى يادىغا چۈشۈپ : «مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇپ ، پاراسەت بىلەن چارە - تەدبىر تاپماقتىن ئۆزگە نىجاتلىق يولى بولماس» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئاخىر بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ دۈشمەنىنىڭ بىرى بىلەن ، ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈكرەكى بىلەن دوستلاشماقتىن ياخشىراق چارە يوقتۇر دېگەن قارارغا كەپتۇ - دە ، مۇشۇككە مۇنداق دەپتۇ : «ئەي مۇشۇك ، ئول خۇداۋەندە كەرىم سېنى مېنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىم قىلىپ ياراتقانىكەن ، سەن بار يەردە ماڭا كۈن يوق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەر زامان

سېنىڭ ھالاكىتىڭنى تىلەر ئىدىم . سېنىڭ غەمگە گىرىپتار بولۇشۇڭ مېنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ، پاراغەتكە چىقىشىڭ ماڭا ماتەم ئىدى . ئەمما ، ھازىر سېنى غەمدىن خالاس قىلىشنى خالايمەنكى ، بۇنىڭ تۆپەيلى مەنمۇ غەمدىن قۇتۇلىمەن ، شۇ ۋەجىدىن ساڭا مېھرىبان بولۇپ سېنىڭ بىلەن دوستلاشماقچىمەن ، ساڭا ئۇچۇق ئېيتايكى ، بۇ دوستلۇق غەرەزلىكتۇر . ئەمما ، غەرەزلىك بولغان بىلەن پايدىسى باركى ھەرگىز زىيىنى يوقتۇر . ئەنە قارا ، مەن ھازىر ئىككى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز خەۋپى ئاستىدا قالدىم . ئارقامدا ئاغمىخان ، يېنىمدا بىر قاغا مېنى پايلاپ يېتىپتۇ . ئەگەر سەن سايائى دەۋلىتىڭدە مېنى شۇلارنىڭ خەۋپىدىن خاتىرجەم قىلساڭ ، مەنمۇ تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىپ تاشلاپ ، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن ، سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى خۇددى كېمە بىلەن كېمىچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇكى ، كېمە كېمىچىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن دەريا قىرغىقىغا يېتىپ بارىدۇ . كېمىچى بولسا كېمىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ دەريادىن سالامەت ئۆتىدۇ ، قېنى ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ » مۈشۈك بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاچ : «مەن سېنىڭ زېرەكلىكىڭ بىلەن راستگويلۇقۇڭغا قايىل بولدۇم ، خوش ، سېنىڭ تەلىپىڭ بويىچە نېمە قىلىشىم كېرەك ؟ » دەپتۇ . چاشقان ئېيتىپتۇكى : «ئەمىسە ، مەن سېنىڭ يېنىڭغا بارىمەن . سەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ماڭا ھۆرمەت كۆرسىتىسەن ، دۈشمەنلىرىم بۇنى كۆرۈپ بىزنىڭ دوستلۇقىمىزدىن ۋاقىپ بولغاي ۋە مېنىڭ سەندەك بىر ھىمايىچىم بولغانلىقىنى بىلىپ ، نائۈمىد بولۇپ بۇ يەردىن كەتكەيلەر ، ئاندىن مەن تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىپ تاشلاپ سېنى نىجاتلىققا چىقارغايمەن . » مۈشۈك بىردەم ئويلىنىپ : «ئادەم بىنا بولغاندىن بۇيان ، مۈشۈكلەر جىنسىدىن ھېچكىم تېخى چاشقانغا بويۇن ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ئەمەس ئىدى . بۇ مېنىڭ ئىززەت — نەپسىمگە ئېغىر كېلەرمىكىن ، شان — شۆھرىتىمنى يەرگە ئۇرارمىكىن !» دەپتۇ . چاشقان ئېيتىپتۇكى : «مۈشۈ سائەتتە

بۇنىڭدىن ئۆزگە يول يوق ، سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ هازىرقى هالىتى كىمە بىلەن كىمىچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇ دەپ ئېيتتىمغۇ . دېمەك ، بىز بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە موهتاجمىز . ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىساڭ ، هەر ئىككىمىز هالاك بولىمىز . » شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇك ماقۇل بولۇپ چاشقانغا كامىل ئېهتىرام بىلەن ئەئزازۇ ئىكرام رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ . ئاغمىخان بىلەن قاغا بۇ هالەتنى كۆرۈپ ، چاشقاندىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ ئۇ يەردىن كېتىپتۇ . چاشقان تورنىڭ يىپلىرىنى قىيىشقا كىرىشىپتۇ . ئەمما : «مۇشۇكنىڭ هىمايىسى ئارقىسىدا ئاغمىخان بىلەن قاغىدىنغۇ قۇتۇلدۇم . ئەمدى مۇشۇكتىن قانداق قۇتۇلارمەن ، مۇشۇكنى ئازاد قىلسام ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان خەۋپ هەممىدىن يامان بولىدۇ . پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ كەتسەم ، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن» دېگەن خىيال بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاستىلىتىپ قويۇپتۇ . توردىن چاپسانراق قۇتۇلۇپ چاشقاننى يېمەكچى بولۇۋاتقان مۇشۇك بۇنى سېزىپ قېلىپ : «قېنى چاپسانراق بولمامسەن ، ۋەدەڭدىن يېنىۋالاي دەۋاتامسەن ، شۇنى بىلگىنكى ، بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر . كىمكى ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىسا ، چوقۇم ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ» دەپتۇ . چاشقان ئېيتىپتۇكى : «ياق ، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ سېنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن ، لېكىن باشتا ئېيتقىنىمدەك ، سېنى قۇتۇلدۇرمىقىم دۈشمەنلىرىمنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئۆزۈمنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى . هېلىمۇ شۇ ئەندىشە بىلەن ئىش قىلماقچىمەنكى ، نەتىجىدە سەنمۇ ئوۋچىنىڭ توردىن قۇتۇلسەن ، مەنمۇ ئۆزۈمنى سېنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىڭدىن ئامان ساقلاپ قالىمەن . » مۇشۇك بۇ گەپنى ئاڭلاپ : «ئەي چاشقان ، شۇنى ئېنىق ئېيت . قېنى ، قايسى يول بىلەن هەم مېنى توردىن قۇتۇلدۇرماقچى ، هەم ئۆزۈڭنى ئاسراپ قالماقچىسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ . چاشقان ئېيتىپتۇكى : «خاتىرجەم بول ، مەن شۇنداق بىر

www.uyghurkitap.com

پەيتنى كۈتمەنكى ، تاكى سەن ئۆزۈڭنىڭ جېنى بىلەن بولۇپ قىلىپ ماڭا قارىغۇدەك ھالىڭ قالمايدۇ . مانا شۇ چاغدا سەنمۇ قۇتۇلىسەن ، مەنمۇ ئامان قالىمەن . » شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈك ئۆز ئەپسۇنلىرىنىڭ چاشقانغا كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جىم بوپتۇ . چاشقانمۇ تورنىڭ يىپلىرىنى قىيا ـ قىيا مۈشۈكنىڭ بويىندىكى بىر تال توم يىپنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپ ، قانداقتۇر بىرنېمىنى كۈتكەندەك قاراپ ئولتۇرۇپتۇ . ئاخىر تاڭ ئېتىپ ئوۋچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ . مۈشۈك جان قايغۇسىدا تېپىرلاپ چاشقانغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ . تاكى ئوۋچى يېقىن كەلگەندە ، چاشقان ھېلىقى بىر تال يىپنى «گىرت» قىلىپ قىيىپ تاشلاپتۇ . مۈشۈك بەدەر تىكىۋېتىپتۇ . چاشقانمۇ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ . ئوۋچى نائۇمىد قايتىپ كېتىپتۇ . شۇ ئارىدا مۈشۈك چاشقاننىڭ تۆشۈكى ئالدىغا كېلىپ : «ئەقىل ـ دانىشتا تەڭدىشى يوق قەدىردان دوستۇم ، ماڭا قىلغان مېھرىبانلىقىڭنى قايسى تىل بىلەن ئېيتىپ ، ئۇنىڭ شۈكرىنى نېچۈك ئادا قىلارمەن ، ئارزۇيۇم شۇكى ، ئىلتىپاتىڭنى دەرىغ تۇتماي ، ئاي جامالىڭنى بىر كۆرسەتسەڭ ، ئوبدانراق كۆرۈپ ھۆسنۈڭگە قېنىۋالسام ۋە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلسام» دەپتۇ . چاشقان تۆشۈكىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تۇرۇپ : «بەس ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق شۇ يەرگىچە بولىدۇ . مېنىڭ جامالىمنىمۇ كۆرمەن دېمە ، ماڭا رەھمەتمۇ ئېيتما ، بۇنىڭ ۋەجى شۇكى ، ئەمدى سېنىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنۈش مېنىڭ ھالاكىتىم بولىدۇ» دەپتۇ ـ دە ، ئىچكىرى كىرىپ كېتىپتۇ . مۈشۈك نائۇمىد بولۇپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ .

نەمەت خەلپەت بۇ ھېكايەتنى ئېيتىشتىكى مۇددىئاسىنى خۇلاسىلەپ :

— بىر ناتىۋان چاشقان چېغىدا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلغانىكەن ، ئەلھەمدۇلىللا ، بىزلەرمۇ نىجاتلىق يولىنى تاپۇرمىز ، — دېدى .

بۇ ھېكايە كېچەش ئەھلىگە قاتتىق تەسىر قىلدى چېغى، تالاش - تارتىشلار توختاپ، ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. ئۆلارنىڭ يازلىقى جەزىرىمە ئاپتاپتا كۆيۈپ، قىشلىقى قار - شىۋىرغان ۋە بوران - چاپقۇن يالاپ تاشلىغان سۇرلۇك چىرايلىرى موم شاملارنىڭ غۇۋا يورۇقىدا خۇددى تۇچ ھەيكەللەرنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ تۇراتتى. يۇلتۇزلارغا ئوخشاش چىمىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى: «قېنى، بىرنېمە دېمەمسەن» دېگەندەك قىلىپ ھاجىغا تىكىلگەنىدى. ھاجى بولسا ناتونۇش ئاچا يول ئاغزىدا: «قاياققا ماڭسام بولار» دەپ ئارىسالدى بولۇۋاتقان يولۇچىدەك، ساقىلىنى سىلاپ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. دېمىسىمۇ، شۇنچە ۋاقىتتىن شىڭ شىسەي دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسا، قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ كېتىدىغان بۇ ئادەم ئۇچۇن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىش ئوڭاي ئىش ئەمەس - دە! بىراق بۇنىڭدىن بۆلەك يول يوق ئىكەنلىكىنى مەھمۇت خوجا سوۋېت كونسۇلى نامىدىن ئۇنىڭغا ئاشكارا جاكارلاپ قويىدى. ھاجىنىڭ كونا سەپداشلىرىدىن تاھىربەگمۇ ئۆز خېتىدە بۇنى ئېنىق تەۋسىيە قىلدى، ھەتتا: «ھايات بولغان بولسا، ئۇ كىشىمۇ شۇنداق تەۋسىيىدە بولار ئىدى» دەپ مەخسۇت مۇھىتىنى شىپى كەلتۇردى. دېمەك، سوۋېت ھۆكۇمىتى كىمنى يۆلىسە، ھاجىمۇ شۇ تەرەپتە تۇرۇشى لازىم. چۈنكى، سوۋېت ھۆكۇمىتى بۇ ئىنقىلابنى باشتىنلا قوللاپ كەلگەن. خوش، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ تاپتا ھاجىنىڭ بىر ئېغىز گېپى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ: يا ئىنقىلاب ئۆز ئىزى بىلەن ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ ياكى ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. كۆپچىلىك ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تەقەززالىقتا ئولتۇراتتى.

بىردىنلا ھاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاغا - ئىنىلەر! تاھىربەگنىڭ خېتىنىمۇ ئوقۇدۇق، خەلپىتىمنىڭ ھېكايىسىنىمۇ ئاڭلىدۇق، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاۋازى سەل بوغۇلۇپ تىترەپ چىقىۋاتقاندەك سېزىلەتتى، — راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ يۈرىكىم ھېچقاچان

www.uyghurkitap.com

بۇگۇنكىدەك سىقىلمىغان . باياتىن رەھمەتلىك تۆمۈر ئاكامنى نەچچە قېتىم ئېسىمگە ئالدىم . بىر گاخلاردا ، ھېلىقى لى دارىن دېگەن ئىپلاس مۇناپىق دۆيۈز گەپدانلىق بىلەن ئاللاننىڭ كالامىنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالغاندا ، تۆمۈر ئاكامنىڭ يۈرىكىمۇ شۇنداق سىقىلغانمىكىن دەيمەن . يەنە بىر تۇرۇپ ، ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ دەپمۇ ئويلايمەن . دەرۋەقە ، ئوخشىمايدۇ . مەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىپ كەلدىم . ھېلىمۇ ئىشىنىمەن . سوۋېت ھۆكۈمىتى بىزنى خەيلى قىلمايدۇ دەپ ئىشىنىمەن . ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز كېپىل بولىدۇ دەۋاتقاندىن كېيىن ، شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەك بىرلىشەيلى . ئۇنداق قىلماي ، ما جۇڭيىڭغا قويۇپ بەرسەك ، ئۇ لومودى بۇ يەردە ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق قۇرىمەن دەپ ، ئەزىز يۇرتىمىزنى قانغا بوياپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ . مېنىڭ ئەسلىمدىنلا ئۆز ئالدىمغا پادىشاھلىق قۇرۇش نىيىتىم يوق ، بۇ سىلەرگىمۇ مەلۇم . شېڭ شىسەي مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە قويىمەن دەپتىغۇ ، سوۋېت كونسۇلى بۇنىڭغا كېپىل بولغۇدەكقۇ ! ئانداق بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ خەلقىمىزمۇ باراۋەرلىككە ئېرىشىپ ، ئەركىن ـ ئازاد تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولسىلا بولدى ئەمەسمۇ ! بىزمۇ شەرتلىرىمىزنى قويايلى ، شېڭ دۇبەن بىلەن سوۋېت كونسۇلى ماقۇل بولامدۇ ، يوقمۇ ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلارمىز . ماقۇل بولمىسا شۇ گاختا كۆرمەيمىزمۇ !

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى ، ئەتىسى ئەلچىلەر خۇشال ـ خۇرام قايتىشتى .

## 5

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، فۇكاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قارىغايلىق ئىچىگە تىكىلگەن ئون قاناتلىق كەڭ كىگىز ئۆيدە سۆھبەت باشلاندى . سۆھبەتكە رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە يېڭى ھۆكۈمەت

تەرەپتىن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېڭ دېلى، يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن خوسەيىن چانىشېۋ، تۇرسۇن بابا، مەنسۇر جانباي، ئەخمەتجان دارىن ۋە سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋەكىلى باشلىق يەتتە كىشى، خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىن ھاجىنىڭ ئۆزى، مەھمۇت مۇھىتى، سالى دورغا ۋە بىرقانچە تۇەنجاڭلار بولۇپ توققۇز كىشى قاتناشتى. نەمەت خەلپەت خاتىرە يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

بىر كۈنلۈك سۆھبەت نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تەخمىنەن تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئون ماددىلىق بىتىم تۈزۈپ چىقىلدى:

شىنجاڭ ئۆلكىسى شىمال ۋە جەنۇب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، بىتىمگە ئىمزا قويۇشقا ھەر ئىككى تەرەپ، يەنى ئۈرۈش مەزگىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى باراۋەر ئىدارە قىلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇن رايونلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا، باركۆل شىمالىي شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي، جۇملىدىن مالىيە ھوقۇقى جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش باش قوماندانى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قولىدا بولىدۇ، ئەمەلدارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ئىشلىرىنى شۇ ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرۇپ، پەقەت ئۆلارنىڭ تىزىمىنىلا ئۈرۈمچى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەش مىڭدىن زىيادە ئەسكەر ساقلىمايدۇ. شىنجاڭدا ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر، مەزكۇر قوشۇننىڭ كەم قورال ـ ياراغلىرى بىلەن ئوق ـ دورىلىرىنى ئۈرۈمچى تەرەپ تەمىنلەيدۇ ۋە ئەلھال ئىككى ئايلىق مائاشنى دەرھال تارقىتىپ بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، بىر تەرەپنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۇنىڭغا شەرتسىز ھەربىي ياردەم بېرىدۇ ۋە ياردەم زۆرۈرىيىتى تۈگىگەن ھامان ئۆز تەۋەسىگە شەرتسىز قايتىدۇ. مۇبادا ما جۇڭيىڭ

جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلسا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى چارە كۆرىدۇ. لازىم تېپىلغاندا، ئۈرۈمچى تەرەپ ھەربىي ياردەم بېرىدۇ. بۇ بىتىم خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا ئۈچ نۇسخا يېزىلىپ، بىر نۇسخىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىنىدۇ، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىر نۇسخىدىن ساقلىنىدۇ. بۇ بىتىمگە شېڭ دۇبەن بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئىمزا قويۇپ، ھۆكۈمەت تامغىلىرىنى باسقاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ شاھىت بولۇپ قول قويۇشى شەرت. بۇ بىتىم ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە.

ئەتىسى، ئۈرۈمچى تەرەپ ۋەكىللىرىدىن چېڭ دىلى باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر مەزكۇر بىتىمگە شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈك ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاجىمۇ بىتىمگە قول قويدى.

شېڭ شىسەي ھاجىنىڭ ئۆز قوشۇنىنى تاغ يولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاخشىمى ھېلىقى قىلىن خاتىرە دەپتىرىنى يەنە قولىغا ئالدى. دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرى تۈگەپ، ئاخىرقى بېتىلا بوش قالغانىدى. ئۇ ھېلىقى بەتكە مۇنۇلارنى يېزىپ، خۇددى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان درامىنىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشى تۈگىگەندە سەھنە پەردىسىنى خاتىرجەم يېپىۋاتقان كىشىدەك، دەپتەرنى يېپىپ پولات ساندۇققا سېلىپ قويدى:

«ئاسمان خۇداسىغا مىڭ قەتلە شۈكۈركىم، ماڭا خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى يىرتقۇچنىڭ بىرى — ھازىرقى زامان ھەربىي ئىلمى ۋە سىياسىي ساۋاتتىن بىخەۋەر بولغىنى بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن خوجىنىياز، يەنى بۇ باش ئەگمەس تاغ

قاپلىنى — مېنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنلىرىم بىلەن ماڭا ئاسانلا رام بولدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر دىندىكى سابىق ئىتتىپاقدىشى ، ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان ئۇرۇشقاق تەلۋە يولۋاس ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەرگىز تۇمشۇق يالاشمايدۇ . ئۇلار ئەمدى بىر ـ بىرىنى ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەتكارلىقتا ئەيىبلىشىپ ، ئۆمۈر بويى ئىت بىلەن مۈشۈكتەك زىتلىشىدۇ . بۇ نېمىدېگەن زور ئامەت ماڭا ! دۈشمەن قوشۇنىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى دېمەك ، غەلىبە مېنىڭ دېمەكتۇر . بىراق ، ما جۇڭيىڭدىن قۇتۇلمىغۇچە ، ئاخىرقى غەلىبىگە كاپالەت يوق . بۇنىڭ ئۈچۈن يا شەرقىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بېرىش بەدىلىگە ئاغزىنى ياغلاپ تۇرۇپ ، كېيىن يۈرىكىنى داغلاشقا پۇرسەت كۈتەي ، ياكى ئۇنىمۇ خوجىنىيازنىڭ كەينىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئامالىنى تاپاي ـ دە ، بۇ ئىككى يىرتقۇچ تارىم جاڭگاللىقىدا بىر ـ بىرىنى چىشلەپ تالاپ قان بولۇشسۇن ، ھەر ئىككىسى ھالىدىن قالغاندا ، ئاخىرقى غەلىبە مېنىڭ بولماي كىمنىڭ بولىدۇ ! بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش دېگەن شۇ . »

شېڭ شىسەي بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان ئاخشىمى ، ھاجى باشلاپ ماڭغان قوشۇن قاتمۇقات تاغلار بىلەن قورشالغان كەڭ بىر جىلغىغا چۈشكۈن قىلغانىدى . ئەنسارىمۇ گۈلخان چۆرىسىدە ياتقان توخنىياز زور ، ھوشۇر كانتۇ باشلىق ھەمراھلىرىنىڭ قاتارىدا چەكمەن تونىغا ئورىلىپ ، مىلتىقىنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا تۆمۈر خەلپىنى چۈشەپ قالدى . بىردىنلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كېتىپ تاڭ ئاتقۇچە زادى ئۇخلىيالمىدى . خىيال قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ ئۇنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كەتتى . ئۇ ساقال باسقان ئېڭىكىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا قويۇپ ، ئاستا سۈزۈلۈپ ئېتىۋاتقان تاڭ جامالىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرغاندا ، بامدات نامىزى ئۈچۈن مۇزدەك تاغ سۈيى بىلەن تاھارەت ئېلىۋاتقان ھاجى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئاستا يېنىغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ :

— سەنمۇ ئويغانغانمىدىڭ ! — دېدى ئەنسارى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ سالام بەردى ۋە : «خېلىدىن بېرى ئويغاق يېتىپتىمەن» دېدى .

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ ، تاۋۇڭ يوقمۇيا ؟— سورىدى هاجى .

— ياق ، هاجى ئاكا ، — دېدى ئەنسارى غەمكىن بىر ئاهاڭدا ، — تۆمۈر ئاكامنى چۈشەپ قاپتىمەن .

— هە ، قانداقچە ؟— قىزىقىپ سورىدى هاجى ، ئۇنىڭغىچە توخنىياز زور بىلەن هوشۇر كانتۇلارمۇ ئويغىنىپ كېتىپ هەممىسى گەپكە قۇلاق سېلىشتى .

— چۈشۈمدە قوراي تاغلىرىدا ئوۋ قىلىپ يۈرگۈدەكمەن ، — دېدى ئەنسارى ، — بىر گاختا تاغ بېشىدىن ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلاندى . قارىغۇدەك بولسام ، تۆمۈر ئاكام ئاق تون ، ئاق سەللە بىلەن هېلىقى كۆك بوز ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ماڭا قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقۇدەك . هوي بۇ تۆمۈر ئاكامغۇ دەپ تاغقا يامىشىپتىمەن . لېكىنزە ، ئۇنىڭ قېشىغا زادى يېتەلمىگۈدەكمەن . بىر گاختا قارىسام ، هېلىقى جەدە قاشقام پەيدا بولۇپ قاپتۇ . بىرلا سەكرەپ ئۇنى مىنىشىم بىلەن تەڭلا تۆمۈر ئاكامنىڭ قېشىغا چىقىپ قاپتىمەن . تۆمۈر ئاكام ماڭا كۈلۈمسىرەپ ، يۈر ، ئۇكام ، بىللە ماڭايلى دەپ كۆك بوز ئاتنى بىرلا دېۋىتىش بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك ، مېنىڭ جەدە قاشقام تۇرغان ئىزىدا قىمىرلىماي تۇرۇۋالغۇدەك . مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي هەدەپ ئاتنى قامچىلاپتىمەن . تۆمۈر ئاكام مېنىڭ يېنىمغا يېنىپ كېلىپ : «بوپتۇ ، ئۇكام ، هازىرچە سەن قېلىپ تۇر ، خوجىنىياز پالگانغا ئېيتىپ قوي ، سەگەك بولغاي جۇمۇ !» دەپ قويۇپ يەنە ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك . مەن «تۆمۈر ئاكا» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇم ئېچىلىپ كېتىپ هازىرغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇم .

هاجى بامدات نامىزىنى ئوقۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ، تاڭ شەپەقلىرى بىلەن چوغدەك قىزىرىپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلارغا قارىغان پېتى ئىچىنى تىڭشاپ جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ دۇگىلەك يۈزلىرىدە قانداقتۇر بىر غەم ـ ئەندىشە ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، پەلەك چاقىنىڭ بۇ زېمىن ئۈستىدە يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ ، كىملەرنى يىغلىتىپ ، كىملەرنى كۈلدۈرگەنلىكىنى كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن ئوقۇغايسىز .

1987 ـ يىلى دېكابىر ، ئۈرۈمچى .